
ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

# كۆز ئىچىدىكى كۆز
# سۆز ئىچىدىكى سۆز



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كۆز ئىچىدىكى كۆز سۆز ئىچىدىكى سۆز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-08193-5
（民文）定价：20.00元

ISBN 7-228-08193-5
9 787228 081936 >

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

# كۆز ئىچىدىكى كۆز
# سۆز ئىچىدىكى سۆز

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

眼中有眼,话中有话/阿布都艾海提·阿布都然西提著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.7
ISBN 7—228—08193—5
Ⅰ.眼… Ⅱ.阿… Ⅲ.杂文—作品集—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1267.1
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 063936 号

责任编辑:艾则孜·吐尔迪
责任校对:祖来哈·艾则孜
封面设计:艾克拜尔·萨里

眼中有眼,话中有话 (维吾尔文)

阿布都艾海提·阿布都然西提 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.625 印张
2003 年 7 月第 1 版 2003 年 7 月第 1 次印刷
印数:5000

---

ISBN 7—228—08193—5 定价:20.00 元

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.
www.kitabxana.com
كىتاب تورىكتى

# مۇندەرىجە

نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە ............................... 1
كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز ................ 29
تۇرپان روھى ۋە توپان بالاسى ........................... 64
شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا................................ 74
گۇناھ تۇيغۇسى نەگە كەتتى ............................. 89
بوۋامغا يادنامە .................................................. 95
ئۇيغۇرچە ۋاقىت ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەينىكىمۇ ............. 101
دۇملەنگەن روھ ۋە پۇرسەت .................................. 109
زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى .............. 117
باتۇرلۇق شەجەرىسى .......................................... 149
كىسەل ئائىلە — بۇزۇلغان خاراكتېر ..................... 159
تەبىئەتتىكى سىر ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى مىكىر....... 167
كىرىزىس ئېڭى ۋە ئۆزىنى تونۇش........................... 172
ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە تەرەققىيات ............................ 179
ھاياتتىكى ھېكمەت، ئۆلۈمدىكى قىممەت .................. 195
ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلى توغرىسىدا .............. 215
غەلىبە، سەن نەدە .......................................... 228
ئوقۇڭ! چىرايمۇ بىر كىتاب ................................ 243
رېئاللىقنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ ............................ 253
سايا ۋە ماغزاپ.................................................. 267
شېئىرنىڭ تراگېدىيىسى — مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى....... 280
شېئىر ۋە شېئىرىي مىللەت ھەققىدە ........................ 290

شائىر ۋە دەۋر ........................................ 302
يازغۇچى — دەۋرنىڭ ۋىجدانى .............................. 311
بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى زادى قانچىلىك
........................................................ 324
باھاسىز قىلىنىۋاتقان ئەدەبىيات ۋە داۋاسىز قىلىنىۋاتقان يازغۇچىلار
توغرىسىدا ........................................... 332
زىيالىيلارغا نېمە بولدى .............................. 344
ئەدەبىياتتىكى ئانا باش تېما ............................ 356
تېما ۋە رېئاللىق ...................................... 359
تۇيغۇدىكى رېئاللىق ۋە بەدىئىي ماھارەت ................ 366
مۇھەببەتنى قانداق يېزىش كېرەك ....................... 371
ھېكايىچىلىق ماھارىتى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى ......... 375
روماننى پوۋېستقا ئايلاندۇرۇش ماھارىتى تۇغقان خىياللار...
........................................................ 380
مائارىپ ئېڭى ۋە تەرەققىيات ........................... 389
ئىسلاھ قىلىنىشنى كۈتۈپ ياتقان مائارىپ تەپەككۇرى....... 407
مائارىپتىكى ئادەم ئامىلى ............................. 417
ئوقۇتقۇچى — دىلنى يورۇتقۇچى ......................... 424

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە

## 1

نامراتلىق جىنايەتتۇر.
—— بىر ئۇلۇغنىڭ سۆزى

نامراتلىق ۋە بايلىق مەڭگۈلۈك تېما. بايلىققا ئىنتىلىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىشنى گۈزەل ئەخلاق سۈپىتىدە تەرىپلەش ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەرقانچە پەردازلاشقا ئۇرۇنساقمۇ، ھەر خىل نامىلاردا ئاتاپ باقساقمۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بايلىق ۋە نامراتلىق زىددىيىتى، بايلىقلارنى قانداق تەقسىم قىلىش، ئۇنىڭغا قانداق، قانچىلىك ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسىدۇر. تارىخنى ۋاراقلىساق، تارىختا تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىدە بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدىكى ھەر خىل سۈيىئىستېمال روھى بىلەن تولغان قاراشلارنى چېلىقتۇرۇش مۇمكىن.

كىشىلەر نۇرغۇن جايلاردا بايلىق زىددىيىتىنى مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت سۈپىتىدە پەردازلاشقان، ھەتتا بايلىقنى كۆزگە ئىلماسلىق روھىنى ئىنساننىڭ بىر پەزىلىتى سۈپىتىدە مەدھىيىلەشكەن. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە بايلارغا زەربە بېرىلىپ، نامراتلارغا ئىلھام بېرىلدى. بۇ خىل تەتۈرلۈك قارىماققا ئىقتىساد ۋە تارىخ قانۇنىيىتىگە، ئىنساننىڭ بايلىقنى ئۇلۇغلاش خاراكتېرىگە

زىت بولسىمۇ، ماھىيەتتە پۇقرالارنى ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇۋېتىشكە ئىلھام بېرىدىغان يەنە بىر خىل شەكىلدىكى سىياسىي تەدبىردۇر. 1978 - يىلىدىن كېيىن بۇ خىل سىياسىي ئويۇنغا خاتىمە بېرىلدى. جۇڭگولۇقلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ خىل خاراكتېر بۇرمىلاش يولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ 1992 - يىلىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا بازار ئىگىلىكىگە قەدەم تاشلاشتەك دەۋر بۆلگۈچ قارارى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن بىر دادىل سىناقتۇر.

بايلارنىڭ بايلىقىنى ئۇلۇغلىغان تەرىپاتلىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، يوقسۇللارنىڭ بايلىققا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىگە تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە نامراتلىقنى تەرىپلىگەن مەدھىيىلىرىمۇ، نامراتلىق ھەققىدىكى ئۆزىنى ئاقلاشلارمۇ قارىماققا شۇنچە تەسىرلىك، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئوبدان ئويلىنىپ باقسا تولىمۇ بىچارە، ئىنسانلارنىڭ بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشىنى بۇ ھەقتىكى ھېكايە - رىۋايەت، ماقال - تەمسىللەردىن باشقا ماددىي بايلىق، مەنىۋى بايلىق، ماددىي نامراتلىق، مەنىۋى نامراتلىق دېگەن كاتېگورىيىلەرگە ئايرىشىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەيلى پەيلاسوپلار نېمە دېسۇن، ھەرقانداق ئىنساندا بايلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ تۇيغۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى، مەنىۋى بايلىق ماھىيەتتە يەنىلا ماددىي بايلىقنىڭ روھىيەتتىكى يېڭى تۇغۇندىسى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. پۈتكۈل دۇنيا دۇنيا ۋەزىيىتىدە ھەربىي كۈچلەر دەۋرىنىڭ كۈچتىن قېلىپ، ئىقتىسادىي كۈچلەر، ئىقتىسادىي كۈچلۈكلۈك دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

تولۇق ھېس قىلدى. دېمەك، ئەمدى بىر دۆلەت ھەربىي كۈچە-
نىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ
زورلۇقىدىن ھەقىقىي كۈچلۈك سانىلىدىغان بولدى. ھاسىلىي
كالام: ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ
شىپالىق دورىسىدۇر.

## 2

گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

نەچچە يىل ئىلگىرى «شىنجاڭلىقلار ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋال-
غان تىلەمچىلەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغدا بۇ گەپ-
نىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسامۇ،
قانداقتۇر بىر خىل ئازاب قەلبىمنى خېلى مەزگىلگىچە قىينىغان-
دى. شۇ چاغدىلا كاللامدا بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققىدە ئىزدىنىش
تۇيغۇسى پەيدا بولغان، خەلقىمىزنىڭ بايلىق ۋە نامراتلىق ھەققى-
دىكى چۈشەنچىسىنىڭ سىياسىي قۇيۇنلار تۈپەيلىدىن نەقەدەر ئاد-
دىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن چۆچۈگەنىدىم.
خەلقىمىزنىڭ باشقىلار نەزىرىدىكى يوقىرىقى بىچارە تەسۋ-
رىدىن بىر نەچچە مەسىلىنى سېزىۋېلىش مۇمكىن: بىرىنچىدىن،
ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق چۈشەنچىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىلگىرى
پۇلى (مەيلى بۇ پۇلغا قانداق ئېرىشسۇن)، قىممەت باھالىق گۆھەر ـ
جاۋاھىراتلىرى، مال ـ مۈلۈك، يەر ـ زېمىنى بار، توققۇزى
تەل كىشىلەر باي ھېسابلىناتتى. ئەمما يۇقىرىقى گەپتىن قارىغان-
دا، ھازىر بۇنداقلار باي ئەمەس، مىسالى خەلقىمىز قولىدا ئال-
تۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان، لېكىن قورسىقى تويماي تىلەۋاتقان
تىلەمچى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىدە بار بايلىقنى ئۆزى ئۇچۇن

ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلمەيدىغان، مىليونلاپ پۇلى تۇرۇپ تىيىنغا زار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كورلار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەر ئاستى – يەر ئۈستى بايلىقى ئىنتايىن مول گۆھەر زېمىن. بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر تەبىئەت ئاتا قىلغان تەييار بايلىقلارنى تونۇش، يەنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان تېخنىكا كۈچى، بۇ بايلىقلارنى ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان، ئۆزىنى بۇ بايلىقلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئەقىلنىڭ ۋاستىچىلىكىدىكى سىياسىي – ئىقتىسادىي كۈچتىن مەھرۇم كورلار، بىچارىلەر، يەنى ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان تىلەمچىلەردۇر. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىر پۇلۇڭ بولسىلا باي ئەمەسسەن، شۇ پۇلنى يانچۇقۇڭدا ساقلاپ قالغۇدەك ئەقلىڭ بولمىسا، ئۇ باشقىلارنىڭ پۇلى.

ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ زور ئىككى دۆلەت. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى بىر قىلساق، پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ نەق يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت ئىچىدە ياپونىيە زېمىنىدا خەلقىنى چوڭ سۆزلەتكۈدەك بىرەر ئالاھىدە قېزىلما بايلىقى، ھەتتا تىلغا ئالغۇدەك يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقى يوق دۆلەت. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئەقلىي كۈچى، شۇنداقلا بۇ ئەقلىي كۈچنى ھەردائىم زەرەتلەپ تۇرىدىغان دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ كۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەقلى ھەرقاچان ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تەقدىر ئاتا قىلغان بايلىقلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەرزان باھالىق خام ئەشياسى، خالاس. ئامېرىكا بولسا تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنى زاپاس سۈپىتىدە كۆرۈپ ئىشلەتمىگەن، پۈتكۈل دۇنيادا قەيەرگە قول سۇنسا شۇ يەرگە قولى يېتىدىغان، يىغىلىسىمۇ پۇلىنىڭ ئۈستىگە يىغىلىدىغان دۆلەت. مەسىلەن، 2001 – يىلى يۈز بەرگەن «11 – سېنتەبىر»

www.uyghurkitap.com

ۋەقەسى ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن بىر غايەت زور تراگېدىيە بولدى، نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلدى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كۈچى، ئەقلىي كۈچى بۇ زىياننى دەل ۋاقتىدا پايدىغا ئايلاندۇردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا شىركەتلىرى ئايرودروملارنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى كۈچەيتىدىغان يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى. تېرروررىزمدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن پۈتكۈل دۇنيا 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئايرودروملىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئامېرىكا شىركەتلىرى بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىسى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى. بەلكى مۇشۇ پايدا 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئامېرىكا تارتقان زىياننىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قازايى قەدەر ئەڭ ئېغىر زىيان، ئۇنى پۇل بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ھوللىۋۇدتىكى كىنو شىركەتلىرى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىنى كىنو قىلىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ بولدى. كىنوچىلىق مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن يېڭى ھاياتىي كۈچ، يېڭى جەلپكار تېمىغا ئېرىشتى.

سىياسىي جەھەتتە ئامېرىكا ئالغان پايدىنى مۆلچەرلەش تېخىمۇ قىيىن. ئامېرىكا 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، بىرىنچىدىن، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئامېرىكىنى مەنسىتمەيدىغان، تېرروررىزمغا ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ئالاقىدار دۆلەتلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى. بۇ جەرياندا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەت «ياق» دېيىشكە، باشقا پىكىردە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دۇنيا ئامېرىكىنىڭ قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق ھېس قىلدى. دىپلوماتىيە جەھەتتە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. ئىككىنچىدىن، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان، ھەربىي ئالىملار تەرىپىدىن كىم ئىگىلىسە

شۇ دۇنياغا خوجا بولىدۇ، دەپ قارالغان ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش، ئەسكەر تۇرغۇزۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا بۇ پۇرسەت ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ مول نېفىت بايلىقىدىن پايدىلىنىش، ئامېرىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئامېرىكا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان رۇسىيە، جۇڭگو، ئىراننىڭ ئارقا ھويلىسىغا كىرىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. جۇڭگو تۇنجى قېتىم ئامېرىكا ھەربىي بازا قۇرغان بىر نەچچە دۆلەت بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بىۋاسىتە چېگرىلىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئامېرىكا بۇ ئۈچ دۆلەتنى ئارقا ھويلىدا تۇرۇپ چەكلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

تارىخىي تەرەققىيات بايلىق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، مەڭگۈلۈك بايلىق — بىرى تارتىۋالالمايدىغان بايلىق، ۋاقىتلىق بايلىق — كىم كۈچلۈك بولسا شۇ ئىگە بولالايدىغان بايلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈندى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇن ئىقتىسادىي ھادىسىلەر، سىياسىي ئويۇنلار كىشىلەردە شۇ ئوينى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، 1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، ئامېرىكا دوللىرىدىن قىممەت بولغان رۇبلى بىر كېچىدىلا تولىمۇ پاخال پۇلغا ئايلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن مىليونېرلار بىر كېچىدىلا نامراتقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر رايونىنىڭ 1949 - يىلىدىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار پېشقەدەملەرگە بۇنداق ئىقتىسادىي ھادىسە سىر ئەمەس. شۇ چاغدا كىشىلەر بىر تاغار پۇل كۆتۈرۈپ بېرىپ بىر قاپ سەرەڭگە ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشقان. جۇڭگونىڭ 1980 - ، 1990 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزدىتىپ باققان كىشىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. 1980 - يىلى بىر قاپ سەرەڭگە ئىككى پۇڭ ئىدى، 1990 - يىلى موچەنگە چىقتى. ئارىدا بەش ھەسسە ئۆرلىدى. قىسقىسى، مائاشنىڭ ئۆسۈشى بىلەن پۇلمۇ پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئەڭ

ئاز دېگەندە بەش ھەسسە ئۆرلىدى. ئەقەللىيسى بىر قاپ سەرەڭگىنىڭ باھاسىدا جۇڭگودىكى بۇ خىل ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش بەكمۇ تولۇق ئەكس ئەتتى. بۇ جەرياندا زىيان تارتقۇچىلار سەرەڭگە ئىككى پۇڭ زامانىدا مائاشى 100 يۈەنگە يەتمەيدىغان، لېكىن ئىنچىل بانكىدا پۇل قويغان كىشىلەر بولدى. 1980 - يىللاردىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەر ئايدا ئىنتايىن جاپالىق ھالدا 20 - 30 يۈەندىن يىغقان پۇلى 2000 - يىلىغا كەلگەندە ئىنتايىن ئاز پۇلغا ئايلىنىپ قالدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇبلىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋال بىر تىپىك مىسال. لېكىن بۇنداق ھادىسە ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەر خىل شەكىلدە دۇنيانىڭ ئۇ - بۇ جايلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، پۇل ماھىيەتتە بىر ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىتىگە، ئىقتىسادىي كۈچىگە، مۇقىملىقىغا باغلىق بولغان بىر ۋاستە، ئۇنىڭ قىممىتى مەڭگۈلۈك ئەمەس. بانكىدىكى پۇل بىر بەلگە، پاسسىپ ھالەتتىكى مەبلەغ سېلىش، خالاس. يانچۇقتىكى پۇل بولسا، تېخىمۇ پاسسىپ ھالدىكى ساقلاپ قويۇش ياكى پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يىللار توزانىدا كونىراپ، ئاجىزلاپ كېتىشىنى كۈتۈش، خالاس. بىزگە ئېشىپ قالغىنى خەجلەش. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، پۇلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش، دېمەك شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: تەبىئىي بايلىق، پۇل ۋاقىتلىق، كىم كۈچلۈك بولسا ئىگە بولالايدىغان بايلىق. ئۇ، توختىماي ئۇياقتىن بۇياققا، ئۇ يانچۇقتىن بۇ يانچۇققا يۆتكىلىپ تۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ھەتتا سىياسىي ئۆزگىرىش، ھۆكۈمەت قارارىدىكى ئۆزگىرىش بۇ بايلىقنى باشقا مەنىلەرگە، قىممەتسىزلىككە ئىگە قىلالايدۇ. مەن «ئىقتىسادىي ئالىڭ ۋە تەرەققىيات» دېگەن ماقالەمدە تەكىتلىگەندەك: شىڭ شىسەيگە ئوخشاش فاشىستلار بۇ پۇلنى روزىغارىڭىزدىن مۇسادىرە قىلىش، قەتلىئام قىلىپ بايلىقىڭىزنى



www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە ئېلىش يولى بىلەن تارتىۋالاتتى. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ پۇل ـ بايلىقىنى مۇسادىرە قىلغاندا ئامبىرىدىن 17 كىرسىن تۇڭىدا ئالتۇن چىققان يېڭىسار- لىق بىر باي بىلەن، 1908 ـ يىللىرى ئەتراپىدا گېرمانىيىدىن نەچچە توننا ئالتۇن خەجلەپ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە ئەكېلىپ، زامانىۋى تېرە زاۋۇتى قۇرغان، بايلىقى بىلەن چەت ئەللىك بايلار- نىمۇ ھەيران قالدۇرغان مۇسابايوفلارنىڭ جەمەتى ئەڭ تىپىك مىسال. قېنى شۇ ھەر خىل سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلار تۈپەيلى- دىن توزۇپ كەتكەن، ئالتۇننى تونىلاپ خەجلىگەن مۇسابايوفلار جەمەتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى؟! بۇ مىساللارنى ئوبدان ئويلاپ باقساق، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدەك كۈچلۈك ئىبرەت- لىك مەنىگە ئىگە. ھەربىر كونا ـ يېڭى بايلارمۇ ئىبرەتلىك تارىخىي ساۋاقنى ئۆزىگە تەتبىقلىسا يېڭىچە تەرەككىيۇرغا ئىگە بو- لۇپ، ئاچچىق خىياللارغا پېتىشى تەسقىق.

يەھۇدىيلار ئۆز مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ۋاراقلاپ، ئىلمىي يەكۈن چىقارغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى دەل بايلىق، يەھۇدىي پەلسە- پىسىدىكى بايلىق روھى. يەھۇدىيلاردىكى پۇل تېپىشتا ماھىرلىق تارىختىن بۇيان باشقا مىللەتنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان. يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرىنى بېدىگە ئوخشىتىپ قويغان. ئۇلار ھاللان- غاندا ھاكىمىيەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قىرەللىك تور- دە «ئورۇلۇپ» تۇرغان. بايلىرىنىڭ پۇل ـ ماللىرى ھەر خىل ياخشى ـ يامان ناملار بىلە مۇسادىرە قىلىنىپ تۇرغان. يەھۇدىيلاردىن باشقا زېمىندىكى خەلقلەردىنمۇ بايلىق ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ، قولغا ئايلانغان قوۋم ـ ئەللەر ئاز ئەمەس.

يەھۇدىيلار ئۆز بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسىنى تونۇغاندىن كېيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەن. بايلىقتىن، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ياكى باشقىچە چىقىش يولى

بارمۇ؟ بىلىم، ئىزدىنىش ھەممىگە جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىي زىيالىيلىرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇلار بۇ ھەقتە ئەڭ يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، يەھۇدىي ماركس ئىقتىساد ھەققىدە ئىزدىنىپ، دۇنيانىڭ كېيىنكى يۈز نەچچە يىللىق تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن «كاپىتال» دېگەن كىتابنى يازدى. يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ماركسنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ماركس يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بەختسىزلىكىنى بەختكە ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى سوتسىيالىزم دەپ قاراپ، ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان، ئىشلىگەنگە يارىشا ھەق ئالىدىغان تەقسىمات پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلار كۆپ ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆپ ئېلىشىغا ھەسەت قىلمايدىغان، بايلىق ھەققىدىكى يېڭىچە كۆز قاراشلارنىڭ مۇجەسسەمى بولغان ماركسىزمنى ياراتتى. پۇل ۋە ھوقۇق قارىشىدا يەھۇدىيلار بىلەن ئۆزگىچە سوقۇشتۇرالايدىغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، مىللىي مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى روھقا ئىگە قىلىندى. بۇ ۋەزىپىنى جۇڭگونىڭ دېڭ شياۋپىڭدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مىللەتپەرۋەرى، پەيلاسوپى، جۇڭگو ئىسلاھاتىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، داھىيسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

گەرچە يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ماركسىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ تاللىمىدى، بەلكى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرگە خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ بايلىق ئېڭىنى يېڭىلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1850 - يىللاردا، يەھۇدىيلارنىڭ يېڭى بايلىق قارىشىنى مەركەز قىلغان يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك ئىدىيىسى شەكىللەندى. ھەتتا 1880 - يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر يەھۇدىي تىرىلمىچىلىك قۇرۇلتىيىدا، بىر يەھۇدىي داھىيسى پەخىرلەنگەن ھالدا ئەڭ كۆپ بولسا

50 يىلدا، ئەڭ تېز بولسا 30 يىلدا دۇنيادا يەھۇدىيلار دۆلىتى بارلىققا كېلىدۇ، يەھۇدىيلار نەچچە مىڭ يىللىق سەرگەردانلىقتىن قۇتۇلىدۇ، دەپ جاكارلىدى. دېگەندەك، 1947 - يىلى پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى بارلىققا كەلدى.

ئۇنداقتا، يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق ھەققىدىكى يېڭى ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى نېمە؟ ئۇ دەل يېڭىچە، مەڭگۈلۈك، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بايلىق ئىدىيىسىدۇر. بۇ ئىدىيىنىڭ جەۋھىرى ھەرقاچان، ھەرقانداق يەردە ئىگىسىنى خار قىلماي بايلىققا ئايلىنالايدىغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆپ كۆز قارىشى بىلەن مەنىداش بىلىم، ئەقىل كۆز قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىلىم، ھۈنەر، ئەقىلنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. ئۇلار پۇل تېپىپ بىلىم ئېلىش، بىلىم ئېلىپ پۇل تېپىش، بىلىمگە، ئەقىلگە مەبلەغ سېلىشنى ئەڭ ياخشى سودىگەرچىلىك يولى، دەپ جەزم قىلدى. 2000 - يىلىغا كەلگەندە — يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلۇپ 50 نەچچە يىل بولغاندا، پۈتكۈل دۇنيا بۇ ئىدىيىگە قايىل بولدى.

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىدىن ئاز - كەم 150 يىل ئۆتكەندە، دۇنيا بىلىم ئىقتىسادى (بىلىم ئىگىلىكى)، يەنى بىلىم — پۇل دەيدىغان دەۋرگە كىردى، دەپ جاكارلىدى.

ئىككىنچىدىن، يەھۇدىيلار سەرگەردان مىللەتتىن سەرگەردان قىلغۇچى مىللەتكە ئايلاندى. دۇنيادىكى ئەڭ باي ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئەقىل، بىلىمدىن باشقا بايلىقى يوق بەش مىليون نوپۇسلۇق ئىسرائىلىيە ئەتراپىدىكى 300 مىليون ئەرەبنى بوزەك ئېتىدىغان، سەرگەردان قىلىدىغان، دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ كىچىك دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلاندى.

ئۈچىنچىدىن، 2001 - يىلى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق

www.uyghurkitap.com

مۇكاپات نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلەنگەندە، 100 يىلدىن بۇيان بۇ مۇكاپاتقا ئەڭ كۆپ ئېرىشكۈچى مىللەتنىڭ يەنىلا يەھۇدىيلار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تۆتىنچىدىن، دۇنيادىكى 20 مىليون يەھۇدىينىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلغۇچى بىر قەۋەت ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل دۇنيا تەن ئالدى، دۇنيا ئىقتىسادىي كۈچ دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خىل ھالەتنىڭ تەسىرىنى ھەرقانداق ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. قىسقىسى، پۈتكۈل دۇنيا يەھۇدىيلار ئىستىبلاسى ئاستىدا قالدى. ھەتتا يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مىللىي زىددىيىتى دۇنيانىڭ زىددىيىتىگە ئايلىنىپ، يەھۇدىيلار ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بۇ زىددىيەتنى ئىتتىپاقدىشى خرىستىئانلار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ زىددىيىتىگە ئايلاندۇردى. ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ ۋاستىچىسىگە ئايلىنىپ قالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەبلەرگە يۈرگۈزگەن دۆلەت تېررورىزمىغا پۈتكۈل دۇنيا سۈكۈت قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ باسقۇنچىلىققا قارشى ئاجىز تىپىرلىشى، غايەت زور ئۈمىدسىزلىك، ھاقارەت تۈيغۇسىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرلىك پارتلىتىشلىرى ئەڭ قەبىھ تېررورلۇق، دەپ قارالدى. ئەمەلىيەتتە، ئەرەبلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قىلىنغان ئۈمىدسىز خىتاب ئىدى، خالاس.

## 3

بار پۇلنى جايىدا خەجلەشنىڭ ئۆزىمۇ پۇل تېپىشتۇر.

قازاق پۇل تاپسا تايغا مىنىدۇ، ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىنىدۇ.

— خاتىرەمدىن

دۇنيادا مەڭگۈلۈك نامراتلىق يوق، مەڭگۈلۈك بايلارنىڭ

بولۇشمۇ ناتايىن، لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيا-
تىدىكى ئەڭ مۇھىم غايە ئىنسانىيەتنى ئورتاق باياشاتلىققا ئېرىش-
تۈرۈش، لېكىن بۇ غايىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن:
غايەت گۈزەل بولغانلىقى، شۇنداقلا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ياكى
ئەمەلگە ئاشمىقىنىڭ قىيىنلىقىدىن شېرىن، ئەمەلگە ئاشمىغاچقا،
ئۇنى نىشانلايدىغانلار كۆپ، مانا بۇ ئىنساننىڭ ماھىيىتى.

بايلىق ماھىيەتتە بىر تونۇش مەسىلىسى، لېكىن ئۇ ئاددىي
ھالدىكى تونۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر خەلقنىڭ بايلىق
كۆز قارىشىدىكى توغرا - خاتالىق، چوڭقۇر - تېيىزلىق مەسىلە-
سى، خالاس. شۇڭا، تونۇش توغرىلانماي تۇرۇپ، بايلىق بىزگە
مەڭگۈ ئالدىنى قىلمايدۇ، ئالدىنى قىلسىمۇ كۆزنى يۇمۇپ -
ئاچقۇچە بىزنى ھەسرەتكە قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىمۇ
تونۇش مەسىلىسىدۇر. بىز تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە.
لېكىن بۇ بايلىقنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەقىقىي مەنىدىكى
تەسىر كۆرسىتىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان ئەقىل، تېخنىكا،
تونۇش كەم، شۇ تۈپەيلىدىن بۇ بايلىقلار ھازىر بىزنىڭ ئۈستۈنلۈ-
كىمىز سانالمايدۇ. شۇڭا بىز نامرات، قولىمىزدىكى بايلىقنىڭ
بەرىكىتى يوق، تەمى يوق. ئەڭ قىزىقارلىق ئەھۋال، قولىمىزغا
كىرىپ تۇرۇۋاتقان پۇل ئاز ئەمەس. ھەتتا بۇ سانلارغا قاراپ
بىزنى تامامەن باي ھېسابلاش مۇمكىن. لېكىن، قولىمىزدىن
چىقىپ كېتىۋاتقان پۇل كىرىمگەن پۇلنى خەجلەش كويىدا. يەنە
قىزىقارلىق ھادىسىنىڭ بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا
ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ پۇل قارىشىنىڭ ئوخشى-
ماسلىقى تۈپەيلىدىن غايەت زور پەرق بار. خۇيزۇلار ئەڭ باي،
خەنزۇلارمۇ باي، ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئەڭ نامرات. بۇلار-
نىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر ئۆزىنى سودىگەر مىللەت، دەپ ھېسابلايدۇ،
ھەتتا ئۇلار جۇڭگونىڭ پۇل تاپماق ئەڭ تەس رايونلىرىدا تىل

www.uyghurkitap.com

ئۇقماي تۇرۇپ پۇل تاپالايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ
پاراكەندە.

لېكىن، مىللەتلەر ئارا ھەر خىل ئوبيېكتىپ پەرقلەر مەۋ-
جۇت بولسىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەنە بىر خىل
كۆز قاراشتىكى رايون ئورتاقلىقى بار. ئۇ ئورتاقلىق پۈتكۈل
ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە
تۇرۇپ، نامراتلىقتا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ مەسىلە-
لەرنى بىرنەچچە نۇقتىدىن بايان قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ باي-
لىق كۆز قارىشى تېخى بىھوش ھالەتتە. شۇ سەۋەبتىن ئىلكىمىز-
دىكى ئازغىنا پۇل ئۈنۈملۈك مەبلەغنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلانماي
بىزنى تېخىمۇ ئېغىر نامراتلىق تراگېدىيىسىگە پاتۇرۇۋاتىدۇ.

ئىستېمالىمىزدىكى ئاڭسىزلىق، قارىغۇلۇق، ساغلام ئىس-
تېمال پسىخىكىسىنىڭ يېتىلمىگەنلىكى ئەڭ ياخشى پاكىت. مە-
سىلەن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2002 ـ يىل 16 ـ
يانۋار سانىدىكى، ئەركىن كېرەم ئىسىملىك مۇخبىر يازغان
«WTO غا كىرىش ئاپتونوم رايونىمىز يېنىك سانائىتىگە نېمە-
لەرنى ئەكېلىدۇ» سەرلەۋھىلىك بىر قاتار چاتما ماقالىلەرنىڭ
بىرى بولغان «ئاق ھاراق خۇشال، ئۈزۈم ھارىقى ئەنسىرىمەكتە»
دېگەن ماقالىدىكى پاكىتلار پۈتكۈل رايوننىڭ بايلىق قارىشىنى
ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ تىپىك ماتېرىيال بولالايدۇ،
ئەلۋەتتە.

ماقالىدە يېزىلىشىچە، «نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ھەر يىلى 120 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30 مىڭ
توننا ئۈزۈم ھارىقى، 350 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى
بار» ئىكەن. مۇشۇ ستاتىستىكا بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن
تەمىنلىيەلەيدۇ. ھەتتا بىز سانلارنى سۆزلىتىش ئارقىلىق بايلىق
كۆز قارىشىمىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى ئىسپاتلاپ چىقا-

لايمىز. ئەڭ ئاۋۋال تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مەسىلە هاراق-كەشلىك رايونىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە يانساق، 120 مىڭ تونىنا ئاق هاراقنى كىلوگرامغا ئايلاندۇرساق، 120 مىليون كىلوگرام هاراق بولىدۇ. بىر بوتۇلكا هاراقنى بىر جىڭ ئۆلچەم بويىچە هېسابلىساق، 240 مىليون جىڭ ياكى 240 مىليون بوتۇلكا ئاق هاراق بولۇپ چىقىدۇ. هەربىر بوتۇلكا ئاق هاراقنىڭ ئوتتۇرىچە باهاسىنى تەخمىنەن ئون يۈەن دەپ هېسابلاپ (مېنىڭچە، چوقۇم ئون يۈەندىن يۇقىرى چىقىدۇ. لېكىن مەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە هېسابلىدىم)، 240 مىليون بوتۇلكا هاراقنى ئون يۈەنگە كۆپەيتسەك، 2 مىليارد 400 مىليون يۈەن كېلىپ چىقىدۇ. هەربىر بوتۇلكا هاراقنى هەر خىل شەكىلدە ئوتتۇرىچە نىسبەتتە 50 يۈەنلىك زاكۇسكا بىلەن ئىچىدۇ دېسەك، 14 مىليارد مىليون يۈەن بولىدۇ. يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەخمىنەن 19 مىليون 500 مىڭ خەلق بىر يىلدا هاراق ئۈچۈن 14 مىليارد 400 مىليون يۈەن خەجلىگەن بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ئېهتىمال بۇ هاراقلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدۇ، هەممىنى بىز ئىستېمال قىلمايمىز، دەر. لېكىن، مەن باشقا ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىۋاتقان هاراق - شارابلارنى بىزگە كىرىۋاتقان هاراق - شارابلار بىلەن بېيىشتۇرۇۋەتتىم، هەتتا هەرقايسى جايلاردا — يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلىنىدىغان ئاۋاتنىڭ مۇسەللىسى، قازاقلارنىڭ قىمىزى، خوتەننىڭ مەيزىپى، پالانى يەرنىڭ بوزىسى دېگەندەك ئىچىملىكلەرنى بۇ قاتارغا قوشمىدىم. دېمەك، شۇنداق نامرات شىنجاڭ خەلقى بىر يىلدا هاراق - شاراب ئۈچۈن 14 - 15 مىليارد پۇل خەجلىدى دېگەن گەپ. بىز بۇ سانىنى هەربىر پۇقراغا چاچساق، شىنجاڭ خەلقىنى 20 مىليون هېسابلىساق (ئاققۇنلار ۋە ئىشلەمچىلەرنىمۇ قوشقاندا)، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى هەربىر پۇقرا هەر يىلى يەتتە

يېرىم مىلىڭ يۈەن پۇلغا هاراق ئىچىدۇ. ئەمدى شىنجاڭدىكى 20 مىليون ئادەمنىڭ تەخمىنەن 10 مىليونىنى ئايال دەپ، بۇ ئاياللارنىڭ قېرى ـ چۆرى، ئاجىزلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىككى مىليوننى هاراق ئىچىدۇ دېسەك، ئون مىليون ئەرنىڭ قېرى ـ چۆرى ئاجىزلىرىدىن تەخمىنەن تۆت مىليون ئادەمنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئالتە مىليون ئادەمنى هاراق ئىچىدۇ دېسەك، جەمئىي سەككىز مىليون ئادەم هاراق ئىچىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئادەم 20 نەچچە مىڭ يۈەنلىك هاراق ئىچكەن بولىدۇ. لېكىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سەككىز مىليون ئادەمنىڭ هاراق ئىچىشى ناتايىن. هەتتا بۇ سەككىز مىليوندىن كۆپ ئاز بولۇشى مۇمكىن. هاراق ئىچمەيدىغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بار. ئەمدى بىز بۇ 14 مىليارد يۈەننى شىنجاڭدىكى تۆت مىليون ئائىلىگە چاچساق كېلىپ چىقىدىغان سان ئادەمنى هەيران قالدۇرىدۇ ۋە بۇ ساندىن چۆچۈپ كېتىمىز. هەتتا ئىزچىل هاراق ئىچىدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ بىر يىلدا هاراققا ئۇنچىلىك كۆپ پۇل چىقىم قىلمىغانلىقىنى هېسابلاپ كۆرۈپ، بۇ ستاتىستىكىدىن گۇمانلىنىشى تەبىئىي. لېكىن، گۇمانلىنىشنىڭ هاجىتى يوق. چۈنكى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە يۇقىرىقى هاراق ئىشلەپچىقىرىش ستاتىستىكىسى ناهايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. هەتتا ماقالىدە: «رايونىمىزدا ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن يۈز نەچچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كارخانىنىڭ يىللىق مەهسۇلاتى 10 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ» دەپ يازغان. گۇمانلىنىش توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى نوپۇسى 20 مىليون ئەمەس، 40 مىليون بولغان تەقدىردىمۇ يۇقىرىقى هېساب بويىچە هەربىر ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان هاراق چىقىمى يەنىلا 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولىدۇ. بىراق، هۆكۈمەتنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىدىن گۇمانلىنىشنىڭ هاجىتى يوق هەم ئۇن-

-داق نوپۇس يوشۇرۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى سىر نەدە؟ ئەتراپىمىزغا ئوبدان نەزەر سالساق، ھەر-قايسى ئىدارە - ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت پۇلىغا زىياپەت يەپ، ھاراق ئىچىشنى ئويلىساق، يۇقىرىقى ھاراق چىقىمىنىڭ جايى چىقىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا، شىن-جاڭدىكى ھەربىر ناھىيىگە بىردىن چوڭ ھاراق زاۋۇتى توغرا كېلىدۇ. لېكىن، شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيىدە ئۇل ئەسلىھەلە-رى زامانىۋىلاشقان بىردىن زامانىۋى نۇقتىلىق مەكتەپنىڭ (مەي-لى قايسى تىپتىكى مەكتەپ بولسۇن) بولۇشى ناتايىن. مىللەت-لەرنىڭ ھاراققا مايىللىقى بويىچە بۇ ستاتىستىكىنى تېخىمۇ چوڭ-قۇرلىساق، خەنزۇ - خۇيزۇلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر، قازاق، موڭ-غۇللارنىڭ ھاراق ئىچىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى. ھەتتا ئىش-لەنگەن بۇ ھاراقلارنىڭ يېرىمىنى بۇ ئۈچ مىللەت، بولۇپمۇ ئۇي-غۇرلار ئىچىۋەتكەن بولىدۇ. دېمەك، ھەر يىلى ھەربىر ئۇيغۇر-نىڭ تاپقان پۇلىنىڭ زور كۆپچىلىكى ھاراققا ياكى ھاراققا مۇنا-سىۋەتلىك ئىشلارغا كېتىدۇ. تاپقان پۇلىمىزنى 100 نەچچە ھاراق زاۋۇتى يۇتۇپ كېتىدۇ.

ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-مىزدا يۈز بەرگەن جىنايەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ھەتتا شۇ 120 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30 مىڭ توننا قىزىل ھاراق ۋە 350 مىڭ توننا پىۋىنىڭ ئىسپىرت مىقدارىنى ئورتاق ھالدا تەخمىنەن 30% دېسەك، جەمئىي 500 مىڭ توننا ھاراق - شاراب تەركىبىدىكى ئىسپىرتنىڭ مىقدارى 150 مىڭ توننا چىقىدۇ. بىز بىر يىلدا 150 مىڭ توننا، يەنى ئون تونىلىق ماشىنىغا باسسا، 15 مىڭ ماشىنا كېلىدىغان ئىس-پىرتنى ئىچىۋېتىمىز. دېمەك، بۇ ھاراقتىن بىرىنچىسى، ئىقتى-سادىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ ئىككىنچىسى، سالامەتلىكىمىز زىيان-

غا ئۇچرايدۇ، ھەتتا سالامەتلىكتىن تارتقان زىيان ئىقتىسادىي زىياندىن ئەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇچىنچى، جەمئىيەت مۇقىملىقى بۇزۇلىدۇ، لېكىن ھاراق ئارقىلىق پايدا ئاپىدىغان جايلارمۇ يوق ئەمەس. باجخانىلار، ساقچىلار، دوختۇرخانىلار پايدا ئاپىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھاراق مۇشۇ سۈرئەتتە ئىچىلسە ئىسپىرت ئىرسىيىتىمىزنى زەھەرلەپ، 50 يىلدىن كېيىن ئەۋلادلىرىمىز پەرزەنت قالدۇرالمايدىكەن...

ناۋادا شۇ 14 مىليارد يۈەننى باشقا جايغا خەجلىسەكچۇ؟

بىر مىليارد يۈەندىن خەجلىسەك، جۇڭگوچە ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتتىن 14 نى قۇرغىلى بولىدۇ.

بىر ئادەمگە بىر مىليون يۈەندىن مەبلەغ سېلىپ، چەت ئەلدىن ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەربىيىلىسەك، 14 مىڭ مۇتەخەسسىس، دوكتور تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

بىر مىليارد يۈەندىن خەجلىسەك، 14 زامانىۋى كارخانا قۇرغىلى بولىدۇ. ھەربىرىگە 10 مىڭ ئادەمدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرساق، 140 مىڭ ئادەمنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. بۇ زاۋۇتلاردىن كەلگەن باج كىرىمى ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەپسۇس... ھاراق يەنىلا ئىچىلىۋاتىدۇ، ھاراق زاۋۇتلىرى توختىماي قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە توختىماي گۆر كولاۋاتىمىز، لېكىن نۇرغۇن ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئۆزىگە گۆر كولاش ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ، مانا بۇ ئەڭ زامانىۋى نادانلىق.

بۇنىڭدىن باشقا مىساللارنى قەدەممۇ قەدەم كۆرسىتىش مۇمكىن، لېكىن ئەقىللىق ئوقۇرمەن بىز تەمسىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن باشقىلارنى ئۆزى تېپىۋالىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن بولدى قىلىمىز. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا مۇنۇ مىسالنى، يەنە ئۆزۈم باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر ئىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە

تاپشۇرىمەن. مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم تاماكا چېكىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى تەخمىنەن ئۈچ يۈەن خەجلەپ بىر قاپتىن تاماكا ئالىدۇ. مەن تاماكا چەكمىگەچكە، ھەر كۈنى بىر يۈەن خەجلەپ بىر پارچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (خەنزۇچە)، بىر پارچە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» سېتىۋېلىپ ئوقۇيمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئايدا بىرنەچچە پارچە كىتاب سېتىۋالىمەن. قىسقىسى، مېنىڭ گېزىت - ژۇرنال، ماتېرىيال چىقىمىم بىر كۈندە تەخمىنەن ئۈچ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مېنىڭ كىتاب ئىشكاپىمدا 50 - 60 پارچە كىتاب ئاۋۇيدۇ، بىلىدىغانلىرىممۇ كۆپىيىدۇ. لېكىن دوستلىرىمچۇ؟

ئىككىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ مەبلەغ سېلىش كۆز قارىشىنىڭ تايىنى يوق.

50 يىللىق «تۆمۈر تاۋاق» نىڭ زىيىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلىرىنى شۇ قەدەر بىخۇدلاشتۇرۇۋەتكەنكى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئۆمۈرگە مەبلەغ سېلىش كۆز قارىشىنىڭ تايىنى يوق. ئاددىي مىسالى، كوچىدا بىر قۇتا مىنېرال سۇنىڭ باھاسى 2.50 يۈەن، بىر ئىستاكان سۈتنىڭ باھاسى بىر يۈەن ئەتراپىدا، لېكىن سۈت ئىچىدىغانلار ئاز، مىنېرال سۇ ئىچىدىغانلار كۆپ.

نۇرغۇن ئادەم كېسەل بولغاندا قىممەت دورىلارنى يېيىشكە رازى، ساق ۋاقتىدا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قۇۋۋەتلىك مېۋە - چېۋىلەرنى، سۈت - قايماقلارنى ئىستېمال قىلىشنى خالىمايدۇ ياكى خالىمايدۇ ئەمەس، چىدىمايدۇ. ئاخىرىدا تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغان ئەخمەقكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇغۇرتا كەسپى جانلىنىپ قالغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا، ساق ۋاقتىدا بۇ ئىشلار خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. شۇڭا، گېزىت - ژۇرناللىرى-

مىزدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدىغان قۇتقۇزۇۋېلىش ئىلتىجالىرى كۆپ، ئەلۋەتتە، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا رەھمەت ئېيتىمىز. ناۋادا ئۇلار بىر ئىلتىجانى بېسىش بىلەن بىرگە ئۇزاق مەزگىللىك نىشان سۈپىتىدە داۋالاش سوغۇرتىسى ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىچۇ؟ تەبىئىيكى، ئۇ بىچارىلەرگە جەمئىيەتتىن ئىگە بولىدىغان ئورۇن چىقاتتى، كۆڭلىمىز ئازراق يېرىم بولاتتى. لېكىن ھازىر گېزىتلەردە مۇنداق ئىلتىجالار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بارا - بارا كىشىلەرنىڭ باغرى قېتىشقا باشلىدى، ئىئانىنىڭ سانى ئازايدى. نۇرغۇن كىشى بۇنداق خەۋپتە قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئىئانە يولى بىلەن قۇتقۇزۇپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، جەمئىيەت ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلىشقا باشلىدى. سوغۇرتا تۈزۈمى دەل جەمئىيەتنىڭ شۇ خىل ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان. بۇنداق خەۋپتىن خۇدا ھەممىمىزنى ساقلىسۇن. لېكىن، خۇداغا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىرگە «خۇداغا ئىشەن، تۆگەڭنى چىڭ باغلا» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئۆزىمىز ھەرىكەتلىنىپ باقايلى. ھۆكۈمەت بىزگە مەڭگۈ ھەقسىز داۋالىنىش شارائىتى، پېنسىيە پۇلى بېرىدىغان كۈنلەر پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ، بارمىقىمىزنى چىشلەپ بىز يەنە ئېشىپ قالىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، «قازاق پۇل تاپسا تايغا مىنىدۇ، ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىنىدۇ» دېگەن ھېكمەتمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئىقتىساد كۆز قارىشىنى بەكمۇ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. شەھەرلەردە يۈز بېرىۋاتقان نەچچە تۈمەن پۇل خەجلەپ ئۆي بېزەش، تاپقان پۇلنى مىخنىڭ شەكلىدە تامغا ئۇرۇۋېتىش ھازىر بىر تىپىك ھادىسە. راست، ئۆي بىزنىڭ «دەخلىسىز ئالىي ئاپتونومىيىمىز»، ئۇنى قانچىلىك بېزىسەك، جابدۇساق ئەرزىيدۇ. لېكىن، ئۆي جابدۇشتىمۇ مۇھىم ئىشلار بىزنى كۈتۈۋاتقان شارائىتتا بۇ بىر بىھۇدە ئىسراپچى-

لىق، بىزنىڭ بۇ نامرات ھالىتىمىزدە ئۆي بېزەش ئورنىغا بىزگە تېخىمۇ مەنپەئەت ئەكېلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا پۇل خەجلەسەك تېخىمۇ ئەرزىيدۇ.

ھازىر جۇڭگودا خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىر شوئارغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ شۇنداق. گېزىت - ژۇرناللارنى ۋاراقلىساق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى ئىلغار ئىش - ھەرىكەتلەردىن تەسىرلىنىپ كېتىمىز. تېلېۋىزوردىمۇ شۇ سۆز، گويا ھەممە يەردە نامراتلىق ئۆتمۈشكە ئايلانغاندەك... شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىقىنى تەن ئالساقمۇ، لېكىن بىز توختىماي توۋلىنىۋاتقان شوئارلارنىڭ كەينىدىكى بىر ھەقىقەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز: شوئارلارنىڭ كۆپلۈكى نامراتلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتى. ئۇنداقتا، نېمىشقا شوئار توۋلايمىزۇ ئۇنۇم قازىنالمايمىز؟

بىر رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شۇ رايوننىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ ئېڭى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، تەپەككۇرى ئېچىلىشى كېرەك، سىياسىي ئەۋزەللىك ماھىيەتتە ئەڭ ياخشى ياردەم. بىر رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىر - ئىككى ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى شۇ رايون خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشى، سىياسەتتىكى ئەۋزەللىك ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يېقىندا مەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 250 مىڭغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە بىر نامرات ناھىيىسىنىڭ بۇ يىل دۆلەتنىڭ 30 مىليون يۈەنلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سوممىسىغا ئىگە بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە بۇ ناھىيىنىڭ ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا دۆلەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پۇلى ئېلىپ تۇرۇپ، ھازىرغا قەدەر نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچىم ئاچچىق بولدى.

شۇ ناھىيىدىكى مەلۇم بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭ دېيىشىچە، بۇ يىل ۋىلايەت خەلقنى نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تەدبىر ئويلاپ چىقىپتۇ ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پۇلىنى يۇقىرالارنىڭ قولىغا بىۋاسىتە تەگكۈزمەكچى بوپتۇ. قارىماققا بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، لېكىن ئويدان تەھلىل قىلسا، بۇ بىر بىھۇدە مەبلەغ سېلىش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرماقچى بولغان ئادەم مەبلەغنى نامراتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەندىن كۆرە، ئەڭ ئاۋۋال بۇ ناھىيە خەلق نېمە ئۈچۈن نامرات؟ نامراتلىقنىڭ يىلتىزى زادى نەدە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپسا، شۇ جاۋابلارغا ئاساسەن شۇ ناھىيىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كونكرېت نىشان - چارىلىرىنى بەلگىلىسە، ئەڭ ئاۋۋال ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىغا مەبلەغ سالسا ياخشى بولاتتى.

مېنىڭچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ نامراتلىقىنىڭ سەۋەبى كۆپ ئەمەس. بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قالاق، تېخنىكا كۈچى يوق، قىسقىسى، ئۇلاردا ئەقلىنى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان قورال - تېخنىكا ۋە ئەقىل كۈچى، شۇ ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مائارىپ قۇرۇلمىسى، مائارىپ ئېڭى، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرىدىغان تۈزۈلمە يوق. ئىككىنچى، رەھبەرلىك قۇرۇلمىسىدىكى تۆرىچىلىك، قولچىلىق، بىلىمسىزلىك، تەييارتاپلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل زىددىيەتلەرنى دۆلەت ۋە خەلققە ئارتىپ قويۇپ، ئارىدا نىزا پەيدا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇش، دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش فۇنكسىيىسىنى بۇرمىلاش، سۈيئىستېمال قىلىش — بۇ جايلاردىكى نامراتلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرى. بەزىلەر ئۇ يەردىكى نامراتلىقنى چەت - ياقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەيدۇ. قاتناش

ۋاستىلىرى دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرگەن بۈگۈنكى دۇنيادا
جۇغراپىيە جەھەتتە ئەڭ چەت رايونلارمۇ ئەقىل - پاراسەت،
ئىقتىدار ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، ئادەملەر تەلپۈنىدىغان باي -
باياشاد يەرگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، بىز گېپىنى قىلغان ناھە-
يىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلساق، ئەقىل ۋە تېخنىكا
كۈچىنىڭ مەنبەسى بولغان مائارىپنى كۆزىتىپ باقساق، مۇنداق
يەكۈن چىقتى: ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 60 مىڭ ئوقۇغۇچى بار
ئىكەن. ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كى-
تاب پۇلى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 50 يۈەندىن خەجلىسە،
60 مىڭ بالا جەمئىي ئۈچ مىليون يۈەن خەجلەيدىكەن. ھەربىر
بالا يىلدا يەنە ئەڭ ئاز دېگەندە تەخمىنەن 100 يۈەندىن ھەر خىل
خىراجەت تاپشۇرىدىكەن، بۇنىڭغا ئالتە مىليون يۈەن چىقىم بولى-
دىكەن، بۇلارغا يەنە تەخمىنەن بىر مىليون يۈەنلىك باشقا چىقىم-
لارنى قوشساق، بىر يىلدا 60 مىڭ ئوقۇغۇچىدىن — ناھىيە
بويىچە ئوقۇغۇچى ۋاستىسى ئارقىلىق چىقىپ كېتىدىغان پۇل
ئون مىليون يۈەن بولىدىكەن. بىھۇدە پۇل خەجلىمەسلىكنىڭ
ئۆزى پۇل تېپىش، دېگەن پرىنسىپ بويىچە بىز بۇ ئون مىليون
يۈەن پۇلنى تەتقىق قىلساق، بەزى پۇللارنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلى-
رى پەقەت بىر قېتىم ئىشلىتىلىپ تاشلىۋېتىلىدىكەن. لېكىن،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دەرسلىك ئىسلاھاتىدىن
قارىغاندا، بىزدە تەبىئىي پەن كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى تەخمىنەن
ئون يىلدا، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى بەش يىلدا
بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۈچ مىليون يۈەن-
لىك كىتابنى پاكىز ئاسراپ تۇتسا، تەخمىنەن سەككىز يىل
ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇ سەككىز يىل جەريانىدا ناھىيە خەلقى-
نى تەخمىنەن 24 مىليون يۈەنلىك بىھۇدە خىراجەتتىن ساقلاپ
قالغىلى بولىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە بالىلاردا كىتابنى ئاسراش،

www.uyghurkitap.com

سۆيۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ناھىيىگە بېرىلگەن 30 مىليون يۈەن پۇلنى بىز ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدىغان مائارىپقا بىۋاسىتە خەجلىسەك، مىسالى، تەخمىنەن مىڭ ئادەمنى ھەر بىرىگە 30 مىڭ يۈەندىن خەجلەپ، ئىچكىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتساق — 100 ئادەم تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇسا، 500 ئادەم ئوقۇتقۇچىلىق كەسپلىرىدە ئوقۇسا، قالغان 400 ئادەم دېھقانچىلىق، سودا، مەمۇرىي باشقۇرۇش، كارخانىچىلىق قاتارلىق كەسپلەردە ئوقۇسا، مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ:

ناھىيىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش چىقىمى تۆۋەنلەيدۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھېچقايسى ناھىيىدىن مۇنتىزىم تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 100 دوختۇر چىقمايدۇ.

مائارىپنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ. نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى تاماملىغان 500 نەپەر ئوقۇتقۇچى پۈتكۈل ناھىيە مائارىپىنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلايدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. قالغان 400 ئادەممۇ بۇ ناھىيىنىڭ كۈچلۈك كەسپىي تايانچلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

ئاخىرقى نەتىجە: تەخمىنەن 1000 ئادەمنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مىڭ ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ناۋادا يىلدا مىڭدىن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلسا ۋە مۇشۇ ئۇسۇل داۋاملاشتۇرۇلسا، 10 يىلدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلار قالمايدۇ.

ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئەڭ ئۈنۈملۈك مەبلەغ مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغدۇر. يەھۇدىيلارمۇ شۇنداق قارايدۇ: ئۇلار ستاتىستىكىسى بويىچە مائارىپقا سېلىنغان 10 يۈەن مەبلەغ 10 يىلدا 100 يۈەنگە، 30 يىلدا 30 مىڭ يۈەنگە

ئايلىنىدۇ. مۇشۇ ھېساب بويىچە بىر ناھىيىگە سېلىنغان 30 مىليون يۈەن 30 يىلدا قانچىلىك بولار؟ دۆلەتكە قانچىلىك پايدا يەتكۈزەر؟ بۇنى ئەڭ دۆت ئادەممۇ ھېسابلاپ چىقالايدۇ.

## 4

تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلالامدۇق؟ بېيالامدۇق؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بېيالامدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تەس ئەمەس. بىر رايوننىڭ بېيىشى ئەڭ ئاۋۋال شۇ رايون تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ، سىياسىي گەۋدىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. دېمەك، جۇڭگو بېيىسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمۇ بېيىدۇ. رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدىن زادى ئايرىلالمايدۇ. لېكىن، بىر دۆلەت ئىچىدە رايونلار ئارا باي، نامراتلىق پەرقى مەۋجۇت. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى باي، چېگرا رايونلىرى نامرات، شەرقى باي، شىمالى ۋە غەربى نامرات، بۇ پەرقنى ئەڭ ئاۋۋال رايونلار ئەۋزەللىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قارىساقمۇ، سىياسىينىڭ رولىنى، باي رايونلاردا ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ بۇرۇن باشلانغانلىقى، ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە سىياسەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى چەتكە قاقالمايمىز. دېمەك كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر دۆلەت ئىچىدىكى مەلۇم رايوننىڭ تەرەققىياتى شۇ رايون خەلقىنىڭ تەرەققىيات ئارزۇسى ۋە ئىلتىجاسىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي نۇقتىدىن بەرگەن ئەۋزەللىكى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھازىرقى دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى

بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز-مۇ كۆپ مىللەتلىك بىر زېمىن. باي - نامراتلىقتا رايونلار پەرقى، دۆلەتلەر پەرقى بولۇپلا قالماي، بىر رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەر پەرقى ھەم مەۋجۇت. ئامېرىكىدا يەھۇدىيلار ئەڭ باي، نېگىرلار، مېكسىكىلىقلار ئەڭ نامرات ئىكەن، جۇڭگودا، بولۇپ-مۇ شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ ھەرقايسى رايونلار ئارا باي - نامراتلىق پەرقى بولۇپلا قالماي (مەسىلەن، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە گۇچۇڭدىن باشلانغان، غەربتە كۈيتۇڭغا تۇتىشىدىغان سانائەت رايونى رايونىمىزدىكى ئەڭ باي رايون)، مىللەتلەر ئارا باي - نامراتلىق پەرقى ھەم مەۋجۇت. بۇ پەرقنى رايونلاردىكى سىياسىي قاراتمىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بىر رايوندا ئورتاق ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بايلىققا بولغان تونۇ-شى، بايلىققا، تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇرى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يەھۇدىيلارنىڭ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، مائارىپ سىياستىد-نى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، تەرەققىياتنى پىلانلىق ھالدا مەلۇم يولغا كىرگۈزىدىغان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغى-نىغا ئەمدىلا 50 نەچچە يىل بولدى. لېكىن، بۇ دۆلەتتە يەھۇدىي ئاھالىسىنىڭ پەقەت تۆتتىن بىرىلا ياشايدۇ. باشقا يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. مۇشۇ يەھۇ-دىيلار بىر رايوندا ياشىغان (شۇ رايون مەيلى باي، مەيلى نامرات بولسۇن) باشقا مىللەتلەردىن خېلى زور دەرىجىدە باي. دېمەك، يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: مەلۇم مىللەت نامرات رايوندا تۇرۇپمۇ، سىياسىي جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئېرىشمەي تۇرۇپمۇ، دۆلەت قوللىمىسۇن - قوللىمىسۇن، بىرگە ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تەرەققىي قىلالايدۇ ياكى بېيالايدۇ. لېكىن، بۇنداق ئېھتىماللىققا ئېرىشىشنىڭ ۋا-سىتىسى تەلەي ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي پىسخىكا،

مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىللىي تەپەككۇرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، مىللەت ئەزالىرى مەيلى قەيەرگە بارسۇن، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭدۇر. مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭ ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇنى قالاق بولسا ئىلغار قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس، لېكىن بۇ ئىمكانىيەت پۈتكۈل مىللەتنىڭ تىرىشچانلىقى، ئورتاق مەقسەت - نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە قەدەم تاشلىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئورتاق نىيەتتە هاراقتا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئاندا - ساندا ئىچىدىغانلار هاراق تاشلىسا، ھەپتىدە بىر بوتۇلكا ئىچىدىغانلار ئىككى ھەپتىدە بىر بوتۇلكا ئىچسە ياكى ئىچمىسە، شۇ ئارقىلىق تېجەلگەن پۇلنى ئۆزىگە مائارىپ — تەربىيىلىنىش مەبلىغى قىلىپ سالسا، قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلەر؟ بىز يۇقىرىقى ستاتىستىكا بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خەلقنى 20 مىليون ھېسابلاپ، ھەربىر ئادەمنىڭ هاراق چىقىمىنى سەككىز يېرىم مىڭ يۈەن چىقارغانىدۇق. ئۇيغۇر نوپۇسىنى سەككىز مىليون دەپ ھېسابلاپ سەككىز يېرىم مىڭ يۈەننى كۆپەيتسەك، 62 مىليارد يۈەن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، ھەربىرىمىز هاراقتىن بىر قەدەم ئۆزىمىزنى تارتساق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ ھەر قەدەمدە مىليارد يۈەنلەپ پۇلى تېجىلىدۇ ۋە تېجەلگەن پۇللارنى ئۆزىمىزنى تەربىيىلەش يولىغا ئىشلىتەلەيمىز. هاراقتىن باشقا ئورۇنسىز چىقىملارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلساقچۇ؟ نەتىجە ناھايىتى ئاددىي: نەچچە يىل ئۆتمەي ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى، ھەتتا جۇڭگودىكى ئەڭ باي مىللەتكە ئايلىنىدۇ. ناۋادا بىز پۇللارنى يەھۇدىي ئىدىيىسى بويىچە مەبلەغ سالساق، تېخىمۇ زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

تەبىئىي بايلىق ۋاقىتلىق نەرسە، لېكىن سىياسىيۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك نەرسە. بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئاچىدىغان ئەقىل، تېخنىكا بولمىسا، بۇ بايلىق ماھىيەتتە خەقنىڭ بايلىقى-

www.uyghurkitap.com

دۇر. ھەرقانداق ئادەم بايلىق ئۈستىگە تۇغۇلمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ زور بايلىقى مېڭىسى، خالاس. ئۇيغۇرلار ھەرقانداق بايلىقتىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان سەككىز مىليون مېڭىگە ئىگە. بۇ سەككىز مىليون مېڭە ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز مۇقەددەس، ئېچىلىشنى كۈتۈپ ياتقان بايلىق. بۇ بايلىقنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. بۇ بايلىق پۇلغا ئوخشاش سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خوراپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، سىياسىي ئەۋزەللىك تەمە قىلىپ ئولتۇرغان، تەقدىرگە تەن بەرگەن، پۇرسەت ئىزدىمىگەن مىللەت ھەرگىز بۇ بايلىقنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنالمايدۇ، ھەتتا ئۆز مېڭىمىز ئۆزىمىزگە يۈك بولۇپ قالىدۇ. كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا نىسبەتەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى ھەممە مىللەتكە تەكشى بولىدۇ. بۇ خىل تەكشىلىك پەقەت داشقازان ئېڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. داشقازان ئېڭىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ تەكشىلىككە جەڭ ئېلان قىلىش زۆرۈر. جەڭنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى بۇ تەكشىلىكنى ئۆزگىچە مىللىي ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن پاچاقلاپ تاشلاشتۇر. بۇ نۇقتىدا يەھۇدىيلار بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. تۈزۈلمە سانائەتنى، مائارىپنى، سىياسەتنى ھەممە مىللەتكە باراۋەر بېرىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن، بۇ باراۋەرلىك ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئوخشاش شارائىتتا ئوخشىمىغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش پەقەت شۇ ئىقتىسادىي ئاڭغا باغلىق.

يەنە تەكىتلەيمەن: نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا، تەقدىرنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدىغانلارغا ئەڭ ياخشى چىقىش يولى بىر، ئۇ بولسىمۇ بايلىق ھەققىدىكى تونۇشنى يېڭىلاپ، دۆلەتنىڭ سىياسىتى، مەبلىغى ھەققىدىكى خام خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىلىم ـ تېخنىكا ۋە شۇ بىلىم ـ تېخنىكىنى جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان ئەقىل مەڭگۈلۈك، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان، ھەرقانداق زاماندا بايلىققا ئايلاندۇ-

رۇشقا بولىدىغان ئۆلمەس بايلىق دېگەن كۆز قاراشنى تىكلەش، پۇل تاپقان ھامان مائارىپقا، ئۆزىنىڭ تەربىيلىنىشىگە مەبلەغ سېلىش، تۇرمۇشتىكى ئورۇنسىز چىقىملاردىن قول ئۈزۈش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بىر ئۇيغۇرنىڭ پۇلى ھەممە ئۇيغۇرنىڭ پۇلى، دەپ قاراشتۇر.

ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، نامراتلىق ئەڭ ئاۋۋال تونۇش مەسىلىسى، نامراتلىق مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى. سىياسەت يار بەرمىگەن، شارائىتىمىز يېشىپ يېتىلمىگەن، تونۇشىمىز ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا پۇل تاپىمەن، دەپ باش قاتۇرۇش تراگېدىيە ئىچىدىكى تراگېدىيە. مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزاسى نامرات تۇرغان ئەھۋالدا مەلۇم كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىشى ۋاقىتلىق ھادىسە. ھەقىقىي بايلار مىللەت ئەزالىرىمىز تېخىمۇ بېيىغاندا، ئۇيغۇرغا خاس پۇل، مىللىي ئىقتىساد كۆز قارىشى شەكىللەنگەندە تۇركۇملەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقىمۇ ئەتراپىدىكى نامرات مۇھىت تەرىپىدىن يېيىلىپ كەتمەيدۇ!

# كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز

## مۇقەددىمە

خەنزۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى بولمىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا جايلاشقان خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى جېڭجۇ شەھىرىگە كەلگىنىمگە ھەش - پەش دېگۈچە 14 كۈن، ئۆيدىن، ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغىمۇ 16 كۈن بوپتۇ. بۇ جەرياندا جېڭجۇ شەھىرىنى ئايلاندىم، خەنزۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۈرۈمچىدە كۈندە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىگەن خەنزۇلارنىڭ ھاياتىغا چۆكتۈم، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم، سىرداشتىم، كاللامدا ئىككى مىللەتكە مەنسۇپ ئىككى خىل مەدەنىيەت ھەققىدە نۇرغۇن سېلىشتۇرمىلار پەيدا بولدى. مەقسىتىم بىر مىللەتنى چۈشۈرۈپ، يەنە بىر مىللەتنى ئۇلۇغلاش ئەمەس. مەن مىللىي مۇناسىۋەتتە سىرتتا قوشنىسىنى، ئۆيدە ئۆزىنى ياراتمايدىغان خاھىشقا قارشى. «كۆتۈم مېنى ياراتماي ئوسۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، مەن كۆتۈمنى ياراتماي بوسۇرۇپ ئولتۇرىمەن» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى ھەردائىم تەپەككۇرۇمنى سوغۇق تەرگە چۆمدۈرۈپ تۇرىدۇ. تەرگە چۆمۈلۈش ئارقىلىق دىتىمنى پاكلاپ تۇرىمەن. ھەربىر مىللەت ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ھاياتىي كۈچ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئۇلاشقان. بۈگۈن كىملىكىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. بۈگۈنكى ئورنىمىز تارىختا قىلغان - ئەتكەنلىرىمىز، تىرىشچانلىقىمىز، ھوشيارلىقىمىز يا-

كى بوشاڭلىقىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى نەتىجىسى، خالاس. لېكىن بۈگۈن ئەتىگە تەڭ ئەمەس. ئەتە ئۆز مەۋجۇتلۇق لايىھىسىنى بۈگۈن قويىندا ياشاۋاتقان بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرغان، ئۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يەنە بىر مەنىدىكى «بۈگۈندۇر». ئەتىنىڭ لايىھىسىنى قانداق سىزىش، ئەتىكى ئورنىمىزنىڭ قەيەردە بولۇشىنى بېكىتىش بۈگۈنكى ھوشيارلىق ۋە ئۆزىمىزنىڭ تونۇشىمىزغا باغلىق، تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتى. تۈنۈگۈن تەكرارلانماس تارىخقا ئايلاندى. ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى ئىبرەت ئۈچۈن ئاختۇرۇش ـ قىدىرىش ئاقىللارنىڭ ئىشى. ئاقىللار ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تارىخنى يېزىشنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئېرىشىدۇ. نادانلار ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى ۋاراقلاش ئارقىلىق بۈگۈنگە باھانە ئىزدەيدۇ ياكى ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغلۇقنىڭ جۇلاسى ئارقىلىق بۈگۈنكى زەئىپلىكىنى نۇرلاندۇرماقچى بولىدۇ. مەقسىتىم سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر خامىنىغا بىرەر تال دان بولسىمۇ تاشلاش. چۈنكى مەن مەۋجۇتلۇقنىڭ يىلتىزى تەپەككۇردا، تەپەككۇر قىلىشتىن توختىغان مىللەت ياكى تەپەككۇرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان مىللەت مەۋجۇتلۇقتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى يوقىتىۋاتقان مىللەتتۇر، دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىمەن. مىللەت ئاكتىپلىرى مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بىر كۈن تەپەككۇر قىلىپ تۇرىدىكەن، تارىخىمىز بىر كۈن ئۇزىرايدۇ.

## «مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەيدىغان تۆمۈر دەرەخ» توغرىسىدا

تەكلىماكان بويلىرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن تولغان سىرلىق زېمىن. بۇ ئەپسانىلەردە مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق تەپەككۇرى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بىز ھەربىر ئەپسانە ـ رىۋايەتنى،

خەلق ئىچىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى تەتقىق قىلساق، مەۋجۇتلۇ-
قىمىز ھەققىدە يېڭى يەكۈنلەرنى چىقىرالايمىز.

«ئېچىل داستىخان» ئەپسانىسى ۋۇجۇدىمىزغا يوشۇرۇنۇپ
ياتقان بەگچەكلەرگە خاس ھۇرۇنلۇق، زەئىپلىك، بەڭگىلەرگە
خاس مەجنۇنلۇقنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇ ئەپسانىدىن يەنە ئىجادىي
تەپەككۇرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان خەلقىمىزنىڭ ئۇنۇمى بىر خىل
تەكرار دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن نارازى بولۇش خاھىشىنى بايقاي-
مىز. بۇ خىل نارازىلىقنىڭ كەينىگە مۇۋاپىق جەمئىيەت تۈزۈل-
مىسى، مائارىپ ۋاسىتىسى بارلىققا كەلتۈرۈلسە، گۈپپىدە ئوت
ئېلىپ كېتىدىغان ئىجادىي كۈچنىڭ قاقشاللىقى يوشۇرۇنغان.
ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىجادى-
يەت ئارقىلىق مۇھىتىدىن جۇلغۇش كەيپىياتىنىڭ چەكسىز بە-
نەملىكىنى پەيدا قىلغان. ئەمما بۇ بىنەم تۈزۈلمىدىكى چۈشكۈن-
لۈك، تۈزۈلمە تەپەككۇرىدىكى چەكسىز خۇراپاتنىڭ سايىسىدە
تاشلىنىپ قالغان...

«ئۇچار گىلەم» ئەپسانىسى تەكلىماكان بويىدىكى قۇم دېڭى-
زى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان يېشىل «ئارال»لار ئارىسىدىكى
قاتناش قوراللىرىنىڭ قالاقلىقىدىن كېلىپ چىققان بىپايانلىق
كىشىلەرگە كەلتۈرگەن قولايسىزلىقلارنىڭ غىدىقلىنىشى نەتىجىسى-
دە پەيدا بولغان. بۇ ئەپسانىنىڭ كەينىدىن خەلقىمىزنىڭ روھىدى-
كى يېڭىلىققا تەلپۈنۈش، تاشقى دۇنياغا ئىنتىلىش، ئېچىۋېتىش
روھىنى بايقاش مۇمكىن. مۇشۇ خىل ئېچىۋېتىش روھى خەلقى-
مىز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچ ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر.
بىز ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ
مۇھىم ماددىي، مەنىۋى مەۋجۇتلۇق بەلگىلىرىگە نەزەر سالساق،
ئېچىۋېتىشنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن پايدىلىرىنى بايقايمىز. ئەل-
ۋەتتە، زىيانمۇ يوق ئەمەس، لېكىن پايدا زىياندىن كۆپ. مەسى-
لەن، مىللىتىمىز دۇنيادا ئەڭ كۆپ يېزىق قوللانغان، ئەڭ كۆپ

دىن ئالماشتۇرغان، ئەڭ تولا كۆچكەن بىر مىللەت. گەرچە يۇقىرىقى ھادىسىلەر ھازىرقى زامان ئېقىمدا ياشاۋاتقان بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، سەل سۇيۇقلۇقتەك، روھىمىزدىكى ناچارلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، دىققەت قىلىپ كۆزەتسەك، بۇ ھادىسىلەر كەينىگە يوشۇرۇنغان مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىن قىر - چاپلىرى قۇلىقىمىزغا كىرمەي قالمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنى مەۋجۇتلۇق ئۇچۇن تەكرار يېزىق، دىن ئالماشتۇرغان، كۆچكەن دېمەي ئامالىمىز يوق. لېكىن كۆچۈش، دىن، يېزىق ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرىمىزنى كۆپ قىرلىقلاشتۇردى، مەدەنىيىتىمىزگە سېھىرلىك تۈيغۇ بەخش ئەتتى. يېزىق، دىن ئالماشقان بىلەن ئۇيغۇرنىڭ روھى ئۇيغۇرلۇقتىن يىراقلىمىدى. تەكلىماكان بويىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر يوقالمىدى. ئۇيغۇر تىلى نۇرغۇن تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىپادىلەش كۈچى ئاجىزلاشماي كۈچىيىپ باردى. دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر ئەندىزىسى دەل ئەنە شۇنداق ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش روھى ئاساسىدا قۇرۇلغان. بۇ روھ ئامېرىكىنى دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

ھەربىر ئەپسانىنى ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقىرىقى پىكىرلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەننى باشلاپ كىرمەكچى بولغان نۇقتىسى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، تەمسىل - ھېكمەتلەر بىر مىللەت ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا شۇ مىللەت روھىي قۇرۇلمىسىنىڭ جەۋھەرى دېمەكتۇر. مىللەتنىڭ قۇرۇلمىسى، ياشاش ماكانى زامان ئۆزگەرگەن بىلەن روھى، تەپەككۇرى ئۆزگەرمىسە، بۇ جەۋھەرلەر شۇ پېتى ساقلىنىدۇ. بىز بۇ جەۋھەرلەر قالدۇرغان بەلگە - ئۇچۇرلارنى بويلاپ روھىي مەۋجۇتلۇقىمىزغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز، ئۆزىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلالايمىز.

مەن ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىككە كەلگەندىن كېيىن خەلق ئىچىگە چۆكتۈم، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى، تۇرمۇشقا ئەقىدە ـ ئېتىقاد سۈپىتىدە ئارىلىشىپ كەتكەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى كۆزەتتىم. ئىككى يۇرت تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىچە پەرق دەرھال ئايان بولدى.

بىر كۈنى بىر خەنزۇ ئايال ئاشخانا ئىشىكى يېنىدىكى قارىماققا سەل غەيرىي، يوپيۇرماقلىرى كەندىر يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تەشتەك گۈلنى كۆرسىتىپ:

— بۇ دەرەخ يۇرتۇڭلاردا بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن ئۇرۇمچىدىكى چاغدا خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە جايدا بۇنداق «گۈل»نى كۆرگەندەك قىلغان، لېكىن ئايالنىڭ «دەرەخ» دېگەن سۆزى ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى. نېمىشقا گۈلنى دەرەخ دەپ ئاتايدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

— بۇ دەرەخنىڭ ئىسمى تۆمۈر دەرەخ، مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ. قارىماققا گۈلدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر دەرەخ، — دېدى ئايال كۆڭلۈمدىكى دېلىغۇللۇقنى بايقىغاندەك بولۇپ.

دەرەخكە قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم. قارىماققا ئۇ بىر ئۆسۈملۈك ئىدى، ياپيېشىل كۆرۈنەتتى، ئۆسكەن يېرى بىپايان دالا ئەمەس، بىر تەشتەك ئىدى. شاخلارنى تۇتۇپ كۆردۈم، شاخلار يېشىلدەك كۆرۈنگەن بىلەن تۆمۈردەك قاتتىق ئىدى.

خىيالغا چۆكتۈم. ئىلگىرى ئوقۇغان خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىكى «مىڭ يىلدا بىر قېتىم مېۋىلەيدىغان دەرەخ»، «مىڭ يىلدا پىشىدىغان مېۋە» دېگەندەك ئەپسانىلەر ئېسىمگە كەلدى ۋە دەرھال كاللامدا مۇشۇ ئەپسانىلەرنىڭ كەينىگە خەنزۇلارنىڭ مىللىي ھاياتىي كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر قانۇنىيەت يوشۇرۇنغانىكەن، دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

تۆمۈر دەرەخنىڭ مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلىگىنىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ بولۇشى ناتايىن. لېكىن، مۇشۇ ئەقىدىنىڭ

كەينىدە خەنزۇلارنىڭ ناھايىتى قەيسەر، ئۇمىدۋار، سەۋرچان مىجەزىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئادەمنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆ-رەلەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. تۆمۈر دەرەخنى تىككەن تۇنجى ئادەم ئۆزىنىڭ مىڭ يىل ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن، مىڭ يىلدىن كېيىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قانىنىڭ مەلۇم تامچىسىنىڭ شۇ گۈلنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھازىرچە ئۆزى ئۈچۈن پايدىسى بولمىغان، لېكىن مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئۆزى كۆرەل-مەيدىغان قىممەت كەلگۈسى ئۈچۈن ئايانماي مەبلەغ سالىدۇ. خەنزۇلار تارىخىنى ۋاراقلىساق، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئاددىي تەپەككۇر بىلەن مىڭ يىلدىن كېيىنكى كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىشى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ-نىڭ بىر مىللەتكە ئاتا قىلغان ھاياتىي كۈچى.

تۆمۈر دەرەخنىڭ ئىزتىراپلىرى مېنى يەنە ئۆزىمىزگە قايتۇ-رۇپ كەلدى. ئىختىيارسىز مىللىتىمىزدىكى سەۋرچانلىق ۋە ئۈ-مىدۋارلىق، كەلگۈسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

بىزدە ھازىر ئاتىلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى كەلگۈسى تارىخ بىناسىنىڭ بىرخىشىنى قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قېرىغاندا ئۆزىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن. گەرچە بىز پۈتۈن مەقسەتنى ئۆزىنى باقتۇرۇش دېيەلمىسەكمۇ، ئۇ يەنىلا ئەڭ مۇھىم مەزمۇن، نەزد-رىمىز شۇنچىلىك ئاددىي. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ نان تېگى-دىغان ھەقىقەت «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا».

ئەتىنىڭ بىز بىلەن بەك چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، مۇھىمى بۈگۈن. بۇنداق پىسخىكا بىزنى بۈگۈن ئىچىدە ياشاۋاتقان تۇنۇ-گۈننىڭ پۇقراسى قىلىپ قويغان، ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن قۇرۇلۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان. مانا بۇ بىر ئەجدادنىڭ ئۆز ئەۋلادىغا قىلغان خائىنلارچە مەسئۇلىيەتسىزلىكى، شەپقەت-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سىزلىكى، شەخسىيەتچىلىكى...

مەن تارىخ بېتىنى ۋاراقلىدىم. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى-دىن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان خەنزۇ سانغۇنلىرى دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتقان چاغدا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە قال-ماسلىق، ئۇلارغا يۈز كېلەلمەي قالماسلىق ئۈچۈن نومۇس ئىچى-دە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مەغلۇبىيەت بىلەن خەلقىگە يۈزلىنىش-كە يۈزى چىدىمىدى. بۇ خىل پسىخىكا ئۇلارغا نۇرغۇن غەلىبى-لەرنى ئاتا قىلدى. بەزى ئۇيغۇر سانغۇنلىرى دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتقان شارائىتتا «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ» ۋە ياكى «ئاش بولسا قازان، باش بولسا جاھان» دەپ، ھاياتىنى دوغا تىكىپ كۈرەش قىلىش ئورنىغا دۈشمەنىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. سانغۇن دېگەن سۆز ناھايىتى ئوڭايلا ساتقۇن دېگەن سۆزنىڭ تولۇق قاپىيىسى بوپقالدى. شۇنىڭ بىلەن قېنىمىزغا ساتقۇننى ئەپۇ قىلالايدىغان زەئىپ چىقىشقاقلىق گېن بولۇپ سىڭدى.

تۆمۈر دەرەخكە قارىدىم: رەقىبلىرى ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقان، نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلال-مايدىغان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بوگۈن ئىككىلەنمەي ئۆز جېنىنى قۇربان قىلالايدىغان خەنزۇ ئەزىمەتلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. تارىخ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپلا ئۇلاردىن نەچچىسىنى ئۇچراتتىم. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزمۇ شۇنداق ئويغا كەلدىڭىزمۇ؟ يا بولمىسا «مىنىڭ ئوقۇتساممۇ قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى» دەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزىڭىزنى ياتلىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتامسىز ۋەياكى ياقا يۇرتتا بىلىم ئېلىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، كەلگۈسىدە يۇرتۇمنى گۈللەندۈرەي دېگەن ئويدا ئوقۇپ، شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئوغلىڭىزنى كۆرگۈم كەپكېتىدىكەن، دې-گەن ساختا مۇھەببەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئەكېلىۋېلىپ، ئۆزى-ڭىزنى باقتۇرۇش نامىدا بەختىگە ئولتۇرماقنى كېڭەش قىلىۋاتام-سىز؟ يا بولمىسا ئوغلىڭىزغا ئەمەلىيەتتە ئۆز بېشىڭىزنىڭ خا-

تىرجەملىكى ئۈچۈن كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، غۇرۇرنى يوقىتىش ھېسابىغا مۇلايىم ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىۋاتامسىز؟

مەيلى، سىزگە «ئاق يول» بولسۇن.

## شەھەردىكى قۇشلار ۋە بۈگۈنكى يېزىلار

ھازىر يېزا - سەھرالار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۇلغانغان، شاۋقۇن - سۈرەنلىك شەھەرگە قارىغاندا پاكىز، ئاسايىشلىق ماكان. ئارىمىزدا شەھەرنىڭ سوغۇق تەبىئىتىدىن زېرىككەنلىكىدىن، قېرىغاندا تىنچ - پىنھان بىر سەھرادا ئارامخۇدا ياشاشنى ئارزۇلايدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

مەن خېنەنگە كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۈرۈمچى بىلەن خېنەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى سائەتلىك ۋاقىت پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيقۇم ئېچىلىپ ناھايىتى سەھەردە — ئۈرۈمچىلىكلەر سۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان چاغدا، جېڭجۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىغا ئايلانغىلى چىقتىم. كۈن چىقمىغان بولسىمۇ، شەھەر تولۇق يورۇپ بولغانىدى. مەن شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا مەنزىرە دەرىخى بولۇشقا يارىماي كېسىپ تاشلانغان دەرەخلەرنىڭ جېڭجۇ شەھىرىدە شەھەرگە ھۆسن بېغىشلاپ تۇرغان يېشىللىق قورغىنىغا ئايلانغانلىقىدىن زوقلاندىم. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىغا تىكىلگەن ئاللىقانداق يەرلەردىن قىممەت باھادا كەلتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشالماي، تالاشتۇرۇشتا يېگىلىپ قېلىپ سالپىيىپ قالغان لالما ئىتلاردەك سولىشىپ تۇرغان مەنزىرە دەرەخلىرىنىڭ ھالىنى بۇ يەردىكى دەرەخلەر بىلەن سېلىشتۇردۇم. شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئاپتاپلىق - تاقىر مەنزىرىسى بىلەن جېڭجۇ كوچىلىرىدىكى نەچچە قەۋەتلىك بىنالار بىلەن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك مەنزىرە

www.uyghurkitap.com

دەرەخلىرى قەلبىمدە ئاچچىق ئىزتىراپ ۋە ھاياجان قوزغىدى. قارىغۇلۇق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئايلىنىپ قالغان يۇرتۇم ئېسىمگە كەلدى. مۇشۇ خىياللارنى قىلىۋاتسام، تۇيۇقسىز بېشىمدا مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان بىرەر شەھەر ئاھالىسى بالكوندا باققان قۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئەتراپقا سەپسالدىم. كۆزۈم بىر دەرەخنىڭ شېخىدا سەكرەپ يۈرگەن بىر نەچچە قۇشقا ۋە تېرەككە ئوخشايدىغان بىر دەرەخنىڭ پۇتىقىنىڭ غولىنى چوقۇۋاتقان تۆمۈر تۇمشۇققا چۈشۈپ، تاڭ قالدىم.

ئىلگىرى مەن ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ چوڭ شەھەر ئۈرۈمچى قۇشلارغا ماكان بولۇشقا مۇۋاپىق شەھەر ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەردە قۇشلار ئىچىدىكى ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور قۇش ئاق قۇشقاچتىن باشقا قۇشلارنى كۆرمەك تەس ئىدى. بەزىدە ئېرىپ - تېرىپ بەزى قۇشلارنى غىل - پال كۆرۈپ قالغاندەك بولىسىز. ئەمما، شۇ قۇشنىڭ سوغۇق نەپەسلىشىپ كەتكەن بۇ شەھەردە ئۇۋا سالغانلىقىغا ئىشەنمەيسىز. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ئېڭىمدىكى قۇشلار دۇنياسى بىلەن شەھەر سىغىشمايدىغان ئىككى دۇنيا ئىدى. جېڭجۇ — مەن ھاياتىمدا تەپسىلىي كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىككىنچى چوڭ شەھەر (جېڭجۇ شەھىرىنىڭ كۆلىمى ئۈرۈمچىدىن بىر نەچچە ھەسسە چوڭ) قۇشلار بىلەن شەھەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كۆزقارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئەجەبا، جېڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ خېنەن يېزىلىرى قۇشلارغا تولغان جەننەتمۇ يا؟ خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى ئېرەمباغ خەنزۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى بولمىش ئوتتۇرا تۈزلەڭدە قايتا بارلىققا كەلدىمۇ يا؟

مەن كاللامدا پەيدا بولغان بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن خېنەن يېزىلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈشنى نىيەت قىلدىم ۋە

بىر شەنبە كۈنى قۇرۇپ كېتىشكە يۈز تۇتقان سىبىرىق دەريا (خۇاڭخې) نى زىيارەت قىلىش نىيىتىمدە يېزىلارنى ئارىلىدىم. ئەپسۇس، بىر كۈنلۈك زىيارەت جەريانىدا بىر نەچچە يېزىنى ئايلانغان، ھەتتا ئېتىزلارنى بويلاپ پىيادە ماڭغان بولساممۇ، بىرەر قۇش ئۇچرىتالمىدىم (ئەلۋەتتە، يېزىلاردا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالغان كاتەكتىن قېچىپ چىققان توخۇ، غاز ـ ئۆردەكلەر بۇنىڭ سىرتىدا). پەقەت يول بويىدىكى ساپسېرىق چېچەكلەپ كەتكەن ئەتىيازلىق يېسىۋىلەكنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كېپىنەكنى كۆردۈم. مەن يېزىلارنى ئايلىنىپ كۆرگەن، يولۇقتۇرغان يېزىغا خاس ئۇچار ـ قانات پەقەت شۇ كېپىنەك بولدى. بەلكىم مەن يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن بولۇشۇم، مەن كۆرگەن يېزىلار ئاپتوموبىللار مىغىلداپ تۇرغان تاشيولغا يېقىن بولغاچقا، قۇش ـ قاناتلار ئۈركۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇ خىياللار بىلەن شەھەرگە يېنىپ كەلدىم. يەنە بىر كۈنى پۇرسەت بولسا شەھەردىن تازا يىراق بىر يېزىغا بېرىپ قۇش ـ قاناتلارنى كۆ-رۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

جېڭجۇنى ئايلىنىش جەريانىدا بىرنەچچە كوچىدىكى ئاسمان ـ پەلەك دەرەخلەرنىڭ قۇش ئۇۋىسى بىلەن تولغانلىقىنى كۆردۈم. يوللار قۇش ماياقلىرى بىلەن تولغانىدى. خىلۋەت سەھرالاردىلا بولىدىغان بۇ ھالەت مېنى ھەيران قالدۇردى.

— بۇ ئاققۇتان قوغداش رايونى، — دېدى مېنى باشلاپ چىققان خەنزۇ.

— بۇ دۆلەت دەرىجىلىك قوغداش رايونىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

كېيىن بىرنەچچە كىشىدىن بۇ ھەقتە سوراپ باقتىم، ھېچ-قايسىسى ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى.

— ئاققۇتانلار ئۇۋا تۇتقان كوچىلارنى دەمسىز؟ — دېدى

بىر كۆنى بىر خەنزۇ زىيالىيسى ئاچچىق كۈلۈپ، — مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ھېچقانداق دەرىجىلىك قوغداش رايونى ئەمەس، ئۆزى تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغان…

مەن ئۇچرانقان بۇ زىيالىي تەنقىدىي پىكىرگە ئامراق ئادەم ئىدى. بايقىشىمچە، خېنەندىكى بىلىملىك دەپ قارىغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئاچچىق گەپ قىلىشقا خۇمار ئىدى. مەن پاراڭلىشىۋېتىپ شەھەردىكى قۇشلار ۋە يېزىلارنى ئارىلاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنى دېدىم. ئۇ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئېغىر تىنىپ جاۋاب بەردى:

— قۇش - قانات كۆرىمەن دەپ يېزىغا چىقمىشىڭىز ھاجەتسىز. يېزىلار دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن بۇلغىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ يەردە ياۋايى قۇشلارنى كۆرىمەن دېيىش ئەخمىقانىلىك. ئۇلار ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتەكتىن چىقىپ زەھەرلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. قارىمامسىز، ئاشۇ ئاققۇتانلار ۋە شەھەردىكى باشقا قۇشلار يېزىلاردا ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ شەھەردە ئۇۋىلاۋاتامدۇ؟

ھاڭ - تاڭ قالدىم. ياتىقىمغا كىرىپ تورۇسقا قاراپ يېتىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئەجەبلىنىشىمنىڭ ئورنىنى خورسىنىش ئىگىلىدى.

راست، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. مىسالى، چاشقان دورىسى مۇشۇكنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى. يېزىلاردا ئاندا - ساندا ساقلىنىپ قالغان مۇشۇكلەرنى زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئۆيدە باغلاپ باقىدىغان بولدۇق.

تور سېلىپ قۇشقاچ تۇتۇپ، ئېتىزلاردىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى كار قىلالمىغان زىيانلىق قۇرتلارنى ئۆزىمىز قول سېلىپ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قۇشقاچنى يەۋېتىپ قۇشقاچقا ئايلاندۇق. دۇنيادىكى ھاشار تارىخىغا قۇرت تېرىش ھاشىرى، چاشقان

ھاشىرى دەيدىغان ئەڭ يېڭى ۋە بىمەنە ھاشار تۈرلىرى قوشۇلدى.

بىر چاغلاردا كىشىلەر ئېرىقتىن دوم يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچەتتى. ئەڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرمۇ ئېرىقتا كىر يۇمايتتى. مانا ھازىر ئېرىقتىكى سۇغا قاراپ بىر چاغلاردا دوم يېتىپ ھوزۇرلىنىپ سۇ ئىچكەنلىرىمىز يادىمىزغا يېتىپ ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. ئاياللارنىڭ سۈپسۈزۈك ئېرىقلارغا كۆسار چىلاپ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى، يۇندا تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرمەك تەس ئەمەس.

خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئۆسۈپ تەييار بولغان ئاش - ئوزۇق، سەي - كۆكتات، قوش - ھايۋان گۆشلىرى تېنىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئەركەكلىكىمىزنى يوقاتتى، لاتىللىشىپ كېتىۋاتىمىز. بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ساقايماس كېسەللەر ئەمدىلىكتە كۈنسايىن ئاۋۇپ، ھەممىمىز ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمىز. تەبىئىيكى، تەندىكى چېكىنىش روھتىكى زەيىپانىلىككە بىۋاسىتە سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

تېخى يېقىندىلا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە باشقا بىرنەچچە دۆلەتنىڭ جۇڭگونىڭ چاي، ھەسەل، كۆكتاتلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنى تەركىبىدىكى ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ماددىلار چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، دېگەن سەۋەب بىلەن ئىمپورت قىلىشنى توختاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر «پايدىلىنىش خەۋىرى» گېزىتىگە بېسىلغانىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېنەن يېزىلىرىنىڭ بۈگۈنى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئەتىسىمۇ نېمە؟ جېڭجۇنىڭ بۈگۈنى ئۈرۈمچىنىڭ ئەتىسى بولۇپ قالامدۇ؟ ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىتى ياخشىلىنىپ قۇشلارنى جەلپ قىلسا، ھەقىقەتەن ياخشى ئىش. لېكىن، يېزىلارنى بۇلغاش ھېسابىغا شەھەرنى تۈزەش، بىپايان ئۇيغۇر يېزىلىرىدىن ۋاز كېچىپ كىچىككىنە ئۈرۈمچىگە ئىگە بولۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەمما بىزگە يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان رېئاللىق تولىمۇ

ئاچچىق...

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر ياخشى ئىش. بايقاش تەبى-
ئىيكى، كۆڭۈل بۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، مەسى-
لىنى ھەل قىلىش يولىنى تېپىپ چىقماق ئانچە ئوڭاي ئىش
ئەمەس. ھەل قىلىش ئۇسۇلى تېپىلىپ بولغۇچە كېسەلنىڭ ئا-
خىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى دائىم
دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىمىز.

بۇ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان تۈپ سەۋەب زادى
نېمە؟ نېمە ئۈچۈن 5000 يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىز پەخىرلە-
نىدىغان جۇڭگودا، ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت سانالمىش خەنزۇ-
لار بارلىققا كېلىپ كۆپەيگەن ماكاندا بۇ پاجىئە يۈز بېرىدۇ؟

يېزىلار بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسى بىلەن تول-
غان مۇستەھكەم مەدەنىيەت، ئەخلاق ئىستىھكامى، دەپ قارىلات-
تى. ئەجەبا، بۇگۈنكى كۈندە...

تولا خىيال قىلىپ بېشىم قاتتى. ئاخىر ئېسىمگە دىنىي
رىۋايەتلەردىكى بىر كالپۇكىدا يەردىكى، بىر كالپۇكىدا ئاسماندى-
كى ھەممىنى يالماپ يۇتۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يەجۇج -
مەجۇج ھەققىدىكى رىۋايەت كەلدى. مەن ئىلگىرى يەجۇج -
مەجۇج بەكمۇ يىراقتا دەپ ئويلايتتىم. خېنەندىن ئۇيغۇر يېزىلى-
رىغىچە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى خىيال قىلىپ چۆچۈپ كەت-
تىم. يەجۇج - مەجۇج ھازىر يېنىمىزغىلا پەيدا بولغان، ئۇيغۇر
يېزىلىرىدىكى نەچچە مىليون ئۇيغۇرمۇ يەجۇج - مەجۇگە ئايلىنى-
ۋاتقاندەك قىلاتتى.

جېڭجۇ شەھىرىدىكى دېرىزىسىدىن يەنە بىر ئىمارىنىڭ ھويى-
لىسىدىكى چېچەكلەپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنى كۆرگىلى بولى-
دىغان ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم: سەھ-
رالاردىكى ئېسىل پەزىلەت يوقىلىپ، قۇشلار شەھەرگە يۆتكەل-
دى. شەھەردىن بىزار بولۇپ، سەھرانى خىيال قىلىۋاتقان،

سەھرادا — ئانا تەبىئەت قوينىدا، قۇش - قانات، گۈل - گىياھلار ئارىسىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن «ئېلېكترون دەۋرىدىكى زاھىت» لىرىمىز ئەمدى قانداق قىلار؟

## ساختىلىق ۋە تەرەققىيات

خېنەنگە ماڭار چېغىمدا، ئۈرۈمچىدىكى ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ تونۇشلىرىم خېنەن ھەققىدە نۇرغۇن ئىزاھاتلارنى بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا خېنەن جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ساختا مال ياسايدىغان زاۋۇت، خېنەنلىكلەر جۇڭگودىكى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ھەممىدىن ئۇستا، زىيادە ئەقىللىق كىشىلەر ئىدى. بولۇپمۇ، خەنزۇلار خېنەنلىكلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە چىرايلىرى كەكرى يەۋالغاندەك پۈرۈلۈپ كېتەتتى. مېنى بىر تالاي دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاگاھلاندۇراتتى. لېكىن مەن خېنەنگە بارىدىغانلىقىمدىن، بۇ يەردىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ھىيلىگەر خەنزۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ، ياشايدىغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم. بەزىلەر بارىدىغان ئورنۇمنى خېنەندىن باشقا جايغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپمۇ بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە مېنى خېنەندە جاپا تارتىپ قالامسۇن، ئالدىنىپ كۆڭلى ئاچچىق بولمىسۇن، دېگەن ياخشى تىلەك بار ئىدى. لېكىن مەن باشقا ئۆلكىگە بېرىش پۇرسىتىدىن قەستەن ۋاز كەچتىم. جۇڭگودىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئادەم ئەڭ زىچ بۇ ئۆلكە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سۈپەتلىرى بىلەن مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. مېنىڭ بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكىمنىڭ مەقسىتى ئۆزۈمنى قەھرىمان سانىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق بىر جايدا بەش - ئالتە ئاي ياشاپ بېقىپ، خەق ئېيتقان سۈپەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئىدى.

خېنەنگە كېلىپ پويىزدىن چۈشكەندىن تارتىپ كاللامدا شىنجاڭدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان ھوشيارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. گۇمانخورلۇقۇمغا تېخىمۇ زور گۇمانخورلۇق قوشۇلۇپ، ھەممە نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇم. ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە ماڭا قاراپ كۈلگەنلەرنى دوست ھېسابلايتتىم، ھازىر خېنەندە ئويلىنىپ باقىدىغان بولدۇم. ئۈرۈمچىدە ئالدىراقسان، تەنتەك ئىدىم. ئويلانمايلا ئىش قىلىدىغان، سۆزلەپ سالىدىغان مىجەزىم بار ئىدى، خېنەنگە كېلىپلا بۇ مىجەزىم ئۆزگەردى. ئىككى ھەپتە ئۆتمەي كەم سۆز، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

ئۈرۈمچىدە سەل بىكارچى، ئەخمەق ئىدىم، خېنەندە ھېچكىم ئىشقا بۇيرۇمىسىمۇ ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم تېپىپ قىلىدىغان، مەقسەتلىك ئىش قىلىدىغان بوپقالدىم.

نەق گەپكە كەلسەك، ئۈرۈمچىدە باشقىلارنىڭ سۈپەتلىشى بىلەن خېنەننى ساختا ماللار بىلەن تولغان دۇنيا، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن، بىر نەرسە ئالغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان، ھۆكۈمەت ساختا مال يوق دەپ بېكىتكەن، كىمكى ساختا مالنى بايقىسا، مۇكاپات بېرىدىغان ماگىزىنلاردىن مال ئالدىم. خېنەنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ھەممە خېنەنلىكتە ئورتاق ھالدا ساختا مالدىن قورقۇش ھېسسىياتىنىڭ بارلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى سەزدىم ۋە تۇيۇقسىز بۇ ئېھتىيات تۇيغۇسىنى خېنەننى ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتى، دەپ قارايدىغان قاراشىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى سەزدىم. بۇ قاراش يەنە خېنەنلىكلەرنى ئالاھىدە ھوشيار قىلىپ قويغانىدى. بۇ خىل ھوشيارلىق بازارغا تەسىر قىلغان، بازارلاردا شۇ سەۋەبتىن ساختا مەھسۇلاتلارغا ئورۇن يوق ئىدى. خەلقنىڭ ھوشيارلىقى ساختا مەھسۇلاتلارنى ئۆزلۈكىدىن بازاردىن سىقىپ چىقارغانىدى.

ئەجەبا، خېنەن ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان «زا-
ۋۇت» تۇرۇپ، خېنەندىن ساختا مەھسۇت تاپقىلى بولمىسا...؟
ياكى ئۇلار ساختا مەھسۇلاتلارنى خېنەندە ئىشلەپ، شىنجاڭغا
ئاپىرىپ ساتامدۇ؟ شىنجاڭنى، ئۈرۈمچى بازارلىرىدىكى قەدەمدە
بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ساختا مەھسۇلاتلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈ-
رۈپ، بىردىن كۆڭلۈم ئاچچىق بولدى.

ھازىر ھەقىقىي ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتىنى خېنەن ئە-
مەس، شىنجاڭ دېسەك توغرا بولاتتى. ياق، شىنجاڭنىڭ ساختا
مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت دېگۈچىلىك ئورنى يوق ئە-
كەن، ئۇنى ئەڭ چوڭ ساختا مەھسۇلات بازىرى دېسە، ئەڭ توغرا
بولىدىكەن...

ساختىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇقەررەر
جەريان. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ساختىلىق ھادىسىسىنى ئە-
دەبىي ئىجادىيەتتىكى تەقلىد ۋە كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىسى بى-
لەن ئوخشىتىش مۇمكىن. لېكىن، ساختىلىق جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىدا ناچار رول ئوينىغاندەك قىلغان بىلەن، شۇ رايوننىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈچىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول
ئوينايدۇ. بۇ جەرياندا شۇ رايوننىڭ تېخنىكا كۈچى پىشىپ يېتى-
لىدۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋار ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ھوش-
يارلىقى ئاشىدۇ. ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانى
راست مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا مەلۇم دەرىجىدە ئوخ-
شاپ كېتىدۇ. ساختا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغۇچى ئۆز مەھسۇ-
لاتىنىڭ ئەسلىي مەھسۇلات بىلەن چانمايدىغان بولۇشىنى قوغلى-
شىپ تېخنىكا يېڭىلايدۇ، ئىزدىنىدۇ.

مەن خېنەن گېزىتلىرىنى ۋاراقلاپ، بۇ ئۆلكىدىكى سانائەت
قوشۇنىنىڭ كونسېرى كۈچىيىۋاتقان نەرە ساداسىنى ئاڭلىغاندەك
بولدۇم. ماڭا تەسىر قىلغان يەنە بىر ۋەقە ئاۋام يۇقىرادىن تارتىپ
ئەمەلدارغىچە خېنەننىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى مۇھەببەت بىلەن

سېتىۋالاتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ماگىزىنلاردا ئاساسەن خېنەندە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرۈنەرلىك يەرگە تىزىپ قويۇلاتتى. خېنەندە بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر سانائەت يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا سازاۋەر بولاتتى. گەرچە بىز بۇ خاھىشنى تار مەھكىمىچىلىك خاھىشى دەپ قارىساقمۇ، خېنەندىلىكلەرنىڭ بۇنداق خاھىشى باشقا ئۆلكىلەرگە ياقمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. چۈنكى، بۇنداق خاھىشتىن ئۆزلىرىگە پايدا كېلىدىغانلىقىنى ھەممە خېنەنلىك ئوبدان بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن خېنەندىكى تىراۋزى ئەڭ كۆپ گېزىت «دەريا گېزىتى» دىن خېنەندە بىر چىش پاستىسى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، خېنەنلىكلەرنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنىڭ چىش پاستىسىنى ئىشلىتىش تارىخىغا خاتىمە بەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ ھاياجانلاندىم. مەن خېنەنگە كېلىش ئالدىدا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرغان خوتەندىكى «كىروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ئىشلەپ چىقارغان «ئاق لاله» ماركىلىق چىش پاستىسى ۋە «سىيادان» ماركىلىق سوپۇنلاردىن بىر يۈرۈش ئېلىۋالغانىدىم. خېنەندە تۇرۇپ مۇشۇ بۇيۇملارنى ئىشلەتكەن چاغدا، قەلبىمدە ئىختىيارسىز بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

خېنەنلىكلەرگە شۇ نەرسە ئايانكى، خېنەندە بىر زاۋۇت قۇرۇلسا، بىرمۇنچە خېنەنلىك خىزمەت تاپىدۇ، خېنەنلىكلەر ئۆزىدە چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالسا، خېنەن زاۋۇتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ، زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ۋە زاۋۇت قۇرغان خېنەنلىكلەر بېيىيدۇ.

بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا شۇنداق ئاڭ بارمۇ؟ مېنىڭچە، ھەريىلى شىنجاڭغا كېلىپ پۇل تېپىپ كېتىدىغان نەچچە مىليون مەدىكاردا، ھەر يىلى چاغاندا يۇرتىغا قايتىپ، تاپقان پۇلىنى خەجلەپ كېلىدىغان كىشىلەردە بۇنداق ئاڭنىڭ

بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھامان ئۆز يۇرتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىنى يۇرگۈزۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ئۆز يۇرتىنىڭ سانائىتىنى سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان تۇيغۇ بارمۇ - يوق؟ مەن ئويلا - ئويلا بۇ تۇيغۇنىڭ هاراقكەشلەردە كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ هاراقكەشلىرى شىنجاڭنىڭ هارىقىدىن باشقا هاراقلارنى ئىچىشنى ياقتۇرمايتتى. ئەجەبا، مېڭىسى ئىسپىرت بىلەن زەھەرلەنگەن، تولا ئىچىپ ئەرلىكى يىگىلەپ كېتىۋاتقان بۇ زەئىپ هاراقكەشلەرنىڭ يۇرت سۆيگۈسى باشقا ساغلام كىشىلەردىن ئارتۇق بولسا؟… مەن بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنىمۇ خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن سەزدىم. چۈنكى، ئىچكىرىنىڭ هاراقلىرى شىنجاڭ هاراقلىرىدەك كۈچلۈك، يۇقىرى گرادۇسلۇق بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئەسلى هاراقكەشلەرنىڭ يۇرت سۆيگۈسى ئۇلارنىڭ ئىسپىرت خۇمارىدىن كەلگەنىكەن.

خېنەنلىكلەر خەق سۇپەتلىگەن كەبى شۇنداق ھىيلىگەر، ئەقىللىقمۇ؟ مېنىڭچە، شۇنداق. خېنەنلىكلەر ياشاۋاتقان مۇھىت، نوپۇسنىڭ كۆپلۈكىدىن كېلىپ چىققان كەسكىن ھاياتلىق رىقابىتى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان؛ ھىيلىگەر ۋە ئەقىللىق دېگەن سۈپەتنى خېنەنلىكلەرگە بىر خىل ھوشيار، كۆپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۆز ئىشىغا پۇختا مىجەزنى ئاتا قىلغان…

مەن خېنەنلىكلەر بىلەن ياشاش جەريانىدا خېنەنگە خاس شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقىدىم: ئاق كۆڭۈللۈك ئەقىلنىڭ دۈشمىنى، ئاق كۆڭۈللۈك ماھىيەتتە بوشاڭلىق. شۇڭا خېنەندە ئەقىللىقلەر تولا، ئالدانغۇچىلار ئاز. ھەممە ئادەم زىيادە ھىيلىگەر ۋە ئەقىللىق بولغاچقا، ئۇلار بۇ ئىقتىدارىنى ئۆزئارا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان… شۇنىڭ بىلەن خېنەندە ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتى دەيدىغان ئاتاق پەيدا بولغان… لېكىن بۇ ئاتاق خېنەندە

ساختا مەھسۇلات بولماسلىقىنى ياكى ساختا مەھسۇلات بولىسمۇ، خېنەنلىكلەرنىڭ سېتىۋالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ... چۈنكى ئۇلار ئۆزى توقۇغان يالغان گەپكە ئۆزى ئىشىنىپ قالىدى. غان نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇرلار ئەمەستە.

## ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ئىلىم - پەن روھى

باشقا ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار خېنەنلىكلەرنى بەك ئەقىل-لىق، دەپ ئاھ ئۇرىدۇ. بۇنداق ئاھ ئۇرۇشنىڭ كەينىگە ناھايىتى كۆپلۈك ھەسەتخورلۇق ۋە قايىللىق يوشۇرۇنغان.

خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەرنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقىل- پاراسىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. پويىزغا چىققان ۋاقتىمدا خېنەن ھەققىدە نۇرغۇن خىياللاردا بولغان. بولۇپمۇ ئەقىللىق خېنەنلىكلەر بىلەن دەرقەمدە تۇرۇپ ئالاقىدە بولىدىغان-لىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈمدە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. بۇنداق قانائەت تۇيغۇسى ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىق تەرىپى تەپەككۇرۇمنى قوزغاپ، ماڭا يېڭى تەسەۋۋۇر - پىكىرلەرنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىرى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدە بولمىش ماكانلىرىدىن بىرى خېنەن ۋە خېنەنلىكلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، خەنزۇلارغا بولغان ھەقىقىي چۈشەنچەم ھېسسىيلىكتىن ئەقلىيلىككە كۆتۈرۈ-لۈشى مۇمكىن ئىدى.

خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەرنىڭ ئەقلى ھەققىدە ھېس قىلغان، يەكۈنلىگەن خۇلاسەم ئىككى بولدى: بۇ خۇلاسى-لەردىن سەپەر جەريانىدا ئىختىيارسىز خېنەنلىكلەر ھەققىدە قىل-غان خىياللىرىمنىڭ تولىمۇ يۈزە، باللارچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەن يولدا خېنەنلىكلەرنىڭ بۇنداق ئەقىللىق بولۇشىدا خېنەننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە كىلىماتىدىكى بى-

ـرەر ئاللاھىدىلىك رول ئوينىغانمۇ يا؟ دەپ ئويلىغان ۋە ئۇلار خەنزۇلار ئىچىدىكى ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن گېن ئەۋزەللىكىگە ئىگە بىر تويمۇ يە، دەپ گۇمانلانغانىدىم.

كېيىنچە ئېيتىش كېرەككى، خېنەندە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى قوزغاپ، بۇ خىل قابىلىيەتنىڭ باشقا يەر كىشىلىـ ـرىگە قارىغاندا تېز رەك يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك ئاللاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت يوق. ھەتتا جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئادەم تەپەككۇرىنى قوزغىتىشتىكى ئەۋزەللىكى نۇقتىسىدا خېنەنـ ـنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىتقا يەتمەيـ ـدۇ. تارىم ۋادىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆچمە قۇملۇق چۆل تەكلىماكان بىلەن ئەڭ تاقىر، ئىنساننىڭ ياشاپ تەرەققىي قىلىـ ـشىنى چەكلەيدىغان تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ خىل ئاللاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەر دائىم بۇ ۋادىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرـ ـنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھالاـ ـكەت كىرىزىسى ئادەملەرنى ھاياتلىق ئۈچۈن يېڭى يول، يېڭى تەدبىر تېپىشقا قىستايدۇ. خېنەندە بۇنداق ئامىل ناھايىتى كەم. خېنەننىڭ زور كۆپچىلىك زېمىنى تۈزلەڭ ۋە مۇنبەت يەرلەر.

ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەكمۇ، خېنەنلىكلەردە باشقا خەنزۇلاردىن پەرقلىنىدىغان، كۆزگە ئاللاھىدە چېلىقىدىغان ئىرسىي بەلگىلەر يوق. بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىمۇ باشقا خەنزۇلارـ ـدەك ئەڭ كاتتا سورۇنلاردىمۇ، مىسالى دەرسخانا، يىغىن زاللىرىـ ـدىمۇ ھۇزۇرلىنىپ مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ راھەتلىنىپ يۈرىدۇ. لېكىن، ئاملارغا قەدەمدە بىر «خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك، ئەخلەت تاشلىماسلىق» دېگەندەك شوئارلارنى ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويۇشىدۇ. بۇلار بىلەن بىللە ياشىسىڭىز، ئۇلارـ ـدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆزگىچىلىك ئېغىزدا توۋلاۋاتقان شوئار بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى زادى ماس كەلمەيدىغان بىر ئاللاھىدىلىكنى بايقايسىز. بۇنداق ئاللاھىدىلىكنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسمىدىن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ نەزىرىدە شوئار پەقەت شوئار. جانبازلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن كىنولاردىكى مەردانە قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى پەقەت بۇلارنىڭ خىيالىدىكى ئۆزىنى «بىز شۇنداق» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ياكى «بىز شۇنداق بولساق، نەقەدەر ياخشى بولاتتى» دەپ قارايدىغان پىشمىغان خىيال ۋە ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان خىيال، ھەتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق خىيال...

ئەمما خېنەندە بىز دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ھەتتا تەتقىقلىساق ئارتۇق كەتمەيدىغان بىرنەچچە ئەھۋال بار. بۇ ئەھۋاللار دائىم خېنەنلىكلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاشقا، ھاياتلىق كۈرىشىگە بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ.

بىرىنچى، خېنەنلىكلەرنىڭ ئۆز مۇھىتىغا بولغان تونۇشى ناھايىتى رېئال، رومانتىكىدىن يىراق. ئۇلاردا خېنەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بار، لېكىن بۇ خىل مۇھەببەت ئۇلاردا خېنەننىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ چۈشىنىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. ئۇلار يۇرتىغا بولغان مۇھەببەتنى ناھايىتى ساددىلارچە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدىغان ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. مىسالى، ئۇلار خېنەننىڭ 100 مىليون نوپۇسى بار، جۇڭگودىكى ئاھالىسى ئەڭ جىق، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى نىسبەتەن ئاز ئۆلكە ئىكەنلىكىنى زادى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بۇ خىل ھالەت ھەردائىم ئۇلارنى 100 مىليون ئادەم ھاياتلىق رىقابىتىگە چۈشىدىغان جەڭگاھتىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن تىنىماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

بىزدە ئەھۋال باشقىچە. تەشۋىقاتىمىزدا شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل، دۇنياغا داڭلىق گۆھەر ماكان، يەر مەيدانى جۇڭگو-

نىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان رايون. بۇ يەردە بىپايان
يايلاقلارغا مال ـ چارۋىلار پاتماي قالغان، خامانلارغا ئاشلىق ـ
پاختا تاغدەك دۆۋىلەنگەن، ھەتتا بۇ يۇرت تۆت كەتمەن قازسىلا
نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغان سىرلىق يەر. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ شىن-
جاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون،
ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كېلىدىغان نوپۇسى ناھايىتى
ئاز. ئەمما بۇ بىپايان زېمىننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئادەم
ياشاشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چۆل ـ جەزىرە. ھەتتا تارىم ئويمان-
لىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا يىلنىڭ يېرىمىدا دېگۈ-
دەك بوران چىقىپ توپا ياغىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ھاۋا رايىدىن
مەلۇمات بەرگەندە، باشقا يەردىكىگە ئوخشاش «سىم ـ سىم يام-
غۇر ياغىدۇ» دېيىش ئورنىغا «توپا ياغىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنىشى-
دۇ. مۇھىتتىكى بۇلغىنىش بۇ رايون ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلى-
كىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەتتا بۇ ھالەت بۇ رايون-
نىڭ نامراتلىقىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى. بۇ زېمىن ئۈچۈن سۇ
نېفىتتىن قىممەت. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ھەر يىلى تېرىم
مەزگىلىدە قېرىنداش كەبى ئۆتكەن كىشىلەر سۇ تالىشىپ (ماھى-
يەتتە بۇ بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى) ،
ئەڭ يېقىن قوشنىلار بىر ـ بىرىنى كەتمەن بىلەن چېپىشىدۇ.
لېكىن، تەشۋىقاتتا تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئاستىدا غايەت زور يەر
ئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بارلىقى پات ـ پات تەشۋىق قىلىنىپ
تۇرىدۇ. خەلق ئۈچۈن تاغ ـ دالىلاردا سۇ مەنبەسى ئىزدەپ
يۈرگەن سۇ بايلىقى مۇتەخەسسىسلىرى نېمىشقىدۇر ھەر يىلى
نۇرغۇن يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى تاپقانلىقىنى جاكارلىشىدۇ. بۇ
خىل مەتبۇئات خەۋەرلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى تۈيۈق
يولغا باشلاپ، بۇ جايدا سۇ بايلىقى ھەقىقەتەن مول ئىكەن، دېگەن
تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تۇيغۇ رېئال مۇھىتقا ئېتىبار
بەرمەسلىك ۋە قارىغۇلارچە ئېچىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

2001 - يىلى 20 - ئاۋغۇستتا «11 - نۆۋەتلىك ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى›نى تارقىتىش ۋە ‹يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 8 - نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى›» غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىككى يۈزدەك ئەدىب خوتەنگە جەم بولدۇق. ھەتتا بۇ يىغىنغا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا بىز خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ تەرەققىيات رايونلىرىدىكى ئاچقان بوز يەرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ يەرلەرنى ئېچىش جەريانىدا قانچىلىك ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەدىبلەر تاقىر چۆلدە بەرپا قىلىنغان ئېتىزلارغا، ئورمانلىقلارغا قاراپ تەسىرلەنگەندەك قىلدىيۇ، تامچە سۇدىن دېڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، قىلنى قىرىققا يېرىپ ئادەتلەنگەن بەزى تۇيغۇن ئەدىبلەر خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا «ئۇھ» تارتىشتى. خوتەندىكى بار بولغان تېرىلغۇ يەرلەر سۇغا قانمايۋاتقان، بۇ خىل ھالەت خوتەنلىكلەرنىڭ نامراتلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان شارائىتتا، ئەدىبلەر ئۇھ تارتماي نېمە قىلسۇن؟ قانداقمۇ بۇنداق قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىنىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋپسىرىمەي تۇرالىسۇن؟ بەزى ئەدىبلەر ئېچىلغان يەرلەر بويىدا جۇل - جۇل كىيىملىرى بىلەن ئاۋغۇستنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا نامراتلىقتىن سوغۇقتا تىترىگەندەك تىترەپ تۇرغان دېھقانلاردىن «بىز كۆرگەن يەرلەرنىڭ ئېچىلغان يەرلەرنىڭ ئوندىن بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، قالغان يەرلەرنىڭ ئەتىيازدا ئېچىلىپ، كۈزدە قۇمغا يەم بولۇپ» تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

بۇنداق مىساللار نۇرغۇن. نامراتلىق ئەڭ چوڭ پاكىت. جۇڭگودىكى زېمىنى ئەڭ كەڭ، يەر ئاستى بايلىقى ئەڭ مول ۋە يەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن «ئەڭ» لەر بىلەن خىيالىدا ئۆزىنى خۇش قىلىپ تۇرغان رايوننىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ نامرات رايون ئىكەنلىكى، جۇڭگودىكى ئەڭ نامرات ناھىيىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ

شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىكەنلىكى، ھەتتا شىنجاڭدىكى چوڭ ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى خوتەننىڭ ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامرات ناھىيە قالپىقى ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقى ئەڭ زور پاكىت. بىرنەچچە «ئەڭ» لەر بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىۋاتقان رايوندىكى قارا يۇمۇر…

نەق گەپكە كەلسەك، شىنجاڭنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چۆل بولسا، يەنە ئۈچتىن بىر قىسمى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان تاقىر تاغ ۋە تاغ باغرىدىكى شېغىل تاشلىق سايلاردۇر. ئۇنداقتا قالغان ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىننىڭ ئەھۋالىچۇ؟ بىز ئىنچىكە ستاتىستىكا قىلساق، بۇ ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىندىكى ئادەم ياشاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنىڭ ناھايىتى ئازلىقى ۋە بۇ ئاز زېمىننىڭ قارىغۇلارچە ئېچىش، قارىغۇلارچە دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ قوربانى بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇلغىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ھەتتا بۇ بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان نوپۇسنىڭ زىچلىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئادىمى ئەڭ زىچ رايونلاردىن قېلىشمايدىغانلىقى نۇرغۇن جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە سىر ئەمەس.

بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن تۇرالغۇ ئۆيى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ، 80 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىدىن زارلاپ (بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت تارىخى مەندىن ئۇزۇن ئەمەس ئىدى)، مېنىڭ تۇرالغۇ ئەھۋالىمنى سورىدى.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىرەر يۈز كۋادرات مېتىر كېلەر، — دېدى ئۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەمەلىي ئەھۋالنى دەپ بەرسەم ئۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. يالغان ئېيتسام ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيتتىم. ئاخىر زورىغا:

— ئۆيۈم ئىككى ئېغىز، 30 كۋادرات مېتىرغا يەتمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ناۋادا مەن ئۆيۈمنىڭ 1950 ـ

يىللاردا قولنىڭ ئۇچىدىلا سىلىپ قويغان، نەچچە يېرىگە چاك كەتكەن، ھەپتىدە بىر قېتىم چاتنقى چىقىدىغان، پات - پات ئەۋزەز تېشىپ كېتىپ ئۆيلەرنى سىپىق سۇ بېسىپ كېتىدىغان بىر كونا ئۇچ قەۋەتلىك بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدە ئىكەنلىكى، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرنەچچە يىل ھاجەتخانىسى يوق ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ بولۇپلا ھاجەتخانا ئىزدەپ تاماق سىڭدۇر- گەچ سەيلىگە چىقىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەم، بۇ ئوقۇتقۇچى تېخى- مۇ ھەيران قېلىشى، ئېغىز ىدا دېمىسىمۇ كۆڭلىدە مېنى يالغان- چى، دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ قول- دىن ھېسداشلىق قىلىشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى، ماڭا يېڭى ئۆي ھەل قىلىپ بېرەلمەيتتى. پەقەت مەن ئائىلە سەتچىلىكىنى يېيىشۇەتكەن ئادەم كەبى ۋىجدان ئازابىغا قالاتتىم. خەنزۇ بۇرادەر- لەرنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى كىتابتىن، تەشۋىقاتتىن ئېرىشكەن گۈزەل تەسەۋۋۇرى كۆپۈككە ئايلىناتتى.

قىسقىسى، خېنەندە شىنجاڭدىكىدەك ئۆز ئەھۋالىنى ئالاھىدە سۆپەتلەپ، ئۆزىنى ئۇمىدلەندۇرىدىغان خاھىش يوق. ئۇلار رېئال- لىقا نىسبەتەن ناھايىتى سوغۇق قان، ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى- غا نىسبەتەن ئانچە ئۈمىدى يوق. بارلىق ئۈمىدىنى ئۆز ئىقتىدارى- غا، ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ بۈگۈنكىدەك ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا تەبىئىي مۇھىتنىڭ تەرەققىياتتا ئالاھىدە رول ئوينىيالمايدىغانلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىلىك كۈچىنىڭ پۇقرالار ساپاسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئوت- تۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا نېفىت زاپىسى- نىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار زېمىنىدا ھېچقان- داق بايلىقى يوق ئىسرائىلىيىگە بوزەك بولغىنى بولغان، دۇنيادا ياپونىيىدەك ئورنى يوق. شىنجاڭمۇ جۇڭگودىكى تەبىئىي بايلىقى ئەڭ مول، نېفىت زاپىسى ئەڭ كۆپ، لېكىن ئەڭ نامرات رايون...

خېنەنلىكلەردە بىزنى پەقەت مائارىپ ۋە ئۆز تىرىشچانلىقى-

مىزلا قۇتقۇزالايدۇ، دەيدىغان ئىشەنچ بار. شۇ سەۋەبتىن باشقا ئەھۋالنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت ھەر يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىدىغانلارنىڭ سانى جۇڭگو بويىچە ئەڭ كۆپ بولۇپ قالماستىن، ئىمتىھاندىن ئۆتىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئەڭ كۆپ. ھەربىر مەكتەپتە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن…

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى دۇنياسىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈپ، چەت ئەلنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئارقىلىق ئۆز ئىستىقبالىنى تېپىش بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم تاللىشى.

مەن ئالىي مەكتەپلەرنى ئايلىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ بەكمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ھەتتا خېنەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاشخانىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا پىۋا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. لېكىن، خېنەنلىكلەر بۇنىڭغا ھەيران قالمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ نورمال ئىش ئىدى. ئۇلار ھەيرانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى. شىنجاڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى بار ئاماللار بىلەن چەكلەپ تۇرۇپ، ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلالماي يۈرگەنلىكىمىزنى بۇلار ئۇقمايتتى.

ئومۇمەن، بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاراق ئىچىپ پوپاڭ كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى.

مەن خېنەندىكى ئومۇمىي خەلق ساپاسىدىكى مائارىپقا بولغان قىزغىنلىقنى تەتقىق قىلىپ، بۇ ھەقتە ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، نېمىشقىدۇر بۇ ئىشلارنىڭ باشقا سەۋەبى باردەك ھېس قىلىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە (بۇ ۋەقە مەن ئۈچۈن تۇيۇقسىز، لېكىن خېنەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى نورمال ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى) چۈشەنچەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ يىل 6 ـ ئاپرېلدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغان خېنەن مائارىپ ئىنس-

تىتۇتىدا «2002 ـ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج يەرمەنكىسى» ئېچىلدى. يەرمەنكىگە ئادەم ئىشلەتكۈچى 30 تىن ئارتۇق ئورۇن قاتناشتى. مەن يەرمەنكىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاپقانلىقىنى، ھەتتا بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن چوڭ شەھەر ۋە شارائىتى ياخشى ئورۇنلاردىن يېڭى خىزمەت تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەنزىرىگە قاراپ، يېڭى ئىرادىگە تولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنداق يەرمەنكە شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۈلمەيتتى. ھەتتا مەن ئوقۇغان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ خىزمەت تاپقانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. 50 ـ 60 ئادەمگە بىرەرى توغرا كېلەمدۇ، ئۇققىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋال ھازىرقىدەك ئالىي مەكتەپلەردە ئاساسەن خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، تىل خىزمەت ئىزدەشنىڭ توسالغۇسىدىن قالغان چاغدىمۇ قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق. نامرات ناھىيىلەردە ھەر تۈرلۈك ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تاپالماي، تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېلىش كرىزىسىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەھۋالمۇ مائارىپنىڭ تەرەققىيات، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتقا ماس كېلەلمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان، رايونىمىزغىلا خاس بولغان بىر قارا يۇمۇر.

بەلكىم دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مائارىپنى ئەڭ مۇھىم تۈرتكىلىك ئامىل، دەپ قاراپ، توم ـ توم كىتابلارنى يېزىۋاتقان جەمئىيەتشۇناسلار رايونىمىزدىكى قالاقلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان،

جەمئىيەتتىكى يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسە ھەيران قالار، ياقىسىنى چىشلەر…

ئۇنىڭدىن باشقا، خېنەندە يەرلىك ھۆكۈمەت نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققان. ھۆكۈمەت تەدبىر تۈزۈپ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقا ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ، يەرلىكنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللەتكەن. شۇڭا، بۇ ئۆلكىدە نوپۇس ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى مۇقىمسىزلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى باشقا ئۆلكىلەردە مەدىكارلىق قىلىپ، بۇ ئۆلكىگە كىرىم قىلىدىغان پايدىلىق ئامىل…

قىسقىسى، بۇ ئۆلكىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ جانلىق يۈرگۈزۈلۈشى خېنەندىكى مائارىپ روھىغا ئىلھام بەرگەن. بۇ يەردىكى ئالاھىدە مائارىپ روھىنى، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش روھىنى بارلىققا كەلتۈرگەن…

شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مائارىپچىلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش ئەھۋالىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ، كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى نامۇۋاپىقلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئويلاپ قويمايدۇ. ھەتتا بۇ ئەھۋالنىڭ ئاۋامنىڭ كاللىسىدا مائارىپقا، تۈزۈلمىگە بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغان سەزگۈر زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا مۇھىتىمىزدا ئەمدى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نادانلىقتا قالدۇرۇش تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈۋاتامدۇ، نېمە؟ دېگەن سوئال پەيدا بولماي قالمايدۇ.

## تىل

تىل — ستالىن ئېيتقان مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان تۆت

www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى، شۇنداقلا بۇ ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەت ئاخىر يوقىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىر خىل مىللىي تەپەككۇر، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي تىل ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي قۇۋۋەت يوقىلىدۇ. خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيىسىدىكى بىر زەنجىر ئۈزۈلۈپ، بىر تۈردىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندەك ئىش بولىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور يوقىتىش. لېكىن، يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بولسا، مۇھىتنى بۇزغۇچىلارغا ئوخشاش جىنايەتچى ۋە جىنايەتنى ھېسداشلىقنىڭ قانىتى ئاستىغا ئالغۇچىلاردۇر.

مەن كەڭ تارىم ۋادىسى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ باغرىدا يۈرۈش جەريانىدا ئانا تىلىم — ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىرىسقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى سەزسەممۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، ئۇلۇغلۇقىنى ھازىرقىدەك ھېس قىلمىغان، ھېس قىلساممۇ قەلبىمدە ھاياجان شەكلىدە پارتلاپ چىقمىغانىكەن. خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىش، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ھال بىر ۋىلايەتنىڭ كۆلىمىگە توغرا كېلىدىغان بۇ زېمىندا ياشاش ۋە باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئانا تىلىمنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

خەنزۇلار ھەققىدە ئىنچىكىرەك ئويلىنىپ باقساق، بۇ مىللەتنىڭ نۇرغۇن تىل، دىئالېكت - شېۋىلەر ئاساسىدا خەنزۇ يېزىقىنى بىرلىك قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللەتنى شەكىللەندۇرگەنلىكىنى بايقايمىز ۋە خەنزۇ يېزىقى بولمىسا، بۇ مىللەتنىڭ تىلى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئېتنىك تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىمىز. شۇڭا، خەنزۇدىن ئىبارەت يېزىق ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن مىللەتنىڭ تىلى ھەققىدە ئويلانماي تۇ-

رالمايمىز.
مەن خېنەندە خەنزۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا جۇڭگو-
دا نۇرغۇن يەرلىك تىللارنىڭ بارلىقىنى (خەنزۇلار ئىچىدىكى
يەرلىك تىللار دېمەكچى)، بۇ تىللار ئارا تەرجىمانسىز سۆزلەش-
كىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بېيجىڭنى مەركەز قىلغان ئۆل-
چەملىك تىلنىڭ جۇڭگودىكى ئۆزئارا ئالاقە تىلىغا ئايلانغانلىقىنى
بىلدىم. مەكتەپتىكى ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە «ئورتاق تىلدا
سۆزلىشەيلى» دېگەن مەزمۇندا شوئار چاپلانغانلىقىنى كۆردۈم.
ھەتتا رادىئو ئاڭلاش جەريانىدا گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ
قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ئاۋازلىق مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆلچەملىك تىلدا
ئاڭلىتىش بېرىشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلىدىمۇ ئاڭلىتىش
بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. فۇجيەنلىكلەر ئىشلىتىدىغان مىننەن
تىلى دەيدىغان تىلنىڭ بىز بىلىدىغان خەنزۇ تىلىدىن تۈپتىن
پەرقلىنىدىغان بىر تىل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ھەتتا تەيۋەندىكى
تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان دېموكراتىيىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش پارتىيىسى ۋە «رەئىس جۇمھۇر» چېن شۈيبيەن-
نىڭ تەيۋەن تىلى دېگەن بىر تىل (مىننەن تىلى ئاساسىدىكى
بىر تىلدەك قىلىدۇ) نى تەيۋەننىڭ «دۆلەت تىلى» دەپ يۈرگەنلى-
كى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆردۈم.
قىسقىسى، قاشقوۋۇقتىن ئۆتۈپ ھەر 500 كىلومېتىر ماڭ-
غاندا بىرنەچچە خەنزۇ تىلى دىئالېكت رايونىدىن كېسىپ ئۆتىدى-
غانلىقىمىزنى بايقاپ ھەيران قالدىم. خېنەندىن ئىبارەت كىچىك-
كىنە بىر ئۆلكىدىمۇ نۇرغۇن دىئالېكتلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم.
ئۇيغۇر تىلىغا نەزەر سالسام، ئۇنداق ھادىسىلەر يوق ئى-
كەن. ماشىنىدا شىنجاڭنى شەرقتىن غەربكە بىر قېتىم كېسىپ
ئۆتۈپ، ئۈچ مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرسەكمۇ ئارىلىقىدا
نۇرغۇن چۆل - جەزىرە سوزۇلۇپ ياتىدىغان، ھازىرقى زامان
قاتنىشى تۈپەيلىدىن، يېقىنقى 10 - 20 يىلدا ئارىدىكى بېرىش -

كېلىش نىسبەتەن قويۇقلاشقان دېڭىزدىكى ئاراللارغا ئوخشايدىغان بوستانلىقلار ۋە مۇشۇنداق كەڭ رايونغا جايلاشقان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقنىڭ يوقلۇقى، خوتەننىڭ ئەڭ چېتىدىن كەلگەن ئۇيغۇرنىڭ شىنجاڭنىڭ يەنە بىر چېتى قۇمۇلنىڭ ئارا-تۇركتىن كەلگەن ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى قىلچە قىينالماي چۈشىنە-لەيدىغانلىقى مېنى سۆيۈندۈردى.

ھەتتا ساياھەتكە چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ چېگرىسى بولغان ئىستانبۇل بوغۇزىغا قەدەر جايلاردا ئۇيغۇر تىلىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان-لىقى نۇرغۇن ئادەمگە ئايان. ئاۋادا جۇڭگودا ئورتاق تىل ۋە خەنزۇ يېزىقى بولمىسا، بۇنداق قىلىش سەل تەستەك قىلىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدە گۇمان-لار كۆچىيىپ كەتتى. بىر تىلنىڭ رولى ھەققىدە گۇماننىڭ پەيدا بولغانلىقى شۇ تىلنىڭ ھالاكىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. لېكىن، بىر تىل شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچىنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغلۇقىنى يوقات-مىسا، شۇ تىلنىڭ رولى گۇماندىن خالىي بولسا، ئۇ ھەرقانداق بېسىم ۋە ھۇجۇم ئالدىدىمۇ يوقالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى ھەققىدىكى گۇمانلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن، جۈملىدىن ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. ھەتتا بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەللىك - ئاتمىش پىرسەنتى ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاز ئەمەس، ھەتتا تارىختا ئەرەب - پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش تۈركىي تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغان-دىن ياخشى، دەيدىغان قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، تۈر-كىي خەلقلەر ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە كۆرگەن چاغلارمۇ بولغان. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئىزچىل داۋام-

لاشمىغان، بەلكى ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزگەرگەن. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكىنىنى چەتكە قاقمايمىز. لېكىن بۇ ئەھۋاللار بىر مىللەت تىلىنىڭ شۇ سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئەللىك پىرسەنت لۇغەت فوندىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ. بىر مىللەت تىلىغا شۇ دەرىجىدە تەسىر قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە شەرت لازىم:

بىرى، ئۇزاق مەزگىل باشقا مىللەتنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاش. تارىخقا نەزەر سالساق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئەرەب ـ پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخى بولغان. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمىش ماكانى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان رايونلاردا، ئەرەب ـ پارسلارنىڭ تۈركىي (تىللىق) مىللەتلەرنى ئىستېلا قىلىش تارىخىغا قارىغاندا، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى ئىستېلا قىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ھەتتاكى ئەرەبلەر كېيىنكى مىڭ يىلدا (مىلادىيە 1000 ـ يىلىدىن كېيىنكى تارىخ) ئاساسەن تۈركلەر ئىستېلاسىدا تۇرۇپ كەلدى. پەقەت 1914 ـ يىلىدىكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇ ۋەزىيەت ئاندىن ئۆزگەردى. بۇ ئۇزاق ئىستېلا تارىخىدا ھازىرقى دۇنيا ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان مىسىر ئەرەبلىرىنىڭ تىلى ئوتتۇز ـ قىرىق پىرسەنتتىن ئارتۇق تۈركچىلىشىپ كەتتى. مانا بۇ پاكىت. دېمەك، بۇ ئەھۋالغا قاراپ «ھازىر بىز ئەرەب ـ پارسچە دەپ قاراۋاتقان نۇرغۇن سۆزلەر ئەسلى تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىغا كىرىپ كەتكەن بولىشىچۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارماي تۇرالمايمىز. شۇنداق گۇمانلىنىپ باقساق، تامامەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

يەنە بىر شەرت، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر مىللەت بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ياكى شۇ مىللەتنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاش... بىز بۇ تارىخنى ئاختۇرساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىغا ئەللىك ــ ئاتمىش پىرسەنت دېگۈدەك تەسىر قىلىپ كەتكەن، بىزدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈن تۇرغان مىللەتنى بايقىيالمايمىز. ئەرەب ــ پارسلار شۇنداق كۈچكە ئىگىمۇ يا؟ بۇنداق بولۇشى ناتايىن.

مەن ئەرەب ــ پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىيات بەتلىرىنى ھەربىر ۋاراقلىسام، ئەرەب ــ پارسلارنىڭ تىلىمىزدىكى تەسىرىدىن قۇسقۇدەك بولىمەن. لېكىن، ئۇيغۇردەك خېلى كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە، ئۇيغۇر تىلىدەك تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مۇكەممەل تىلنىڭ ئەللىك ــ ئاتمىش پىرسەنت ئەرەب ــ پارس تىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشىغا گۇمان بىلەن قارايمەن، ھەتتا شۇنداق دېگۈچىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويىمەن.

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى گۇمانلارنىڭ يەنە بىرى، تىلىمىزنىڭ گرامماتىكىسىنى مۇرەككەپ، تەتقىق قىلىنمىغان دەپ قاراپ، تەتقىقات جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنى قەستەن مۇرەككەپلىك يولىغا باشلاپ، ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ مۇرەككەپلىكنى تىلىمىزغا ئارتىپ قويۇش...

ھەقىقەتەن ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئاڭلىغاندا، بۇنداق مۇجمەل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. بەزى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزى جاۋاب بېرەلمىگەن ياكى چىشى پاتمىغان مەسىلىلەرنى بۇ مەسىلە تېخى تەتقىق قىلىنمىدى، دەپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. قىسمەن ئۇستازلىرى ئۆزى بىلىدىغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاراكتېر جەھەتتە زادى ئوخشىمايدىغان خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدە ــ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا سىغداپ كىرگۈزۈپ ئىشنى تۈگىتىدۇ. بۇ جەرياندا تېخى ئۇ ئۆز بىلىمىنى كۆز ــ كۆز قىلىش

مەقسىتىگە يېتىشتىن باشقا، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدا-
رى ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا «بىلىملىك» دېگەن كاتتا
تەسىرنى بېرەلەيدۇ. يەنە بەزىلەر خەنزۇ تىلى بىلەن رۇس تىلىنى
ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ پىشاڭىغا ئايلاندۇرۇۋالغان...
شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەتقىقات مېتودى تۇيۇق يولغا
كىرىپ قېلىپ، بىھۇدە مۇرەككەپلىك ۋە مۇجمەللىك كېلىپ
چىققان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېخى تەتقىق قىلىنمىغان بۇ «گۆ-
دەك» تىلىمىز باشقىلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچى تالاي
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك بالا ئويناپ چىگىشلىشىپ كەتكەن
كاللەك يىپىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاددىي ئىش مۇرەك-
كەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى شۇنداق مۇرەككەپ، ھەل قىلىنمى-
غان مەسىلىلەر بىلەن تولغان بىر تىلمۇ؟ تارىختا ئۇيغۇر تىلى
ھەققىدە تەتقىقات بولمىغانمۇ؟ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ھەققىدە
توم ـ توم كىتابلارنى يازغان مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ سەككا-
كىدەك ئالىملار ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا بويى يېتىشمەي،
ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىش يولىنى تاللىۋالغانمۇ؟

ناۋادا ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن زادى يەنە بىر
تىلنى پىشاڭ قىلىش، بازا قىلىش زۆرۈر بولسا، بىز نېمە ئۈچۈن
ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا خېلى مۇكەممەل تەتقىق قىلىنىپ بولغان،
گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخ-
شىشىپ كېتىدىغان، ئۆز دۆلەتلىرىگە دۆلەت تىلى سۈپىتىدە
خىزمەت قىلىپ شۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقى-
ۋاتقان ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك تىللىرىنى پىشاڭ قىل-
مايمىز؟

مېنىڭچە، ئۇيغۇر تىلىدا مەسىلە يوق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىمۇ، قۇرۇلمىسىدىمۇ مەسىلە يوق. مەسىلە
پەيدا قىلىۋاتقۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز نەپسى ئۇ-

چۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ۋاستە قىلىپ تاللىۋالغان قىسمەن كىشىلەر، خالاس.

هازىر ئۇيغۇر تىلى زامانىۋىلىشىش قانچە تەسىر قىلغانسېرى بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى كۆپىنچە هالدا تىلشۇناسلار ئەمەس، تىلنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاۋام خەلق ھەل قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ كۈچى چەكلىك، ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىقبالىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان تىلشۇناسلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە موھتاج. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىنسان تۈگەپ كەتكۈچە مەۋجۇد بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، يوقالمايدۇ، ھەربىر كۆڭۈل بۆلۈش ئۇنى يېڭى پەللىگە يۈكسەلدۈرىدۇ.

# تۇرپان روھى ۋە توپان بالاسى

## 1

چوڭ بولۇپ جاھان سەۋدالىرىنى ئاڭقارغۇدەك بولغاندا، مەن كۆپرەك بارغان ۋە بېرىشنى ئىستەيدىغان يۇرتلارنىڭ بىرى تۇرپانمىكىن دەيمەن. كۆڭلۈمنىڭ تۇرپاننى تارتىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى — تۇرپاننىڭ ئۈرۈمچىگە ئەڭ يېقىن، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇپلا قالماي، تۇرپانغا خاس شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تۇرپان روھى يېلىنجاپ تۇرىدىغان يۇرت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. تۇرپاننىڭ سەھرالىرىدا كېتىۋېتىپ، چىرايىنى قورۇق باسقان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ساددا كۈلۈمسىرىشىدىن بىر چاغلىرى بۇ يەر سەلتەنەت سۈرۈپ، تۇرپاننى ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن دۇنياغا تونۇتقان، خەلقئاراغا يۈزلەندۈرگەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ مەغرۇرانە چېھرىنى كۆرگەندەك بولىمەن. قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىكى كوچىلارنىڭ ئىزنالىرىدا ھەسرەت بىلەن مېڭىپ، كونا تاملار شاھىت بولۇپ تۇرغان نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى تۇرپاننىڭ ئاۋاتلىقىنى تاماشا قىلىمەن. تۇرپانلىق ئاق كۆڭۈل، يۈز قاراپ ئولتۇرمايدىغان ئاغىنىلەرنىڭ داستىخىنىدا زامانىۋى شەھەر مەدەنىيىتى قەلبىمدە پەيدا قىلغان داغلارنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇنىمەن. لېكىن، ھەر قېتىم تۇرپانغا كەلگەندە قەلبىمدە يېڭى بىر ھەسرەت ئاۋۇيدۇ. ئىزتىراپلىرىمغا يېڭى ئىزتىراپ قوشۇلۇپ، تەپەككۇر شەمشىرىمنى بىلەيدۇ. مېنىڭ تونۇشۇمدىكى ئەينى ۋاقىتتا مەدەنىيەت ۋە ئاۋاتلىق جەھەتتە ھازىرنىڭ نيۇيورك، شاڭخەيلىرى بىلەن قېلىشمايدىغان قەدىمىي

www.uyghurkitap.com

تۇرپان بىلەن ھازىر قايتىدىن شەھەرگە ئايلانغان، نامى ئۇنتۇل-
غان، نيۇيورك، شاڭخەيلەرنىڭ كىچىك بىر كوچىسىغا تەڭ كې-
لىدىغان يېڭى تۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مېنى تېگى يوق
خىياللارنى سۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. تارىختا يۇلتۇزدەك چاقناپ
ئۆچكەن بۇ شەھەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان
قەدىمىي ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىزنالىرى، ھەممىدىن بىخەۋەر ھالدا ئاتا -
بوۋىلىرىدىن تەۋەررۈك قالمىش قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسىدە
ئېشەك ھارۋىسى بىلەن چەت ئەللىكلەرگە كىراكەشلىك قىلىپ
پۇل تېپىۋاتقان، ۋاقتى كەلسە قەدىمىي شەھەرنىڭ قانداقتۇر بىر
بۇرجىكىگە ئويلاپ ئولتۇرماي تەرەت قىلىۋېتىپ، ئېشىكىنى ھەي-
دەپ يېنىپ كېلىدىغان، بىر چاغلاردا تۇرپان كوچىسىدا شاھزادە
سۈپىتىدە ماڭغان تۇرپانلىقلارنىڭ 21 - ئەسىردىكى خاراموش
ئەۋلادى بولغان باللار، ئۇلاردىكى غەمسىزلىك ۋە بىپەرۋالىق
شېئىرىي تۇيغۇلىرىمنى غىدىقلايدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ غەمسىزلى-
كى، ھېچنېمىنى بىلمەسلىكى قەلبىمدە ھاياجان قوزغايدۇ. بىل-
مەسلىك ئازابلانماسلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئازابلانماسلىقنىڭ
ئۆزى بەخت دەپ ئويلاپ قالىمەن. لېكىن، يەنىلا ئازابتىن قۇتۇ-
لالمايمەن. ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغانلىقىمدىن پەخىرلەنگەچ ئازابلىنى-
مەن.

تۇرپان ئۆز ئىسمىغا ئوخشاش سىرلىق ۋە ئاجايىپ يۇرت.
تارىخچى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىر
نەرسە دېيىشكە ئامالسىزمەن. لېكىن، «تۇرپان» دېگەن سۆزنى
يادلاپ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغىنىمدا، تۇيۇقسىز «تۇرپان» دې-
گەن سۆزگە «توپان» دېگەن سۆز قاپپىداش بولۇپ تۇرۇۋالىدۇ.
ئىككىسىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىمەن، تىركىشىمەن، بۇ
ئىككى ئىسىم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق، دەپ ئۆ-
زۈمگە ئۆزۈم خىتاب قىلىمەن. لېكىن، ئامال بولمايدۇ، خىيالىم
توختىماي توپان بالاسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالىدۇ. تۇرپاندىكى

تارىخىي بەلگىلەر ۋە هازىرقى تۇرپان روھى ھەققىدە خىيالغا پېتىپ، توپان بىلەن تۇرپاننىڭ راستتىنلا باغلىنىشى بارمۇ يا؟ دەپ خىيالدىن چۆچۈپ ئويغىنىمەن. تۇرپان روھىدا ھۆكۈم سۇ-رۈۋاتقان كرىزىس، تۇرپان ئېكولوگىيىسىدىكى ئاپەت خاراكتېر-لىك بۇرۇلۇشلار كۆڭلۈمگە يەنە بىر قېتىملىق توپان بالاسى تۇرپانغا ئالدىنى قىلدىمۇ نېمە؟ دېگەن خىياللارنى ئەكېلىدۇ.

## 2

تۇرپان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قەدىمىي ۋە ئاسار ئەتىقىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان شەھەر. تۇرپانغا كەلگەن ھەر قانداق بىر ئادەم يارغول قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئىدىقۇت قەدى-مىي شەھىرىگە قەدەم قويماي، تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرى ۋە ئەسھابۇل-كەھىبگە ئىشتىراك قىلماي قالمايدۇ. بۇ بىر نەچچە ئورۇندىكى تارىخىي ئىزلار ئىختىيارسىز ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. سىز ھەممە جاينى ساياھەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا ئاتا - بوۋىلىرىمىز نېمە شۇنچە كۆپ قېتىم شەھەرلەرنى تاشلاپ كەتكەن بولغىيتتى؟ دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى بىلەن يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئۆزى ئىككى چوڭ پاكىت. شۇنداق ئىككى چوڭ شەھەرنى بەرپا قىلىپ، بىر كۈنى بۇ شەھەرلەرنى خارابە ھالەتتە تاشلاپ كېتىش ياكى باشقا يەردە شەھەر بىنا قىلىش ئادەمنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق، بۇنداق گۈللەنگەن قەدىمىي شە-ھەرلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ئاپەت دېگەندە، يا بولمىسا ئۇرۇش يۈز بېرىپ شەھەرنىڭ ھەممە ئاھالىسى قىرىپ تاشلىنىدۇ ياكى ئۇرۇشتا ئوت كېتىدۇ، ياكى بولمىسا ئۇرۇشتىن كېيىن ۋابا كېسەلى تارقاپ، ھەممە ئادەم قىرىلىپ كېتىپ، شەھەر قاغا -

www.uyghurkitap.com

قۇزغۇن، يىلان ـ چايان، چاشقانغا ئۇۋا بولىدۇ. تەبىئىي ئاپەت
دېگەندە، يا يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ پۈتۈن شەھەر ئوڭشىغۇسىز
خارابىگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايات قالغانلار بۇ يەردىن
كۆچۈپ كېتىدۇ، يا بولمىسا سۇ ئاپىتى ياكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى
يۈز بېرىپ، كىشىلەر شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ.

قىسقىسى، تارىختىن مەلۇم، تۇرپان بىر نەچچە قېتىم خارا-
بىگە ئايلانغان، يەنە بىر نەچچە قېتىم گۈللەنگەن. ئەڭ ئاخىرقى
قېتىم خارابىگە ئايلىنىشى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىمىن
خوجا جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن گەنسۇ گۇاجۇغا
كۆچكەندە يۈز بەرگەن. يۇرت كېيىن ئىمىن خوجىنىڭ قايتىپ
كېلىشى بىلەن قايتىدىن گۈللەنگەن. تارىخ بەتلىرىدىكى بۇ دەۋ-
رىيلىكنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، تۇرپاندىن تەكرار ۋەي-
ران بولۇش ۋە قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت بىر تارىخىي قانۇنىيەتنى
ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ تۇرپان تارىخىغا گېن بولۇپ سىڭىپ كەتكەنلى-
كىنى بايقايمىز.

مەيلى تارىخنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، يار-
غول ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ سۇ ئاپىتىدە ۋەيران بولمى-
غانلىقى ئېنىق، يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولمىغانلىقى ھەم ئېنىق.
قۇرغاقچىلىقتىن ۋەيران بولىدىمىكىن دېيلى دېسەك، تۇرپاننىڭ
سۇ قۇرۇلۇش تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تۇرپان كارىزدىن ئىبا-
رەت سۇ ئىنشائاتى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇرغاق جايدا سۇ مەسلە-
نى ھەل قىلىپ مۆجىزە ياراتقان جاي. شۇڭا بىز بۇ شەھەرلەر-
نىڭ تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى چەتكە قاقى-
مىز. ئۇنداقتا بۇ جايلار ئۇرۇش ئاپىتى تۈپەيلىدىن ۋەيران بول-
غانمۇ؟ پۇقرالىرى ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغانمۇ؟ ياكى
بولمىسا ۋابا كېسىلى تاراپ ھەممە ئادەم قىرىلىپ كەتكەنمۇ؟ بۇ
ئامىللار ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، شۇنىسى

ئېنىق، مەيلى ئۇرۇشتا ۋەيران بولسۇن ياكى ۋابا كېسىلى تاراپ ۋەيران بولسۇن، بۇنداق ۋەيرانچىلىق ئەڭ ئاۋۋال تۇرپانلىقلارنىڭ روھىدا باشلانغان، ئاندىن تەنگە ۋە شەھەرگە ئۆتكەن، دەپ يەكۈن چىقارماي ئامالىمىز يوق. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشىمىزنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس، بەلكى يېتەرلىك، كىشىنى قايىل قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

## 3

تۇرپاندا تۇرپان يۇرت بولۇپ بەرپا بولغاندىن كېيىن، تۇرپان روھى دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى تۇرپانغا خاس بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى جەم قىلغان بىر خىل روھ بولغان. بۇ خىل روھ تۇرپان خەلقىنىڭ ئاگلىق ئاسىرىشىغا ئېرىشىپ گۈللەنگەندە تۇرپانلىقلارمۇ روناق تاپقان. بۇ خىل روھ نەزەردىن چۈشۈپ چۈشكۈنلۈك ئەۋج ئالغاندا، تۇرپانلىقلارنىڭ سەلتەنىتى قولدىن كېتىپ، يەنە بىر مەنىدىكى توپان بالاسى باسقان… يۇرت ئۇزۇل - كېسىل ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

ئۇنداقتا، بۇ خىل تۇرپان روھىنىڭ جەۋھىرى زادى نېمە؟

**بىرىنچى، ئىجادچانلىق**

تۇرپان تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، تۇرپان ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت روھقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بىر يۇرتتۇر. دۇنيادا كىشىلەر ئىجادچانلىقنىڭ رولىنى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئاندىن تونۇدى. بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىلىمىدە ئەمەس، نېمىلەرنى ئىجاد قىلغانلىقىدا، بىلىمگە جان بېرىپ ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىمىنى ياخشىلاشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرالىغانلىقىدا، دەپ قارايدىغان بولدى. تۇرپانلىقلارنىڭ ئىلىم - پەن روھىدا ئەزەلدىن بۇ قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەب-

www.uyghurkitap.com

تىن بۇ يەردە دۇنيا سۇ ئىنشائاتى مۆجىزىسى كارىز بەرپا بولغان،
مىڭ ئۆيلەر قۇرۇلغان، تۇرپان دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت
مەركىزىگە ئايلانغانىدى. كىشىلەر بۇ خىل روھنى ئايروپىلان
ئىجاد قىلىنىپ يۈز يىل ئۆتكەندە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئايروپە-
لان ياساپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئاددىي ئوقۇتقۇچى ئابدۇللا
قادىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈۋالدى. بۇ روھ 20 - ئەسىرگە كەل-
گەندە، ئابدۇللا قادىرنىڭ روھىدا قايتا چاقناپ ئۆتتى. گەرچە
بەزى كىشىلەر ئابدۇللا قادىرنىڭ دۇنيادا تۇنجى ئايروپىلان ياسى-
لىپ يۈز يىلدىن كېيىن ئايروپىلان ياسىغانلىقىدىن ھەيرانلىق
ھېس قىلمىسىمۇ، بىز بۇ ھادىسىدىن زور تەسەللىگە ئېرىشتۇق.
ۋۇجۇدىمىزدىكى ئىجادىي كۈچىنىڭ تېخى يوقاپ كەتمىگەنلىكىگە،
پۇرسەت يارىتىلسا قايتا كۆكلەپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا
قىلدۇق.

### ئىككىنچى، مەرىپەت روھى

تۇرپاندىكى مەرىپەت روھىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋ-
رىدىكى شانلىق مەدەنىيەتتىن، بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىلغان 20
نەچچە خىل تىلدىن تولۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ھازىرقى ۋاقىت-
تىن بىرەر مىڭ يىل بۇرۇن بىر شەھەردە ھازىرقى زاماننىڭ
نيۇيورك، لوندون، بېرلىن شەھەرلىرىدىلا يۈز بېرىدىغان تىل
ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. ئىشەنمىسى-
ڭىز، تۇرپان ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر تارىخىي كىتابتىن
بۇنداق پاكىتلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئىدىقۇت يازما يادىكار-
لىقلىرىنى تىلغا ئالساق گەپنى ئاۋۇتۇپ قويىمىز. يىراقنى قويۇپ
يېقىننى تىلغا ئالساق، مەلۇم سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر 20 - ئەسىر مەرىپەت تارىخىدا ھەل قىلغۇچ
رول ئوينىغان، شىنجاڭدا جەدىتىزم ۋە تاتار مەدەنىيىتىنىڭ تار-
قىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان چوڭ جەمەت — مۇھىتىلار
جەمەتىنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىمۇ ئادەمنى ئىپتىخارلاندۇر-

ماي قالمايدۇ.

**ئۆچىنچى، مەرد ـ مەردانىلىك، باتۇرلۇقتا چوقۇنۇش**

باتۇرلۇقتا چوقۇنۇش، مەرد ـ مەردانىلىكنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاق دەپ بىلىش تۇرپان روھىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ خىل روھ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن. تارىخقا نەزەر سالساق، بۇ خەلقنى كۆپىنچە ھاللاردا تىغ ئەمەس، ھىيلە ـ مىكىر بويسۇندۇرغان. بۇ يۇرتنىڭ تارىخىدا ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش زادى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. ئۇلار ئۆز ھاياتى ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىككىلا يولنى ئاشۇرۇپ قويغان، غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىن يانمىغان.

مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دۈشمەن كەلگەن ھالەتتىمۇ قاچماسلىقى، ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق خەلقنى يەنە بىر قېتىم ئويغىتىپ، 20 ـ ئەسىردىكى تۇرپانلىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھەسرىتىگە ۋە پەخرىگە ئايلانغانلىقى يەنە بىر پاكىت. ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ھامان مەلۇم ئادەملەرنىڭ قېنى تۆكۈلمەي قالمايدۇ. ئابدۇخالىق بىلىپ تۇرۇپ شۇ يولنى تاللىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا شۇنداق روھ، كۈچ، مەردانىلىكنى بەرگىنى يەنىلا شۇ قەھرىمانلىقنى سۆيۈش، مەرد ـ مەردانىلىك روھىدۇر.

**تۆتىنچى، ئېتىقاد**

رەئىس جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، بىر مىللەتتە بىر ئېتىقاد بولمىسا بولمايدۇ، روھ بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئېتىقاد شۇ مىللەت روھىنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

تۇرپاننىڭ تارىخى ئېتىقاد تارىخى. مەيلى ئىككى چوڭ قەدىمىي شەھەرگە بېرىڭ، مىڭ ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈڭ، ئەسھابۇلكەھىبنى تاۋاپ قىلىڭ، ئىدىقۇت تېكىستلىرىدىن زوقلىنىڭ، ئۇلاردىن يۈكسەك بىر ئېتىقادنىڭ ساداسىنى ئاڭلىماي قالمايسىز. ئەسھابۇلكەھىب رىۋايىتىدىكى يۈت ـ قولى كېسىۋې-

تىلسىمۇ دومىلاپ ماڭغان ئىت بۇ ھەقتىكى ئەڭ ياخشى مىسال.
تۇرپانلىقلار بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئېتىقادنىڭ ئوينايدىغان رولىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەردۇر. شۇڭا، تۇرپان تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، خارابىلىكنىڭ روھ گۇمران بولغان، ئېتىقاد سۇسلاشقان يىللارغا ئۇدۇل كېلىدىغانلىقىنى سېزىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندا يەنە كۈچلۈك ئېچىۋېتىش روھى بار. بۇ خىل روھ تۇرپانلىقلارنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان قىزغىنلىقى بىلەن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتۇش، كەلپىن، تۇرپاندىن باشقا يۇرتلاردا بۇنداق كۆچۈش روھى سەل كەم. تۇر-پانلىقلاردىكى بۇ روھ ئۇلارغا ھاياتىي كۈچ ۋە كەڭرى پائالىيەت زېمىنى ئاتا قىلغان.

## 4

نەق گەپكە قايتساق، مېنىڭچە ھازىر تۇرپانلىقلار يەنە بىر قېتىم تۇرپانغا ھاياتىي كۈچ بېرىدىغان تۇرپان روھىدىن بارغانسې-رى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ھازىر تۇرپانغا كەلگەن ھەر قانداق بىر ئادەم تۇرپاننىڭ ھاۋاسىدىن بىر خىل قۇرغاقچىلىقنىڭ، دىمىقلىقنىڭ ھىدىنى سەزمەي قالمايدۇ. تۇرپانلىقنىڭ روھىدىنمۇ شۇ نۇقتىنى ھېس قىلىدۇ.

ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، تۇرپان شىنجاڭ بويىچە ھاراق كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان رايونلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ نۇقتى-نى تۇرپانغا بارغان ھەر قانداق ئادەم تونجى كۈنىلا ھېس قىلماي قالمايدۇ. كوچا - كوچىلاردا قايناپ كەتكەن ھاراق سورۇنلىرى، مەستلەر سىزگە توپان كېلىش ئالدىدا تۇرغان نوھ ئەلەيھىسسالام-نىڭ ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قوۋمىنى ئەسكە سالىدۇ. ئىس-

بىرت ئارقىلىق رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنى زەھەرلەش، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى زەھەرلەش كىشىگە بىر خىل هازىرقى زامان تراگېدىيىسىنىڭ پۇرىقىنى بېرىدۇ.

مەن «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە» دېگەن ماقالەمدە ئېيتقاندەك، تۇرپانلىقلار مۇشۇ سۇرئەت بويىچە هاراق ئىچسە، 50 يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆرەلمەس هالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. تۇرپانلىقلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، هاراق بالاسى جەمئىيەتتىكى يەنە بىر توپان بالاسى. 50 يىلدىن كېيىن تۇرپانلىقلار مەۋجۇت بولسا، پەرزەنت كۆرۈش - كۆرمەسلىكى بىر گەپ بولار. لېكىن ئۇ چاغدىمۇ تۇرپاندا ئادەملەر مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەملەر هازىرقى تۇرپانلىقلار ئەمەس، هاراققا بىزدەك ئۆزىنى ئۇرمايدىغان باشقا بىر قوۋم كىشىلىرى بولىدۇ.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۇرپاننىڭ جان تومۇرى كارىز ئىدى. گېزىتلەرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تۇرپاننى باققان كارىزلار هازىر قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا ئىكەن. بۇ يەر ئاستى سۇيىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنىڭ، قارىغۇلارچە ئاچقانلىقنىڭ نەتىجىسى، خالاس. كارىز قۇرۇپ كەتتى، دېمەك تۇرپان قۇرۇپ كەتتى دېمەكتۇر.

تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى ئۈزۈم. لېكىن، تۇرپان ئۈزۈمچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، شالغۇت سورتلارغا ئېسىلىش، ئۈزۈمنىڭ خىمىيىلىك بوياقلار بىلەن بۇلغىنىشى ئۈزۈم باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر ئەھۋال. بازار ئەھۋالى مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋەرسە، تۇرپان ئۆزىنىڭ تۈۋرۈك ئىقتىسادىي زىرائىتى ئۈزۈمدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇمۇ بىر توپان بالاسى ئەمەسمۇ؟ شۇ چاغدا تۇرپانلىقلار قانداق قىلار؟ ھەممە كىشى تۇرپانغا كېلىدىغان ساياھەتچىلەرگە كىراكەشلىك قىلىپ ئېشەك هارۋىسى ھەيدەرمۇ يا؟

قىسقىسى، تۇرپان روھى كىرىزىس ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ. ها-

زىرقى تۇرپانلىقلارغا نەزەر تاشلىسىڭىز، ھەممە خىل ئادەمنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ۋىجدانى بىلەن مۇرەسسەلىشەلەيدىغان كىشىلەرنى تاپماق ئۇنچە تەس ئەمەس. ئېتىقادتىن سۆز ئاچماق تېخىمۇ تەس.

تۇرپاننىڭ تۇزىنى يېگەن، تۇرپان روھى قەلبىدە نۇرغۇن شېئىرىي ھاياجانلارنى قوزغىغان بىر كۆزەتكۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تۇرپانلىقلارنىڭ نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشىغا پەرۋا قىلماي، يېتىپ كېلىۋاتقان توپان بالاسىدىن تۇرپانلىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنى لايىق تاپتىم. قېنى تۇرپانلىقلارنىڭ بۇ بالاغا نىسبەتەن قانداق تەييارلىقى باركىن؟

# شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا

## ئوتتۇز ياشقا كىرگەنلىكىم مۇناسىۋىتى بىلەن

### 1

شەرق دېگەن نېمە؟

—— بورخېس

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر چېخ يازغۇچىسى يارۇسلاۋ خاشىكنىڭ ساتىرىك رومانى «ياخشى ئەسكەر شۋەيك» تە مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئەسكەر شۋەيك قوماندانلىقنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە يولغا چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئالدىنقى سەپ جايلاشقان جەنۇبقا قاراپ ماڭماي شىمالغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئالدىنقى سەپتىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن چاغدا ساقچىلار تەرىپىدىن قاچاق ئەسكەر، دەپ تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىنىدۇ. شۋەيك ساقچىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: «سىلەر يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساقچىلار: «ئىشىنىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ چاغدا شۋەيك: «ئۇنداقتا مېنى قاچاق، دەپ ئەيىبلىشىڭلار ئاساسسىز. مەنمۇ يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىغا ئىشەنگەچكە، مەخپىي بۇيرۇقنى ئالدىنقى سەپكە بىخەتەر ئاپىرىش ئۈچۈن خەتەرلىك جەنۇب تەرەپكە ئەمەس، بىخەتەر شىمالغا قاراپ ماڭ-

دىم. شىمالغا قاراپ مېڭىۋەرسەك، ئاخىر يەنە جەنۇبقا يېتىپ بولىدىغۇ» دەيدۇ.

ھەقىقەتەن يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىق تەلىماتىدىن ئېيتقاندا، بىر نۇقتىدىن جەنۇب ھېسابلانغان تەرەپ قارىمۇ قارشى نۇقتىدا تۇرغاندا شىمال بوپقالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك تۆت تەرەپنىڭ ئورنى ھامان نىسپىي. بىز مەيلى قەيەردە تۇرۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تۇرغان ئورنىمىز دەل بۇ تۆت تەرەپنىڭ بىزنى مەركەز قىلىپ كېسىشكەن جايى. گەرچە بۇ جاي گلوبوستىن قارىغاندا، مەلۇم جۇغراپىيىلىك تەرەپكە مەنسۇپ بولسىمۇ، تۇرغان جايىمىزدا جۇغراپىيىلىك تەرەپلەرنى ئايرىساق، ھېچقايسى تەرەپكە تەۋە بولماي قالىدۇ، دۇنيانىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەپقالىمىز. ماھىيەتتە بۇ شەخسىيىتىمىزدىن پەيدا بولغان ئۆز مەركەزچىلىك تۇيغۇسى، خالاس.

تارىختا نەزەر سالساق، جۇغراپىيىلىك تەرەپلەرگە ئايرىش قاچان، قانداق شەكىللەنگەن؟ نېمە ئاساستا شەكىللەنگەن؟ ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، ھەرقايسى تىللاردىكى غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال ئىبارىلىرىنىڭ تېگىنى تەكشۈرگەندە جاۋاب ئاساسەن بىر خىل. يەنى ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال تەرەپلەرنى تەبىئەت ھادىسىلىرى مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇياشنىڭ چىقىش، پېتىش، يۆتكىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلەپ چىققان. ھەتتا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپنى ئىپادىلەيدىغان سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوڭ» دېگەن سۆزى تەرەپنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ياخشى، توغرا دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى «Right» (ئوڭ) دېگەن سۆزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ياخشى، توغرا دېگەن مەنىدە.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئەڭ ئاۋۋال غەرب تەرەپ (كۈنپېتىش) تە ئولتۇراقلاشقانلار شەرق تەرەپ (كۈنچىقىش) تە



www.uyghurkitap.com

ئولتۇراقلاشقانلارنى شەرقلىقلەر، شەرقلىقلەر غەربتە ئولتۇراقلاشقانلارنى غەربلىكلەر، دەپ ئاتاش ئادىتى پەيدا بولغان. كېيىن بۇ ئۇقۇمنىڭ كۆرسىتىدىغان دائىرىسى تۇراقلىشىپ ياۋروپالىقلار ئىران، تۇران، ھىندىستان، ئەرەبىستاننى شەرق دەپ قارايدىغان، ياۋروپا غەرب دەپ قارىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ ۋە بېيىپ، جۇغراپىيىلىك مەنىدىن باشقا مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مەنىسىمۇ پەيدا بولغان.

## 2

«شەرق ياۋروپالىقلارنىڭ بىر ئىجادىيىتى دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ بىر ئاجايىباتلار بىلەن تولغان، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە، گۈزەل كۆرۈنۈش، سەرگۈزەشتىلەر بىلەن ئەللەيلىنىۋاتقان قەدىمىي رومانتىك ماكان.»

— ئېدۋارد. ۋ. سەيىدنىڭ «تاللانما ئەسەرلىرى»دىن

شەرق ۋە غەرب تېمىسى بىر چوڭ تېما. بۇ تېما ھەققىدە ئىزدىنىش «يەر شارىلىشىش» يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا باشلىنىپ، «يەر شارىلىشىش» ئەمەلگە ئېشىپ، يەر شارى ئۇچۇر ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن بىر كىچىك كەنت ھالىتىگە كەلگەن چاغدا تېخىمۇ سىستېمىلاشتى. تارىختا قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىن باشلاپ شەرق ھەققىدە ئىزدىنىشلەر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىزدىنىشلەر بەزىدە ناھايىتى روشەن، بەزىدە ئىنچىكە داۋاملىشىپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار «ياۋايىلار» دەپ سۈپەتلىگەن شەرق مىللەتلىرىنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى — ئاتىللا، چىڭگىزخان، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەرنىڭ ياۋروپاغا يۈرگۈزگەن ئىستىلاسى بۇ خىل ئىزدىنىشنى دەممۇ دەم تۈرتكىلىك كۈچ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن…

«غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم

ۋەقەلەرنىڭ بىرى ــ شەرقنى بايقاش» دەيدۇ ئارگېنتىنا يازغۇ-
چىسى بورخېس.
بورخېسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 484 ـ يىلىدىن 425 ـ يىلىغىچە ياشىغان، تارىخ ئىلمىنىڭ ئاتىسى، دەپ شۆھرەتلەنگەن ھىردوت تارىخقا بېغىشلانغان توققۇز توملۇق كىتابىدا مىسىرنى ۋە باشقا شەرققە مەنسۇپ جايلارنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى رىم ئالىمى دافلۇن (79 ــ 23) جۇڭگو، ئىران، ھىندىستان ھەققىدە توختالغان.
ئۇنداقتا شەرق دېگەن نېمە؟
بورخېس بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنە «شەرق ۋە غەرب دېگەن ئاتالغۇغا ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇ خۇددى مەلۇم نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش» دەيدۇ.
قىسقىسى، شەرق غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى سىر-لىق، ئاجايىپ ـ غارايىپلار بىلەن تولغان، دىن ھەققىدىكى ئىز-دىنىش ناھايىتى چوڭقۇرلاشقان قەدىمكى مىسىر، بابىلون، ھىن-دىستان، جۇڭگوغا ئوخشاش جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن غەربكە ناھايىتى يىراق ياكى غەربنىڭ قارىمۇ قارشى نۇقتىسىدىكى جايلار.
تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق، ھازىرقى چۈشەنچىدىن قارىغاندا، شەرقنىڭ ئىككى مەنىسى بار:
بىرىنچى مەنىسى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، رىم مەدەنىيىتىنى بويلاپ راۋاجلانغان، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنى قىممەت قارىشىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىل-غان، ھازىرقى نۇقتىدىن قارىغاندا، تەرەققىي قىلغان غەرب ئەل-لىرى، دەپ ئاتىلىۋاتقان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان غەرب ئەللىرىنىڭ قارىمۇ قارشىسىدىكى قەدىمكى مىسىر، بابى-لون، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، ھا-زىرقى دىنلاردىن ئىسلام، بۇددا دىنى قىممەت قارىشىنى تارىخىي

ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، هازىرقى غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە تەرەق-
قىي قىلىۋاتقان ياكى تەرەققىي قىلمىغان كەڭ شەرق مەملىكەتلى-
رى شەرقتۇر.

ئىككىنچى مەنىسى (بۇ خىل مەنىنىڭ تارىخى نىسبەتەن
قىسقا)، كاپىتالىستىك ئىدېئولوگىيىنى يېتەكچى قىلغان غەرب
دۆلەتلىرى ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىنىڭ قارىمۇ قارشى قۇتۇبىدىكى
ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى،
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق مەملىكەتلەر (هازىر ئۇلار-
دىن بىرنەچچىسىلا قالدى) غەربنىڭ نەزىرىدىكى شەرقتۇر.

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىكى شەرق بىرىنچى مەنىدى-
كى شەرقنى كۆرسەتسە، سىياسىي نۇقتىدىكى شەرق ئىككىنچى
مەنە كۆرسەتكەن دائىرىدىكى جايلارنى بىلدۈرىدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى شەرقنىڭ يەنە ئىككى خىل مەنى-
سى بار:

بىرىنچى مەنىسى، ئۇ دىنىي ئىدىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلان-
غان، سىرلىق، ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن تولغان، يەن هەققى-
دىكى تەتقىقات روھ هەققىدىكى ئىزدىنىشنى دەلىل بىلەن تەمىن-
لەيدىغان شەرق.

ئىككىنچى مەنىسى، زوراۋانلىق، ياۋايىلارغا خاس ياۋۇز-
لۇق، مۇستەبىتلىك هۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن سىياسىي
مەنىدىكى شەرق.

شەرقشۇناس ئىدۋارد. ۋ. سەيىدنىڭ شەرق ۋە غەرب هەققىدى-
كى كۆز قارىشى تېخىمۇ ئۆزگىچە: شەرق بىلەن غەربنىڭ ئېنىق
چېگرىسى يوق. شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل هالدا بىر -
بىرىگە ئايلىنىپ تۇرۇش يۈزلىنىشى مەۋجۇت.

هەقىقەتەن تارىختا بۇ كۆز قاراشنى ئاساسلايدىغان دەلىللەر
يوق ئەمەس. «قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئۇستازى مىسىر ۋە بابىلون» («غەربنىڭ ئەقىل - پاراستى»

نامىلىق كىتابىنىڭ ئاپتورى روبېرت رۇسسونىڭ سۆزى)

ھازىرقى پەلەستىن تەۋەسىدە پەيدا بولغان ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ ئىككىسى يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى غەرب مەدەنىيىتى قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى. ئىسلام دىنى بولسا، شەرق مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، غەربلىكلەر رەزىللىك ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ ئۇۋۇسى، دەپ نام بەرگەن سىياسىي مەنىدىكى شەرق ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يىلتىزى يەنىلا ياۋروپادا.

غەرب دەپ ئاتىلىۋاتقان ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى شانلىق ئۇتۇقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قوزغاتقۇچ كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن ئامىل ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىدىكى دېڭىز قاتنىشىنى بەلگە قىلىپ باشلانغان غەرب مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور تىندۇرما ئېنېرگىيىسى بىلەن زەرەتلىگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر.

دۇنيادا ھازىر شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت: بىرى، غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى تەلىماتى. بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى غەرب مەدەنىيىتى. غەرب مەدەنىيىتى قەدىمكى مىسىر، يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى. ئىككىنچىسى، شەرق مەركەز تەلىماتى. بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى شەرق مەدەنىيىتى. شەرق مەدەنىيىتى قەدىمكى مىسىر، بابىلون، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە، قانۇنلۇق ۋارىسى، غەرب مەدەنىيىتى كېيىن گۈللەنگەن ياۋا مەدەنىيەت...

# 3

غەربنى ئىزدەپ چىقتىم شەرقتىن،
شەرقنى بايقىدىم لېكىن غەربتىن...

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

ھىجرەت ياكى سەپەر شەرق خەلقلىرى نەزىرىدىكى ئىنسانىي كامىللىقنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى.

سەپەرگە ئىختىيار قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر چەمبىرىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى كۆزىتىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بۇ ھالقىنىڭ جەۋھىرىي مەنىسى.

ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولمىش خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ سەپەر بىر مۇھىم تېما. ئۇيغۇر روھىنىڭ مۇكەممەل سىمۋولى نەسرىددىن ئەپەندى ئوبرازى توختىماي جاھان كېزىپ يۈرىدىغان بىر كىشى.

خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىدە بۈيۈك تاڭلىقلار روھنى يورۇتۇش مەقسىتىدە نوم ئەكېلىش ئۈچۈن غەربكە قاراپ سەپەرگە چىقىدۇ تاڭ سېڭ.

قىسقىسى، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆزىنى تولۇقلاش، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆزىگە نەزەر سېلىش ئىنساننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىدىكى بىر غايە. تارىختا نەزەر سالساق، تارىخنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى تەكرارلىنىش. شۇڭا كونىلار: كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولمىغان، دەپ غەزەل توقۇلاشقان. تارىختىكى بۇ خىل تەكرارلىق قانۇنىيىتى تارىخىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ھۇما قۇشىنى بەزىدە ئۇ خەلقنىڭ بېشىغا قوندۇرسا، بەزىدە بۇ خەلقنىڭ بېشىغا قوندۇردى. گەرچە ھۇما قۇشىنىڭ قونۇشى بەك تاسادىپىي ئىش بولمىسىمۇ، دۇنيانى دىر - دىر تىترەتكەن ئىمپېرىيىلەر ۋەيران بولدى. قۇل خەلقلەر خان بولدى. بۇ جەرياندا

www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىن چىقىپ ھۆما قۇشى قونغانلاردىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەش بىر ئىجتىمائىي ئۆدۈمغا ئايلاندى. يېقىن تارىخقا قارىساق، ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەيۋىتى ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغىنى-شىنىڭ قوزۇقىنى چېكىپ، ياۋروپالىقلار ئەرەبلەردىن ئەڭگۈش-تەر ئىزدىدى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى ئارقىلىق يىلتىزى يۇنان مەدەنىيىتىنى بايقىدى. ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشتى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپادىكى گۈللىنىش شەرق خەلقلىرىنى ياۋروپادىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەشكە سالدى. تەقدىرنىڭ تەلىتى ئون بەش كۈن-لۈك تولۇن ئايغا ئوخشاش ياۋروپاغا ئالدىنى قىلدى. بىر چاغلى-رى ياۋروپالىقلار زامانىۋى ھادىسىلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئۈ-چۈن، ئەينى زامان زامانىۋىلىقىنىڭ ئىگىسى بولغان خەلقلەردىن تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرغاندەك، كەڭ شەرق غەرب مەنىسىدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ئالدىدا شەھەرگە كىرگەن ياۋا ئادەمگە ئوخشاش ھودۇقىدىغان، تىترەيدىغان، زامانىۋى ھا-دىسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن غەربتىن تەپەككۇرلا ئەمەس، ئاتالغۇ ئارىيەت ئېلىش دەرىجىسىگە كەپقالدى.

كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماپتۇ!

مەن ئەقلىمگە كېلىپ جاھاننى تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان-دا، ئۆزۈمنىڭ سەپەر ئۈستىدە تۇرغانلىقىمنى سەزدىم. سەپىرىم ئىككى خىل مەنىگە ئىگە ئىدى. بىرى، ھاياتلىق سەپىرى، يەنە بىرى قوۋمىمنىڭ غەربتىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەش ئۈچۈن باشلىغان نىجاتلىق سەپىرى ئىدى. مەن بۇ سەپەرچىلەرنىڭ زامانىۋىلىق دېگەن مەنزىلگە قاراپ ھاسىراپ كېتىۋاتقان ئون نەچچە ۋاگونلۇق (بۇ يەردە ھەربىر سان بىر ئوقۇش يىلىغا قارىتىلدى) پويىزنىڭ مەلۇم ۋاگونىدا ئولتۇراتتىم. بۇ پويىزغا ئەقلىمنى بىلمەستە نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەي چىقىپ قالغان ھالىتىم مەلۇم مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن پويىزغا چىققان يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئەمەس، مەلۇم مەنزىلگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن پويىزغا قاچىلانغان يۈككە

ئوخشايتتى.

— مەن كىم؟ — دەپ سوئال قويدۇم.

مەن ئۆگەنگەن بىلىملەرگە قارىغاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىملىكى مەۋجۇت ئىدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى تەپەككۇرۇمچە كىملىكنى چۈشىنىش ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ بىر ھالقىسى ئىدى.

مەن كىم؟ ئابلەت ياكى ئابدۇلئەھەد سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ئەرەبچە، ئىسلام دىنىغا خاس ئىسىم. ئابلەت ئۇنىڭ قوپال ھالدىكى ئۇيغۇرچىلىشىشى.

مەن كىم؟ سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقنى كىشىلىك غايىسى قىلغان ئاددىي پۇقراسى.

تەۋەلىكىم شەرقنىڭ ئىككى خىل مەنىسىنىڭ ھەممىسىدە.

مەن تەۋە بولغان ئىجتىمائىي تۈسنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سىياسىي غايىسى كۈچىيىش.

زامانىۋىلاشتۇرۇش غەربكە خاس ئاتالغۇ. دېمەك، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاتالغۇ ئىگىسىنىڭ مەلۇم ھالىتىگە ئىگە بولۇش.

كۈچىيىش، بوزەك بولماسلىق بۇ ھۆكۈمنىڭ كەينىدىكى مەنە. دېمەك، بىز ھازىر بوزەك... ئەگەشكۈچىلەر غەربتە... مەن غەربتىن ئەگەشكۈچىلەر ئىزدەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سېپىدە. دېمەك، غەرب ئىجتىمائىي غايىسىگە ئايلانغان شەرقلىقلەرنىڭ بىر توپىدا.

غەربنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، قىدىرىشقا كىرىشتىم:

غەربنىڭ بۈگۈنكى مۆۋەپپەقىيىتىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ ئىلىم - پەن روھىدا. ئۇلارچە، ئىلىم - پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىنى ھازىر ئىلىم - پەن، دۆلەت ئىدىيىسى شەخسىيەتچىلىك.

شەرقنىڭ قالاقلىقىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ دۇنيانى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدە، ھەممە ئىشنى ئىلاھقا باغلاپ قويغانلىقىدا...

مانا بۇ شەرقلىقلەر بىلەن غەربلىكلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. كاللامدا مەككە سۇسلىشىپ پارىژ نۇرلىنىۋاتاتتى. ئۈرۈمچى پېتىدىن چۈشۈپ لوندون بۈيۈك سىماغا ئايلانغانىدى. قەشقەر، خوتەننىڭ سىرلىق سۈكۈتى بىرلىن، توكيولارنىڭ شاۋقۇنى ئاستىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

## 4

1974 - يىلى باھاردا بىر ياپونىيىلىك مۇخبىر دۇنيا تارىخ تەتقىقاتىدا ئۆزگىچە تەپەككۇر بىلەن تارىخ تەتقىقاتىنى يېڭى مېتود بىلەن تەمىنلىگەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تارىخچى ئارنولد تويىنبى دوكتوردىن: «قايتا تۇغۇلۇش پۇرستى بولغان بولسا، قايسى دۆلەتتە تۇغۇلۇشنى خالايتتىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، 85 ياشقا كىرىپ قالغان تويىنبى كۈلۈپ تۇرۇپ: «مىلادىيە 1 - ئەسىردە بۇددا دىنى تارىلىپ بولغان جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى.

— «21 - ئەسىرگە نەزەر» دېگەن كىتابنىڭ 295 - بېتىدىن —

ئاخىرلاشمايدىغان يول، ئاشكارىلانمايدىغان يىلتىز يوق.

— «خاتىرە دەپتىرىم» دىن

ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىي ھەققىدىكى ئىزدىنىش مېنى يۇقىرىقى ئىلىملەرنىڭ زامانىۋى پەللىسىنىڭ ئىگىسى بولغان غەربنىڭ قوينىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىتتىردى. لېكىن، يېشىم 25 ياشقا يېقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز بىر چاغلاردا ماڭا سىرلىق - قاراڭغۇ بىلىنگەن غەرب دۇنياسى بىردىن روشەنلىشىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مەن مائارىپنىڭ 16 ۋاگونلۇق پويىزىغا ئولتۇرۇپ تۈنجى مەنزىلىمگە يېتىپ بولغان، ئەڭگۈشتەر ئىزدەش سەپىرىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى باشلاپ بولغانىدىم.

مەن ئەڭ ياقتۇرغان غەرب پەيلاسوپى نىتزىنىڭ «دەرىجىدىن



www.uyghurkitap.com

تاشقىرى، ئۆزىدىن ھالقىغان ئادەم» پەلسەپىسى شەرق ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئارىپ — كامىل ئىنسان پەلسەپىسى بىلەن ئوخشىشىپ قېلىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ: «يوقالسۇن ئاجىزلار» دېگەن چاقىرىقى ئۇيغۇرلاردىكى: «ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن گېپى بىلەن ماھىيەتتە بىر گەپ ئىدى.

سوپى دېگەن گەپ بىلەن پەيلاسوپ دېگەن گەپ ئوخشاشتەك قىلاتتى.

مەن گۇمانلانغان ھالدا نېتزىنى كوچىلىدىم. بىر يەردە گېگىل، بىر يەردە شوپېنھاۋىر ئايان بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى بولسا بىر يەردە ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ كۆلەڭگىسى، بىر يەردە جالالىددىن رۇمىنىڭ، بىر يەردە بولسا ماڭا ناتونۇش شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ...

شەرق دەپ ھەسرەتلىنەتتى گېيوتى.

شەرق دەپ ئۇھ تارتاتتى ل . تولىسوي...

ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى شەرقتىن — كافكازلىقلاردىن ئۆگىنىڭلار، دەيتتى كارل ماركس.

ئامېرىكا ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى ئېزرا فوند تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتىدىن ئىلھام ئالغان، رومانتىك شائىر ۋاڭ ۋېينى ئۇستاز تۇتقانىدى. ۋاڭ ۋېي شېئىرلىرىدا، جۇملىدىن تاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇرتقىسىدا قۇچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى تامغىدەك قېتىپ قالغانىدى.

دون كىخوتتىن نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرى دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى، دەپ ھەسرەتلىنەتتى جەمئىيەتشۇناسلار...

مەن غەرب دۇنياسىنىڭ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا تۇرۇپ، بىردىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم:

www.uyghurkitap.com

ئەڭگۈشتەر ئىزدەش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئىزدەش ئىكەن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى قايتا تۇرغۇزۇش ئىكەن، ئەڭگۈشتەر ئۆزىمىزدە ئىكەن؛ بىر خەلقنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭگۈشتەر باشقا يەردە ئەمەس، دەل ئۆز ۋۇجۇدىدا بولىدىكەن...

بىردىن شەرق ۋە غەربنىڭ مەنىسىنى قايتىدىن ئاڭقاردىم ۋە ئىككىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم قىممەت قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى ئۆزگىچە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىككى گەۋدە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. قىزىقارلىق يېرى، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزىدىكى ئەڭ سەلبىي نەرسىلەرنى رەقىبىنىڭ دەپ جار سالاتتى، رەقىبىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. ئىنسانىيەتكە ئورتاق نەرسىلەرنى مۇستەقىل ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىش ئۈچۈن پاكىت توپلايتتى. شۇ چاغدا ناھايىتى ھەسرەت بىلەن يىراقتىن خەلقىمگە نەزەر تاشلىدىم:

قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، تۇرپان بىر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك يالتىرايتتى، بۇ مارجانلارنىڭ بېشى ئۈرۈمچىدە ئىدى. بىر قارىماققا ئۇلار تەسۋى دانىسىغا ئوخشىسا، بىر قارىسا بىلىيارت ئۇرۇقىدەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ، بار كۈچى بىلەن بۇ مارجانلارنى غەربنىڭ رەڭلىرى بىلەن بوياش كويىدا ئاۋارە ئىدى.

شەرق غەربنىڭ ئەرزان باھالىق ساختا ماللىرى بىلەن لىق تولغان ئەخلەتخانىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاياللار چېچىنى ۋە تۇرقىنى پارىژنىڭ قىزىل چىراق رايونىدىكى پاھىشىلەرنىڭ چېچىغا ۋە تۇرقىغا تەقلىد قىلىپ ياسىشىپ، ئەرلەر بېرلىنىنىڭ مېترولىرىدىكى زاماندىن بىزار ناتىسىست ياشلىرىدەك تۇرقتا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قولتۇقلاپ غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

# 5

ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنى ئامېرىكا مەتبۇئاتى
ئورۇنداۋاتىدۇ. بەش بۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىس-
تىرلىقى) ئورۇندىيالمىغان ۋەزىپىنى ھوللىۋود ئورۇنداۋاتىدۇ.

— پاكىستانلىق ئالىم ئەكبەر ئەھمەد

«كەلگۈسىدىكى توقۇنۇش مەدەنىيەت توقۇنۇشى، ئىسلام بى-
لەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر».

— «كۆچۈرۈلمە جۈملە» خاتىرە دەپتىرىمدىن

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ھۆكمىچە، زامانىمىزدىكى سىياسىي
مەنىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ يېڭىچە توقۇنۇشى — سوغۇق
مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى شەرقنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاش-
تى. ئەمدى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان توقۇنۇش مەدەنىيەت
مەنىسىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشىدۇر. ماھىيەتتە بۇ
خىل توقۇنۇش ئىككى خىل قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆ-
رۈنمەس توقۇنۇشتۇر.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكىنى ھوللىۋۇد فىلىملىرى ۋە
ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق چۈشىنىپ كەلگەن ۋە غەربلىشىشنى
تۇرمۇش غايىسى قىلىپ يۈرگەن بىر قىز ئامېرىكىغا چىقىپ ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەن ئامېرىكا مۇھىتىغا قاراپ ئالدانغاندەك
تۇيغۇغا كەپقالغان. ئۇ مۇھەببەت جەھەتتە شۇنچە ئەركىن، چەك-
لىمىسىز، دەپ قاراپ كەلگەن ئامېرىكىلىقلار كىنولارنىڭ ئەك-
سىچە شەرقلىقلەرگە ئوخشاش مۇتەئەسسىپ بولۇپ چىققان.
شەرقنى دىن بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان غەربتە دىنىنىڭ تۈسى
تېخىمۇ قويۇق بولغان.

يەنە بىر ھېكايىدە دېيىشىچە، بىر ئامېرىكىلىق جۇڭگوغا
كېلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوللىۋود كىنولىرىدىكىگە ئوخشايدى-

غان ئوچۇق ـ ئەركىن خاراكتېرىدىن تالىق قالغان...

ھەقىقەتەن غەربلىكلەرنىڭ پەلسەپىسى بارلىق سىرلارنى ئېچىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش، گۈزەللىك ئېستېتىكىسى يالىڭاچلىق، ئوچۇقلۇق، شەرقلىكلەرنىڭ پەلسەپىسى بولسا، سىرلارغا تەن بېرىش، سىرلارنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەللىك ئېستېتىكىسى يېپىقلىق، يوشۇرۇنلۇق.

يالىڭاچلىق ئېستېتىكىسىدىن شەكىللەنگەن ئاياللار ئازادلىقى يالىڭاچلىق، ئۇ مۇھەببەتنىڭ ھەممە ئادەمگە خاس مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئاممىۋىلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئەيدىز كېسىلى ۋە ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش بىلەن تۈگەللەندى. جەمئىيەت ئىجتىمائىي كېسەللەر بىلەن تولدى. روھىي كېسەللەر ئاۋۇپ كەتتى. شەخسىيەتچىلىك، بايلىق تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، تەبىئىي بايلىقلارنى ئاچ كۆزلەرچە ئىسراپ قىلىش غەربنىڭ ئىجتىمائىي ۋاباسىغا ئايلاندى. ئۇلار شۇ چاغدا شەرق ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق، كەمتەرلىك، پەرھىزكارلىق، زاھىتلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. لېكىن، غەربلىكلەر شەرقلىقلەرنىڭ روھىدىكى بۇ ئامىللارنى جەمئىيەتنىڭ دورىسى، دەپ بىلگەندە، غەرب مەتبۇئاتىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان شەرقتە غەربتىكىدىنمۇ ئېغىر شەخسىيەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق مودىغا ئايلاندى... شەرق غەربنىڭ ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى.

شۇڭا مەن دەيمەن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەلقئارا مەدەنىيەت توقۇنۇشى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى، غەرب بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ، بىر خەلقنىڭ ئۆزلۈكى بىلەن ئۆزگىلىكى، ئوبيېكتى بىلەن سۇبېيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئۆزگە ئىشىنىش بىلەن ئىشەنمەسلىكى، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئۆزگىلەرگە تەقلىد قىلىش خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىملەرگىدۇ دېگۇم كېلىدۇ: دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا، يوشۇرۇنلۇقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر قىلغان نان قەنتتىن تاتلىق. بىر ئايالنىڭ گۈزەللىكى يالىڭاچلىقىدا ئەمەس، بەلكى... يالىڭاچلىق بىر گۈزەللىك سەپىرىنىڭ ئاخىرلىششى، يوشۇرۇنلۇق مەڭگۈلۈك داۋاملىششى...

يەنە دېگۇم كېلىدۇ: ھەي غەربتىن نوم (ئەڭگۈشتەر) ئەكېلىشكە ماڭغانلار، نوم (ئەڭگۈشتەر) غەربتە ئەمەس، ۋۇجۇدىمىزدا، تارىخىمىزدا، تەپەككۇرىمىزدا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۇناھ تۇيغۇسى نەگە كەتتى

نەچچە يىل ئىلگىرى بىر ماتېرىيالدىن ئامېرىكىنىڭ مەلۇم پرېزىدېنتىنىڭ: «ناۋادا 70% ئامېرىكا خەلقى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى قانۇنلۇق قىلىپ بېرىڭلار، دەپ ئاۋاز بەرسە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قىلچە ئىككىلەنمەي قانۇنلۇق قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆزىنى كۆرگەنىدىم. بۇ سۆزنى پرېزىدېنت ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەللىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئېيتقان. بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغىنىمدا ھەيران قالغانىدىم. لېكىن بۇ ھەيرانلىق ئامېرىكىدىكى دېموكراتىيىنىڭ نەقەدەر كەڭلىكىدىن پەيدا بولغان ھەيرانلىق بولماستىن، بەلكى 70% ئامېرىكا خەلقى راستتىنلا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى قانۇنلۇق قىلىپ بېرىڭلار، دەپ تەلەپمۇ قىلارمۇ؟ دېگەن گۇماندىن پەيدا بولغان ھەيرانلىق ئىدى. ھەيرانلىقىم ئۆزۈنغىچە بېسىلمىدى. ھەتتا غەربىي ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەت ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇش ھەققىدە قانۇن ماقۇللىغاندا ھەيرانلىقىم ئەۋجىگە چىقتى. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ھەققىدىكى چۈشەنچەمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ھەيران قالماس بولدۇم ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ماڭا جۆيلۈشكە ئوخشاش تۇيۇلغان سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتىم. بىردىن ئېچىم ئاچچىق بولدى. ئەينى چاغدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەخلاقى ۋە گۇناھ تۇيغۇسىغا ئىشەنچ قىلغان، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ناھەق كۆز قارىشىدىن گۇمانلانمىغاچقا، قورقماستىن شۇ گەپنى قىلغانىكەن.

نېمىشقا ئىچىم ئاچچىق بولدى؟ ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە نىسبەتەن قەلبىمدە ھەسەت ئوتى يالقۇنجىدىمۇ يا؟ ياق! ياق! ياق!

ئىككى يىلدىن بۇيان ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ئابرۇي تۆ-غۇسى ناھايىتى يۇقىرى مەتبۇئاتلىرىمىز تەرىپىدىن ئېلان قىلىنـ-غان ئەخلاقىمىزغا چېتىلىدىغان، گۇناھ تۆيغۇمىزنى سوراقلايدى-غان غەيرىي ھادىسىلەر ئىچىمنى ئاچچىق قىلدى. قەلبىمدە جۇڭ-گو خەلقىنىڭ ئەخلاقىغا نىسبەتەن گۇمان، چوڭقۇر قايغۇ پەيدا بولدى. ناۋادا ھازىر جۇڭگودا ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئامېرىكىدىكى-گە ئوخشاش راي سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، چىرىكلىك قىلمىشى-نى قانۇنلاشتۇرۇش ئاۋازغا قويۇلسا، قانچىلىك ئەمەلدار قارشى تۇرار؟ قانچىلىكى قوللاپ ئاۋاز بېرەر؟ سودىگەرلەر ئارىسىدا سودا ئەخلاقى ئاۋازغا قويۇلسا، قانچىلىك سودىگەر قوللاپ ئاۋاز بېرەر؟ قانچىلىكى قوللىماس...

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ سابىق ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى چېن شىتۇڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ كېجىيلار جۇڭگودىكى پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا بايقالغان دۆلەت رەھبىرى دەرىجىلىك پارىخورلار، چىرىكلەر... ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ پاش قىلىنىشى خەلق-نى خۇشال قىلدى. لېكىن كاللىمىزدا سوئالمۇ پەيدا قىلدى. بىرى دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يەنە بىرى پايتەختنىڭ بىرىنچى باشلىقى، دۆلەتنىڭ مۇھىم رەھبە-رى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق خاتالاشتى؟ ئۇلار كوممۇنىست ئىدىغۇ؟ كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر ئىدىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىكى ئەخلاق، گۇناھ تۇيغۇسى ئۇلارنى ھالاكەت يولىغا مېڭىشتىن چەكلەپ قالالمىدى؟

بۇ ئىككىسى ئەڭ تىپىك مىسال. باشقا چىرىكلىك مىساللى-

www.uyghurkitap.com

رى قۇمدەك... دېمەك بۇ ئەھۋاللار كاللىمىزدا «ناۋادا مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالغان چىرىكلەر قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، جىنايەتنى قانۇنلاشتۇرۇۋالغان بولسا، قانداق قىلغان بولار ئىدۇق؟» دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ...

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر جۇڭگونىڭ خەلقئارادا ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت دېگەن نامى بار. ماگىزىنلىرىمىزنى ئارىلىساق، ساختا مال ئېلىپ سېلىش ۋەھىمىسى ۋۇجۇدىمىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن مۇنداق ئۇچۇرغا، ياق، يەكۈنگە ئېرىشىمىز: تۆۋەندە قانۇندىن، يۇقىرىدا خۇدادىن قورقماسلىق، خەنزۇچە ئېيتقاندا: «天不怕,地不怕»لىق ھالىتى، ئېتىقادسىزلىق ئىجتىمائىيىتىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتىمۇ نېمە؟

ھەر يىلى جۇڭگودا نەچچە مىڭ ئادەم يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، پالەچ بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەڭ توپ ئېھتىياجى بولغان يېمەكلىكمۇ بۇلغانغان... ھەتتا ھازىر ئادەم خاتىرجەم يېيىش - ئىچىش ئەركىنلىكىدىنمۇ مەھرۇم.

ستولبىلاردىن «قىزلىق پەردىسى سېلىش ئوپېراتسىيىسى» قىلىش ھەققىدىكى ئېلانلارنى كۆرۈپ تۇرىسىز، بەلكىم ئەر كىشى بولسىڭىز غۇرۇرىڭىزنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغانسىز، ئايال كىشى بولسىڭىز ئاياللىق قىممىتىڭىزنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇپ، ئاياللىق ئۇلۇغلۇق، پاكلىقىڭىزمۇ خىرىسقا ئۇچرىغانلىقىدىن، ئادەملەرنىڭ بەزلەشكەن قەلبى ئالدىدا قىزلىق غۇنچىسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قەلبىڭىز قىيامەت ھەسرىتىگە چۆمگەندۇ؟

ئەتراپىمىزدا ئادەملەر ئۆز - ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا... بىر چاغدا زۇنۇن قادىرى «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە يەر تراگېدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ھازىر يېنىمىزدىلا ۋىجـ

دان، ئەخلاق تىراگېدىيىسى يۈز بېرىۋاتىدۇ.

بىر چاغلاردا دېموكراتىيىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىدىم، شەخسىي ئەركىنلىككە چوقۇناتتىم. لېكىن، ھازىر دېموكراتىيىدىن گۇمانلىنىمەن، ئەركىنلىكنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئۆرغۈم كېلىدۇ. بۇ نېمىشقا؟ ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاش مەلۇم قانۇننى ماقۇللاش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويۇلسا، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىدىن، گۇناھ تۇيغۇسىدىن گۇمان قىلىمەن. 70% ئادەمنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى قانۇنلاشتۇرۇپ بەر، دەپ تەلەپ قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە چىرىكىن ـ پاسىق نەرسىلەرنى قانۇنلاشتۇرۇۋېلىشىدىن قورقىمەن. جىنايەتنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى قىيامەتنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى خالاس.

گۇناھ تۇيغۇسى ئومۇمىي خەلق ئەخلاقىنىڭ شەخس روھىيىتىدىكى چەكلەش كۈچىدۇر. ئەخلاقمۇ ماھىيەتتە قانۇننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئاڭلىقلىشىشىدۇر. ئەخلاقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى ئېتىقاد. ئېتىقادسىزلىق، ئىنساننىڭ شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسىغا زەربە بېرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان كېسەلمەن شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىماسلىق دەل گۇناھ تۇيغۇسىغا چۈشكەن ۋابا ۋىرۇسىدۇر.

يېقىندا مەن «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ مەلۇم سانىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ پۇل ئۈچۈن ئانىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 11 ـ سانىدىن تۇرسۇن داۋۇت دېگەن مەلئۇننىڭ ئەمدىلا 17 ئايلىق بولغان ئوماق بوۋاق قىزىنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ گۇناھ تۇيغۇسى ھەققىدىكى ئويلىنىشىم ئەۋجىگە چىقتى.

پۈتكۈل جۇڭگودىكى ئەخلاق كرىزىسىنىڭ ئېيتىقادلىق سانالغان ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىگە يامىرىشى قەلبىمنى پارە ـ پارە

قىلىپ تاشلىدى.

ئەنە: ھەدېسە «بىز ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇر ئۇچۇن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بىر ئۇيغۇر قاراپ تۇرۇپ قېرىنداشىنىڭ كېكىردىكىگە پىچاق سۇردى. ئەنە: يەنە بىر ئۇيغۇر مەن مۇسۇلمان، دەپ تۇرۇپ نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگدى، يەنە بىر ئۇيغۇر قېرىنداشىغا گۆشنى كەم تارتىپ بەردى.

ئەنە: بىر ئۇيغۇر قاسساپ ئۆچكىنىڭ كەينىگە قوينىڭ قۇيرۇقىنى 502 ماركىلىق يېلىم بىلەن چاپلاپ، ئۇنى قوي گۆشى ئورنىدا بىر قېرىنداشىغا ساتتى.

قەسەمخورلۇقنى نومۇس بىلىدىغان ئۇيغۇر قەسەمخور بولۇپ كەتتى. ئەڭ ئۇلۇغ ناملارنى ئۆز شەخسىيىتى ئۇچۇن سۇيىئىستېمال قىلىش قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىر چاغلاردا رەھمەتلىك بوۋام قىيامەت ھەققىدە سۆزلەپ: «ئادەملەر بىر - بىرىگە ئىشەنمەي قەغەز - قەلەمنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغاندا، ئادەملەر قەلبىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم سىغماس بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە خىرىس قىلىشى قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىدىن بېشارەتتۇر» دەيتتى. شۇ چاغلاردا گۆدەكلىكىمدىن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يەتمىگەنىكەنمەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىشەنمەي قەغەز - قەلەمنىڭ ئىسپاتىغا ئىشىنىشى ئەسلىدە ئېتىقاد، ئىشەنچنىڭ ئاجىزلاپ، ئادەملەر قەلبىنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلاپ كېتىشى ئىكەن...

ھازىر تۈز يوللاردا كىملەردۇر كولاپ تىندۇرۇۋەتمىگەن ئورەككە پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۇشكەندە: «بىر چاغلاردىكى يولدا تىكەن ئۇچرىسا، ھارۋىسىدىن چۇشۇپ ئېلىپ تاشلايدىغان ئادەملەر نەگە كەتتى؟» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ... ئەخلاق، گۇناھ تۇيغۇسى ھەققىدە ئويغا چۆمىمەن. گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئىنسانغا

بىرىلگەن نەقەدەر زور بايلىق ئىكەنلىكىگە قول قويىمەن. قەلبى گۇناھ تۇيغۇسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ: «سىلەر جىنايەت يولىغا كېتىۋاتىسىلەر» دەپ ئۈنسىز ۋارقىراي-مەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بوۋامغا يادنامە

ئون يىل ئىلگىرى (1991 ـ يىلى) ئانام قازا قىلىپ كەتكەندە، ئاتا ـ ئانا، مۇھەببەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنىدىم. ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھادىسە ئۆز يېنىمدىلا ئايان بولۇپ، مېنى ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويغا پاتۇرغانىدى. لېكىن، ھازىر شۇ چاغدىكى تۇيغۇم ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى كۆڭۈللىرىمنى ئەسلىسەم، ئاچچىق كۈلگۈم كېلىدۇ.

ئىككى يىلدىن بېرى ھېچكىمنى تونۇماس، سۆزلىمەس ھالەتتە ياتقان بوۋامنىڭ 90 نەچچە يېشىدا قازا قىلىشى مېنى قايتىدىن ئويغا پاتۇردى. ئۆلۈمنىڭ ئىككى قېتىملىق ئاچچىق ھەقىقىتى مېنى قايتىدىن ئادەم قىلدى. 1991 ـ يىلى 20 يېشىمدا بىر قېتىم ئادىمىلىكىمنى يېڭىلىغان بولسام، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ـــ 30 يېشىمدا يەنە بىر قېتىم «قاسىراق تاشلىدىم».

ماۋزېدۇڭ ئۆلۈم ھەققىدە توختىلىپ: «بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ» دېگەنىكەن. ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئۆلۈمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى كۆزدە تۇتقان. ئەمما، بىر ھاياتلىق ھادىسىسى سۈپىتىدە ئۆلۈمنىڭ مەنىسى پەقەت بىر خىل. ئۆلۈم قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى دېمەكتۇر. ماھىيەتتە ئۇ تۇغۇمدىن باشلانغان بىر يولغا قويۇلغان چېكىت، تىرىك ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش: ئۆلۈم ھەممە يەردە، ھەممە كىشىنىڭ بېشىدا بار، ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. بىر كۈنىنىڭ

ئۆتۈشى ماھىيەتتە ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە بىر قەدەم يېقىنلىششى.
ھەممىمىز ئۆلۈمگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇچىلار، لېكىن
ھېچكىمنىڭ توختاپ قېلىشقا ئامالى يوق...

بوۋامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر مېنى بوۋام-
نىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويغا سالدى. ئىلگىرى مەن بۇ ھەقتە زادى
ئويلاپ باقمىغان، بوۋامنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلاپ
بېقىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. بوۋاممۇ باشقا ئادەملەرنىڭ
بوۋىسىغا ئوخشاش بىر بوۋا ئىدى، خالاس. مەندەك بىر زىيالىي-
نىڭ مانا شۇنداق بىر خىيالى مېنى چۆچۈتتى. بىر دەۋر، بىر
ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ھايات ھەققىدىكى قارىشىنىڭ نەقەدەر تې-
يىز، ئاددىيلىقى مېنى ئويغا سالدى. ئۆلۈم، ھايات ھەققىدىكى
قارىشىمىزنىڭ ئاددىي، مۆرەككەپلىكى ھاياتىمىزدىكى ئاددىيلىق،
ئۆلۈمىمىزدىكى قەدىرسىزلىكنىڭ سەۋەبىمۇ يا؟ دەپ ئويلاپ قال-
دىم.

قەدىمكى يۇنانلىقلار باش قەھرىمانىنىڭ ئادەمنى قايغۇغا سال-
دىغان ئۆلۈمى ئارقىلىق ئاخىرلىشىدىغان سەھنە ئەسىرىگە تراگې-
دىيە، دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تراگېدىيە ئۆلۈم
بىلەن مەنىداش، ئادەمنى ئۆلۈم ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىد-
غان، ئۆلۈم گۈزەللىكى، ئۆلۈمگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنە
بىلەن ئىنسان قەلبىنى غىدىقلايدىغان ئېستېتىك ئاتالغۇغا ئايلان-
غان... ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتىكى ئۆلمەس تېمىغا ئايلىنىشى سەنئەت-
كە ئاجايىپ زور سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغان...

مېنىڭ نەزىرىمدىكى بوۋام بەكمۇ ئاددىي ئادەم ئىدى، مەھەل-
لە مەسچىتىدە ئىمامەتچىلىك قىلاتتى، ئارىلاپ ئۆيدە مەھەللىد-
كى بالىلارنىڭ دىنىي ساۋاتىنى چىقىرىپمۇ قوياتتى. كۆز ۋە
ئەتىياز كۈنلىرى دېھقانچىلىق ئەمگىكى سېلىككەن ۋاقىتلاردا ئاپ-
تاپقا قاقلىنىپ، تېرە تاشلىق كىتابلارنى ئوقۇپ كېتەتتى. مە-
ھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بوۋامدىن ھېيىقاتتى. غەيۋەت-

www.uyghurkitap.com

چى خوتۇنلار بوۋامنى كۆرگەن ھامان جىمىپ كېتەتتى. بىزمۇ ئائىلىدە ياخشى تاماق قىلغان كۈنلىرى بىر قاچا تاماقنى بوۋامغا سۇنۇشنى ئەڭ خۇشاللىق ئىش دەپ بىلەتتۇق··· لېكىن مەن ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ تەسىرىدىنمۇ، بوۋامنى نادانلىق، خۇرا-پاتلىقنىڭ سىمۋولىدەك كۆرەتتىم. بوۋامنىڭ نوپۇزىغا قارشى چىققۇم كېلەتتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتتىم، لېكىن ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى. سەۋەبى، مەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن دوپپامنى تاشلىۋېتىپ، چاچ قويىۋالغانىدىم. بوۋام يالاڭ-باش يۈرگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ قىشمۇ ياز باش كىيىم بىلەن يۈرەتتى.

ئۆيگە كەلدىم. ئاخىر مەن ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى: بوۋام مەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مېھرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى، دادامنىڭ چېھرىگە ئەندىشە ياماشتى.

— بالام، — دېدى بوۋام، — پەيغەمبىرىمىزمۇ چاچ قويغان، لېكىن ئۆسۈۋاتقان باللار ئۇزۇن چاچ قويسا، كەم ماغدۇر بوپقالىدۇ، ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. چاچنى قىسقى-راق قوي، روھلۇق، تېتىك، جەڭگىۋار تۇرىسەن.

بوۋامنىڭ بۇ گېپى بىلەن يەڭگىللەپ قالدىم، دادامنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى. شۇ چاغدا بوۋامنىڭ چاچ قويغىنىم-غا قارشى تۇرمىغانلىقىدىن خۇش بولغانىدىم. كېيىن ئويلاپ باقسام، بوۋامنىڭ شۇ گەپلىرىدە نۇرغۇن مەنە بار ئىكەن. كېيىن نېمە ئۈچۈن ئايالالارغا ئۇزۇن چاچ يارىشىدىغانلىقىنى، ئايالالاردى-كى نازۇكلۇق، لېۋەنلىكنىڭ ئۇزۇن چاچ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بايقىغاندا، بوۋامنىڭ شۇ سۆزى يادىمغا يەتتى.

بوۋام كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئۇچرىغانلا ئادەمگە نەسىھەت

قىلىپمۇ ئۆلتۈرمايتتى. بىر كۈنى دادام بىلەن بوۋامنىڭ مەن ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم:
— دادا، — دېدى دادام، — بالىغا گەپ قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئۇ سىزدىن بەك تەپتارتىدۇ.
— ھاجىتى يوق، بالام، — دېدى بوۋام، — بالىنىڭ زېھنى ئوچۇق، ھازىر نەسىھەت قىلغان بىلەن كاللىسىدىن ئۆتمەيسە بىكار. ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەنسىرىمەڭ. بىلىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى يەنە ھەق - ھەقىقەت. ئاللاتائالا ئالىملارنى ئەڭ يېقىن بەندىلىرىم دېگەن...
ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بوۋامنىڭ بۇ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ھەرقانداق بىلىم ماھىيىتىگە يېتىپ ئۆگىنىلسە، ئادەمنى ھامان ھەقىقەتكە ئاپىراتتى. ئادەم ھەربىر شەيئىدىن بىر ھەقىقەت بايقىيالايتتى...
بوۋام كەم سۆز ئادەم ئىدى، لېكىن بەزىدە بوۋامنىڭ قۇشلارغا ئۆزگىچە بىر تىلدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. كېيىن بىلسەم، بوۋام ئەرەب - پارس تىللىرىنى بىلەتتىكەن، ئۇنتۇپ قالماي دەپ ئويلاپ، قۇشلارغا شۇ تىلدا سۆز تاشلاپ يۈرگەن بولسا كېرەك. بوۋام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بوۋامنىڭ قۇشلار (بولۇپمۇ كەپتەر) غا قاراپ سۆزلەۋاتقان قىياپىتى ئېسىمگە كەلدى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يەتتىم. بوۋام شۇ چاغدا ئۆز قەلبىنى چۈشىنىدىغان ئادەم تاپالماي قۇشلار بىلەن سۆزلەشتىمۇ يا؟
بوۋام كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن يۇرتقا باردىم. بوۋام بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم. بوۋام قېرىغان، زېھنى ئاجىزلاشقان، ئۇنتۇغاق بوپقالغانىدى. بەزىدە مېنى بالام دەپ چاقىرسا، بەزىدە ئۇكام، دەپ چاقىرىپ سالاتتى. مەن بوۋامدىن كۆپ سوئاللارنى سورىدىم، بوۋام ھەممىسىگە ماڭا ئوخشاش كىتابلاردىن نەقىل ئېلىپ ئەمەس، تۇرمۇشتىن، ئەترا-

پىمىزدىن مىسال ئېلىپ، ناھايىتى چۈشىنىشلىك جاۋاب بەردى. مەن كىتابلاردىن نەقىل ئېلىپ چۈشەندۈرەلمىگەن بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ بوۋامنىڭ تىلىدا ناھايىتى چۈشىنىشلىك بوپقالغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلدىم.

— بوۋا، — دېدىم مەن، — تېگى - تەكتىمىزنى ئوقۇپ باققۇم بار ئىدى.

بوۋام دادىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئېزىپ قالدى، لېكىن چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— تېگى - تەكتىمىزنى بىلىپ باقماقچى بولغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، بالام. بىزنىڭ تېگى - تەكتىمىز مۇشۇ تۇپراق، مۇشۇ جاي، شۇنى بىلىسىڭىز كۇپايە، — دېدى.

خوشلىشىش ۋاقتىدا بوۋام يەنە:

— بالام، سىز تۇرغان يەر ھەرەم (مەككىنى دېمەكچى) گە بەك يېقىن دەيدۇ، — دەپ سالدى.

بوۋامنىڭ گېپى سەل تاققا - تۇققۇ تۇيۇلدىيۇ، بىردەمدىن كېيىن گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

بوۋام مېنى ھەقىقەتكە يېقىنلىشىپتۇ، دەپ ئويلىغاندى، چۈنكى بوۋامنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ئورنۇم بارلىق ھەقىقەتنىڭ قىبلىسى بولغان مەككە يېنىدا ئىدى. ئۇرۇمچى ماھىيەتتە بۇ جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئىدى، بىز جۇغراپىيە چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتكەندۇق...

بوۋام ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا مەن ئۇنىڭدىن ئىككى مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىدە ئىدىم. ئانام ۋاپات بولغاندىمۇ ئۈرۈمچىدە ئىدىم. ئىككى قەدىردان كىشىمنىڭ ئۆلۈمىنى تاۋۇت ئالدىدا ئۆزىتالمىغانىدىم، يول يىراقلىقى بىزنى توسۇپ تۇراتتى. لېكىن، بوۋامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى چوڭقۇر ئويلىنىش ھەسرىتىمگە شىپا قىلدى. يول يىراق بولغان بىلەن،

كۆڭۈل يىراق ئەمەس، سېغىنىشقا يول يىراقلىقى كار قىلمايدۇ.

بۇۋام تۇپراققا كىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا بۇۋامنىڭ «تېگى ـ تەكتىمىز تۇپراق» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ ئايان بولدى. دەسسەپ تۇرۇۋاتقىنىمىز تۇپراق ئەمەس ئەجدادلىرىمىز، بىزنى بېقىۋاتقىنى تۇپراق ئەمەس، تۇپراققا ئايلانغان ئاتا ـ بوۋىمىز. خارلاۋاتقىنىمىز، ناپاك پۇتلىرىمىز بىلەن دەسسەۋاتقىنىمىز تۇپراق ئەمەس، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بېشى، ئىچىۋاتقىنىمىز سۇ ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى.

كىنولاردا دائىم ئاڭلىنىپ قالىدىغان: «مېنى ئۆلتۈردۈم دەپ خۇشال بولما، ئىسسىق قېنىمدىن مىڭلىغان مەنلەر كۆكلەپ چىقىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇمۇ يا؟

يامانمۇ، ياخشىمۇ كېتىدىكەن: گىتلېر ئۆلدى. خەلقنى: «ماۋجۇشى تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلاتقان ماۋزېدۇڭمۇ ئۆلۈپ كەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ گەپ تىرىكلەر مەسىلىسى، قانداق ياشاش مەسىلىسى، خالاس.

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرچە ۋاقىت ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەينىكىمۇ

شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» دېگەن داستانىنىڭ ماۋزۇسىدىكى شېئىرىي كەڭلىك ئادەمنى ئويغا سال-ماي قالمايدۇ. يەر شارىنىڭ قەشقەردىكى تونۇلۇشى، قەشقەردىن ئىبارەت مىللىي مەدەنىيەت سىمۋولىنىڭ نەزىرىدىكى يەر شارى، دۇنيانى تونۇشنىڭ ھەر بىر ئەكس ئەتكۈچى ئوبيېكتتا بىر خىل شەكىلدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق، يەر شارى پەقەت بىر. لېكىن، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى يەر شارى يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ۋاقىتتىن ئىبارەت ئۇقۇممۇ شۇنداق، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك يادروسى بولغان ئادەمدىن تارتىپ، مەلۇم مەدەنىيەت، ھېسسىيات بىرلىكىگە ئىگە مىللەت-كىچە ۋاقىتتىن ئىبارەت ئوبيېكتنى تونۇش ئوخشاش بولمايدۇ. تونۇشتىكى پەرق ۋاقىتنى ئىستېمال قىلىشتىكى پەرقنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋاقىت ئېقىمىنىڭ ئوخشاش بىر نۇقتىسىدا (بىر دەۋردە) ياشاۋاتقان ئوخشاشمىغان مىللەتنىڭ تۇرغان نۇقتىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئىستېمال قىلىۋاتقان ۋاقىت-نىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل پەرق تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر، بەزى مىللەتلەرنىڭ جىسمى ھازىرقى دەۋردە تۇرسىمۇ، روھى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ. بەزى مىل-لەتلەردە ۋاقىتنىڭ رىتىمى تېز، بەزىلىرىدە ئاستا بولىدۇ. ۋا-قىتتىكى تېزلىك ۋە ئاستىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ۋاقىت-

نىڭ بەزى يەردە تېز، بەزى يەردە ئاستا ئۆتىدىغانلىقى ئەمەس، ۋاقىتقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ۋاقىتنى ئىشلىتىشتىكى سىجىللىقى، ياراتقان قىممىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناھايىتى ئاز ۋاقىتتا كۆپ قىممەت يارىتىپ، ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەش ۋاقىتنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى تېزلەشكەن جايلار دەل تەرەققىياتتا ئالدىدا كېتىۋاتقان جايلاردۇر.

ۋاقىت دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەممە ئادەمگە مەلۇم. ئەمما، ۋاقىت دېگەن زادى نېمە؟ دەپ سوئال سورالسا، جاۋاب بەرمەك تەسكە توختايدۇ. ۋاقىت ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇغا ئوخشاش بىر ئېقىندىمۇ؟ كىشىلەر سائەت ئىسترېلكىسىغا، كالېندارغا، ئۆمرىگە نەزەر سالسا، ۋاقىتنىڭ ھەقىقەتەن ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن، سوغۇق قانلىق بىلەن قايتا ئويلانسا، ۋاقىت دېگەننىڭ ئىنسان تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆمۈرگە نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۆتۈۋاتقىنى ۋاقىتمۇ؟ ياق، ئۆتۈۋاتقىنى ئۆمۈر. ئەسلى ۋاقىت دەپ بىر نەرسە يوق. ۋاقىتنى ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرسىتىۋاتقىنى جىسىملارنىڭ (ئاي، قۇياش، يەرنىڭ) ھەرىكىتى، تېنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىش. دېمەك، ۋاقىتنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆمۈردىن ئىبارەت تەننىڭ ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ پىسخىكىمىزدا پەيدا قىلغان شۇ چەكلىك بولغان ياشاش جەريانىمىز. بانكىدىكى پۇلغا ئوخشاش چېكى بار ئۆمرىمىز.

ئۇنداقتا، ئۆمۈرنى بۇنداق تېز ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئاستا ئۆتكۈزۈش ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمگە ئاستىراق يېقىنلاش بولامدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق تېزلىكنى قوغلىشىمىز؟ ئەمەلىيەتتە بۇ سوئاللارمۇ ۋاقىتنى خاتا تونۇشتىن كېلىپ چىققان پىسخىك ئالدىنىشتۇر. تېزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى شۇ چەكلىك ئىمكانىيەتتىن چەكسىز پايدىلىنىش ئارزۇسىدۇر. ئاستى-

لىق مەنىسىزلىكتىن كېلىپ چىققان، پىسخىكىمىزدا يۈز بەرگەن تونۇشتىكى ئاڭقاۋلىقنىڭ نەتىجىسى. ئۆمۈر چەكلىك، ئۇنى تېز ئۆتكۈزگەندەك قىلساڭمۇ، ئاستا ئۆتكۈزگەندەك قىلساڭمۇ ئوخشاشلا شۇ ئۆمۈرنى ئۆتكۈزىسەن. ئۇ ھەرگىز سېنىڭ پايدىلىنىشىڭ بىلەن قىسقىراپ، پايدىلانماسلىقىڭ بىلەن ئۇزىراپ كەتمەيدۇ. باشقىلار بىر سائەت دەپ ئاتالغان مۇساپىدە بىر كۈننىڭ ئىشىنى قىلماقچى بولۇش ماھىيەتتە ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، ئۆمۈرنىڭ مەنىسى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى كۆپەيتكەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ نەزىرىدە ۋاقىت دېگەن زادى نېمە؟ ۋاقىتتىن ئىبارەت ئۇقۇم ئۇيغۇردا قانداق تۈس ئالغان؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان؟

تارىخنى ۋاراقلاپ، ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ خەزىنىلىرىنى ئاختۇرساق، مىللىتىمىزنىڭ ۋاقىت چۈشەنچىسىدىن خەۋەردار بولالايمىز. «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» دەيدۇ ئاقىللار. دېمەك، بۇ ھېكمەتتىن بىزگە يېتىدىغان مەنە مۇنداق: ئوق ئېتىلدىمۇ مەڭگۈ يانالمايدۇ. پەقەت ئالدىغا مېڭىش ئۇنىڭ بىردىنبىر تاللىيالايدىغان يولى. ئۇنىڭ بىر قەدەم ئالغا باسقىنى ئۆلۈمگە بىر قەدەم يېقىنلىغىنى. شۇڭا بۇ قايتىلانماس ئۆمۈرنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇش، قەدىرلەش لازىم. «ۋاقىتنىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى» دەيدۇ يەنە ئاقىللار. كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ۋاقىت — ئۆمۈر دېمەكتۇر. ساڭا مەنسۇپ ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلىشىشى شاڭا مەنسۇپ ۋاقىتنىڭ ئاخىرلىشىشىدۇر. لېكىن بۇ ۋاقىتنى كەتكۈزمەي ئامال يوق. بۇنداق بولۇش مۇقەررەرلىك، شۇ ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە.

«ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت». ئالتۇن ئىنسانلار بىلگەن ئەڭ قىممەتلىك مېتاللارنىڭ بىرى. ئەمما، ئۆمۈر ئالتۇندىنمۇ قىممەت. ھەر بىر ئادەمگە بىرلا كېلىدىغان ئۆمۈر ئەلۋەتتە ئال-

تۆندىن قىممەتلىك. لېكىن، بۇنى كىم تونۇدى؟ لاي سۇدەك ئۆتكەن ئۆمۈر، ھېچقانداق قىممەت، مەنە يارىتىلماي ئۆتۈپ كەت-كەن ۋاقىت نەقەدەر زور ئىسراپچىلىق، نەقەدەر زور جىنايەت. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن، پۇل قاتارلىقلارنى خىيانەت قىلغانلارنى جازا-لايدىغان قانۇنلارنى ئىلان قىلدى. بىراق، ئالتۇندىن قىممەت ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلارنى جازالايدىغان قانۇن تۈزۈلگىنى يوق، بەلكىم تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۇلارنى ئەڭ ياخشى جازالىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇ كىشىلەر ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ تەبىئەت تەرىپىدىن جازالىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالار-مۇ؟ شۇڭا ئۇنداقلارنى تەبىئەتنىڭ جازاسىغا قويۇش ئىنسانىي ئەخلاق ۋە قانۇنچىلىق ھەل قىلالمىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە.

شائىر ل. مۇتەللىپ ۋاقىت بىلەن ئۆمۈرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە «يىللارغا جاۋاب» دېگەن شېئىرىدا ئەڭ قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرگەن ۋە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا «ئىجاد يىللارنى قىرىتىدۇ دەپ بىرىمىز جاۋاب» دەپ يېزىپ ئىجادىيەتنىڭ ۋاقىتقا تاقابىل تۇرۇپ ئۆمۈرنىڭ ۋەزنىنى ئاشۇرۇپ، دەقىقىلەرنىڭ كەڭلىكىنى تېخىمۇ چەكسىزلىككە ئىگە قىلالايدىغان بىردىنبىر ئامىل ئىكەن-لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۇ شېئىر ھەققىدە «ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ شېئىرى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئەنگلىيىدىكى بىر مۇنارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىپ ئويۇپ قويۇلۇپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. لېكىن، «يىللارغا جاۋاب» دۇنيانىڭ ۋاقىتنى ئۆلچەپ بېرىۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ گرىنۋىچ دې-گەن يېرىدىكى دۇنيادىكى بارلىق سائەتلەرنىڭ قىبلىگاھىنىڭ يېنىدا بىر ئابىدە ياساپ ئويۇپ قويۇشقا تېگىشلىك ياخشى شېئىر. ناۋادا ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، گرىنۋىچقا بېرىپ گرىنۋىچتىكى دۇنيانىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغان سائەتنى كۆرگەن

ھەر قانداق بىر كىشى ۋاقىت ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلارغا چۆمەلەيدۇ.

گەپنى قىسقارتساق، يۇقىرىقى بىر نەچچە مىسالدىنلا ئۇيغۇرنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى قارىشىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنداقتا ۋاقىت ھەققىدە بۇنداق دانا قاراشلارغا ئىگە بولغان مىللەتنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق؟ بۇ مىللەتتە ۋاقىتنىڭ تېزلىكى زادى قانداق؟ ئەپسۇسلىنارلىقى، نۇرغۇن كىشى بۇ سوئالنى ئاڭلىغان ھامان ئۇجۇقۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت قارىشىنىڭ تايىنى يوقلۇقى دەرھال كاللىمىزدا «بۇ مىللەت سۆزلەپ ئەمەل قىلمايدىغان» بىر قوۋممۇ نېمە؟ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. راست، دۇنيادا ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر بار بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ ھەقىقەتلەر مەڭگۈ كۆمۈلۈپ قالىدۇ. دۇنيادا گۈزەل ئەقىدىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەمەل قىلمىسا، بۇنداق ئەقىدىلەر مەڭگۈ ھەرىكەتكە ئايلىنالمايدۇ. ئېغىزىدا سۆزلەپ ئەمەل قىلمايدىغان قوۋم ئىشى ئىلگىرى باسمايدىغان، ھەقىقەتكە كەينىنى قىلغان قوۋمدۇر.

ئۇنداقتا ئۇيغۇرنىڭ ئەمەل قىلىنىۋاتقان ۋاقىت قارىشى نېمە؟

تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئاتا - بوۋىلىرىمىز تېخى يېقىنغىچە ۋاقىتنى ئاسمان جىسىملىرىغا قاراپ بەلگىلەپ كەلگەن. گەرچە قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاسترونومىيىگە ئائىت نۇرغۇن بايقاشلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىز دەۋرىدە غەربلىكلەرنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ سائەتنى كەشىپ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى گاللىشىپ ۋاقىتنى مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئەمەس، «بىر ئاش پىشىم»، «بىر تاھارەت ۋاقتى»، دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئۆلچەيدىغان كونىگە چۈشۈپ قالدى. ۋاقىت بىزنىڭ بېساتىمىزدىكى ئەڭ ئەرزان، خالىغانچە ئىسراپ قىلسا بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. ھەتتا كىشىلەر «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت»

دەپ تۇرسىمۇ، قەلبىنىڭ ئىشكى نادانلىق تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ تاشلانغاچقا، بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتى دەۋرىي ھالدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئۆمۈر ئىسراپچىلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆلگەن ھامان باشقىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بەزىلەرنىڭ ھاياتى يوقلىما قىلىنغاندىلا ئەسلەندى. ئۇلارنىڭ رولى بولمىدى دېيەلمەيمىز. دەۋر شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچتى. ئىنسانىنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق نەسلىنى ئۇلاش پونكىتى بولۇش ئۈچۈنلىمۇ؟ بۇنداق غايەت زور دەرىجىدىكى ئىسراپچىلىقنىڭ زىيىنى زادى كىمگە؟

ۋاقىت بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئېتىبارسىز قالغانسېرى ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن تىلىمىزدا ۋاقىت ھەققىدە «ھەش - پەش دېگۈچە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى»، «كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ساقىلىم تىزغا چۈشتى» دېگەن مەجازلار پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتىمىز قارىماققا شۇنچە ئاستا ئۆتكەندەك تۇيۇلىدىغان، ئەمما قاراپ باقسا ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتى يوق ھالغا كېلىپ قالدى.

ۋاقىت قەدىرسىز يەردە ۋاقىت كۈن - ئايلاپ ھېسابلانسا، قەدىرلىك يەردە مىنۇت، سېكۇنتلاپ ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىت قەدىرسىز يەردە بىر سائەت ۋاقىت ھەش - پەش دېگۈچە مەنىسىز ئۆتۈپ كەتسە، قەدىرلىك يەردە مىنۇت - سېكۇنت ۋاقىتمۇ مەنىلىك ئۆتىدۇ. ئۇخلىغاندا نەچچە سائەت ۋاقىت بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلسا، تەنتەربىيە مەيدانىدا، كەسكىن مۇسابىقىلەردە نەچچە سېكۇنت ئادەمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ - مۇجۇپ چىقىدۇ. شۇڭا، چوڭلار «ئۇيقۇ ئۆلۈم بىلەن تەڭ» دەيدۇ. ۋاقىتنىڭ قىزىق يېرى ئادەم كۈتكەندە بەكمۇ ئاستىلىشىپ كېتىدۇ. كۈتۈش جەريانىدىلا ئادەم ۋاقىتنىڭ ۋەزنىنى ئەڭ ياخشى ھېس

www.uyghurkitap.com

قىلىندۇ. كۈتۈش جەريانىدىكى بىكارچىلىق ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاس قالىدۇ. بۇ جەرياندا ۋاقىت ئاستا ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن ئىجادسىز ئۆتۈپ كەتكەچكە شۇنداق ئاستا بىلىنسە كېرەك. ئادەم شۇ چاغدىلا ئۆمۈرنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلى-دۇ. بىز ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلغاندا ۋاقىتنىڭ رىتىمى تېزلاپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاقىتنىڭ تېزلەشكەنلىكى بولماستىن، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

بىكارچىلىق ئاقسۆڭەكلىكمۇ؟ نۇرغۇن بىكار ۋاقىت بولۇش بەختمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىكار بولۇپ قېلىش ھەقىقىي تۈرمە. نېمە ئۈچۈن قانۇننىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان ئەڭ چوڭ جازاسى جەرىمانە، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش بولماي تۈرمىگە سولاش. ئۆلتۈرۈش بولىدۇ؟ چۈنكى، تۈرمىگە سولاش، ئالتۇندىن قىم-مەت ۋاقىتنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئادەمنى مەنى-سىزلىك دۇنياسىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ جازالاشتۇر.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئەڭ چوڭ جازا. شۇڭا، بىكارچىلىق ماھى-يەتتە ئاقسۆڭەكلىك، بەخت ئەمەس، جىنايەت، گۇناھتۇر. بىكار ۋاقىتنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەن كىشىلەر ئەمەلى-يەتتە ئۆز تەقدىرىنىڭ جىنايەتچىلىرى، ئۆز خەزىنىسىنىڭ خىيا-نەتچىلىرىدۇر. ۋاقىت ئېڭىنىڭ تايىنى يوق، ھەممە يەرگە كېچى-كىپ بارىدىغان كىشىلەر ماھىيەتتە ئۆز بەختىگە، ئۆز ئامىتىگە كېچىككۈچىلەر. ئۆز ئۆمرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىسراپ قىلىۋاتقۇ-چىلار ئۆز ئۆمرىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگۈچىلەردۇر.

«ئىجاد شېئىرىمنىڭ ئىز - تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بويىندا.»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆز ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىدىن ئەنە

شۇنداق پەخىرلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدىمۇ؟ شۇنداق، ل. مۇتەللىپ 100 ياش ئۆمۈر كۆرمىگەن بولسىمۇ، 22 ياشلىق ئۆمرىدە ھەقىقىي ياشاپ، 100 ياشقا كىرگۈچىلەرنىڭ ئۆمرىنى داغدا قويدى، ۋەزنى يۈز ياشتىنمۇ ئۈستۈن بولدى.

ۋاقىتمۇ ماھىيەتتە بىر ئەينەك. بۇ ئەينەكتىنمۇ مىللەت روھىغا نەزەر تاشلاش مۇمكىن. ئۆزى 21 ـ ئەسىردە، تەپەككۇرى ئوتتۇرا ئەسىردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت ئالدىدىكى گاڭگىرىشى ئۆمۈرنىڭ يەنە بىر تراگېدىيىسى، ئەلۋەتتە. بىز باغىقى ئۇرۇمچى سائەت تۆتكە يېزىلىپ، يەتتىدە باشلىنىدىغان تويلاردا ئۆزىمىزنىڭ ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلىدىغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىمىزدىن نومۇس قىلىپ ئازابلانغاندا، تويغا كەلگەن 400 ـ 500 ئادەمنىڭ ئۈچ سائەت ۋاقتى بىكار كەتسە، جەملەنسە بىر تويدىلا 50 نەچچە كۈن ۋاقىتنىڭ بىكار كېتىدىغانلىقى ئاقىللىرىمىز كۆڭلىگە ئايان بولۇپ، تىلىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىز بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلمايدىغان بولغاندا داۋاملىشىۋاتقان بۇ ئۆمۈر تراگېدىيىسىنى ئاخىرلاشمايدۇ، دېيەلمەيمىز. چۈنكى، تاڭ ئاتمايدىغان كېچە، تارقىمايدىغان سورۇن بولمايدۇ. ئەمما، تاڭ ئېتىشقا، سورۇننىڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغىنى ۋاقىت ئەمەس، جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى. بۇ قانۇنىيەتنى بىز قاچانمۇ چۈشىنىپ بولارمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دۇملەنگەن روھ ۋە پۇرسەت

## 21 يېشىدا 21 ـ ئەسىرگە كىرگەن ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئابدۇراخمان ئابلىكىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

### 1

يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا بىر مىللەت ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە؟ دېگەن سوئالغا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ھايات بىلەن ۋاقىتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ يەتكەن، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىدىكى ماھىيەتنى پەلسەپىۋى كۆز بىلەن كۆزىتىپ باققان مىللەتلەرنىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابى چوقۇم ئەڭ توغرا، ھاكىم ئورۇندىكى جاۋاب بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار كېلىۋاتقان يېڭى خىرىس ۋە پۇرسەتنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىنى ئالدىقاچان چۈشىنىپ بولغان، ھەرقاچان تەييارلىق ھالىتىدە تۇرغان سوغۇق قان مىللەتلەردۇر.

يېڭى ئەسىر بىلەن يېڭى ئېرانىڭ خاسىيەتلىك قەدەملىرىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىلىدا پۈتكۈل دۇنيادا مۇھاكىمە دولقۇنى قوزغىغانىدى. دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ ئالىملىرى چىقىش ئالدىدا تۇرغان 20 ـ ئەسىرنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، كېلىۋاتقان يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرانىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي پەرەزلەرنى ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە

ئوخشاش تەسۋىرلەپ چىقىشتى. ئىنسانلارنى يېڭى ئەسىرنىڭ كەلتۈرمىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، پۇرسەتلەردىن خەۋەرلەندۈردى. ئىنسانىيەتنىڭ 20 - ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەلگۈسى ھەققىدىكى بۇ پەرەزلەرنى ئىلمىي ھۆكۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى.

بۇ ئون نەچچە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ھاياتلىق سەھنىسى قىلىپ تاللىۋالغان بىر مىللەتنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئىمكانىيىتىم يەتكەن دائىرىدە ئۇچۇرلارنى يىغىپ، يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ھەققىدىكى نۇرغۇن بىلىملەردىن ئوزۇقلاندىم. تەرەققىيات ئەڭ ئۈستۈن ئەللەردىكى يېڭى ئەسىر مۇھاكىمىسى ئەڭ كۈچلۈك، ئۇلار ھېس قىلغان كرىزىس تۇيغۇسىمۇ شۇنچە ئېغىر ئىدى. تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەردە ئەھۋال ئەكسىچە ئىدى. 1978 - يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ شاراپىتىدە دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، تارىخ جەھەتتە ئىنتايىن قېرى، ھازىرقى زامان تەرەققىياتى جەھەتتە تولىمۇ گۆدەك بولغان ئۇيغۇر مىللىتىمىدىچۇ؟

گەرچە بىز (ئۇيغۇرلار) تارىختا «كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن، يىلنىڭ ئىشى باھاردىن» دېگەن ھېكمەت بىلەن ۋاقىت تەرتىپىنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى مەنىسىنى بەكمۇ مېغىزلىق شەرھلەپ چىققان، ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولغان نورۇزنى ئالاھىدە بايرام تۈسىگە ئىگە قىلىپ، ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن مىللەت بولساقمۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەنە قاتلىمى ئاجايىپ مۇرەككەپ بولغان، بىزنىڭ تارىخىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز ھالقىلىرىغا يوشۇرۇپ تۇرغان يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ھەققىدىكى مۇھاكىمىمىز تولىمۇ يۈزە ۋە كۈچسىز ئىدى. بۇ ئون نەچچە يىل جەريانىدا مىللىتىمىزنىڭ

يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاشقا ئالاھىدە كۆچ سەرپ قىلدىم. قەلبىم جەمئىيەتتىن يېڭى ئەسىر، يېڭى ئېرا ھەققىدىكى ئاجايىپ يالقۇنلۇق نىدالارنى تەمە قىلاتتى، كۆزۈم خەلقىمىنىڭ قولىدىن يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ئۈچۈن تەييارلانغان ئېسىل سوۋغىلارنى ئىزدەيتتى.

يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە؟ بۇ سوئالغا ئۇيغۇرلارنىڭ بېرىدىغان ئارتۇق جاۋابى يوق. يېڭى ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز رىقابەتتىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىمتىھان مەيدانى.

## 2

مىللىي روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئويلىنىش، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تالاي قېتىم مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە كۆزۈمگە ئەڭ كۆپ چېلىققىنى چۈشكۈنلۈك بولدى. كېيىن سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىش ئارقىلىق چۈشكۈنلۈك تەقدىرنىڭ بىر مىللەت ياكى ئادەمگە بەرگەن جازاسى ئەمەس، پۈرسىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە ئەڭ ئەقىللىق، تەپەككۇرى ئوچۇق مىللەتلەرنىڭ چۈشكۈنلۈكى شۇنچە ئازابلىق بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى كالۋالىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئەقلىي ئەۋزەللىك تۈپەيلىدىن پارتلاپ چىقىدىكەن. چۈشكۈنلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ياكى تاشقى سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان تەرەققىيات توسقۇنلۇقىنىڭ، بۇ توسقۇنلۇق نەتىجىسىدە مىللىي ۋۇجۇد ياكى شەخس ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئىلغار ئامىللىرىنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. چۈشكۈنلۈك يەنە روھنىڭ تاشقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەت دۇملىنىپ قېلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ناۋادا ئۇ مەلۇم



www.uyghurkitap.com

تاشقى سەۋەب ياكى ئىچكى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئېغىز ئېلىش
پۇرسىتىگە ئېرىشسە، مىللىي تەرەققىياتنىڭ پارتلاپ تۇرغان
تۇرتكىلىك كۈچىگە ئايلىنىدىكەن. هاياتنى مەنىسىز هېس قىلىپ
زەهەر چەككەنلەر، ئەقلىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاجايىپ
تەسەۋۋۇرغا ئىگە جىنايەتچىلەرمۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭ-
لاشقا، ئالىملار جىنايى تەپەككۇردىكى تەرەققىياتتىن بىر جەمئى-
يەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىۋالغىلى بو-
لىدۇ، دەپ هۆكۈم چىقارغان.

1978 ـ يىلىدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات
ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئىدىيە ئازادلىقى ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىنى،
شۇ قاتاردا بۇگۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى، جۇملىدىن
خروئىن، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق سەلبىيەتلىكلەرنىمۇ ئېلىپ
كەلدى. لېكىن، تەربىيىلىنىشتىكى ئاجىزلىق، ئۇنىۋېرسال رى-
قابەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىسلاهاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا
ئەگىشىپ، مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكىنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.
رەهىمسىز هاياتلىق رىقابىتى روهىمىزغا كەلكۈندەك بېسىپ كىر-
دى.

بىزدە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ئەزەلدىن شۇنداق تۆ-
ۋەنمىدى؟ هاياتلىق ئىقتىدارى شۇنچە زەئىپمىدى؟ ياق! 20
نەچچە يىللىق ئىسلاهات جەريانى، 1990 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن
ئۆزگىچە قايتا باها بېرىشتىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى ئىچى-
دە ئايان بولغان بىر هەقىقەت بىزنى سەگىتتى: بىزدە پەقەت
پۇرسەت يوق ئىدى!

ئەجدادلىرىمىز تارىختا پۇرسەتنىڭ ئىنسان هاياتىدىكى هەل
قىلغۇچ رولى هەققىدە كۆپ توختالغان. ئۇلار پۇرسەتنىڭ سىرى
ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پۇرسەتنى قانداق يارىتىش، ئۇنىڭغا قانداق
ئېرىشىش ۋە ئۇنى تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ هېكمەتلى-
رىدە بايان قىلغان. ئۆزلىرىمۇ تارىخىي پۇرسەتلەردىن ئاجايىپ

ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

شەخسنىڭ پۇرسىتى ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ پۇرسىتى ئىچىدە بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ پۇرسىتى شەخسىي پۇر-سەتنى بەلگىلەپ قويىدۇ. بىر جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئىلغار-لىق جەمئىيەتنى نۇرغۇن ئېسىل پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىسە، قالاق تۈزۈلمە جەمئىيەتتە ئەزەلدىن بار بولغان پۇرسەتلەرنىمۇ بوغۇپ قويىدۇ. جەمئىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكمۇ بوغۇلغان پۇرسەت-لەر تۈپەيلىدىن تالانتنىڭ ياۋۇزلۇقىيا، ئىگىسىنى زەھەرلەيدىغان ئۆسمىگە ئايلىنىش جەريانىدۇر.

تالانتلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇھىتتا ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىلىرىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلەنمىگەن ھالدا ئادەتتى-كىچە ياشاپ توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ»، «ئۇرۇش بولمىسا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئۆتكۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك مىسران قىلىچ بولسىمۇ، چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ» دەپ پۇرسەتنىڭ رولىنى تولىمۇ ئوبرازلىق ھالدا شەرھلەيدۇ. شۇنداق، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدا دۇنياغا مەشھۇر سۇ ئىنشائاتى قۇ-رۇلۇشى ـــ سەنشيا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلمىغان، كوچرەين بوغۇز ئارىلىقىغا سىم تارتىپ بوغۇزدىن ئۆتۈش خىيالىغا كەلمى-گەن ۋە جىننىس دۇنيا رېكورتى ياراتمىغان بولسا، بەلكى ئادىل ھوشۇر دارۋازلىقنى قىلىپ يۈرۈۋەرگەن، كوچرەينىگە جەڭ ئېلان قىلمىغان ۋە دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتىنى ياراتمىغان، شۇن-داقلا ئۇنىڭغا «پەلەك شاھى» دېگەن بۈيۈك ناممۇ نىسىپ بولمى-غان بولاتتى. دېمەك، گىبزى كەلگەندە تۇتالىسا، پۇرسەت بىر

ئادەمنىڭ، ھەتتا كەلگ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر دۆلەت، بىر
مىللەتنىڭمۇ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىكەن!
پۇرسەت ئۆزلۈكىدىن «دوقا ماڭلايغا كېلىدىغان تەلەي» ۋە
ياكى كۆتمىگەندە ئۇچراپ قالىدىغان «غايىب خەزىنە» ئەمەس،
ئۇ پەقەت بەل باغلىغان كىشىلەرلا چۈشەلەيدىغان چېلىشىش ياكى
بەيگە! كىمكى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەزگۈر، ئاقىل، چاق-
قان، ئالدىن كۆرەر بولسا، سەئيى - ئىجتىھات قىلسا، قان -
تەر تۆكۈش، ھەتتا قۇربان بېرىشتىن ئايانمىسا، قولغا كەلگەندە
پايدىلىنىشقا ماھىر بولسا، ئۇ شۇنىڭ قولىدىكى تەڭداشسىز قو-
رالغا ئايلىنىدۇ.

## 3

يېڭى ئەسىرگە ئاز قالغانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولىدى-
غان بولۇپ قالدى. ھايات بارغانچە مەززىسىزلىشىۋاتقاندەك، ئا-
دەملەر بىر - بىرىگە يالغان كۈلۈپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. كۆڭ-
لۈمدىكى بۇ تۇيغۇ خۇددى ھېيت يېقىنلاشقانسېرى ئاتا - ئانا،
ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىدىن ھېيتلىق كۈتۈپ،
ئۈچۈق بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي جىلى بولۇپ كېتىۋاتقان
كىچىك بالىنىڭ تۇيغۇسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. تۇساتتىن تارالغان
بىر خەۋەر كۆڭلۈمنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى: 21 ياشلىق بوكس
ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا بوكس تۇرىدە ئولىمپىك
تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش — 2000 - يىلى ئاۋستراليە-
نىڭ سىدنېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت
يىغىنىدا بوكسچىلارنىڭ 75 كىلوگراملىقلار بويىچە دۇنيا چېمپى-
يونلۇقىنى تالىشىش ھوقۇقىغا، ياق، پۇرسىتىگە ئېرىشتى. خە-
ۋەردىكى «تۇنجى» سۆزى ئادەمنى خۇشال قىلاتتى ھەم ئەپسۇسلاند-
دۇراتتى. خۇش قىلىدىغان يېرى «تۇنجى» دېگەن سۆز بىلەن

www.uyghurkitap.com

يېڭى بىر ئۇلۇغ باشلىنىشنىڭ پارلىقتا كەلگەنلىكى، بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگولۇقتا ۋاكالىتەن بىر خەلقئارالىق تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئۆز جاسارىتى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرىپى، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئولىمپىك تارىخىدىكى مۇشۇ تۇردە ئاق تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئىدى.

بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا دۇنياۋى قەھرىمانلارنىڭ پات - پات چىقىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ قېنىنى يېڭىلىغانلىق بىلەن باراۋەر. چۈنكى، مىللىي قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق كۈچى چۈشكۈنلۈك ئازابىدا تۇنجۇقۇپ، چىقىش يولى تاپالماي تۇرغان تالاي ئادەمنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ، ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ ئىجتىمائىي ئەخلەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلارغا جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. قەھرىماندىكى جاسارەت ماھىيەتتە مىللەتنىڭ جاسارىتىدۇر، ئابدۇراخماننىڭ ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان كۈچ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان كۈچتۇر. گەرچە باتۇر ئوغلانىمىز ئابدۇراخمان بوكس مەيدانىدا رەقىبىنى يەڭگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە مەۋجۇتلۇق مەيدانىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يەڭدى. ئابدۇراخماننىڭ غەلىبىسى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، سوۋۇغان قانلىرىنى قايناتتى.

ئابدۇراخماننىڭ غەلىبە يولىمۇ پۇرسەت ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنى ئىسپاتلىدى. پەخىرلىك، باتۇر ئوغلانلىرىمىزدىن ئابدۇشۈكۈر مىجىت «بوكس شاھى» بولغاندا، ئەكرەم مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەندە، ئابدۇراخمان تېخى ئانچە نامى چىقمىغان بالا ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزبېكىستاندىكى خەلقئارا سەھنىدە بىردىنلا نام چىقاردى. بىردىنلا چولپانغا، خەلقىمىز قەلبىدىكى چىراغقا ئايلاندى. پۇرسەت ۋە خى-

رىسقا تولغان ئەي 21 - ئەسىر، مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ساڭا تەييارلىغان سوۋغىتى، دەرۋازاڭنى قاقىدىغان سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە پولاتتەك مۇشتى!

# زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

ئېسىمدە قېلىشىچە، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى جەمئىيەتتە ھەربىيگە چوقۇنۇش بىر مەزگىل مودا بولغانىدى. ئەڭ گۈزەل قىزلار سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە ھەربىيلەرنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىشنى ئۆز تاللىشى قىلغان. ھەربىيلەرگە ياتلىق بولالىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشقانىدى. ھەربىيچە كىيىنىشمۇ مودا ئىدى. كېيىن شوپۇرلار بىردىنلا جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم چوڭ بىلىدىغان مەنپەئەتلىك شەخسكە ئايلاندى. جاھاننىڭ ئىشلىرى پۇلغا يۆزلەنگەندىن كېيىن، سودىگەر ـ خوجايىنلار، ئەمەلدار ـ باشلىقلار مودا بولدى. نەچچە يىل ئىلگىرى كىشىلەر تېلېفون تۇتۇپ سۈرەتكە چۈشكەنلىكى، چاقىرغۇ ئاسقانلىقىدىن پەخىرلەنسە، ھازىر يانفونى بارلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇشتى. رېستوران دەۋرى ئاخىرلىشىپ كەچلىك بەزمىخانا، دىسكوخانا دەۋرى باشلاندى… تېلېۋىزور ئومۇملاشماستا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ياشلار ھازىر كومپيۇتېر ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى…

ئاجايىپ بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. ئادەملەر ئۇچۇرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان. ھەرخىل ئىدىيىلەر زامانىۋى ۋاستىلەر — گېزىت، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ئارقىلىق مېڭىمىزدىن ئورۇن ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە. بىزمۇ نېمىلەرنىدۇر ئاقلاش، قانداقتۇر بىر ئىدىيىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۆزىمىزنى ئىپادىلەش، كىملەرگىدۇر تاقابىل تۇرۇش… ئۈچۈن ئالدىراش.

جەمئىيەتمۇ شۇنچىلىك ئالدىراش. تۇنۇگۈنكى نەرسىلەر بۈگۈن يوق. تۇنۇگۈنكى يېڭى ئىدىيە بۈگۈن يوق. تۇنۇگۈنكى ئىدىيە بۈگۈن ۋاقتى ئۆتكەن كونا گەپكە ئايلىنىپ قالغان... تۇنۇگۈن خاتا دېيىلگەن نەرسىلەر بۈگۈن تۇيۇقسىز توغرا بولۇپ چىققان. دەۋر ئادەملەردىن ھوشيارلىق، چىدام، جەسۇرلۇق تەلەپ قىلماقتا...

تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئەڭ زور چۇقانى، جەمئىيەتنىڭ ھەر يىللىق تەرەققىياتىنى پىرسەنتلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلىق تەقەززاسىدىن چاك - چاك بولۇپ كەتكەن نەزىرىگە تاشلاش دۇنيا يۈكسەك دەرىجىدە ماددىي تۈس ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى يېڭى ئىجتىمائىي ھادىسە. تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق ئىنسانلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئەكەلدى. لېكىن، دۇنيادىكى مىللەتلەر تەپەككۇر قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ يېڭىلىقلارنى ھەرخىل ھەزىم قىلدى. بەزى مىللەتلەردە ئاجىز تەنگە كۈچلۈك دورا، ئاجىز ئاشقازانغا قۇۋۋەتلىك تائام زىيان قىلغاندەك، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پىشانىگە ئايلانماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە روھىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كېسەللەرگە گىرىپتار قىلدى. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ھاسىلاتلىرى — پەن - تېخنىكا مۆجىزىلىرى خۇراپاتلىقنىڭ زامانىۋى شەكىللىرىگە ئايلىنىپ، ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز، تارىخىي جەھەتتە قېرى، زامانىۋىلىق جەھەتتە گۆدەك مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان كىشەن بولۇپ قالدى. ھەتتا 500 نەچچە يىل دۇنيانىڭ ئىلغار تەرەققىياتىنىڭ ئوربىتىسىدىن ئايرىلىپ، دۇنيادىن خەۋەرسىز بېكىنمە ھالەتتىكى ياشاش، نادانلىق شۇنداق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى دۇنيانىڭ يېڭى تەرەققىيات مۆجىزىلىرى ئالدىدا خۇدۇكسىرەيدىغان، گاڭگىرايدىغان ھالغا

www.uyghurkitap.com

ئەكېلىپ قويدى. ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى ئۇلارنى خۇراپاتلىق-
نىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى.

خۇراپات دېگەن ئۇقۇم قاچان، قەيەردە بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن، خۇراپاتلىقنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، تەپەككۇرىمىزغا ياندىشى-قانلىقى مەلۇم. تارىختىن بۇيان خۇراپاتلىق ئىجتىمائىي تەرەققى-ياتقا ئەگىشىپ، ھەرخىل تۈس ئېلىپ تۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىلەن ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. كىشىلەر ئۇ-نىڭغا ھەرخىل تەدبىرلەرنى بەردى. «پەنگە قارشى، ئىلمىي ئاسا-سى يوق، مەلۇم نەرسىنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۈ-رۈش، قارىغۇلارچە ئىشىنىش» خۇراپات ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەد-بىرنىڭ جەۋھىرى بولدى.

ئۆتمۈشتە كىشىلەر ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن سىرلارنى ئېچىپ، خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىدۇ، دەپ قاراشقانىدى. لېكىن، خۇراپاتلىقنىڭ ئىلىم ـ پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى دەۋ-رىگە كىرگەن بۈگۈنكى زاماندىمۇ يېڭىچە شەكىلدە مەۋجۇت بو-لۇپ، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماسلىقى بۇ خىل قاراشنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەقىقەتەن تارىختىكى نۇرغۇن خۇرا-پاتلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقالغانىدى. لېكىن، بىرخىل كونا خۇراپاتلىق يوقالسا، زېمىنى چوڭراق يېڭى خۇراپات-لىق پەيدا بولدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات كونا ـ يېڭى خۇراپات-لىقنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش جەريانى بولۇپ قالدى.

خۇراپاتلىق دېگەن سۆز خەنزۇچە 迷信 دېيىلىدۇ. بىز بۇ سۆزنى زاغرا تىل بىلەن تەرجىمە قىلساق، قارىغۇلارچە ئىشە-نىش، ئازغۇن ئېتىقاد دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خۇراپاتلىق دېگەن سۆزنىڭ مىللىتىمىزدىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن خەنزۇ-لاردىكى ئىستېمال مەنىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، خۇراپاتلىق-

نىڭ بىرخىل ئازغۇن ئېتىقاد، خاتا ئىشەنچ جەريانى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئادەم تەن ۋە روھتىن ئۆرە بولغان بىر مەۋجۇت- لۇق. تەننىڭ ئوزۇقى تاماق، روھمۇ ئۆزىگە خاس «تاماق» قا موھتاج. روھ بىر خىل پسىخىك مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئېتىقاد، غايە، دۇنيا قاراش، ئىشەنچ ئۇنىڭ ئوزۇقىدۇر. خۇراپاتلىقمۇ بىر خىل ئىشەنچ جەريانى بولغاچقا، ئىنسان پسىخىكىسى ياكى روھى ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم تەسەللىگە ئېرىشىدۇ. دېمەك، روھتى- كى بۇ خىل ئېھتىياج خۇراپاتلىقنى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ. روھىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تاراشلىنىشى جەريانىدا تا- ۋارلاشقان جەمئىيەتتىكى ئېلان تۇسىنى ئالغان ھەرخىل ئۇچۇر- لارنى قوبۇل قىلىپ، مەلۇم شەيئىنىڭ رولىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۇچۇن تۇۋرۇك بولالايدىكەن، دېگەن قاراشقا كې- لىدۇ. لېكىن، روھتىكى تارىخىي قېرىلىق بىلەن زامانىۋى گۆ- دەكلىك بەزى قاراشلارنى بىلىپ - بىلمەي مۇبالىغە قىلىپ، خۇراپاتلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ جەريان خۇددى بەزى نادان كىشىلەرنىڭ كېسەلدىن تېز ساقىيىپ كېتىمەن، دەپ دورىنى دوختۇر بۇيرۇغان مىقداردىن ھەسسىلەپ ئارتۇق يەۋېلىپ، كې- سەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن جەرياندا قىلغان تەپەككۇرىغا ئوخشايدۇ. زامانىۋى خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنى دەل مۇشۇ خىلدىكى زىياندۇر. بۇ خىل زىيان مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بوغۇشلايدۇ. ئۇيغۇرلار تا- رىختىن بۇيان كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد يەڭگۈشلىگەن، روھ ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرگە مايىل خەلق بولغاچقا، خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت روھ ھادىسىسىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈر- گۈچى بىر مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. گەرچە بەزىدە خۇراپاتلىق مىللىي مەدەنىيەتكە سىڭىشىپ ئۇنىڭغا جۇلا ۋە سىرلىقلىق بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، كۆپ ھالدا مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇش رولىنى ئوي-

ناپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىتىمىزنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن ياۋروپاغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەرىپەت ئويغىنىشى ۋە سانائەتلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەي ھەم يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تەجرىبە ـ سىناق قىلىپ كۆرمەي، زامانىۋى ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرىگە سەكرەش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان مىجەزدىكى تارىخىي قېرىلىق ۋە زامانىۋى گۆدەكلىك ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرىدە يەنە يېڭى زامانىۋى خۇراپاتلىقنىڭ مۇنبەت ئېتىزىغا ئايلىنىپ، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەپەككۇرىمىزنى زەنجىرلەشكە كىرىشتى. پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىنى مۇبالىغە قىلىش، ئۆلۈك ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش، چوقۇنۇش خۇراپاتلىقنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ يېڭى شەكلى بولۇپ قالدى. «بىزنىڭچە، خۇراپاتلىق بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرى، ئامەت ـ تەلىيىگە قارىتا تۇتىدىغان غەيرىي ئەقلىي ئېتىقاد پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىدۇر. خۇراپات ماھىيەتتە تەقدىرگە بولغان بىرخىل ئېتىقاد بولۇپ، خۇراپاتلىقنىڭ ئوبيېكتى، مەنىسى، نەتىجىسى ۋە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىشچان، ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسە بولغاچقا، ئەقلىيلىك (خۇسۇسىيەت) بۇ نۇقتىدا دائىم رول ئوينىيالمايدۇ. ئەكسىچە غەيرىي ئەقلىي خۇراپاتلىق ئەقلىيلىكنىڭ كەمچىللىكىنى تولۇقلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئالدىن بىلىشىگە، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ پالاكەتچىلىكتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەنئەنىۋى فولكلور ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سانالغان خۇراپاتلىق دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولۇشى، دەۋر تەلىپىگە يارىشا ئوخشاشمىغان شەكىللەرگە ئىگە بولۇشى، ھەتتا كونكرېت پائالىيەت شەكىللىرىدە تۈپتىن يېڭىلىنىشلار بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ شىنجاڭ پېداگو-

گىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1998 - يىللىق دوكتور ئاسپ-
رانتى، فولكلور پەنلىرى بويىچە ياش ئالىم ئەنۋەر سەمەد غەر-
بىي.

بىز بۇ ماقالىدە ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇت بولۇ-
ۋاتقان خۇراپاتلىقنىڭ دەۋرىمىزدىكى يېڭىچە ئالامەتلىرى ئۈستىدە
قىسقىچە توختىتىلىمىز.

## 1. كىتاب خۇراپاتلىقى

كىتاب خۇراپاتلىقى كىتابقا چوقۇنۇش، ھەممە مەسىلىنىڭ
جاۋابىنى كىتابتىن ئىزدەش، كىتابىي بىلىملەردىن گۇمانلىنىشقا
پېتىنالماسلىق، تەپەككۇرى كىتابتىن ئىبارەت قېلىپقا سولىنىپ
قېلىش خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. كىتاب ھەقىقەتەن بىر بىلىم
خەزىنىسى. ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى يېزىق، قەغەز، مەتبەئەگە
ئوخشاش بىر مۆجىزە. ھازىر دۇنيادا بىر دۆلەت ئاھالىسىنىڭ
كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى شۇ دۆلەت ئاھالىسى-
نىڭ ساپاسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. ستاتىستىكىلاردىن
قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيادىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى
دۆلەتلەر كىتاب ئىستېمالى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەردۇر. دۇنيادىكى
تۇنجى كىتابنىڭ قاچان، قەيەردە بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم ئە-
مەس. لېكىن، نۇرغۇن مىللەت - دۆلەتلەر — مىسىرلىقلار،
جۇڭگولۇقلار، يەھۇدىيلار، سۇرىيىلىكلەر تارىختىكى تۇنجى كى-
تابنى ئەجدادلىرىمىز بارلىققا كەلتۈرگەن، دەپ پاكىت قويۇپ،
ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەزەلدىن ئۈستۈن ئەۋزەل، يوشۇرۇن كۈچكە
ئىگە مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. كىتاب
بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى يىللار - ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى
ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرىسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ تالاي ئەقىل دۇردانە-

لىرى غايىب بولغانىدى. كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت-نىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ساقلايدىغان خەزىنىگە ئىگە قىلدى، تارىخ بۇ خەزىنىنى بېيىتىپ باردى. تارىخنىڭ ھەرخىل قاتلاملى-رىدا بارلىققا كەلگەن مۇتەپەككۇر - ئالىملارنىڭ ئەقىل - پارا-سىتىدىن بۇ خەزىنە تېخىمۇ زورىيىپ، تولۇقلىنىپ نۇرلاندى. كىتاب يەنە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلايدىغان، بۈگۈننى ئۆت-مۈشكە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان سۆھبەت سورۇنىدۇر. تارىختا كىتاب ھەققىدە ئاجايىپ بۈيۈك تەرىپاتلار بولۇنغان. ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورگىس: «كىتاب ئىنساند-يەتنىڭ خاتىرىسى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۇزىرىشىدۇر» دېسە، جەما-لىددىن ئافغانىي: «ئاللا ئىنسانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئىككى كىتاب ئەۋەتتى، بىرى ‹قۇرئان كەرىم›، بىرى تەبىئەت. لېكىن بۇ ئىككى كىتابنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ» دېگەنىدى. ئادەملەر كىتابنى يەنە خەزىنىگە ئوخشاتقان. قەدىمكى مىسىرنىڭ كىتاب زاپىسى بىقد-ياس كۆپ بولۇپ، ئىسكەندىرىيە كۇتۇپخانىسىغا ئوت كەتكەندە كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغان بولدى، دېگەندە، ئىمپېراتور قەيسەر: «مەيلى، كۆيۈۋەرسۇن، بۇ كىتابلاردىكىنىڭ ھەممىسى جۆيلۈش» دېگەنىدى. بىزدە: «كىتاب — بىلىم بۇلىقى» دەيدىغان ھېكمەتمۇ بار. كىتاب ھەققىدە يەنە تالاي ھېكمەتلىك تەرىپاتلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇنداقتا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدا شۇنداق مۇھىم رول ئوينىۋاتقان كىتابقا چوقۇنۇشنى نېمە ئۈچۈن خۇراپاتلىق، دەپ قارايمىز؟

ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى، مائارىپنىڭ ئۇنىۋېر-ساللىشىشى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە مۇنتىزىملىشىشى، مەتبەئە تېخ-نىكىسىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنى كىتاب بىلەن

چەمبەرچاس باغلىدى. كىتاب بىزنىڭ كۆز، قۇلاق، قولىمىزغا ئايلاندى.

ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى بۆسۈش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيە چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەرشارى مەنتىقە جەھەتتىن كىچىكلەپ بىر كىچىك كەنت ھالىتىگە كېلىپ قالدى. كىتابنىڭ ئىنسانىنىڭ دۇنيانى تونۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان قوراللىق خاراكتېرى مىسلىسىز كۈچەيدى. كىتابنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، سەگەك تەپەككۇر بىلەن چىن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. يۇكسەك قەدىمىي مەدەنىيەتكە، مەردەت ئىگىسىغا ئىگە ئۇيغۇرلاردىكى كىتابنى ئۇلۇغلاش (كىتابنى ئۇلۇغلاش مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك مىللەتلەردىكى بىر يۇكسەك ئاڭ) تۇيغۇسى بىلەن كىتابنىڭ زامانىۋىلىقتىكى يارغانسېرى مۇھىملىشىۋاتقان يېڭى رولى بىرلىشىپ، بىزدە كىتاب ھەققىدە يېڭى تونۇش پەيدا قىلدى. لېكىن، زامانىۋى تەپەككۇردىكى گۆدەكلىك ۋە بېكىنمە خاراكتېر تۈپەيلىدىن كىتابقا بولغان بۇ خىل پايدىلىق تونۇش ئوڭايلا كىتاب خۇراپاتلىقىغا ئورۇن بوشاتتى. مىللەتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى رېئال مەسىلىلەرگە رېئاللىقتىن، ئۆز تەپەككۇرىدىكى جاۋاھىراتلارنىڭ يورۇتۇشىدىن جاۋاب ئىزدىمەي، كىتابتىن جاۋاب ئىزدەش، كىتابتا جاۋابى يوق مەسىلىلەر بىلەن كارى بولماسلىق، كىتابنى ھەممىگە قادىر ئەڭگۈشتەر ھېسابلاشتەك تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى. كىتابقا بېرىلگەن تەبىرلەردىكى ئىجابىي ئامىللارنىڭ كۆپلۈكى كىتابقا بولغان تونۇشىمىزدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىتابنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان كىتابنىڭ ئىجابىي ئىدىيە، ئىجابىي بىلىم تارقىتىشتىن باشقا زەھەرلىك ئىدىيە، سەلبىي بىلىم تارقىتىش رولىغا سەل قارالدى. زامانىنىڭ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغى «دۇنيادا

خاتا ئىدىيە يوق، ئوخشاشمىغان كۆز قاراش مەۋجۇت» دېگەنى-
كەن. بۇ قاراش كىتابنىڭ خاراكتېرىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان
بىر سۈپەتتۇر. كۈندۈزنىڭ كېچىسى، تۇغۇمنىڭ ئۆلۈمى بول-
غاندەك، ھەرقانداق بىر كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاشكارا ياكى
يوشۇرۇن ئىدىيە، تۇرمۇش كۆز قاراشلىرى، ھەرخىل بىلىملەر
ئىنسانىيەت ئۈچۈن پۈتۈنلەي پايدىلىق ياكى پۈتۈنلەي زىيانلىق
بولۇپ كېتىشى ناتايىن. كىتاب — يازغۇچىنىڭ مەھسۇلاتى.
يازغۇچىمۇ بىر ئادەم. ئۇ ئادەم بولۇش سۈپىتىدە مەلۇم بىر
مەدەنىيەت قارىشىغا، ئۆزىگە خاس قىممەت ئەنئەنىسىگە ئىگە
مەلۇم توپنىڭ ياكى مىللەت - دۆلەتنىڭ ئادىمى، شۇنداقلا مەلۇم
دەۋر، مەلۇم ئىدېئولوگىيىنىڭ ئادىمى. ئۇنىڭ يازغان كىتابى
مەيلى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كەتسۇن، ھامان چەكلىمىلىككە،
بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. دۇنيادا خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن
پەرقلىنىدىغان ھەرخىل دەۋر، ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى
قىل سىغماس پاكىت. كىتاب ئۆلۈك نەرسە. تەپەككۇر كىتاب
قۇرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ،
يېڭى بىر تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشمىغۇچە
تىرىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق كىتاب ئاپتور ۋە ئاپتور
ۋەكىللىك قىلغان ئادەملەر توپىنىڭ قارىشى - مەقسىتىدىن خا-
لىي ئەمەس. لېكىن، كىتابنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن چۆ-
چۈپ مەلۇم كىتابلارنى تارقىتىپ، مەلۇم كىتابلارنى چەكلەشنىڭ
ھاجىتى يوق. گەرچە بەزى دۆلەتلەردە سىياسىئونلار ھەقىقەتەن
شۇنداق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۆز ئىدىيىسى ۋە مەنپەئىتىگە
زىت كېلىدىغان كىتابلارنى چەكلەپ، تىزگىنلەپ باققان بولسى-
مۇ، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىسپات-
لىدى. ھازىرقىدەك ئېچىۋېتىلگەن، ئۇچۇرلاشقان، يۈكسەك دە-
رىجىدىكى دېموكراتىيە ئىنسانلارنىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلانغان
چاغدا، كىتابلارغا چەك بېكىتىپ بېرىش شىددەتلىك زور كەلكۈن-

نى قوۋم توغان بىلەن توسىماقچى بولغاندەك ئەخمىقانىلىكتۇر، خالاس. تەپەككۇردىكى سەكرەش سىياسىي تەپەككۇردىكى سەكرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى مۇقەررەر. سىياسىي رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىش مەلۇم ۋاستىلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاستىلەرنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئۆزگەرمەي شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كىتابمۇ بىر ۋاستە. ھەرخىل گۇرۇھلارنىڭ مەقسىتى كىتاب كەينىگە يوشۇرۇنغان. شۇڭا، كىمدۇر بىرى: «مەن كىتاب ئوقۇغاندا خەتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، قۇرلار ئارىلىقىنى ئوقۇيمەن» دېگەنىكەن. ئاددىي تەپەككۇر بىلەن ئېيتقاندا، قۇرلار ئارىلىقىدا ھېچنېمە يوق، ئۇنى ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس. چوڭقۇرراق ئويلانساق، بۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن. شۇ چاغدا بۇ كىتاب ئوقۇشتىكى ئىنتايىن جانلىق ئۇسۇل بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى قۇرلار ئارىلىقىنى ئوقۇش ماھىيەتتە قۇرلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مۇددىئا ـ مەقسەتنى ئوقۇشتۇر. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر كىتابتا مۇددىئا بار. بۇ مۇددىئا كىتاب ئاپتورىنىڭ، ئاپتور مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ، گۇرۇھ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، كىتاب ئوقۇش بىر بىلىم. كىتابنى تاللاپ، چۈشىنىپ ئوقۇماي قارىغۇلارچە ئوقۇش، ھەممە ھەقىقەتنى كىتابتىن ئىزدەش خۇراپاتلىقتۇر. كىتاب بىر ئەينەك، لېكىن ئەڭگۈشتەر ئەمەس. كىتاب ئوقۇش، ئوقۇغاندىمۇ قەدىرلەپ ئوقۇش كېرەك. لېكىن، چۈشىنىپ تۇرۇپ كىتابنىڭ ئۆزىمىزدەك ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ، سوئال قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. ياپونىيە ئالىمى گاۋچياۋشېنمۇ «مېڭىنى يۇيۇش» دېگەن كىتابىدا: «مېڭىنى يۇيۇش — مېڭىدىكى ئىدىيىنى پاكىز يۇيۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىدىيە قاچىلاپ ئىنساننى ئۆزگەرتىش، دېمەكتۇر. مېڭىنى يۇيۇشنىڭ مەقسىتى

www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ، ئادەمنى مېڭە يۇغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشتۇر. ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقىلار تەرىپىدىن يۇيۇلۇۋاتقان بولىدۇ. ماھىيەتتە ھاكىمىيەتمۇ، ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھلارمۇ، سودا شىركەتلىرىمۇ مېڭە يۇيۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر» دەپ يازىدۇ ۋە كىتابنى مېڭە يۇيۇشنىڭ ئۈنۈملۈك بىر قورالى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يېڭى ئىدىيىلەرنى مېڭىگە قاچىلاش مۇمكىن، لېكىن قايسى ئىدىيە يېڭى ۋە ئىلغار، قايسى ئىدىيە كونا ۋە زەھەرلىك، قايسى قاراش بىزنىڭ رېئاللىقىمىزغا ماس كېلىدۇ؟ بۇنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش كېرەك. كىتاب ئارقىلىق ئىدىيە قوبۇل قىلىش — ماھىيەتتە باشقا ئىدىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇش جەريانىدۇر. كىتابنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندا، ئاندىن كىتابقا چوقۇنۇش — كىتاب خۇراپاتلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ۋە كىتابتىكى ئىدىيە بىزنى بويسۇندۇرماي، بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

## 2. مائارىپ - بىلىم خۇراپاتلىقى

مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپنى خۇراپاتلىق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش نۇرغۇن ئادەمنى چۆچۈتۈشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل خۇراپاتلىق رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇت ۋە بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مائارىپنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنسان تەقدىرىدە ئوينايدىغان رولىنى مۇبالىغە قىلىش، مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆلۈك ھالدا قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈش دەل مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپ خۇراپاتلىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

مائارىپ ھەقىقەتەن بىر ئادەم، بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ
تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل. مەن ھەرگىز
بۇ ماقالىدە مائارىپنىڭ رولىنى سەل چاغلىماقچى ياكى مائارىپنى
ئىنكار قىلماقچى ئەمەس، بەلكى مائارىپ ۋە بىلىم ھەققىدىكى
بىر تەرەپلىمە قاراشلار ھەققىدىكى گۇمانىمنى ئوتتۇرىغا قويماقـ
چى. ھەرقانداق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مىللىيلىكى، ئۆزىگە خاس
مەدەنىيەت، تەپەككۇر ئادىتى، غايىسى بولىدۇ. مىللەت ئەزالىرىـ
نىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئامىل مائارىپمۇ
مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئورنى، تەرەقـ
قىيات تەلىپىگە ئاساسەن ئۆز پروگراممىسى، تەرەققىيات يولى،
نىشانىغا ئىگە بولىدۇ. مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىـ
ياجى مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.
پۈتكۈل دۇنيادىكى مائارىپ دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغان مەزـ
مۇنى ئوخشاش بولغان بىلەن مائارىپنىڭ شەكلى، تەلىپى، غايىـ
سى، پروگراممىسى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ مائاـ
رىپ پروگراممىسىنىڭ مەقسىتى «تەربىيلەنگۈچىلەرنى ئەخلاـ
قىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن سوتسىياـ
لىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشـ
تۈرۈشتىن ئىبارەت». دېمەك، ھەرقانداق مائارىپنىڭ ئادەم تەرـ
بىيىلەشتە ئۆزىگە خاس مەقسىتى بار. لېكىن، مائارىپنىڭ ئۆزىگە
خاس چەكلىنىدىغان يەرلىرىمۇ بار. مەسىلەن، مائارىپ ئۆز قۇـ
رۇلمىسىدىكى ئەھۋالىغا كۆرە ھەرخىل سەۋەبلەر، ئىلغارلىقى ۋە
ياكى قالاقلىقى تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەمنى ساپالىق قىلىپ تەربىـ
يىلەپ چىقالمايدۇ، ياكى تەربىيىلىگەن ئەڭ ئاساسلىق ئادەملىرىـ
مۇ باشقا بىر مىللەت ياكى دۆلەت مائارىپى تەربىيىلىگەن ئوتتۇرا
ساپالىق ئادەملەرنىڭ ساپاسى بىلەن تەڭلىشەلمەسلىكى مۇمكىن.
ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپمۇ ئۇزلۇكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈـ
رۈش جەريانىدۇر. ئۇ ئادەمنى تەربىيىلەيدۇ، ئادەممۇ مائارىپنىڭ

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك قۇرۇلما قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. مىللىتىمىز تارىختا مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تۈرتكىلىك رولىنى چۈشەنگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت. گېرمانىيىلىك بىر ئاقىل ئېيتقان: «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەت قايتا قەد كۆتۈرۈشى مۇمكىن، مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئېتىراپ قىلىساقمۇ، بۇ ھەقتە تالاي - تالاي ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز تولۇپ ياتسىمۇ، لېكىن بىزدىكى مائارىپ خۇراپاتلىقى يۇقىرىقى ھېكمەتنى بەكمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىمىزدىن بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن پىلانلىق ئىگىلىك سىياستى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، پەرزەنتلىرى ئوقۇۋاتقان مائارىپنىڭ پروگراممىسى، خاراكتېرى، نىشانىنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرىۋېلىشنى ئەڭ ئاخىرقى غايە قىلىپ تۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ بارلىق تەقدىرىنى مائارىپتىن ئىبارەت دوغا تىكىپ، تەپەككۇر قىلىشتىن پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق كۆز قاراشتا ئەۋلادلار تەربىيىسى پەقەت مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قېلىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ رولىغا سەل قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى مائارىپتىنلا كۆرىدۇ. بالىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرىش - كىرەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ مائارىپ سۈپىتىگە باھا بېرىشتىكى بىردىنبىر دەستۇركى، ئالىي مەكتەپ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى «داشقازان» مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئالىي مەكتەپنى بىلىم ئېلىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھالقىسى دەپ ئەمەس، بەلكى «ھۆكۈمەت قوينىغا كىرىۋېلىش — تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولۇش» ۋاستىسى، دەپ پاسسىپ چۈشەنگەن. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بۇ خىل تەقسىمات پرىنسىپى ئۆزگەردى.

لېكىن، ئىسلاھات كېيىن تەسىر قىلغان يۇرتىمىزدا مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە بولغان تونۇشى تا ھازىرغا قەدەر «تۆمۈر تاۋاق» كۆز قارىشىدا. ئۇلار ئالىي مەكتەپنى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي ھالقىسى دەپ ئەمەس، «تۆمۈر تاۋاق» قا ئېرىشىشتىكى ئەڭ ياخشى شوتا، دەپ قارايدۇ.

مائارىپىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئوقۇش يېشىغا توشقانلىكى ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا يۇرتىمىزنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ھازىر بار بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتلىك قىلىپ بولمىقمۇ ئوڭاي ئەمەس. بۇ ھەرگىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ ئەمدى ئەھمىيىتى قالمىدى، دېگەنلىك ئەمەس. ئالىي مەكتەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك غايىسى. ئەمدىكى مەسىلە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە نېمىلەرنى ئوقۇش، قانداق ئوقۇش مەسىلىسىدۇر. دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا يۆلىنىۋېلىش ئەمەس، ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن ئىختىساسلىقلار بازىرىغا يۈزلىنىش مەسىلىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەڭ ئاجىز ھالقا، ئەمما باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىكى ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياج جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى ئوقۇش دىپلومىغا ئىگە، جەمئىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالمىغان ھەرخىل كەسپتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى ئارقىلىق قاندۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. دېمەك، ئەۋلادلىرىمىز مائارىپتىن ئىبارەت ئىنسان روھىنى لايىھىلەيدىغان ئېتىزلىقتا ھەقىقىي دېھقان — مائارىپ ئەھلىنىڭ قولىغا ئەمەس، ئىش ئەھلى بولمىغانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىلدى. مىللىي ئاڭدىكى بىخۇدلۇق، قېيداش پىسخىكىسى تۇپەيلىدىن كەلگۈسى جانجان مەنپەئىتىمىزگە بىۋاستە مۇناسىۋەت-

لىك بۇ سورۇندا يۈز بېرىۋاتقان زامانىۋى تراگېدىيە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. مانا بۇ مائارىپقا چوقۇنۇۋاتقان بىر مىللەتنىڭ روھىدىكى سەمىمىيەت ۋە ۋىجدان!

ئالىي مەكتەپ نۇقتىسىدىن ئېيتساق، ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى جەمئىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بازار، تەرەققىيات ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلمىغان. مەۋجۇت كەسپلەرنىڭ دەرسلىك قۇرۇلمىسىمۇ كونىچە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قېلىشى، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپالماسلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن. بىر بالا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئادا قىلغان تۇرۇقلۇق جەمئىيەتتە جان باققۇدەك بىر كىشىلىك ئورۇن تاپالمىسا، يا مىللىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەتتىن تۈزۈكرەك خەۋىرى بولمىسا، ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ خىزمەت تاپالمىسا، خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالسا، بىرەر ۋاستىگە تايانماي ئىززىتى بىلەن ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، بىز بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى كىمدىن كۆرىمىز؟

ئالىي مەكتەپ ياش ئەۋلادلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇشى ناتايىن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىختىساسلىق بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. مەسىلەن، دۇنيادىكى 1 ـ نومۇرلۇق كاتتا باي، كومپيۇتېر پادىشاھى بىل گايتېس ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا جەمئىيەتكە چىقىپ، ھازىرقى سەۋىيىگە يەتكەن. لېكىن، بۇنداق دېيىش ئالىي مەكتەپنىڭ مىللىتىمىزدىكى رولىنى تۆۋەنلەتكەنلىك ئەمەس. ئالىي مەكتەپ مىللىتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي بولمايدۇ. مىللىتىمىز زىيالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا يەتكۈزۈشنى بىر ئىجتىمائىي غايە سۈپىتىدە تونۇشنىڭ بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز. لېكىن، ئالىي مەكتەپ ھەممىنى ھەل

قىلىدۇ، دەپ بارلىق يۈكنى ئالىي مەكتەپكە يۈكلەپ قويۇشمۇ
بىر خىل خۇراپاتلىقتۇر. نۇرغۇن غايىلىك ئوقۇغۇچىلار ئالىي
مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئالىي مەكتەپ
بىلەن ئۆزى كۆرگەن ئالىي مەكتەپنى سېلىشتۇرۇپ ئۈمىدسىز-
لىنىدۇ. دېمەك، بۇ ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ مەنبەسى ئالىي مەكتەپ
ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن خۇراپاتلىقتىن كېلىپ چىققان.
ئەمەلىيەتتە ھەممىنى ھەل قىلىدىغىنى ئالىي مەكتەپ ئەمەس،
ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا جەمئىيەت ئېھ-
تىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈلگەن جانلىق ئالىي مەكتەپ مېخا-
نىزمى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىدۇر. توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت
مائارىپى بىزدە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ
ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. جەمئىيەتكە چىققاندا ئالىي
مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماسلىق
ياكى بولمىسا ئۇ بىلىملەرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر زامانىۋى ساۋاتسىز بولۇپ قالغانلى-
قىنى تونۇپ، كۆڭلى ئاچچىق بولۇش كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرى-
ۋاتقان بىر مائارىپ تراگېدىيىسى. راست، سان ئۆزگىرىشى
سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، مۇشۇ سان-
لارغا مۇناسىپ ھالدا مىللىي ساپادا سەكرەش ھاسىل بولدىمۇ؟
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئىستىقباللىق بولدىمۇ؟
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى زامانىۋى ساۋاتسىزلىق
زادى قانداق مەسىلە؟ بىز بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدىسەكلا، مائارىپ
ۋە ئالىي مائارىپ ھەققىدىكى تونۇشىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.
يىغىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى مائارىپ خۇراپاتلىقى چىن مەنى-
سىدىن ئۆز قانۇنىيىتىنى تاپقان مائارىپقا بولغان چوقۇنۇشتىن
كېلىپ چىققان خۇراپاتلىق بولماستىن، گۇمان بىلەن تولغان،
ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى» گە چۈشۈۋېلىش تۈيغۇسىدىن پەيدا
بولغان چوقۇنۇشتۇر. ھازىر «داشقازان» پاچاقلاندى، تۆمۈر دەپ-

www.uyghurkitap.com

تەر داتلاشتى. مائارىپقا بولغان ساختا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ، مائارىپقا ۋىجدانىي سوئاللارنى قويىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ھەممە كىشىسى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر دەۋر بىزگە ئالدىنى قىلدى. قېنى ئاقىللار بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟

## 3. تەرەققىيات خۇراپاتلىقى

بۇ خىل خۇراپاتلىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراپ، تەقدىرىنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دوغا تىكىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىگىلىگە ئايلىنىش كويىدا بولماي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھالقىلىرىدىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان تاسادىپىي تەلەيىنى كۈتۈش خاھىشىدۇر. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ خىل خۇراپاتلىق پەن - تېخنىكىنىڭ زامانىۋى مۆجىزىلىرى بولغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى قوراللاردىن مەدەت كۈتۈش، تەرەققىياتنىڭ شەكلەن مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇش كۆز قارىشىدۇر. بىزدە بۇ خىل خۇراپاتلىقنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل شەكلى بار:

1. **ئېگىز بىنا خۇراپاتلىقى.** ئېگىز بىنا شەھەرنىڭ كۆركى، ھۆسنى. لېكىن، ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىر رايوننىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسىمۇ؟ ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ كەلگەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچى ھازىر غەربىي شىمالدىكى ئېگىز بىنالىرى ئەڭ كۆپ شەھەر ئىكەن. ئەمما، ئۈرۈمچى غەربىي شىمالدىكى باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا، سانائەت ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز، پۈتكۈل مەملىكەتكە داڭلىق كارخانا، تاۋارلىرى يوقنىڭ ئورنىدىكى بىر شەھەر ئىكەن. دېمەك، ئۈرۈمچى سانائەت شەھىرى ئەمەس، ئىستېمال شەھىرى — پۇل خەجلەيدىغان شەھەردۇر. سېلىنىۋاتقان ئېگىز بىنالارنىڭ زور كۆپچىلىكى مېھمانخانا، بانكا، سودا سارىيى، لېكىن مېھمان-

خانىلارنىڭ 70% ياتىقى بوش... ئۇنداقتا. بىز شۇنچە زور ئىس-تېمالغا تۇشلۇق بېيىپ كەتتۇقمۇ؟ ياق. يۇرتىمىز غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ نامرات، ئارقىدا قالغان رايون. بىزدىكى ئىستېمال-چىلىق خاراكتېر نامراتلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان ئىقتىساد نا-دانلىقىدۇر.

ئىقتىساد نادانلىقى دېگەن نېمە؟

بۇ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە مەبلەغ سالماسلىق، ئىنتا-يىن قىس مەبلەغنى ئورۇنسىز ئىشلىتىش ياكى ھېچقانداق پايدى-سى يوق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىشتۇر. ھوشيار بولۇش كېرەككى، بۇ خىل نادانلىق بىلەن توزۇپ كېتىۋاتقان پۇل ھەر-گىز باشقىلارنىڭ پۇلى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ پۇلىدۇر. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى دېگىنىمىز، يول، ئۇچۇر، زاۋۇت — كارخانا قۇرۇلۇشىدۇر. شىنجاڭدەك ئاھالە تارقاق، زېمىنى بىپا-يان يەردە تېخىمۇ شۇنداق...

2. كومپيۇتېر خۇراپاتلىقى. بىزدە كومپيۇتېر ھەققىدىكى تەشۋىقات ھەقىقەتەن يېتەرلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 90% دېھقان، ئايرىم ساۋاتسىز خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا كومپيۇتېر رىۋا-يەتلەردىكى «ئېچىل داستىخان» ، «سۇلايمان قالپاق» تىن، قىس-قىسى ھەممە خاسىيەتلىك نەرسىدىن ئۈستۈن بىر ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. ھەقىقەتەن كومپيۇتېر زامانىۋى دۇنيادىكى بىر مۆجىزە ياكى سۈنئىي ئەقىل. لېكىن، ئۇنىڭغا بارلىق ئەقىل قاچىلانغان ئەمەس. ئۇ بىر ئۆلۈك نەرسە، شۇنداقلا پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن، ئۇ يېگانە مەۋجۇت بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەرخىل پەن تۈرلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم پەللىگە يەتكەندە، بۇ خىل پەنلەردىكى ئورتاق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بار-لىققا كەلگەن. يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر خۇراپاتلىقىنىڭ ھەم پايدىسى، ھەم زىيىنى بار. پايدىسى كومپيۇ-تېر ئائىلىلەرگە كىرىدۇ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇھىم

www.uyghurkitap.com

بىر قورالغا ئايلىنىدۇ. زىيىنى يۇرتىمىزدىكى ئىگىلىك ۋە تەبىـ
ئىي پەن تەرەققىياتىدىكى قالاقلىق تۈپەيلىدىن «ۋەتەنپەرۋەر»
ماركىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن قۇچقاچ ئاتقاندەك ئىش
بولىدۇ. كومپيۇتېر ئالىي فىزىكا، ئالىي خىمىيە، بىئولوگىيە
تېخنىكىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي، خەت
بېسىش، سالام خەت يېزىش، قارتا ئويناش، گېزىت كۆرۈش
قورالىغا ئايلىنىدۇ.

مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئىشخانىسىغا قويۇلغان ئەڭ زامانىۋى
كومپيۇتېرنىڭ خەت بېسىشتىن باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمىگەنـ
لىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەتتا بۇ كومپيۇتېردا ماجاڭ
ئويناپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەن يەنە خەلقئارا ئۈچۈر
يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول (ئىنتېرنېت) دا قۇرۇلغان «تەكلىـ
ماكان چايخانىسى» دا ئىنتېرنېت ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىممەتلىك
ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئەرزىـ
مەس مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆردۈم. قىسقىسى، قەدىمكىلەر ئېيتقان: تاش ئاقىلنىڭ قولىغا
چۈشسە گۆھەرگە ئايلىنىدۇ، گۆھەر نادانىنىڭ قولىغا چۈشسە تاش
بولۇپ قالىدۇ، دېگەن ئىش رېئاللىقىمىزدا يۈز بەردى. كومپيۇـ
تېر ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر سىرلىق ئەۋگۈشتەرمۇ؟ شۇنداق
بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل رېئاللىق كومپيۇتېر بىزنى
باشقۇرغاندا ئەمەس، مېڭىمىز كومپيۇتېرنى باشقۇرۇپ ئۇنىڭ
ھېكمىتىنى تونۇغاندا يۈز بېرىدۇ. ناۋادا كومپيۇتېر خۇراپاتلىقى
ئىلمىي كومپيۇتېر قىزغىنلىقىغا ئايلانمايدىكەن، زامانىۋى پەنـ
نىڭ بۇ مۆجىزىسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە، تەپەككۇرىمىزنى
بوغىدىغان سىرتماققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. تەرەققىي قىلـ
غان ئەللەردىكى پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغانـ
دا، ئۇلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا كومپيۇتېرـ
نىڭ رولىغا ھەددىدىن ئارتۇق يۆلىنىپ قېلىش بالىلارنىڭ تەپەكـ

كۆر قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. بىزدە
گەرچە كومپيۇتېر مەكتەپلىرىمىزدە ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن
بولسىمۇ، بەزى ھاللىق ئائىلىلەردە ئومۇملاشتى. ھاللىق ئائىلى-
لەرنىڭ بەگزادىلىرى شەخسىي كومپيۇتېرغا ئېرىشتى. بۇ ھال
بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان
كومپيۇتېر مەبلىغىنىڭ بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تۆۋەن-
لىتىۋېتىدىغان زىيانلىق ئامىلغا ئايلىنىشىنىڭ بىزدىمۇ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرتىمىزغا كومپيۇ-
تېر تېخنىكىسىدىكى يېڭىلىقلارنىڭ يېتىپ كېلىش سۈرئىتىنىڭ
ئاستىلىقى بىر مەۋجۇت ئەھۋال. ھازىر بالىلار كومپيۇتېردا چەت
ئەلنىڭ تالانتلىق ئۆسمۈرلىرىگە ئوخشاش يۇمشاق دېتال لايىھى-
لەپ شىركەت قۇرۇش كويىدا ئەمەس، ئويۇن ئويناش بىلەن
ئاۋارە... كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش
ئۆسمۈرلىرىمىزدىكى گەۋدىلىك ئەھۋال.

3. تىل خۇراپاتلىقى. بۇ خىل خۇراپاتلىق تىل ئۆگىنىش —
زامانىۋى تىللار ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراپ ئانا تىلىمىز-
نى چەتكە قېقىش ياكى ئېتىبارسىز قالدۇرۇشتا كۆرۈلىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىشى ئەنئەنىۋى دۆلەت
چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەدەنىيەت تىل چېگرىلىرىنى بۇ-
زۇپ تاشلاش دەۋرىگە يۈزلەندى. بەزى رايون تىللىرى خەلقئارا
تىللارغا ئايلاندى ۋە زامانىۋى خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىش بۈگۈن-
كى دۇنيانىڭ، زامانىۋىلىقنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىشىنىڭ بىر
زۆرۈر شەرتىگە ئايلاندى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز يۇرتىمىزنىڭ يىپەك
يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلى-
كى ھەمدە باردى - كەلدى ۋە سەپەرخۇمارلىقتەك ئىجتىمائىي
ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەزەلدىن تىل ئۆگىنىشنى ئۆز مۇكەممەللى-
كىدىكى مۇھىم بىر جەريان، دەپ قاراپ كەلگەن. ئەزەلدىن ئالىم -
ئۆلىمالىرىمىز بىرنەچچە چەت ئەل تىلىنى ئانا تىلىدەك ئۆگىنىش-

نى ئۆزىگە پەرھىز قىلغان. ھەتتا بەزى سورۇنلاردا ئۇلار بىرنەچچە خىل تىلدا ئىلمىي مۇتالىئەلەرنى ئېلىپ بېرىشقان. باشقا تىللاردا ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيادا مەشھۇر بولغان. ئەمما، بۇ جەرياندا ئۇلار چەت ئەل تىللىرىنى ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش ھېسابىغا ئەمەس، بەلكى ئانا تىلىنى تېخىمۇ بېيىتىش ھېسابىغا ئۆگەنگەن. ئانا تىلىنىڭ ئەڭ كامىل ئۇستازلىرىغا ئايلىنىپ، ئاندىن باشقا تىل ئۆگىنىشنى قۇۋۋەتلىگەن. ھازىر بىزدە يەنە يېڭىۋاشتىن چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، بۇ ياخشى يۈزلىنىشنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلىقىنى تۈرلۈك تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئامىللاردىن كۆرمەي، ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىللىق مائارىپقا دۆڭگەيدىغان، يامان سۈپەتلىك خاھىشمۇ باش كۆتۈردى.

تىلىمىز ھەقىقەتەن شۇنداق قالاقمۇ؟ تىلىمىز زامانىۋى مائارىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ ياق! ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بېيىشقاق تىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ سۆزىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى ھازىر دۇنيا تىلى بولۇپ قالغان ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش باشقا تىللاردىن كەم سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. بەزىلەر بۇ ئەنئەنىنى تەنقىد قىلدى، لېكىن، بۇ خىل ئەنئەنە ئەمەلىيەتتە بىرخىل ئىلغارلىقتۇر. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، دۇنيادا بىرمۇ ساپ تىل يوق. ھەتتا ئىنگلىز تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرى چەت ئەل تىللىرىدىن كەلگەن سۆزلەردۇر. ھازىرقى مەسىلە — بىزنىڭ قالاقلىقىمىز تىل مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تەرەققىيات، سىياسەت، تۈزۈلمە، مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىدۇر. «تىل — ۋەتەن دېمەكتۇر» . ئۆز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئاندىن باشقا تىللارنى ئۆگە-

نىش قانۇنلۇق، ئىززەتلىك پاسپورت بىلەن چەت ئەلگە چىقىشقا ئوخشىسا، ئۆز تىلىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش قانۇنسىز، پاسپورتسىز، خار - زار ھالدا چەت ئەلگە چىقىپ لاماكان - ئاققۇن بولۇشقا ئوخشايدۇ. تىل ئۆگىنەيلى، بىرلا خىل چەت ئەل تىلى ئەمەس، نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنەيلى. «بىر تىل ئۆگىنىش ياشاۋاتقان دۇنيادىن سىرتقا قارىتا يەنە بىر دېرىزە ئاچقان بىلەن باراۋەر». تىل ئۆگىنەيلى، ئانا تىلىمىزنى ئۇنتۇش ھېسابىغا ئەمەس، ئۇنى بېيىتىش، كۈچەيتىش ھېسابىغا تىل ئۆگىنەيلى، چۈنكى تىل — ۋەتەن دېمەكتۇر.

قىسقىسى، تەرەققىيات ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ بار ئۈمىدىنى تەرەققىياتقا باغلاش بىر خىل خۇراپاتلىقتۇر. چۈنكى، تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى ئىجابىي بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى بەزى تەرەققىيات بىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىي ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىمىزنى بۇزۇشى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلىشى، مۇھىتىمىزنى بۇلغايدىغان كەلگۈسى ئاپەتنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. پەقەت بىز ئىگىسى بولالىغان، بىز ئىلمىي ھالدا رول تۇتۇش نىشانىمىزغا قاراپ سىلجىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەققىياتلا بىزگە پايدىلىق تەرەققىياتتۇر.

## 4. تېلېۋىزور ۋە مەتبۇئات خۇراپاتلىقى

تېلېۋىزور بىر دېرىزە. لېكىن، بۇ دېرىزە بىز نېمىنى خالىساق، تالادا نېمە بولسا شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دېرىزە ئەمەس، بەلكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۆز مۇددىئا - ئېھتىياجى بويىچە تاللاش ۋە شاللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزگە مەلۇم كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان دېرىزە. بىز پاسسىپ ئورۇندىكى دېرىزىدىن

www.uyghurkitap.com

سىرتقات قارىغۇچى. بىزدە قانال تالالاش ھوقۇقى بار، لېكىن
ھەممە قانال يەنىلا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا.

دېمەك، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەردىن كېلىدىغان
ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى مەقسەتچانلىقتا ئىگە ياكى بۇ ئۇچۇرلارنىڭ
كەينىگە مەلۇم مۇددىئالار يوشۇرۇنغان. ھازىر بىر قىسىم چەت
ئەل رادىئولىرىنىڭ تەشۋىقاتىدىكى ئۇچۇرلارمۇ دەل مۇشۇ پرىن-
سىپ ئاساسىدا مەلۇم مۇددىئاغا يېتىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە تار-
قىتىلىۋاتىدۇ.

دۇنيا ھازىر مەتبۇئات ئىلكىدىكى دۇنياغا ئايلاندى. كىشىلەر
بىلىپ ـ بىلمەي مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ
قېلىپ، مەتبۇئات مۇددىئاچىلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. كىشى-
لەرنىڭ ھېسسىياتى، پىكرى، ئىستېمالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-
سى مەتبۇئاتنىڭ يېتەكلىشىگە ئۇچرىدى. جۇڭگوغا ئوخشاش ھو-
قۇق مەركەزلەشكەن، مەتبۇئات پارتىيىنىڭ رەھبەرلى-
كى ـ يېتەكلىشىدىكى دۆلەتتە مەتبۇئاتنىڭ خەلقنى يېتەكلىشى
ناھايىتى پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگودا غەرب دۆلەتلىرىگە
ئوخشاش ھەممە مەتبۇئات ئۆز مۇقامىغا توۋلايدىغان، ئۆزى بىل-
گەن سەنەمگە دەسسەيدىغان ئەھۋال يوق. جۇڭگودىكى مەتبۇئات
مۇددىئاچىلىقىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىرادە مۇددىئاچىلىقى دېيىش
مۇمكىن. ئەسلىي گەپكە كەلسەك، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن مەلۇم
ۋەقە مەتبۇئاتتا شۇ ۋەقە ئاساسىدا نەچچە خىل خەۋەر قىلىنىشى
مۇمكىن. ياخشى نىيەتتىكى كىشىلەر يەنە باشقا بىر نۇقتىدا
خەۋەر قىلىشى مۇمكىن. بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان مەتبۇئات خۇراپات-
لىقى دەل مەتبۇئاتنىڭ ئۇچۇرلىرىغا گۇمانسىز ئىشىنىپ قېلىش-
تۇر. مەتبۇئاتلارنىڭ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنى دەل ئاشۇ خەلق-
مىزدىكى مەتبۇئاتقا چوقۇنۇش خاھىشىدىن كېلىپ چىققان ساددى-
لىقتۇر.

ئېلان خۇراپاتلىقى مەتبۇئات خۇراپاتلىقىدىكى يەنە بىر گەۋ-

دىلىك مەسىلىدۇر. گەرچە خەلقىمىزنىڭ ئېلان ئېڭى ئەمدىلەتىن شەكىللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئېلاننىڭ ھۆجۇمىغا بەرداشلىق بې-رىش ئىقتىدارىدىن تېخى كۆپ يىراقتا. ئېلان سودىگەرلىرى خەلقىمىز ئېڭىدىكى ساددىلىق، مەردلىك، زامانىۋىلىقنىڭ ھىي-لىگەرلىكىگە ئادەتلىنەلمەسلىك، شۇنداقلا نامراتلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ ئەرزان تاۋار (بۇ ئىككى ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىگە زىت، خەلقىمىز بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر تاۋارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەشتەك گۆدەك خاھىشقا ئىگە) غا ئېرىشىش خاھىشىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئاتالمىش «ئاجايىپ خاسى-يەتلىك، يېگەن ھامان تۈرلۈك - تۈمەن كېسەللەرگە شىپا قىلىدى-غان، ئەرزان، قۇلايلىق» دورا ئېلانلىرى ۋە باشقا تاۋار ئېلانلى-رى بۇ خىل رېئاللىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

مەتبۇئات خۇراپاتلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلى يەنىلا ھەق-قەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مەتبۇئات ئۇچۇرلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇددىئاسىنى باغلاپ تەھلىل قىلىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىشتۇر.

## 5. چەت ئەلگە چوقۇنۇش — چەت ئەل خۇراپاتلىقى

چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىكى مەقسەت — ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى ئۆرنەكلىك قىممە-تىگە ئىگە ئېسىل تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قى-لىش، پۇرسەت بولسا چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئۆزى بىلەن باشقى-لار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش، بۇگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.

لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزدە چەت ئەل مەدەنىيە-

www.uyghurkitap.com

تى، پەلسەپىسى، ئەدەبىياتىغا چوقۇنۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيە-
تى، پەلسەپىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى پەس كۆرۈش،
ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىش خاھىشى ئەۋج ئالدى. بۇ خاھىش ئالدى
بىلەن يۇرۇش ـ تۇرۇش، كىيىم ـ كېچەك، ياسىنىش ـ تارى-
نىشتا كۆرۈلدى. مەسىلەن، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ شەك-
لى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، دوپپىدىن باشقا مىللىي كىيىم ـ
كېچەكلىرىمىز ئاساسەن كىيىلمەيدىغان بولدى. ئەسلىدىكى ئۇي-
غۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ئەمدىلىكتە فولكلور مۇزېي ۋە سەھنى-
گىلا خاس كىيىملەرگە ئايلاندى. غەربلىكلەرنى دوراپ چاچ بو-
ياش، بۇدرە قىلىش ئەۋج ئالدى. ماھىيەتتە بۇ قىلىقلار ئۆز ـ
ئۆزىمىزنى ئەجنەبىيلەرگە تەقلىد قىلىدىغان دورامچىلىقتىن باشقا
نەرسە ئەمەس، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھۆس-
نىگە ھۆسن قوشۇپ ئۆزگىچە مىللىي گۈزەللىك پەيدا قىلغان
ئۇزۇن ـ بوستان چاچلار يوقالدى. شەرق شائىرلىرىنىڭ نەزىرى-
دىكى كېچىدىكى دەرياغا، يىلانغا، مەجنۇنتال شاخلىرىغا ئوخشى-
تىلغان بۇ گۈزەللىك ئابىدىسى كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى ئارمانغا
ئايلىنىپ قالدى. پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتىكى چەت ئەللەرگە چوقۇ-
نۇش خاھىشى شۇنداق ئەۋج ئالدىكى، ئىنسانغا چوقۇنۇشنى كۇ-
پۇرلۇق، دەپ قارايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى چەت ئەل
پەيلاسوپلىرىنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئاز قالدى. مەسى-
لەن، ئارىستوتېل ئۇلۇغلاندى، لېكىن ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلى-
رىنى ئۆز ئەمگىكى ۋە ئۆزگىچە شەرھلىرى بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ
قالغان 2 ـ ئارىستوتېل فارابى ئۇنتۇلدى. نىتزىنىڭ «خاسىيەت-
لىك ئادەم»، «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم»ى ئۇلۇغلاندى، لې-
كىن بۇ خىل پەلسەپىنىڭ ئەسلىي زېمىنى ياكى ئىگىسى ——
شەرق پەلسەپىسىدىكى «كامىل ئىنسان»، «ئارىفلىق» قاتارلىق
پەلسەپىۋى قاراشلار ئۇنتۇلدى. گيۇتى ئۇلۇغلاندى، بورگىس
ئۇلۇغلاندى، ئۇلار چوقۇنغان شەرق شائىرلىرىدىن شەيخ سەئدى،

ھافىز شىرازى، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋائىلار ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتتى. چەت ئەل شۇنداق خاسىيەتلىك، ئۇلۇغمۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۆزىگە خاس يول، تەپەككۇر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدە، ھەرگىز باشقىلارغا چوقۇنۇپ ئۆزىنى يەرگە ئۇرغانلىقىدا ئەمەس. دېمەك، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى بىز ئۈچۈنمۇ ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەن ئىنتېرنېتتىكى ئۇيغۇرچە «تەكلىماكان چايخانىسى» دا بولۇپ ئۆتكەن بىر سۆھبەت (يېزىق سۆھبىتى) نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سۆھبەتتە دېيىلىشىچە، سۆھبەتلەشكۈچى بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىكەن. بۇ بىر توقۇۋېلىنغان ھېكايە ئەمەس، بەلكى بىر ئۇيغۇر بولۇشنى نومۇس بىلگەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئاۋازى.

بىز چەت ئەلگە ھەرقانچە چوقۇنساقمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىزگە قوش قوللاپ بېرىپ، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا غېرىب - مۇساپىر ياكى ۋەتىنىدىن كەچكەن لاماكان - زەئىپ تىلەمچى، خالاس. بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىز پەقەت مۇشۇ زېمىنىدىلا يىلتىزلاپ كۆكلەيدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇ زېمىندا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسىلىشلا چىن مەنىسىدىن بىزگە مەنسۇپ بولغان ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسىلىشتۇر.

## 6. نوپۇز خۇراپاتلىقى

نوپۇز خۇراپاتلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى نوپۇزغا چوقۇنۇش، نوپۇزلۇقلارنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزىنى قىبلىنامە قىلىپ تۇتۇنىش، گۇمان قىلماسلىق. بۇ خىل خۇراپاتلىق گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن ماقالىلەردە ئاپتورلار ئۇلۇغلارنىڭ پىكرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى تەس-

تىقلايدۇ. توغرا، باشقىلار ئىسپاتلاپ بولغان بىر ھەقىقەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى دەلىللەشنىڭ ھېچ خاتاسى يوق. لېكىن، بۇ خىل خاھىشقا ئىلھام بېرىلسە ياكى بۇ خىل خاھىش تۈزىتىلمىسە، بىزنىڭ بارلىق پىكرىمىز ئۇلۇغلار پىكرىنىڭ سايىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ئۇلۇغلار پىكرىنىڭ مەھكۇملۇقىدىن قۇتۇلالماي، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئۇلۇغلارنىڭ پىكرى مۇتلەق توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بەزى ئۇلۇغلار زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلۇغلۇق تەختىدىن چۈشۈشى، ھەتتا لەنەتگەردىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇرگىس بۇ ھەقتە: «ئەمدى مەن ئەقىل ئالمايمەن. ماڭا ئوخشاش 70 ياشقا كىرىپ قالغان بىر ئادەم ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ گېپىنى دېيەلمىسە قانداق بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بىر گەپ قىلغانىدى. نوپۇز خۇراپاتلىقى ئىلىمنىڭ دۈشمىنىدۇر. نوپۇزنىڭ سايىسى ئاستىدا نۇرغۇن سەپسەتىلەر يوشۇرۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن. ساختا نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى نوپۇزغا چوقۇنۇش خاھىشىنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن يىل ئاشكارا قىلىنماي، ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشى زامانىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر سەلبىي ھادىسە.

ئۇلۇغلارنىڭ نوپۇزى ئاسماندىن چۈشكەن، يەردىن ئۈنگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى تەدرىجىي ھالدا ئۇلارغا نوپۇز ئاتا قىلغان. پەندە مەلۇم نوپۇزنىڭ تىكلىنىشى باشقا نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسىغانلىق ئەمەس. نوپۇزغا چوقۇنۇش مەۋجۇت نوپۇزنىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزغا ئېرىشىش كۈرىشىدىن ۋاز كېچىش، خالاس. ساختا نوپۇز ئىگىلىرى جەمئىيەتتىكى تەپرىقىچىلىق، مەزھەپ - گۇرۇھۋازلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.

كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ نوپۇز ھەققىدە ئويدانراق ئويلىنىپ باقايلى: نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئوسۇرۇق سۆزلىرى ئېپار،

ئادەتتىكى ئادەمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئوسۇرۇق بولۇپ تۇيۇ-لىدىغان دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلەشسە... بەلكىم ئىشىنىپ قىلغان ئۆز پىكرىمىز يېڭى بىر نوپۇزنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## 7. ھوقۇق ۋە پۇل خۇراپاتلىقى

جۇڭگونىڭ مائارىپ تارىخىغا قاراپ باقساق، ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ ئەنئە-نىۋى مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپى ئەمەلدار تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان مائارىپ بولۇپ كەلدى. دېمەك، مائارىپتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن شۇنى يەكۈنلەش مۇمكىنكى، ھوقۇق جۇڭ-گولۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي غايىسىدۇر. ھوقۇققا چوقۇ-نۇش بۇ خەلقنىڭ ئېغىر - بېسىق، ئەستايىدىل، ئاسان ئاچچىق-لانمايدىغان نازاكەتلىك مىجەزى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھو-قۇق كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ھوقۇق غايىسىنىڭ ئە-مەلگە ئېشىشىغا كۈچ بەرگەن. ھوقۇققا چوقۇنۇش بىزدىكى تارى-خىي مەسىلە. ھوقۇق خۇراپاتلىقى بولسا، بۇ تارىخىي مەسىلىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى يېڭى ئىپادىسى. ھوقۇقشۇناسلارنىڭ تەتقىقا-تىغا قارىغاندا، دۇنيادا ھوقۇق ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلماقچى بولغىنىمىز، ھوقۇق ئىلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئەمەلدارلىق ياكى ئەمەلگە چوقۇنۇش.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئەمەل - ھوقۇقنى پەلسەپە تەتقىقات-نىڭ جەۋھىرى قىسمى قاتارىغا قويغان ۋە بىر ئەلنى باشلاپ ماڭغۇچى ھوقۇقدارنىڭ ماھىيەتتە ئەلنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپكە باشلاپ ماڭىدىغان تەقدىر ئىگىسى ئىكەنلە-

www.uyghurkitap.com

يكىنى شەرھلەشكەن. زامانىمىزغا كەلگەندە، بۇ خىل تونۇش ھوقۇق ـ ئەمەلگە بولغان چوقۇنۇشقا ئورۇن بەردى. ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن قاراش ھۆكۈمران قاراشقا ئايلاندى. ھوقۇق ـ مەنسەپتە ئەكس ئەتكەن سۇيئىستېمال روھى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ ئەمەل ھەققىدىكى توغرا كۆز قارىشىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھوقۇققا قارىتا ساغلام بولمىغان ئىنتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ھوقۇق ئۈچۈن ھوقۇق، بايلىق ئۈچۈن ھوقۇق كۆز قارىشىنى پەيدا قىلدى.

ھوقۇق خۇراپاتلىقى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەنە بىر خۇراپاتلىق پۇلغا چوقۇنۇشتۇر.

پۇلنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىش —— دۇنيا ھەربىي كۈچ دەۋرىدىن ئىقتىسادىي كۈچ دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى زاماندا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. خەلقئارادىكى بۇ خىل مۇھىت بىلەن جۇڭگودىكى بازار ئىگىلىكى دولقۇنى بىزدىكى پۇلغا چوقۇنۇش ھاۋاسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. بىر مىللەتنىڭ پۇل كۆز قارىشى ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. كۆز قاراشتىكى نادانلىق تەقدىردىكى بەختسىزلىك ـ تەلەيسىزلىكنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەزەلدىن ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدىكى پۇل قارىشىغا ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل قارىشى يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىرىسقا دۇچ كەلدى. پۇل بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان نۇرغۇن كىشىلەر پۇلغا چوقۇنۇش دولقۇنىغا غەرق بولدى. بەزى كىشىلەر تاسادىپىي ئامەت تۇپەيلىدىن باي بولۇپ، نادانلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ پاتسا، يەنە بەزى كىشىلەر پۇلنىڭ ئىزىقتۇرۇشى ئالدىدا ئايىنىپ ۋەيران بولدى. دۇنيادا پۇل ھەققىدە ئىقتىسادشۇناسلىق دەپ بىر ئىلىم بار. بىر مىللەتنىڭ پۇل تېپىش ـ تاپالماسلىقى، بىر كىشىنىڭ بېيىش ـ بېيىيالماسلىقى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەردىن ئايرىلماي-

دۇ. ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرگەندە، ھەرقانداق بىر رايون ياكى يەر مەلۇم ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدىكى قاراتمىلىق ياكى پۇرسەتلەر بەزىدە بۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە گۈللىنىش ئاتا قىلسا، بەزىدە خارابلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ تەسىرىدە شۇ يەردىكى شۇ خىل سىياسەتنىڭ تەسىرىگە مەنسۇپ كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا بېيىدۇ ياكى ۋەيران بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر جاي ئۆزىدىكى بايلىق ئەۋزەللىكى (نېفىت، ئالتۇن ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار)، مۇھىت ئەۋزەللىكى (سىياسىي مۇھىت، تەبىئىي مۇھىت)، ئەقىل ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر ئۆزگىرىشى بىلەن بېيىشى ياكى ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز چوقۇنۇۋاتقان پۇل ياكى بىز تېپىۋاتقان پۇل ماھىيەتتە زېمىنىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ياكى ئەقلىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى (زېمىن ئەۋزەللىكى بايلىقنى، ئەقىل ئەۋزەللىكى مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ) تۈپەيلىدىن رايونىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن پۇلدۇر. بىر رايوندا ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇكنى پۇلغا ئايلاندۇرالايدىغان ئەقىل كەم بولسا ياكى پۇل مەنبەسى ئاز بولسا، بىزنىڭ تاپىدىغان پۇلىمىزمۇ ئاز بولىدۇ. لېكىن، بۇ پۇل سىياسەتنىڭ خاھىشچانلىقى بويىچە مەلۇم ئادەمنىڭ تېپىشىغا قولاي، مەلۇم ئادەملەرنىڭ تېپىشىغا ناقۇلاي بولغان بولىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئاددىي قاراشلار. بىزنىڭ يۇقىرىقى ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى مەقسەت، بىزنىڭ پۇلغا قانچە چوقۇنۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ يانچۇقىمىزغا كىرىدىغان پۇل سىياسەت، پۇرسەت، ئامەت، مۇھىتقا ئاساسەن ھەرخىل بولىدۇ. تاسادىپىي ئېرىشكەن پۇل سىياسەتنىڭ قاراتمىلىق ئۆزگىرىش تەسىرىدە بەرىكىتىنى يوقىتىدۇ.

1978 ـ يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەت-

سەك، بىر قىسىم ئادەملەر ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شاملى شىنجاڭغا تەسىر قىلغاندا بازارنىڭ يېڭى ئېچىلغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەردە سودا ئېڭىنىڭ يېتىلمىگەنلىكى تۇپەيلىدىن باي بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئىلگىرىكى بايلىقنىڭ شەخسلەر قولىغا ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن، بۇ جەرياندىكى پۇل تېپىش پەقەت ئەسلىدە بار پۇلنىڭ مەلۇم يانچۇقتىن يەنە مەلۇم يانچۇققا قاچىلىنىش جەريانى بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق پۇل تېپىش دولقۇنى 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى چېگرا سودىسىدىن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر پۇل تېپىشنىڭ يىلسېرى تەس بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. لېكىن، بۇ كەسكىنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ كەينىدە يېڭى بىر پۇل تېپىش دولقۇنى يېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ بىلىمنىڭ پۇلغا ئايلىنىش دولقۇنى ئىدى. تەلەي تۇپەيلىدىن بېيىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دولقۇننى قانداق كۈتۈۋالىدۇ؟ ياكى بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل بىلىم سودىسىنىڭ دەسمايىسىگە ئايلىنامدۇ؟ بۇ كېيىنكى مەسىلە.

پۇل بولمىسا زادى بولمايدۇ. ھەممە نەرسىگە پۇل كېرەك. ئۇنداقتا ئۇ پۇل نەدە؟ پۇلغا بولغان چوقۇنۇشىمىز بايلىق ئىلاھىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرەرمۇ يا؟ ياق. زېمىنىمىزدىكى ئاجايىپ مول بايلىقمۇ ئىلىم ـ تېخنىكىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن يانچۇقىمىزدىكى پۇلغا ئايلىنالمىدى. بىز ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ يۈرگەن تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالدۇق. پۇل قارىشىمىزنىڭ ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقى تۇپەيلىدىن، خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇق. رايونىمىز جۇڭگودىكى ئىقتىدارسىزلار ئەڭ ئاسان پۇل تاپىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدى. دېمەك، يانچۇقىمىزدىكى پۇلنى تۇزۇك تەربىيە كۆرمىگەن ئىشلەمچىلەرگە بىلىپ ـ

بىلمەي تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىمىز بىزنىڭ ئۇلاردىنمۇ ئىقتىدار-سىز ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ بىز پۇل تاپالامدۇق - يوق؟ بۇ ھەربىر ئادەم ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

پۇلغا چوقۇنۇشنىڭ بىزگە ئەكېلىپ بېرىدىغىنى تېخىمۇ زور پۇلسىزلىق ياكى خانىۋەيرانلىق. پۇلنى ئىلمىي تونۇشلا بىزنى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. بىز پۇلنى خەجلەمدۇق ياكى پۇل بىزنى خەجلەمدۇ؟ بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى تاللاش مەسىلىسى، خالاس.

## تۇگۇنچە

دۇنيا شۇنداق قىزىقارلىق ۋە رەھىمسىزكى، غالىبلار ئالدىدا ئۇ بىر پارچە چىمەنلىك، مەغلۇپلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، باش-ئۇچى يوق بىر قورقۇنچلۇق جاڭگال. ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئاجايىپ سۈرئەت بىزنى تەدبىر ۋە تېخىمۇ زور ئەقىل تۇيغۇسى بىلەن ياشاشقا مەجبۇرلىماقتا. ھەتتا بىر قەدەمنىڭ خاتا ئېلىنى-شى بىر ئەسىر كەينىدە قېلىشتىن دېرەك بېرىشى، بىر قەدەم-نىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئالدىدا ۋە توغرا ئېلىنىشى بىزنى تەرەق-قىياتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئىجتىمائىي جەمئىيەت خاراكتېر جەھەتتە قىمار سورۇنىغا ئوخ-شاشقان بىلەن قىمار سورۇنى ئەمەس. بۇ سورۇندا كاززاپلار ئەمەس، ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئامىتى ھەرقاچان ئوڭدىن كېلىدۇ. زامانىۋى خوراپاتلىق بىزدە ئەمدىلا شەكىللەندى. ۋۇ-جۇدىمىزدا ئۇ دەرىجىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتالىغىنى يوق. بىز بۇ خىل خوراپاتلىققا جەڭ ئېلان قىلساق، تامامەن غەلىبە قىلالاي-دىغانلىقىمىز شۇبھىسىز. لېكىن، بىزدە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغۇدەك ماغدۇر، جاسارەت ۋە تەدبىر بارمۇ - يوق؟ ئويلىنىپ باقايلى، ئاقىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باتۇرلۇق شەجەرىسى

## مۇشت ئىلاھى تۇغقان خىياللار

مەملىكەت بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ
بوكس مۇسابىقە تۈرىنى كۆرۈپ

### 1

شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئەڭ مۇكەممەل جەمئىيەتنىڭ ھاكىم، ئالىم، نوچىسى (لۈكچەك) دىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھاكىم ھاكىمىيەت، دۆلەت باشلىقى، شۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى دېمەكتۇر. ئالىم بولسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىلىم روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قاتلام، نوچى، يەنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، ئۈچىنچى قاتلامنى تەشكىل قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئۈچ قاتلام جەمئىيەتتىن ئىبارەت قۇرۇلمىنىڭ ئۈچ پۇتىدۇر، ئۈچ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نەزەرىدىكى خاسىيەتلىك سان. ئۈچ پۇتلۇق نەرسە ئاسان ئۆرۈلمەيدۇ، ناھايىتى پۇختا كېلىدۇ. بەلكىم ئۈچ سان ئۇلۇغلۇقىنىڭ تارىخىي مەنبەسى دەل يۇقىرىقى قاراش بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۈچ قاتلىمى ياكى ئۈچ پۇتى مۇكەممەل بولغان ھاكىمىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالىتى بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىشى، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مىسال، ھاكىمدىن

تەپتارتمىغانلار ئالىمدىن تەپتارتىدۇ. ھەر ئىككىلىسىدىن تەپتارتـ
ـمىغانلار زالىم، يەنى نوچى (لۈكچەك) دىن تەپتارتىدۇ. ئەكسىـ
چە ئېيتقاندا، نوچىدىن تەپتارتمىغانلار ئالىمدىن، ئالىمدىن تەپـ
ـتارتمىغانلار ھاكىمدىن تەپتارتىدۇ ـ دە، پۈتۈن بىر توپلانما شۇ
جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ.
بۇنداق جەمئىيەت روھىي جەھەتتە ساغلام، ئەخلاقىي جەھەتتە
پاكىز، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە تويۇنغان بولىدۇ. ئالىمدىـ
ـكى ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ سىمۋولى بولغان مۇلازىملىق، نوچىدىكى
كۈچ ـ قۇدرەت، جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولغان چۇسلۇق، كەسـ
ـكىنلىك، مەردانىلىك، ھاكىمدىكى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان
ئادالەت ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. توپلانما ئەزالىرى بۇ
ئۈچ خىل سىمۋولنىڭ تەربىيىلىشىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.
مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ئانا» روما-
نىدا شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئېڭىدىكى مۇكەممەل جەمئىيەت ئو-
توپىيىسىنى ھازىرقى زامان نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ باقماقچى بولـ
ـغانىدى. گەرچە روماندا بىر قاتار يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولـ
ـسىمۇ، روماندىكى ئاشۇ خىل خاھىش مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا
ئەرزىيدىغان تېما ئىدى. مەرھۇم يازغۇچىمىز ئاددەملەر شەخسىي
تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان بىر چۈشەنچىنى
ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ، شەرق جەمئىيەت ئوتوپىيىسىدىكى بۇ ئۈچ
قاتلامنىڭ چىرىكلىشىشى ياكى ئاربىسىدىكى مەلۇم قاتلامنىڭ چېـ
ـكىنىشىنىڭ زور ئىجتىمائىي تراگېدىيىگە سەۋەب بولالايدىغانلىـ
ـقىنى سەممىزگە سېلىپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەپسۇس،
مەرھۇم ھېچقانداق ئەكس ساداغا ئىگە بولالمايلا ئارىمىزدىن كەتـ
ـتى.
سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى مۆلچەرلىگۈسىز تېز ئىجتىـ
ـمائىي تەرەقـقىيات شەرقـتىن ئەڭـگۈشتەر ئىزدەۋاتـقان غەربكە
شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت كۆز قارىشىنى تونۇتتى. غەرب

شەرقلىقلەرنىڭ ئىچىدا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ گۆھەرنىڭ توپىسىنى پۇۋلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ خاسىيىتىدىن ھەيران قالدى. غەرب ناھايىتى تېزلا بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ھۆكۈمەت، مۇستەقىل پارلامېنت، مۇستەقىل مەتبۇئات، مۇستەقىل سوت شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇردى. مانا ھازىر قاراڭ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇق ئىگىسى ئامېرىكا پرېزىدېنتى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار، سوت ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قادىر. مەتبۇئات تەنقىدلەشكە ھوقۇقلۇق. ئۆتمۈشتىكى ئىتالىيە قاتارلىق مۇستەبىتلىك نىسبەتەن ئېغىر، ھاكىمىيەت، يەنى ھاكىم ھوقۇقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، پارلامېنت، سوت، ئۆكتىچى پارتىيىلەر ھوقۇقىنى يوقاتقان دۆلەتتە بۇ خىل ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى قارا قوللار پارتىيىسى تولۇقلىدى، قارا قوللار پارتىيىسى ئىتالىيىنىڭ ئىجتىمائىي ۋاباسىغا ئايلاندى. ھازىرمۇ ئىتالىيە قارا قوللار پارتىيىسى ئازابىدىن خالىي ئەمەس. قىسقىسى، ھازىر پۈتكۈل دۇنيا شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت ئوتوپىيەسىنىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىدا تىز پۈكتى. ھاكىم، ئالىم، نوچىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلام پرېزىدېنت، سوت، ئۆكتىچى پارتىيە شەكلىدە دۇنيا ئىجتىمائىي ئادالىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مودېلىغا ئايلاندى. بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان دۆلەتلەردە مۇستەبىتلىك، قوزغىلاڭ، تېررورلۇق، قارا جەمئىيەت، جىنايەتنىڭ قانۇنلىششى ئاپەتكە ئايلاندى. ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ ئېتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار ئېتەك بولدى. چۈشكۈنلۈك، غايىسىزلىك، ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بولماسلىقى بۇنداق جەمئىيەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

تەپەككۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت ئوتوپىيىسى ھەققىدە يېڭى يەكۈنلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: ھاكىم ماھىيەتتە ئەلەم، ئالىم ماھىيەتتە قەلەم، نوچى

ماھىيەتتە مۇشت. ئۇنى يەنە تۇرلەندۇرسەك، ئەلەم ھازىر دۆلەت-ىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، قەلەم — پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر كۈچى، مۇشت — تەنتەربىيە، بەلكىم بۇنداق قاراش سەل ئاشۇرۇۋەتكەن-لىكتەك كۆرۈنەر. لېكىن، بىز شەرق جەمئىيەت ئوتوپىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات پەللىسىگە قاراپ سىلجىۋات-قان دۆلەتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق قاراشنى ئاشۇرۇۋەتلىك دېيەلمەيمىز. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دۇنيا ۋە 21 - ئەسىرنىڭ بېشى بىزگە تارىخ قانۇنىيىتىنىڭ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئەلەمدە يىقىلغان گېرمانىيە ۋە ياپونىيە قەلەمنىڭ يەنە بىر مەنىسى بولغان ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئورنىدىن تۇردى. نەچچە يۈز يىل قۇللۇق ئاسارىتىدە قىينالغان نېگىرلار مۇشت، يەنى تەنتەربىيە ئارقىلىق قۇللۇقتىن ھەقىقىي ئازاد بولدى، غالىبلارچە ئورنىدىن تۇردى.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز «بىلىكى زور بىرنى يېڭەر، بىلىمى زور مىڭنى» دېگەنىكەن. گەرچە بۇ ھېكمەتنى ئىزچىل ئۇلۇغلىساق-مۇ، بۇگۇنكى كۈندە باشقىچىرەك پىكىر قىلماي ئامال يوق. ناۋادا شۇ بىر بىلەك ياكى مۇشت مىليونلىغان يۈرەكنىڭ ئارزۇيى-غا ۋەكىللىك قىلغان بولسىچۇ؟

2

ھازىر زامانىمىزدا ئۆتمۈشتىكىدەك ئىجتىمائىي ئادالەت ئۇ-چۇن كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، ياۋاشلارنى يۆلەپ، يامانلارنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغان ئەنئەنىۋى مەنىدىكى نوچى — لۈكچەكلەر يوق. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە نۇرغۇن شەيئىلەرگە يېڭى مەنە بەردى. خەلق-ىنىڭ دەرد - ئەلىمىنى، ئارمانلىرىنى ھاكىمغا ئاڭلىتىش مەتبۇ-

ئاتقا، ھەق ـ ناھەق تارازىسىنى تارتىش قانۇنغا يۈكلەندى... لېكىن، نوچىلارنىڭ سىمۋوللۇق رولى تەنھەرىكەتچىلەرگە كۆچتى. تەنھە-رىكەت ئىنسانىنىڭ تەن ئىمكانىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ ئويۇ-نىغا ئايلاندى. ئەمما، بۇ ئويۇن بىر مىللىي توپلانمىنىڭ، ئەلنىڭ تەن ساپاسىنى، ياق، مىللىي ساپاسىنىڭ تەندىكى ئىپادىلىنىشىنى جاھانغا نامايان قىلىدىغان سەھنە بولۇپ قالدى.

تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەنتەر-بىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈش مېنىڭ ئادىتىم. بەلكىم بۇ ئادەت مېنىڭ ئۆز مىللىي توپلانمامغا، ماھىيەتتە ئۆزۈمگە بولغان مۇ-ھەببىتىمنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ۋۇجۇ-دۇمدىكى چەۋەنداز ـ قەھرىمانلىقتا چوقۇنغان، باتۇر ئەجدادلىرى-مىز قېنىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھارارىتىنىڭ يۈرىكىمگە كۆچكەن بۈگۈنكى ساداسىدۇر.

مەملىكەت بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس تۈرى يەنە بىر قېتىم قېنىمنى قىزىتتى. تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق بۇ تۈردىكى ھەممە مۇسابىقىدىن خە-ۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا تىرىشتىم، بۇ تۈردىكى مۇسابىقىگە شىن-جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئالتە بوكس پالۋىنىنىڭ تال-لىنىشى، بوكس شاھى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئاسىيا بوكس چېم-پىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم، بوكس پالۋىنى ئەكرەم ئىسھاقلار-نىڭ بۇ مۇسابىقىدە بولۇشى مېنى ھاياجانغا سالدى. گويا ئۇلارنىڭ ئېتىۋاتقان مۇشتى مېنىڭ مۇشتۇمدەك، يۈرىكىمدەك، ئىنتېر-نېت تورى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار، ئەخلاق كىرىزىسى تۇپەيلىدىن ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئەمەلىي كۈچىنىڭ رەقىبىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئۇ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن مەيدانغا چىقالمىغاندا، ئۆز ئىشكى ئالدىدا

ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە قاتنىشالماپتۇ، دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن، سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن قۇرۇق قول قايتقاندا چۈشكۈنلەشكەنىدى. بۇ يىلقى نەتىجە، بولۇپمۇ بوكس شاھى ئابدۇشۈكۈر مىجىت كۈمۈش مېدال، ئەكرەم ئىسھاق مىس مېدال ئېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ باتۇرلۇق بىلەن بىردىنبىر ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە كىشىلەر دەردلىك قەلبىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسەللى تاپتى. ئابدۇراخماننى قايتا تونۇدى. خۇددى ترېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىغا: «ئەمدى بىزنىڭ باللارغا ئالتۇن مېدال ئېلىش ئۈچۈن رەقىبىمنى ياتقۇزۇۋېتىش يولىلا قالدى» دېگەندەك، ئابدۇراخماننىڭ ناھايىتى ئۈستۈنلۈك بىلەن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىشى كىشىلەردە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇلارغا كەسكىن كۆرەش قىلىش ھەقىقىتىنى بىلدۈردى: غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەنسەن، خەقنىڭ باللىرى بىر ھەسسە تىرىشسا، سەن ئىككى ھەسسە تىرىشىشىڭ، خام خىيالدا بولماسلىقىڭ كېرەك. ئۇرۇپ يىقىتىش شەك ـ شۈبھىسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىزگە ئېشىپ قالغان بىردىنبىر يول، لېكىن بۇنداق قىلىش تەس بولغان بىلەن مېۋىسى بەكمۇ تاتلىق. ئازابلىق بولغان بىلەن ئەكېلىدىغان خۇشاللىقى ناھايىتى زور.

بۇ مۇسابىقە جەريانىدا كىشىلەر يەنە مۇنداق ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى: ئېيتىلىۋاتقان مۇشت ئابدۇراخمان، ئابدۇشۈكۈرلەرنىڭ مۇشتى ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەلنىڭ مۇشتى، ئارزۇسى، قەھرىمانلىقتا چوقۇنىدىغان مىللەتنىڭ قەھرىمانلىق ئارقىلىق قەددىنى رۇسلاش ئىستىكىنىڭ بوكس ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى.

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا مېنى ئۆزگىچە پىكىرلىرى ئارقىلىق زەرەتلەپ تۇرىدىغان ئاقسۇلۇق دوستۇم ۋارىسخان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇسانىڭ مۇنۇ يازمىلىرى ئېسىمگە كەلدى:

«شائىرمۇ بىر جانباز، بوكسچى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل مودېلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دوغا تىكىدۇ. شائىرنىڭ ھەربىر مىسراسى، مىسرالىرىدىكى پاساھەت ئۆز رەقىبىگە تىكىلگەندە كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئۇچقۇن ياكى رەقىبىنى يىقىتقاندا ئۇنى ئالقىشلاۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئەڭ سەمىمىي تەبەسسۇم ياكى خۇشاللىق يېشى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ قالتىس شائىر مۇھەممەدئەلى ياكى خولفېرىد ۋە ياكى تېيسىن، شۇنداقلا ئابدۇشۇكۇر، ئابدۇراخمان، ئۇلار مۇشتى بىلەن شېئىر يازىدىغان شائىرلاردۇر. ئابدۇشۇكۇر، ئابدۇراخمان مۇشتى بىلەن يېڭى سەھىپە ياراتتى. ئىسسىق قېنى بىلەن بوكس مەيدانىغا ئۇنتۇلغۇسىز داستانلارنى يازدى. مەن ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئۇلار ھەر قېتىم رەقىبىنى راسا سالغاندا، مەن ئالەمچە لەززەتلىنىمەن. بۇ چاغدىكى سېزىم، بۇ پەيتتىكى مەستلىك ھەرقانداق بىر پارچە گۈزەل شېئىرنى ئوقۇغاندىكى تەسىردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار ئاتلىق ياكى ئاتسىز تۇرۇپ ئاتقان ھەر بىر مۇشت پەقەت ئۇلارنىڭ مۇشتىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ مۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر قېتىملىق غالىبلىقى، مەردانىلىكى بىزنىڭ كەلگۈسىمىزگە ئوقۇلغان ئىرادە، روھ ۋە جەڭ قەسىدىسى. ئۇلارنىڭ مۇشتىدىن چىققان سادا بىزگە سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ».

شائىرمۇ بىر بوكسچى. راست، ئۇلارنى كىم ئاجىز دەيدۇ؟ كىم ئۇلارنى بوكس سەھنىسىدە ئەمەس دەيدۇ؟ شۇڭا، شائىرلار ئابدۇشۇكۇر، ئابدۇراخمانلار بىلەن دوست بولۇشى، ئۇلار بىلەن تەڭ مەشىق قىلىشى، ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشى كېرەك. شائىرلارنىڭ مۇشتى قىزلارنىڭكىدەك يۇمران، نازۇك بولۇپ قالماسلىقى، مۇسكۇللىرى يېگىلەپ كەتمەسلىكى كېرەك.

توغرا، بىزدە يۈزلەپ ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمان چىققاندى- لا، بىزنىڭ شائىرلار ھەقىقىي شائىر بولالايدۇ. سەنئەت ۋە بوكس مەيدانىدىكى بۇ ئىككى بوكسچىنىڭ ئىككى مەيداندا ئاتقان مۇشتى گۈزەل بىر مېلودىيە ھاسىل قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ۋۇ- جۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇ لەرزىدىن قان يېڭىلىنىدۇ، روھ يېڭىلىنىدۇ. بىزنىڭ بوكسچىلىرىمىز خەلقئارا سەھنىدە تىك تۇرغاندا، ئاندىن شائىرلىرىمىز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ.

## 3

مۇشت قارىماققا ئاددىيلا نەرسە، لېكىن تەتقىق قىلىپ كۆر- سىڭىز، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ مۇشتىدەك بولىدىكەن. مۇشت يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيت- قاندا، سىمۋول، ئۇ ئېچىلسا ئالىقان بولىدۇ، قول بولىدۇ. بىر جۈپ – بىر جۈپ قوللاردىن يېڭى دۇنيا يارىلىدۇ، دۇنيا تورغا تولىدۇ.

جەمئىيەت بىر كۆرەش سەھنىسى. چوڭراق نۇقتىدىن ئېيت- قاندا، بۇ سەھنىدە مىللەت ۋە دۆلەت ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەش- كە چۈشسە، كىچىكرەك نۇقتىدىن ئادەم ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر مىللىي توپلانما ماھىيەتتە بوكسچىدۇر.

بوكس سەھنىسى رەھىمسىز. گەرچە رېپىرلار بوكس مۇسا- بىقىسىنىڭ نەتىجىسىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلىسىمۇ، بۇ سەھنە باشقا كۆرەش سەھنىسىگە قارىغاندا ئادالەت بىلەن تول- غان. بۇ سەھنىدە سىزگە ئۆزىڭىز، روھىڭىز، ئېتىقادىڭىزدىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ. باھالىغۇچىلار نومۇر قويۇش جەھەتتە خاتالىشىپ، قىسمەن ئادالەتسىزلىكلەر سادىر بولۇپ

تۇرسىمۇ، بۇ سەھنىدە غەلىبە قىلالايدىغان كىشى يەنىلا كۆپ ھاللاردا ئەڭ كۈچلۈكلەردۇر.

تەنتەربىيىدىكى بوكس سەھنىسىگە قارىغاندا، سىياسىي مەيدانىدىكى، ئىجتىمائىي تەقدىر مەيدانىدىكى بوكس تېخىمۇ رەھىمسىز. ھازىر ئابدۇشۇكۇر، ئابدۇراخمانلار ھەممە ئادەمگە ئۆچۈق بولغان بوكس سەھنىسىدە نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى، ئۆز غەلىبىسى ئارقىلىق بىزگە ئىشەنچ، غۇرۇر ئاتا قىلدى. ئەمما، ئاددىي كۆز بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىساق، بايقىغىلى بولىدىغان بوكس سەھنىسىدە نۇرغۇن ئەزىمەتلىرىمىز رەقىبلىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى قىزىقارلىق ئەھۋال، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغانلىرى ئۆزىنىڭ بوكس مەيدانىدا ئىكەنلىكىنى، بوكسچى ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈرىشىمۇ ئابدۇشۇكۇر، ئابدۇراخمانلارنىڭ كۈرىشىدىن قېلىشمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ چاۋاكقا، مەدەتكە موھتاج. ئاددىيسى سىز كوچىدا كېتىۋېتىپ خالىغان بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى ياكى ئۇيغۇر موزدۇزغا قاراڭ، كۆزىتىڭ. دەرھال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادتىن ئىبارەت بوكس مەيدانىدىكى بوكسچى ئىكەنلىكىنى سېزىسىز. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، دەل شۇ چاغدا ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇڭ: سىز بۇ بوكسچى قېرىنداشىڭىز ئۈچۈن بىرەر چاۋاك ئۇرۇپ قويالىدىڭىزمۇ؟ قولىنى مۇھەببەت بىلەن قىسالىدىڭىزمۇ؟ توغرا، بىزنىڭ ھەممە بوكسچىلىرىمىز ئابدۇراخمان، ئابدۇشۇكۇر ئەمەس. ئۇلار كۆپ ئاجىز. بىزنىڭ مەدىتىمىزگە، پەرۋىش قىلىشىمىزغا موھتاج. شۇ چاغدا ئۇلارمۇ ئابدۇراخمان ئابدۇشۇكۇر بولايدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بەلكىم، ئۇلار ئۆزىنىڭ بوكسچى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭغا قېيداشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، خاتالىق بىلدۇرمەسلىكتە. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك: ئۇلار دۈچ

كېلىۋاتقان توسالغۇ ھەم تۈرلۈك قىيىنچىلىق، دەرد ـ ئەلەم ئابدۇراخمانلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس، بەلكىم ئوشۇق.

زوردۇن سابىر قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى تەڭداشسىز بىر بوكسچى ئىكەنلىكىنى سەزدۇق، «ئانا يۇرت» تريلوگىيىسى ئۇنىڭ بۇ سەھنىدە ئاتقان ئەڭ ياخشى مۇشتى، ئەڭ ياخشى مۇسابىقىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، بىز تاماشىبىنلار رەھمەتلىك بوكس ئويناۋاتقاندا قانداق پوزىتسىيىدە بولدۇق؟ ھەر ھالدا مەن يازغۇچىنىڭ تاماشىبىنلىرىدىن رازى. ئۇلار ئۆزىنىڭ قوللىشىنى «ئانا يۇرت» قا بولغان شەيدالىقى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. رومان يېرىم يىل ئىچىدىلا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپ نەشرىياتچىلىقتا رېكورت ياراتتى. نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىزغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. تاماشىبىنلارمۇ ئۆزىنىڭ ئاڭسىز قىزغىنلىقى بىلەن نەشرىياتچىلىقىمىزغا ئېغىر بىر سوئالنى قويدى. ناۋادا بىزدە مەرھۇم يازغۇچىنى بىر بوكسچى، بىز ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن بوكسچى، ئۇنى قوللىشىمىز، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدىغان ئاڭلىق قىزغىنلىق بولغان بولسىچۇ؟ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىقتىساد، تەبىئىي پەن، سىياسىي قاتارلىق بوكس سورۇنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئاڭلىق قىزغىنلىق، ئۇيۇشۇش كۈچى بولغان بولسىچۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەھۋالدا سودىگەر ـ كارخانىچىلارنىڭ يانچۇقى تېخىمۇ تومپ، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ۋىجدانى تېخىمۇ تازا، سىياسىئونلىرىمىزنىڭ بېشى تېخىمۇ ئۈستۈن، مەغرۇر بولغان بولاتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزگە مۇنداق بىر سوئالنى قويۇپ بېقىڭ: سىز قانداق تاماشىبىن؟ شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە قانداق بوكسچى؟ سىز مۇشتىنى قانداق ئېتىۋاتىسىز؟ ئەركە قىزلارغا ئوخشاش نايناق ھالەتتە ئەركىلەپ ئېتىۋاتامسىز ياكى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كېسەل ئائىلە ــ بۇزۇلغان خاراكتېر

جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە ئىسلاھات چۇقانى ساغلام ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بىر قىستۇرما كۈي. ھەر بىر دەۋر ۋە زامان بەزىدە مۇشۇنداق چۇقانلار ئارقىلىق ئۆزىنى تۈزەشكە ۋە بىر ئىسلاھ ئەندىزىسىنىڭ بىخىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولسا، بەزىدە ئىجتىمائىي تاكامۇللۇقنىڭ يېڭى فورمۇلىسىنى ئىجاد قىلىدۇ. ئويغانغان ھەر قانداق بىر جەمئىيەت بۇ قىستۇرما كۈيدىن خالىي ئەمەس. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مىللىتىمىزگە قىلغان تەسىرى بىزدىمۇ بۇنداق قىستۇرما كۈي ــ تۈزەش ۋە ئىسلاھات چۇقانىنى پەيدا قىلدى. نۇرغۇن لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۇرغۇن ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەنمۇ بۇ خىل تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش چۇقانىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يەنە بىر چۇقان سالماقچى:

ــ ئائىلە!

تارىختىكى نۇرغۇن ئالىم، پەيلاسوپلار ئائىلە ھەققىدە ئاجايىپ ھېكمەتلىك گەپلەرنى قىلغان. ماركس «ئائىلە» دېگەن نامدا مەخسۇس بىر كىتاب يازغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئائىلە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ گېپىنى يىغىنچاقلىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكلىرىدىن بىرى ئائىلە. ھەر قانداق بىر ئىسلاھات ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىدىن باشلانسا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. چۈنكى، ئائىلە ماھىيەتتە بىر كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت.

## 1. ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن دۆلەت

ئائىلىنى تەتقىق قىلىش بىر قىزىقارلىق جەريان. قۇرۇلما
نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە بىر كىچىك جەمئىيەت، شۇنداقلا
بىر كىچىك دۆلەت. ئۇنىڭ باشلىقىمۇ، ئەقىلدارلىرىمۇ، «پۇق-
را» لىرىمۇ بار. خاراكتېر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلەتكە ئوخ-
شاش مۇستەبىت تۈزۈمدىكى، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى ئائىلىلەر-
مۇ بار. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا، ئىجتىمائىي ئاڭغا
ئىگە مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلاردىكى ئائىلە تۈزۈمى
نىسبەتەن دېموكراتىك.

ساغلام بىر جەمئىيەتتە دۆلەت ئوتوپىيىسى بىرلىككە كەلگەن
تۈزۈم، مۇكەممەل قانۇن، گۈزەل ئەخلاق، ساغلام روھ،
ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، ئالغا سىلجىتىشقا قادىر
قۇرۇلما، پارتلاپ تۇرغان ئىچكى - تاشقى كۈچنى بەلگە قىلىدۇ.
بۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت ئۇزاق مۇددەتكىچە گۈللەپ
ياشنايدۇ، هاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ.

ساغلام جەمئىيەتتىكى ئائىلىمۇ ساغلام ئائىلە ئوتوپىيىسىگە
ئىگە بولۇش كېرەك. ساغلام ئائىلە، ئائىلە تۈزۈمى، ئائىلە
ئەخلاقى، ئائىلە روهى، ئائىلە مائارىپى، شۇ ئائىلىلەردىن تەر-
كىب تاپقان مىللەت، دۆلەت، جەمئىيەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان
ئەڭ زور ئىچكى پارتلاتقۇچ كۈچتۇر.

ئۇيغۇرلار تارىختا ئائىلە قۇرۇلمىسىغا بەكمۇ ئەهمىيەت بەر-
گەن. بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى، مىجەز - خۇلقى، ئەخلاقىنى
ئائىلىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن، ئائىلىنىڭ مۇكەممەللىكىنى
قوغداش ئۈچۈن ئائىلىۋى قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزگەن. مىللىي
مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئائىلىۋى قانۇن - تۈزۈملەرنى
ئۆز ئالدىغا تۈزمەستىن، جەمئىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان،
ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن
مىللىي مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئىجتىمائىي تەرتىپ ئاساسىدا تۈز-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گەن، شۇنداقلا ئائىلە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىشقا پايدىلىق بولۇشىنى غايە قىلغان. ئائىلە قۇرۇشتىكى بۇ خىل ئاڭلىق تەدبىر مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىغان. بۇ خىل ئائىلە قۇرۇلمىسى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە مەكتەپلىك رول ئالغان.

دۆلەت باشلىقى بىر دۆلەتنىڭ يول باشچىسى. ئائىلە باشلىقىمۇ ئائىلىنىڭ يول باشچىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتساق، ئەقىللىق، ۋىجدانلىق، باتۇر، كەسكىن دۆلەت باشلىقى بىر جەمئىيەتنىڭ مىسلىسىز بەختىدۇر. ئائىلە باشلىقلىرىدا يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرنىڭ بولۇشى ئائىلىنى تېخىمۇ بەختلىك، قۇدرەتلىك قىلىدۇ.

مۇكەممەل قانۇن دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سالىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرىتى، بىخەتەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئائىلىدە بولسا ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى بەختىيارلىقىنىڭ ئاساسىدۇر.

جەمئىيىتىمىزدە ھازىر ياۋايىلارچە باش ـ باشتاقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان ئائىلىلەر بولۇش بىلەن بىرگە ئۆز ئائىلىسىنى مەدەنىيەت، ئېتىقاد، ئەنئەنە نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىدارە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئائىلىلەرمۇ بار.

قېنى، كىممۇ مىللىتىمىزدىكى ئورتاق گۈزەللىك قارىشى، ئورتاق پسىخىكا، ئورتاق مىللىي جەسۇرلۇق، مىللىي روھنى ئائىلىۋى قانۇنلاردىكى مۇكەممەللىك، ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى ساغلاملىقتىن كەلمىگەن، دەپ ئېيتالايدۇ؟

## 2. ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن مەكتەپ

ئادەتتە ئانىلار بىرىنچى ئۇستاز دەپ قارىلىدۇ. ئۇنداقتا ئائىلە بالىلارنىڭ بىرىنچى مەكتىپى، شۇنداقلا چوڭلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئالىي مەكتىپىدۇر.

ئائىلىلەرنىڭ مەكتەپلىك خاراكتېرى شۇ يەردىكى، بالىلار
ئەڭ دەسلەپتە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەلىماتنى ئەڭ بۇرۇن ئاتا ـ
ئانىسىدىن ئالىدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىنىڭ جەمئىيەت، ئىنسان،
روھ، ئېتىقاد، ئەخلاق ھەققىدىكى تەربىيىسى بالىلارنىڭ ھاياتىغا
ئەڭ كۆپ تەسىر قىلغان تەربىيە بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ
خاراكتېرى ياخشى، ئەخلاقى گۈزەل، ئېتىقادى پاكىز بولسا ھەم
ئۇلار بىلىملىك بولسا، ئائىلە باشقۇرۇشنى بىلسە، بۇ بالىلارنىڭ
بەختى. شۇنداقلا بۇ ئائىلە ئەڭ ساغلام، ھاياتىي كۈچكە ئىگە
مەكتەپتۇر.
ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە
ئوخشاشمايدىغان بىر نەچچە تەرىپى بار.
بىرىنچى تەرەپ: ئائىلە مەكتىپى مەكتەپنى ئوقۇغۇچى بىلەن
تەربىيىلەيدىغان مەنبە، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىغا بىۋا-
سىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورۇن.
ئىككىنچى تەرەپ: ئائىلە مەكتىپى بالىلارنىڭ كاللىسىدا
ئادەم بولۇشنىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى سىزىپ، ئىجتىمائىي جەمئى-
يەتنىڭ ئەڭ تۇنجى مودېلىنى قاتۇرىدۇ. مەكتەپ بولسا بۇ خەرى-
تىنى ئىنچىكىلەيدۇ. بالىلارغا ياشاشنىڭ قورالىنى تۇتقۇزىدۇ.
ئۈچىنچى تەرەپ: ئائىلە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەڭگۈ
ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقى بولىدىغان ئوقۇغۇچىلاردۇر. شۇڭا،
كەلگۈسى ئائىلە ئىگىلىرىنىڭ ئائىلە مەكتىپىدە يېتىشتۇرگەن
ساپاسى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتى-
دۇ. ئائىلە يەنە مەڭگۈلۈك مەكتەپتۇر.
ئائىلىدىن ئىبارەت مەكتەپنىڭ ساپا ئىسلاھاتى مەڭگۈ توخ-
تاپ قالمايدىغان ئىسلاھات. ئائىلە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى
ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنت ۋۇجۇدىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبچى-
سى ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالماي، يەنە پەرزەنت روھىنىڭ لايىھە-
لىگۈچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا مەڭگۈ ئو-

قۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ. ئائىلە مەكتىپىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئىنسانىنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى. ساغلام ئائىلىلەر ساغلام دەۋرنىڭ كاپالىتىدۇر. بىر دۆلەت ياكى مىللەت مەلۇم دەۋردە ھەر قانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسۇن، ئائىلە چۈشكۈنلۈكىنى ھەل قىلالمىسا، ئائىلىدىن ئىبارەت مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقالمىسا، بۇنداق دۆلەتنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىر ۋەيرانچىلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى مەكتەپلىرى خارابە، مەرىپەتسىز جەمئىيەتنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش ئاقىۋەتتۇر.

## 3. ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن فولكلور مۇزېيى

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيىتى، روھى قاتارلىق ئامىللار ئادەتتە ئائىلىدە ئەڭ ئىخچام ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۆي — ئائىلىنىڭ جۇغراپىيىسىدۇر. ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئائىلە بىلەن ئۆي دېگەن ئۇقۇمنى كۆپىنچە ھاللاردا بىر مەنىدە ئىشلىتىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن بىزنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز.

ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىدە گۈل ئۆستۈرۈشكە، ھويلىلىرىنى باغ قىلىشقا ئامراق. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش روھى، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىش ئارزۇسى. ئۇيغۇرلار قۇش بېقىشقا ئامراق. بۇ ئۇلارنىڭ كەڭ قورساق، تىنچلىق سۆيەر، قەلبىنىڭ مۇھەببەتكە تولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئائىلىسىنىڭ ئۆزى بىر كىچىكلىتىلگەن فولكلور مۇزېيى. بۇ مۇزېيى ساياھەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن

قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى ئائىلىدىن ئىبارەت مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ئۈچۈن قۇرۇلغان.

گۈللەر بالىلارنى كەڭ قورساق، گۈزەل خۇلقلۇق، ئاق كۆڭۈل قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

قۇشلار ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە تەبىئەتكە مۇھەببەت قوزغايدۇ.

تامدىكى گىلەملەر تەبىئەتنىڭ ئۆيدىكى ئىخچام كۆرۈنۈشى.

كەڭرى دېرىزىلەر، ئىشىكلەر تاشقى دۇنياغا بولغان ئېچىۋېتىش خاراكتېرى.

چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت، كۆيۈنۈش، ئائىلىۋى كەيپىياتتىكى ئىللىقلىق، ھەق ـ ناھەقكە بولغان ئۈچۈق پوزىتسىيە ئائىلىدىن ئىبارەت مەكتەپتىكى ئەڭ ياخشى ھاۋا، ئاتموسفېرا.

## 4. كېسەل ئائىلە ـــ بۇزۇلغان خاراكتېر

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجابىي نەرسىلەرمۇ، سەلبىي نەرسىلەرمۇ بار.

كېسەل ئائىلە ـــ بۇزۇلغان خاراكتېر. بۇ دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ئەڭ چوڭ «سوۋغىسى».

ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئائىلە بۇزۇلۇش نىسبىتى تىك سىزىق بويىچە يۇقىرى ئۆرلىگەن. تۇل ئەر، تۇل خوتۇنلار، يېتىم بالىلار ئاۋۇپ كېتىپ جەمئىيەتتىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغان. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشىدىكى خوتۇن قويۇپ بېرىپ، ئەردىن ئاجرىشىدىغانلارنىڭ چىقمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئائىلە قارىشىنىڭ تايىنى يوق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تايىنى يوق كىشىلەرگە قىز بەرمەيدىغان، ئۇلاردىن قىز ئالمايدىغان خاھىش ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتى ياكى جەمئىيەتتىكى

www.uyghurkitap.com

چەكلەش كۆچىنى يوقاتتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ماڭقۇرتلاش-
قان بىر دەۋرنىڭ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كەم قالغان ياكى تۆۋەن-
لەپ كەتكەن مىللىي روھ، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي پسىخىكا
خاھىشى بۇ دەۋردە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا ئېلىپ بېرىلغان
ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي سۇنۇشقا
باشلىدى.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەتبۇئات، ئەدەبىيات - سەنئەت، روھ
نۇقتىسىدىن قىلغان ھۇجۇمىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىشىپ
قالغان ئائىلە قارىشى كۆپۈكتەك توزۇپ كەتتى. ئۇيغۇر جەمئى-
يىتى بىر بۆھران —— ئائىلە كرىزىسىغا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن
ئائىلىلەر ئائىلە كۆز قارىشىنىڭ ساغلام بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن
ئائىلىسىنى مەكتەپكە، كىچىك بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرالمىدى، ئۆز
ئەقىدىسىنى ئەۋلادلار قەلبىگە يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك، ئائىلىۋى
قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق قۇرۇلمىلىرىنى ئورنىتالمىدى. ھەتتا
نۇرغۇن ئائىلىلەر زامانىۋى ساۋاتسىزلىق، يېلتىز كۆز قارىشى-
نىڭ تايىنى يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئائىلىنىڭ شۇنداق ئالاھىدىلىكى-
نى ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى قاراڭ-
غۇلۇقسىز قوغۇنلۇقتا، قانۇنسىز جەمئىيەتكە ئايلىنىپ، تاشقى
ئېزىقتۇرۇشنىڭ شەھۋەت كۆچى ئالدىدا ئامالسىز قالدى.

ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش، تەقدىرى-
مىزنى ياخشىلاش دەۋرنىڭ تەقەززاسى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ تە-
قەززاسى. ئائىلىۋى چۈشكۈنلۈك جەمئىيەتكە ئەقىدىسىنىڭ، رو-
ھىنىڭ، خاراكتېرىنىڭ تايىنى يوق نۇرغۇن ئازغۇن روھنى
ئېكسپورت قىلماقتا. بۇ ئازغۇن روھلار مىللىي ئەقىدە بىلەن
زامانىۋى ئېزىقتۇرۇش، ئەقىدە بىلەن ئەقىدىسىزلىك، مەسئۇلى-
يەت بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلىك، غايە بىلەن چۈشكۈنلۈك چېگرى-
سىدا تېنەپ يۈرمەكتە. جەمئىيەت ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، توغ-
را يولغا باشلىشى كېرەك. قەلبىدە زامان ۋە ماكانغا، مىللەت

ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار ھەر بىر كىشى بۇ خىل تەخىرسىزلىك ئالدىدا كالللىسىنى سىلكىۋېتىپ ئويلىنىشى كېرەك.

بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئەڭ ئاۋۋال ئىسلاھات تەقەززاسىنى تونۇغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھات يەنە جەمئىيەتتىكى كىچىك بىرلىك ئائىلىدە غەلىبىگە ئېرىشتى دېگەنلىك ئائىلىدىن ئىبارەت مەكتەپنىڭ روھى سۇزۇلۇپ قۇرۇلمىسى ساغلاملاشتى، دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەبىئەتنىكى سىر ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى مىكىر

200 نەچچە يىل بۇرۇن كىشىلەر ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىغا توپ ـ توپ بىلەن كۆچۈشكە باشلىغاندا، كىمدۇر بىرى بىر نەچچە قوينى ئۇ يەرگە بارىدىغان كېمىگە سېلىۋالغان. ئاۋستىرالىيىدە ئەسلى قوي يوق بولۇپ، يېڭى ئېلىپ بېرىلغان بۇ قويلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىتتا ئاپەتكە ئايلىنىشقا تاس قالغان. ھازىر ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى ئاساسلىق ئىككى دۆلەت ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېللاندىيە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قوي مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر.

ئىنسانلار يېڭى قۇرۇقلۇقلارنىڭ تېپىلىشى، ئادەم ئايىغى باسمىغان جايلارنى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقان. مەلۇم بىر توشقان يوق رايونغا توشقان پەيدا قىلىنغاندىن كېيىن، توشقان يېڭى مۇھىتتا ئاجايىپ تېز كۆپىيىپ ئادەمنىڭ تىزگىنلىشىدىن چىقىپ كەتكەن… ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئالىملار تەبىئەتنىكى بۇ ئالاھىدە سىرغا قىزىقىشقا باشلىغان ۋە ئاخىر ئىلىم ـ پەننىڭ ياردىمىدە بۇ سىرلارنى يەشكەن.

مەلۇم ھايۋان ۋە مەلۇم ئۆسۈملۈك ئەۋزەل شارائىتقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ زور ھاياتىي كۈچنى نامايان قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى ئەۋزەل شارائىت ئۇلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئالاھىدە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەبىئىي شارائىتنى كۆرسى-

تىدىكەن. بىرەر جانلىق بۇنداق شارائىتتا ئېرىشىۋالسا، ئۇنىڭ
تەرەققىياتىنى توسۇشمۇ بىر مەسىلىگە ئايلىنىدىكەن.
بۇ جەرياندا ئىنسانلار بايقىغان يەنە بىر ئالاھىدە ئىش شۇ-
كى، تەبىئىي شارائىتنى سۇنئىي ھالدا ئۆزگەرتىش (يېڭى جان-
لىقلار تۇرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش دېگەندەك) شۇ رايوندا ھۆكۈم-
ران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن مەلۇم جانلىقلار گۇرۇھىنىڭ تەرەق-
قىياتىدا چېكىنىش پەيدا قىلالايدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ نەسلىنىڭ
قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئالىملار بايقىغان بۇ
قانۇنىيەتلەردىن تولۇق پايدىلاندى. تەبىئىي ئېكولوگىيىگە تەسىر
قىلىش ئارقىلىق تەبىئەتتىكى مەلۇم جانلىقنىڭ تەرەققىياتىنى
چەكلەپ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق يەنە بىر جانلىقنىڭ تەرەققىياتىنى
يۇكسەلدۈردى.
مەن تەبىئەتتىكى بۇ قىزىق ھادىسىگە دىققەت قىلىش جەريا-
نىدا ئىجتىمائىي ھاياتتىمۇ شۇنداق قانۇنىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى باي-
قاپ قالدىم. تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگى-
يىدىكى بۇ ئوخشاشلىق مېنى ھەيرەتكە سالدى. مەن تەبىئەتتىكى
قانۇنىيەتنى سىر دەپ، جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قانۇ-
نىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي
كۈرەشلەر جەريانىدا ئىشلىتىۋاتقان ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى ئىن-
سانىنىڭ ئەقلى بىلەن باغلاپ مىكىر دەپ ئاتىدىم. تۆۋەندىكىلەرگە
قاراڭ.
1494 ـ يىلى ئىنسانلار ھازىر لاتىن ئامېرىكىسى دەپ
ئاتاۋاتقان يېڭى قىتئەنى بايقاپ شۇ يەرگە كۆچۈشكە باشلىدى.
ئەينى يىللاردا بۇ ئىككى قىتئەدە 30 مىليوندىن ئارتۇق بۇيۇك
مايا ۋە ئازتىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان بىز ھازىر ئىندىئان دەپ
ئاتاۋاتقان تەبىئەت بىلەن يېقىنلىقى ئاجايىپ كۈچلۈك مىللەتلەر
تۇركۇمى ياشايتتى. ئۇلار بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتا كۈچلۈك ئىمپېرى-
يىلەرنى قۇرغان. ئاجايىپ مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى ياراتقان-

ـدى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يېتىشى بىلەن تەڭ بۇخىل مەدەنىيەتنىڭ، بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنىڭ زاۋالى باشلان. ـدى. مۇستەملىكىچىلەر ئورناتقان يېڭى تۈزۈم، يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت (مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرىنى يەرلىكلەرگە مەدەنىيەت، ئازادلىق ئېلىپ كەلگۈچى، دەپ قارايتتى) بۇ يەرنىڭ ئەسلىي خوجايىنى بولغان ئىندىئان مىللەتلەر تۈركۈمىنىڭ ناھايىتى تېزلا نەسلى قۇرۇش ۋە نۆل نۇقتىغا قاراپ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار نوپۇس جەھەتتە كۆنسېرى ئازلاپ 20 ـ ئەسىر. نىڭ بېشىدا بىر نەچچە مىليونغا يەتمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى...

بۇ خىل پاجىئە يۇرتى مۇستەملىكىگە ئۆچرىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بېشىدا تەكرارلاندى. يۇرتىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجە. ـسىدە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە سۇنئىي ئۆزگەرتىپ تاشلىنىپ نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىزى ئۆچتى. كروران، نىيە، ئاقسېپىل قەدىمىي شەھەرلىرىنى قۇم باستى، يارغول ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەرلىرى خارابىلىككە ئايلاندى...

نېمە ئۈچۈن بۇنداق پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ؟ ھاياتىي كۈچى ناھايىتى زور، پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ھامىيلىرى بولغان بۇ خەقلەر نېمىشقا شۇنداق ئوڭايلا خاراب بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى نەگە كەتتى؟ تارىخچىلار نۇرغۇن ئويلىنىش ئارقىلىق مۇستەمل. ـكىچىلىكتىمۇ تەبىئەت ئېكولوگىيىسىدىكى جانلىقلارنىڭ كۈچە. يىش، ئاجىزلىشىش قانۇنىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قانۇ. نىيەتنىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

مەلۇم بىر رايون خەلقى (مەسىلەن، ئىندىئان مىللەتلەر تۈركۈمى) تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، ئىجتىمائىي ھايات. ـنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىش جەريانىدا ئۆز خەلق. ـنىڭ تەپەككۇر ئادىتى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئىقتىسادىي تۈر.

مۇش شەكلى قاتارلىقلارغا ئۇيغۇن ۋە ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا پايدىلىق بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئۆز مۇھىتىدا پەيدا بولغان تۇزۇلمە شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى سىجىللىقتا ئىگە قىلىدۇ ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە بىر كۈچلۈك ھاياتلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئاقىل مۇستەملىكىچى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىگە ئىگە مىللەتنىڭ مۇھىتىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل ۋاستىلەر (يېڭى ئىدېئولوگىيە، ئۆز تۇزۇلمىسى، ئۆز تەپەككۇرى) ئارقىلىق ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ ئورنىغا يېڭى ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنى تىكلەيدۇ. بۇ يېڭى ئېكولوگىيە باراۋارلىك، ياردەم بېرىش، قوغداش، ئازاد قىلىش، يېڭى ئىستىقبال - يولغا باشلاش دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن زىننەتلىنىپ، يەرلىك خەلقلەرنى چاندۇرماي زەھەرلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ ھالاكىتى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرگەنلىكى، يېڭى ئېكولوگىيە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئەسلىدىكى يەرلىك ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت مەقسەتنى چۆرىدەپ قۇرۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن يېڭى شارائىتتىكى مۇستەملىكىچى ئاۋسترالىيىگە بېرىپ قالغان قوي كەبى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. يەرلىكلەر تەرەققىي قىلىمەن دەپ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ بارغانسېرى ئارقىغا دەسسەيدۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ تارىخى بىچارە ئىندىئانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئوخشاش بىر شېرىن چۈش كەبى ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ھالەتنى يەنە مەلۇم زىرائەتنى نۇقتىلىق ئۆستۈرىدىغان، قالغان باشقا زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى پىلانلىق ھالدا ئۆسۈشتىن چەكلەيدىغان ئېتىزغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ھازىر شۇنداق دورىلار بار. ئېتىزدىكى ئوتنى يوقىتىدۇ، لېكىن زىرائەتنىڭ

ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

بۇنى دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە تۇزۇلمە تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش جەريانىدا كۆرۈلگەن ھەممىگە ئاشكارا سىر، شۇنداقلا ئىنسانلار مەنپەئەت تالىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ مىكىر دېمەي ئامال يوق...

نۆۋەتتە، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېلىپ بارغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ماھىيەتتە ياۋروپالىقلارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدا، دۇنيادىكى باشقا مۇستەملىكىلەردە ئوينىغان ئىلغارلىق نامى ئاستىدىكى ئۆزىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ئالماشتۇرۇش ئويۇنلىرى، خالاس... دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا بۇنداق ئويۇننىڭ ھېلىمۇ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق...

# كرىزىس ئېڭى ۋە ئۆزىنى تونۇش

## 1

بىزدە كرىزىس ئېڭى بارمۇ؟ بىز ئۆزىمىزنى توغرا تونۇيالامدۇق؟ ئۆزىمىزگە توغرا، ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق باھا بېرەلىدۇقمۇ؟

كرىزىس ئېڭى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتە ئۆزىنى تونۇش نۇقتىسىدىن ئۆزىگە قايتا باھا بېرىش دولقۇنىنىڭ قوزغىلىشى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ۋە ئۆزىگە قايتا باھا بەرگەندىن كېيىنكى ئويغىنىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىدە سېزىلگەن كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش ئۈچۈن باشلانغان دەسلەپكى ئۇرۇنۇشتۇر.

كرىزىس تۇيغۇسى ماھىيەتتە روھىي ئويغاقلىق بولۇپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كرىزىس تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئورنىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

كرىزىس ئېڭى يەنە مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسى تەڭپۇڭ مىللەتلەردىكى كرىزىس ئېڭى روشەن ھالدا ئىلغارلىق بىلەن خاراكتېرلەنسە، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان مىللەتلەردە كرىزىس ئېڭىغا چۈشكۈنلۈك، پاسسىپلىق ئامىللىرى قېتىلىپ، كرىزىس ئېڭىنىڭ مىللىي تەرەققىياتتىكى پىشاڭلىق رولىغا يامان تەسىر بېرىدۇ. ھەتتا بەزىدە تەرەققىياتنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولغان پىشاڭ تەرەققىياتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈۋېتىدىغان كالتەك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

## 2

ئۆزىمىزنى توغرا تونۇيالىغاندا ۋە ئۆزىمىزگە ئىلمىي، ئەتراپلىق باھا بېرەلىگىنىمىزدە، ئاندىن بىز تۈرلۈك تەرەققىيات، يۈكسىلىش يوللىرىغا دادىل، مەردانە ھالدا ماڭالايمىز، ئىزدىنىمىز، تىرىشىمىز. ئەكسىچە بولغاندا مىللىي ئىنكارچىلىق، يەنى ئۆزىمىزدىن خەق ياخشى، مەندىن «باشقىلار ئەقىللىقمىكىن؟» دەيدىغان چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا كىرىپ قالىمىز - دە، ئىشەنچىمىز، ئۈمىدۋارلىقىمىز سۇسلىشىپ، ئىشلىرىمىز روناق تاپمايدۇ، ئالغا باسمايدۇ، نەزەر دائىرىمىز كىچىكلەيدۇ.

دۇنيادا ھېچقاچان مۇتلەق ئىلغار، ئىشلىرى ھەر قاچان ئۇڭۇشلۇق بولىدىغان مىللەت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇتلەق قالاق، پالاكەتتىن ئۆرە بولالمايدىغان مىللەتمۇ ھەم يوق. تارىخ پەقەت بىر خىل سىناق ۋە تەۋەككۇل قىلىش جەريانىدۇر.

مىلادىيە 11 - ئەسىردە بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «بىلىم — بارلىق بەختلەرنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەنگلىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر بېكوننىڭ «بىلىم — كۈچ» دېگەن ھۆكمىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، پاساھەت جەھەتتە «بىلىم — كۈچ» تىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈم ئىدى.

مىلادىيە 10 - ئەسىرلەر ئەتراپىدا گەنجۇ ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مەتبەئەنى كەشىپ قىلدى. بۇ ۋاقىت غەرب ۋە شەرقنىڭ مەتبەئەچىلىكىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئىدى.

بىز بۇنداق مىساللارنى تالايلاپ كەلتۈرەلەيمىز. ئەمدى بىز توغرۇلۇق چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاڭلاپ باقايلى: «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈكلۈك. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» — مورگان (ئامېرىكا).

«ناۋادا مەندە يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كېلىش پۇرسىتى بولسا، بۇددا دىنى تارىلىشقا باشلىغان مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.»

مانا بۇ ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى، 20 ـ ئەسىر تارىخ تەتقىقات مېتودىدا يېڭى يول ئاچقان پەيلاسوپ ئارنولد تويونبىنىڭ مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئېيتقان سۆزى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملاردىن ئىماگىزم ۋە ئىپادىزم تاڭ دەۋرىدىكى تاغ ـ دەريا، مەنزىرە شېئىرلىرىدىن ئۆگىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ ئېقىمدىكى شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى ئوقۇش، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا مۇشۇ ئېقىملارنىڭ ئاساسچىسى ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر ئېزرا فوند تاڭ شائىرى ۋاڭ ۋېينى ئۇستاز سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا نۇرغۇن تەقلىدلەرنى يازغان. تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ كۆرگەن ئالىملار تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب، تارىخچىلارنىڭ «چاڭئەندە ئۇيغۇرچە ياسانماق، ئۇيغۇرلارنىڭ سازىنى چالماق، ئۇيغۇرچە تاماق يېمەك مودا بولدى» دەپ يازغان قەسىدىلىرىنى ئوقۇغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددا دىنىنى تارقىتىپ، سۇي، تاڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ كۇسەندىن كەلگەن مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا قاتارلىق پەيلاسوپلار ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ھەيران قالغان. ئۇنداقتا كىممۇ تاڭ دەۋرىدىكى تاغ ـ دەريا، مەنزىرە شېئىرلىرىدا قۇچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرىنىڭ تەسىرى يوق، دەپ ئېيتالايدۇ؟ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پېنى بىزنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇپتۇ[1].

---

① بۇ نەقىللەر شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان ئامېرىكا تارىخچىسى شافۇل ئانوسىنىڭ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.

مىللىي ئىنكارچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپا-
دىسى ئۆتمۈشنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، يەنە كەلگۈسىدىنمۇ ئۈ-
مىد ئۈزۈش، «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكنىڭ يېتىشىغا» بېقىپ
ياشاش خاھىشىدۇر. ئۇ ھەر قانداق بىر مىللەت ئۈچۈن تولىمۇ
زىيانلىق ئىللەت.

مىللىي كرىزىس ئېغىر مىللىي تەپەككۇر سۇزۇكلىشىپ مىل-
لەت ئەزالىرىنىڭ ئەقىل كۆزى نىجاتلىقنى ئۆزىدىن ئىزدەشكە،
باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغارلىق تەجرىبىسىنى ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ
بىلەن قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا ئاندىن سۇزۇلىدۇ؛ بۇ ئاڭ
مىللىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلى-
نىدۇ. نەزەر دائىرىسى تار ئادەم ئۈچۈن بىرەر چۆل ھالاكەتنىڭ
بوسۇغىسى بولۇپ كۆرۈنسە، تەپەككۇرى ئويغاق ئادەم ئۈچۈن
نىجاتلىق دېڭىزى بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىر تال ئۇرۇق
ئاقىللارنىڭ نەزەرىدە بىر پارچە باغ، لېكىن دۆتلەر ئۈچۈن ئۇ
ھېچنېمە ئەمەس.

## 3

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۈگۈنكى ئۇيغۇر
دوكتورلىرى» دېگەن كىتابنى ۋاراقلاپ، ھەر قايسى گېزىت —
ژۇرناللاردىكى ئۇيغۇر دوكتور — ئالىملىرى ھەققىدىكى ماقالى-
لەرنى ئوقۇپ، ئىپتىخار، ھاياجانلىق تۇيغۇسىدىن تومۇرلىرىمدا
قانلىرىم قاينىغان، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن چاقنىغان نۇر
مېنىڭلا ئەمەس، تالاي كىشىلەرنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى يورۇتقان-
دى. ئابدۇشۈكۈر مىجىت «جۇڭگو بوكس شاھى» تاجىنى كىي-
دى؛ قاسىم تۇرسۇن جۇڭگو بىليارت مۇنبىرىدىكى چولپانغا ئاي-
لاندى. ئادىل ھوشۇر يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ
«پەلەك شاھى» دەپ شۆھرەتلەنسە، قارتا ماھىرى روشەنگۈل

ئەبەيدۇللا دۇنيادىكى ئون مەشھۇر سېھرىگەرنىڭ بىرى بولدى. تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، دىلنار ئابدۇللا، ئايتۇرسۇن نىيازلار خەلقئارا سەھنىلەردە ئالىي سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈردى. مەن ئۇيغۇر دوكتورلار بىلەن تەنھەرىكەتچىلەرنى ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغان بىر مەنىۋى رىشتىنىڭ پۈتكۈل خەلقنى بىر ـ بىرىگە باغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى باشقىدىن تونۇشقا باشلىدىم. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادلارغىلا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە شۇنداق ئەۋلادلارغىمۇ ئىگە.

يېقىنقى بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللەت ساپاسى ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىش دولقۇنىدا مىللىتىمىز ساپاسى ھەققىدە ھەر خىل باھالار بولدى، بەزىلەر كۆزلىرىنى توسۇۋالغان مىللىي چۈشكۈنلۈك پەردىسىنىڭ تەسىرىدە مىللىتىمىزنى ھۇرۇن، ئەبگا، قاسماق… دەپ ئەيىبلىدى. مىللەتنى ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ مۇھاكىمىلىرى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي روھىيىتىدىكى چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە مىللىتىمىز ھەقىقەتەن ھۇرۇن، ئەبگا، قاسماقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ پەقەت نۆۋەتتە مىللىتىمىزدىكى بەزى يۈزەكى ھادىسىلەرنى كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان يۈزەكى خۇلاسە، خالاس.

مىللىتىمىز تارىخىغا نەزەر تاشلاپ باقساق، مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق ماكانى بولغان جايلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تەبىئىي شارائىتى ئىنسانىيەتنىڭ ياشىشىغا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان قۇرغاق، چۆل ـ جەزىرىلەر، قاقاس تاغلاردۇر. لېكىن، مىللىتىمىز مانا مۇشۇ جايلاردا ياشاپ كۆپەيدى. تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى؛ ئاشۇ جايلاردا ياشاپ، كۆپىيىپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشتى. مىسال، تۇرپان ئويمانلىقى يەر شارىدىكى ئەڭ ئىسسىق، قۇرغاق-

چىلىق ئەڭ ئېغىر، دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن بىر جاي. بەزى يازكۈنلىرى بۇ جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 55℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ، قۇمغا تۇخۇم كۆمسە پىشىدۇ. ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ زېمىندا ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتلىرىنى ياراتتى؛ قەدىمكى قوچۇ ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئىزى بولغان يارغول قەدىمىي شەھىرى، مىڭ ئۆيلەر دەل بۇنىڭ ئىسپاتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە دۇنيا سۇ ئىنشائاتچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزە — «كارىز» نى كەشىپ قىلدى.

ئالىملار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلارنىڭ تارىخىنى، ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۇنى «يەر ئاستىدىكى سەددىچىن سېپىلى» دەپ ئاتىغان. ئەجدادلىرىمىز مانا مۇشۇ كارىزدىن ئىبارەت مۆجىزىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بوستانلىقلار دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ چۆل تەكلىماكان بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن ھىمالايا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەمىشە تەبىئەتنىڭ خىرىس قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن. ھازىرمۇ ئىشچان ئۇيغۇر دېھقانلىرى تەكلىماكاندىن ئىبارەت قۇم دېڭىزىغا دېڭىز - دەريالار بىلەن ئەمەس، ماڭلىيىدىن ئاققان تەرلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى تىزگىنلەۋاتىدۇ…

يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنىڭ نەتىجىلىرىمۇ بىزنى قايىل قىلارلىق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «گىلەم» دىن ئىبارەت بىر يىپ - بىر يىپتىن توقۇلىدىغان، ئەستايىدىللىق ۋە چېۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ كىشىلەرنى قېنى كىممۇ «ھورۇن» دېيەلىسۇن؟! چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەتچىلىكىنىڭ ئاساسىنى سالغان، دۇنيادا ئەڭ كۆپ

يېزىق قوللانغان، ئەڭ كۆپ دىن ئالماشتۇرغان، پەلسەپىۋى ئاڭغا
ئىگە بۇ مىللەتنى قېنى كىممۇ «ئەبگا» دېيىشكە پېتىنالىسۇن؟

خەلقىمىزنىڭ مەلۇم مەزگىللىك ھۇرۇنلۇق كېسىلىگە گىـ
رىپتار بولۇپ قېلىشى زادى نېمە سەۋەبتىن؟ بۇ ھەرگىز ئۇلاردىـ
كى ئىرسىيەت، قان سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنۇمسىز تەكرار
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كېلىپ چىققان، ئىسلاھات، ئىـ
شىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتـ
سىز ھالەتتە تۇرۇۋېمۇ تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دېڭىز بويى
رايونلىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسى ۋە شەرقىي ياۋرو-
پادا سودا قىلىپ، مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى قانداقتۇر
مەلۇم تەلەيىنىڭ ئۇلارغا ئالدىنى قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى
ئىش قىلىش پۇرسىتىنىڭ يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشچانـ
لىقىنىڭ نەتىجىسى، خالاس.

پۇرسەت ھەممە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، پۇرسەت بولمىـ
سا، ئىشچانلىقمۇ ھۇرۇنلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

خەلقىمىز پاكىز ئەمەس، تازىلىقنى سۆيمەيدۇ، دەيدىغان
كۆز قاراش ھېچقاچان پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

دۇنيا بويىچە سۇ ئەڭ قىس جايدا ياشاۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ
ئۆزگىچە پاكىزلىق ئەنئەنىسى بار. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىدە روھىي
پاكلىق ھەممە پاكلىقنىڭ ئاساسى. پاكلىق بىر يالغۇز ئۇقۇم
ئەمەس، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىدىكى بىر زەنجىر. بىر مەز-
گىللىك ماددىي نامراتلىقتىن كېلىپ چىققان كىيىم - كېچەك
چۈشكۈنلۈكىنى، ئىش ئالغا باسماسلىقتىن كېلىپ چىققان رو-
ھىي چۈشكۈنلۈكنى ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالساق پۈ-
تۈنلەي خاتالىشىمىز. پۇرسەت مىللىتىمىزدىكى پاسكىنىچىلىقنى
چوقۇم يۇيۇپ تاشلايدۇ! مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆمۈلۈپ ياتـ
قان روھىي پاكلىق پۇرسەتنىڭ غىدىقلىشىدىن ئېتىلىپ چىققان
چاغدا، ئۇ ھەممە پاسكىنىچىلىقنى يۇيۇپ تاشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىقتىسادىي ئاڭ ۋە تەرەققىيات

ماقال ـ تەمسىللەر بىر مىللەتنىڭ روشەن روھىي ئەينىكىدۇر. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە»، «گاچا بولسىمۇ، باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن»... ئىقتىساد ھەققىدىكى بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردىن يەنە بىر نەچچىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقى پۇل ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق مۇشۇنداق ئوبرازلىق يىغىنچاقلىغان، ئىقتىسادنىڭ شەخس ۋە كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئوينايدىغان رولىنى شەرھلەپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت مېخانىزمىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى ئىسپاتلىغان، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتكە خاس ئىقتىسادىي ئېڭىنى نامايان قىلغان. گەرچە بىز ئىنسانلارنى ئەمگەك ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قەدەم قويدى، دەپ ئەمگەكنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىشتا قوزغاتقۇچىلىق رول ئوينىغانلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىسەكمۇ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋارنىڭ قىممىتىنى پۇل ئارقىلىق بەلگىلەشكە قەدەم قويغانلىقىنى تەپەككۇر تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇممايمىز. ئادەم ئەمگەك ئارقىلىق ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان بولسا، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىساد دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، قىممەت دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندى. بۇ ھال ئىنساننىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئىقتىسادنىڭ تەپەككۇرنى غىدىقلايدىغان ياكى تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالىدىغان

خۇسۇسىيىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قانۇنـ
يىتىگە ئايلاندى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىـ
ياتى بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىسادىي
قارىشى قانچە كۈچلۈك، ئىلمىي بولغان مىللەتلەرنىڭ ھاياتىي
كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ، دارۋىننىڭ تەدرىجىي تاللىنىش قانۇنىيىـ
تىنىڭ ھالقىلىرىدىكى كۈچلۈكلەردىن بولۇپ قالدى. شەھەر دۆـ
لەتلىرى گۈللەنگەن دەۋرلەردىكى قەدىمكى يۇنان، رىم، بابىلۇن،
مىسىر، جۇڭگو، ھىندىستانلارنىڭ تەرەققىياتى، يىپەك يولى
گۈللىنىپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ قان تومۇرىغا ئايلانغاندىكى
تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلـ
غاندىن كېيىنكى ئەھۋالى، يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنـ
كى دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ياۋروپانىڭ تەرەققىياتى، سانائەت
ئىنقىلابىدىن كېيىنكى غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا، نېفىت يېڭى
ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلانغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا شەرق ۋە
ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالى دەل مۇشۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ جانـ
لىق ئىسپاتى. 1990 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى —
كۇۋەيتنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىـ
رىنىڭ ناھايىتى تېزلا بىر پىكىرگە كېلىپ، پارس قولتۇقى
ئۇرۇشىنى قوزغىشى ھەرگىز غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا ئادا-
لەتتە ئادىللىقتا چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارنى
بۇنداق تېز بىرلىككە كەلتۈرگەن كۈچ دۇنيانىڭ 50% ىدىن
ئارتۇق ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تىزگىنلەپ ياتقان ئوتتۇرا شەرقـ
نىڭ سۇيۇق ئالتۇنى — نېفىت. 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاـ
قىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب — ئىدېئوـ
لوگىيە كۈرەشى جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بولۇپلا قالماي، ھەربىي
قورال ـ ياراغلار مۇسابىقىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي
كرىزىستۇر. تېخى يېقىندا يۇز بەرگەن، 32 يىل ھاكىمىيەت
بېشىدا ئولتۇرغان ھەربىي مۇستەبىت، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى

www.uyghurkitap.com

سوخارتونىڭ 1998 ـ يىلى 21 ـ مايدا ئىلاجىسىز ھالدا تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇشىمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تۈرتكىسىدىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى تۈپەيلىدىن ئاخىرلاشقان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش بىر سادا، ئوخشاش بىر ھۆكۈم تەرەپ ـ تەرەپكە ياڭرىدى: ھەقىقىي كۈچلۈكلۈكنىڭ بەلگىسى ئەمدى ھەربىي كۈچ ئەمەس، ئىقتىسادىي كۈچ. ئىقتىسادىي كۈچ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. ھەتتا دۆلىتىمىزمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدى ۋە 1978 ـ يىلى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى قۇرۇپ ئىسلاھاتنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئەسلىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۇندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندىلا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن: «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتسىلا ياخشى مۈشۈك» دېگەن ئوبرازلىق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ماركسىزم ئەمەلىيىتى جەريانىدا شۇنى ھېس قىلغانىدىكى، بىرەر تۈزۈمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۆلۈك نەزەرىيىلەر ئەمەس، بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغان ـ ياخشىلانمىغانلىقىدا. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ۋە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەن بولسىمۇ، 30 يىلغا قالماي ئورنىدىن دەس تۇرغان ياپونىيە ۋە گېرمانىيىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ مۆجىزىسى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يەنە بىر نۇۋەت كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى دەل ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقلى ۋە ئىقتىسادىدا. ئۇيغۇرلارمۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتتىكى رولىنى

تونۇپ يەتكەن مىللەت. ئۇلار ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا نۇرغۇن ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۆجىزىلەرنى ياراتقان، ئىقتىساد جەھەتتىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى قىيامىغا يەتكۈزگەن. لېكىن، سوپىزىم چاكىنىلاشقان، چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن جاھالەتلىك كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىكى پەلسەپىلەشكەن بىلىملىرى ئاستا - ئاستا رەڭسىزلىنىشكە يۈزلەندى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىقتىسادنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن، ئۇنى جايىغا سەرپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يوللىرىنى تېپىپ چىقىپ، ھاتەمدەك مەرد، سېخىي كىشىلەرنى ئۆز تىلىدا ئىدىئوملۇق مەنىگە ئىگە قىلغان، مال - مۈلۈكنى دوست تۇتماي ئەقىل - پاراسەتنى دوست تۇتىدىغان، يەنى مال - مۈلۈكنى ئەقىل - پاراسەت ئۈچۈن ئايىماي خەجلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان خاراكتېر چۈشكۈن تەركىدۇنياچىلىقتا ئورۇن بەردى. ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك ۋە پاراسەت ئۈستۈنلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مال - مۈلۈكنى چوڭ بىلمەسلىك (چۈنكى ئۇلارنىڭ پاراستى ھەرقانداق چاغدا ئىقتىسادقا ئايلىنالايدۇ) تەركىدۇنياچىلىقنىڭ بۇ دۇنيانى، مال - مۈلۈكنى دوست تۇتماي، ئۇ دۇنيالىق بەخت - سائادەتنى، بۇ دۇنيالىق جەبىر - كۈلپەتنى تەكىتلەيدىغان تەرەپلىرىگە مەنەن تومۇرداش بولۇپ قېلىپ، ئادەملىرىمىز ئېتىقاد قارىغۇلىرىغا ئايلىنىپ (ھەرقانداق بىر ئېتىقاد چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلسە ماھىيىتىدىن چەتنەپ كېتىدۇ)، تاپقان - تەرگەنلىرىنى مەسچىت - خانىقا، خوجا - ئىشانلارغا ئاتاپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ سادىق قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئۇ دۇنيالىق ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى بولسا «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجا - ئىشانلارنىڭ تەسىر دائىرىسى تالىشىپ قىلىشقان پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىقتىسادىي مەنبەگە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى دېگەندەك، بىر

www.uyghurkitap.com

مەزگىل راسا گۈللىنىپ ئۆز كامالىتىنى تاپقان، يىپەك يولىنىڭ مۆجىزىسىگە ئايلانغان بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى بارغانسېرى چۈشكۈنلەشتى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇرۇش - يىغىلىق، جەڭگى - جېدەللەر ۋە ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان نادانلىق، بېكىنمىچىلىك، تاغلار بىلەن قۇم دېڭىزى قورشاپ تۈگمەن تېشىدەك قىستايدىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۇ خىل چۈشكۈنلۈكنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. خەلقىمىز ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن بارغانسېرى نامراتلىشىپ بۇ ئەسىرگە قەدەم قويدى.

ئىقتىساد ماھىيەت جەھەتتە ئەقلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە پۇل ئارقىلىق قىممەت ھېسابلاش دەۋرىگە قەدەم قويۇشى، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئوشۇق مەھسۇلات ۋە ئۆزى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئېھتىياجىنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئەقلىنى غىدىقلىشى ئىقتىسادنىڭ ماھىيىتىگە بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى مەڭگۈلۈك تامغىلاپ قويدى. دېمەك، تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئەقلىنىڭ ئىقتىسادنىڭ تەسىرىدە ئۆز يۈكسەكلىكىنى تاپىدىغان قانۇنىيەت تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق فورمۇلىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ھازىر دۇنيادا يەھۇدىيلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ياپونلار ئىقتىسادىي ئېڭى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىيلار تىزگىنلىگەن دۇنيا ئىقتىسادى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى قولىدا ئايلىنىۋاتقان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ 70% ى، دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىي 2 - چوڭ دۆلەت ياپونىيە دەل مۇشۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسى. يەھۇدىيلارنى ئالساق، 2000 يىل ئىلگىرى ئۇلار ھازىرقى پەلەستىن ۋە سۈرىيە دائىرىسىدە ياشايدىغان چارۋىچى مىللەت ئىدى. ئۇلار قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ

چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ مىللەتنىڭ سەرسانلىقى تاكى 1948 ـ يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ 2000 يىل جەريانىدا بۇ مىللەت دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتىن ئۆتە ئېغىر خارلىق، خورلىنىشقا ئۇچرىدى، قىرغىن قىلىندى. بۇ خىل ھالەت ئۇلارنىڭ ياشاش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ قەلبىدىكى يەھۇدىي دىنى ئېتىقادى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. توختىماي ئىزدىنىش جەريانى ئۇلارغا ئىقتىسادنىڭ رولىنى، ئەقىلنىڭ ماددىي بايلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان، مەڭگۈ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنداقلا ئەقىل بايلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇدى. چۈنكى، نۇرغۇن بىلىملەرگە، ئىختىرالارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەجرىبە ئېلىپ بېرىش لازىم ئىدى. بۇ تەجرىبە يەنە كۈچلۈك ئىقتىسادىي كاپالەتنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى.

ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ ۋەتىنى ئىقتىساد ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى. بۇ ۋەتەن ئۇلارنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1880 ـ يىللىرى پولشالىق بىر يەھۇدىي تەرىپىدىن ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن يەھۇدىي تىرىلىمچىلىك ئىدىيىسى پۇل ۋە ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئابستراكت ۋەتەننى كونكرېتلىقتا — ھەممە خەلقنىڭ ۋەتىنىگە ئوخشاش تاش ـ تۇپراقلىق، دەريا ـ دېڭىزلىق ۋەتەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇلار ئەقىلگە ئىشارەت قىلدى. ئەقىل پۇلنى، يولنى تاپتى. پۇل ئارقىلىق 1948 ـ يىلىغىچە يەھۇدىي بايلىرى، سىياسىئونلىرى ئاڭلىق، پىلانلىق ھالدا پەلەستىندىن يەر سېتىۋالدى. يەھۇدىي كۆچمەنلىرىنى سېتىۋېلىنغان يەرگە يۆتكىدى. ئاخىر 1948 ـ يىلى يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى بۇ

www.uyghurkitap.com

دۆلەتنى بۆشۆكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسرائىلىيىگە تۆت تەرەپتىن بېسىپ كەلدى. لېكىن، پۇل ۋە ئەقىل ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ساقلاپلا قالماي، ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە يەھۇدىيلار ئىرادىسىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش كېرەك (لېكىن ئىرادە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلگە تايانمىسا كۈچكە ئايلىنالمايدۇ). كىشىلەر ھازىر يەھۇدىي دېگەن سۆزنى پۇل بىلەن مەنىداش ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، يەھۇدىي دېمەك پۇل دېمەكتۇر، پۇل دېمەك يەھۇدىي دېمەكتۇر. بۇ ھۆكۈمگە يەھۇدىيلارمۇ قوشۇلىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە نۇرغۇن كىشى پۇل دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، يەھۇدىيلار ھاياتىدا پۇلدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەت دېگەن سۆزگە دىققەت قىلمايدۇ. ئوبدان زەن سالسا، يەھۇدىي دېگەن ئىبارىنىڭ كەينىدە بىلىم دېگەن ئىبارىمۇ پۇلغا ئوخشاشلا كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئىيسا يەھۇدىي، ماركسىزمنىڭ ئىجادچىسى ماركس يەھۇدىي، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى ئېينىشتېين يەھۇدىي. داڭلىق رەسسام پىكاسسومۇ يەھۇدىي، روھىي ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى فروئىد يەھۇدىي، مەشھۇر يازغۇچى فرانس كافكا يەھۇدىي، شۇنداقلا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، مۇشۇ ئەسىردە زور نەتىجىلەرنى ياراتقان ئالىملار ئىچىدە يەنىلا يەھۇدىيلارنىڭ نىسبەتى كۆپ. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالاھىدە ئىرسىي گېن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىدىكى پۇل — ئەقىل، ئەقىل — پۇل دېگەن فورمۇلا بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار پۇل تاپقان ھامان ئەقىلگە مەبلەغ سالىدۇ، ئەقىل تاپقان ھامان پۇل تېپىپ ئەقىلنىڭ دەرىجىسىنى مۇئەييەن قىممەت بىلەن ئۆلچەيدۇ. مىللەت ئۇلار ئۈچۈن بىر ئائىلە. بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى قايسى تىل، قايسى دۆلەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قېرىنداش. بىر يەھۇدىيدىكى پۇل ھەممە

يەھۇدىينىڭ پۇلى، بىر يەھۇدىيدا بار ئەقىل ھەممە يەھۇدىينىڭ ئەقلى.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دېگەن نامدا ئاتىلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاراپ كەتكەن خەنزۇ مۇھاجىرلىرىمۇ ھازىر دۇنيادىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ زور بىر توپ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ پۇل تېپىش، تاپقان پۇلنى ئەقىلگە مەبلەغ قىلىپ سېلىپ ئۇنى مەڭگۈلۈك بايلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش. بۇ خىل پايدىلىق ئايلىنىش خەنزۇ (جۇڭگو) مۇھاجىرلىرىنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى كۆتۈرۈۋاتىدۇ، ھەتتا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاۋاتىدۇ. ھىندونېزىيىدە يېقىندا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتا خەنزۇلارنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاش، كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرى بۇنىڭ ئىسپاتى. خەنزۇ (جۇڭگو) مۇھاجىرلىرى دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ خەلقىگە ئوخشاش ئىشچان. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى، دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇلار ئۇزاق مەزگىلدىن بېرى سىياسىي كۆرەشلەر قايىنىمىغا پېتىپ قېلىپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەلمىدى. يەنە بىرى، ئۇلار كۆڭزى، مىڭزىدىن قالغان ھاياتلىق فورمۇلىسى — پۇل بولسا ھوقۇق بولىدۇ، ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن ئىدىيە بىلەن ياشاپ كەلدى.

خەنزۇ (جۇڭگو) مۇھاجىرلىرى بولسا، چەت ئەللەردىكى كەمسىتىلىش ۋە ھوقۇقسىزلىق تۈپەيلىدىن، تەبىئىيلا ھوقۇق ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچتى. بۇ خىل شارائىت ئۇلارغا پۇل ۋە ئەقىلنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتتى. مانا ھازىر تەبىئىي پەنلەر بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەش نەپەر مەشھۇر خەنزۇ ئالىمىنىڭ ھەممىسى جۇڭگو مۇھاجىرى، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن تېخى بىر كىشىمۇ يوق.

ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى ئەڭ يۇك-

سەك دەۋرلەردە تەقدىرى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك بولغانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە مەرىپەت شوئارى توختىماي تۈۋلانغان بولسىمۇ، ئىقتىسادتەك تۈرتكىلىك كۈچكە سەل قارالغاچقا ۋە ياكى ئەقىل بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي، ئىقتىساد كومپىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا ئايلانغاچقا، مىللەتنىڭ ئەھۋالى بەك خاراب بولدى. كەمتۈكلەشكەن ئىقتىسادىي ئاڭ مىللەتنى پېلىشتۈرىدىغان ئورىغا ئايلاندى. ئادەملىرىمىز ئىقتىساد ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئايرىم - ئايرىم نەرسە دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تۈرتكىلىك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. پۇلنى دەپ ئىلىمدىن قول ئۈزىدىغان، ئىلىمنى دەپ پۇلدىن قول ئۈزىدىغان ۋە ئاقىۋەتتە ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئەھۋال قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان پاجىئەگە ئايلاندى. ئىقتىسادنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خۇسۇسىيىتىگە قارىغاندا، تار مەنىدىكى شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىقتىساد شەخسىيەتچىلىكى دەۋر سۈرۈپ، جەمئىيەتتە «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان»، «ئالتۇن - يامبۇنى ئەسكى تامنىڭ ئۇلىدا ساقلايدىغان» نادانلىق پەيدا بولدى. پىخسىقلىق، ئاچ كۆزلۈك كۆپلىگەن بايلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئايلاندى.

پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تارىخىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي قاتلىمىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، بۇ بىر مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت. جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقلىرى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا خاراب بولۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى تەقدىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. 1937 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بايلارنى تازىلاش تەدبىرى ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ قازناقتا تىقىپ ساقلىغان بايلىقلىرىنى سۆرەپ چىق-

تى. بۇ نادان بايلاردا بايلىقنى قوغدىغۇدەك ئەقىل بولمىغاچقا،
ئۆز بايلىقى بېشىغا چىقىپ قەتل قىلىندى. مەلۇماتلارغا قارىغان-
دا، يېڭىساردىكى بىر باينىڭ ئۆيى تىنتىلگەندە، ئۇنىڭ ئۆيىدىن
17 كىرسىن تۇڭىدا لىقمۇ لىق ئالتۇن چىققان. شىپاڭ شىسەي
بۇ ئالتۇنلارنى نەچچە ماشىنىدا يۆتكەپ كەتكەن. قىسقىسى، شىپاڭ
شىسەي بارلىق تاشقىي قەرزنى شۇنداق پۇللار ئارقىلىق تۆلىدى.
شۇنداق پۇللار ئارقىلىق خەلقنىڭ بوينىغا زۇلۇم سىرتماقلىرىنى
سالدى.

لېكىن، بۇ تارىخىي تەقدىرى شورلۇق مىللەتكە ھەرقانچە
كەلگۈلۈكلەر كەلسىمۇ، ئادەم كۆزىدىن يىراق پىنھان ئورمانلىق-
لاردىكى يوشۇرۇن ئېقىنلاردەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر چاغلاردا يې-
تىلدۇرگەن ئىقتىسادىي ئېڭى مىللەت ۋۇجۇدىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈ-
رۈلۈپ كەتمىگەنىدى. پۇرسەت بولسىلا بۇ خىل روھ ساھىب
تەدبىر، تۈيغۇن ئەركەكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇ-
راتتى. ئاتۇش ئېكساقلىق مۇسابايۇفلار دەل شۇلارنىڭ ۋەكىلى-
دۇر. ئۇلار 1885 ـ يىلى ئېكساقتا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىغا
ئاساس سالدى. ئۇلار ئىقتىساد بىلەن ئەقىل (ئىلىم ـ پەن)
نىڭ قوشنىڭ بىرجۈپ قانىتىدەك بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان
زۆرۈرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئاتۇش-
لۇقلار توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەر بولدى. ھەتتا ئاتۇشلۇقلارنىڭ
باشقا ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئەۋزەل ئىرسىي گېنىغا ئىگە ئىكەنلىكى
ھەققىدىكى ھۆكۈملەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاتۇشلۇقلارنىڭ سو-
دىغا ماھىر بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبنى جۇغراپىيىلىك شارائىتىدى-
كى تارچىلىقتىن باشقا مۇسابايۇفلار ئېلىپ بارغان يېڭىچە مائا-
رىپ ئىسلاھاتىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئاتۇشلۇقلارنىڭ باشقا يەر-
لىكلەرگە قارىغاندا، يېڭىچە مائارىپ (ئەقىل ياكى ئىلىم ـ پەن)
بىلەن بۇرۇنراق ئۇچرىششى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى تېزلەتتى.
بۇ ھال ئاتۇش خەلقىنىڭ كېيىنكى يۈكسىلىشلىرى ئۈچۈن ئاساس

سالدى.

ئاتۇشلۇقلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلغانلىقى تۇپەيلىدىن ۋەتەن قارىشىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىپ، ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۆزى تۇغۇلغان يەرگىلا باغلىنىپ قالماي، ئەجدادلىرى ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىننىڭ ھەرقانداق يېرىگە دادىللىق بىلەن بارالايدىغان، كۆچەلەيدىغان روھى ئىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىل تۇنجۇققان ئىقتىساد ئېڭى يەنە ئويغىنىپ، ئىقتىسادتىن ئىبارەت يوقىتىپ قويغىلى ئۇزاق بولغان ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىرنەچچە خەنزۇ مۇئەللىپلەر يازغاندەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەددى ناھايىتى تېزلا ئىسلاھات ئەڭ بۇرۇن باشلانغان، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئەڭ كۆپ چىقىدىغان گۋاڭدۇڭدا، شاڭخەيدە پەيدا بولدى. ھەتتا ئۇلار تىل بىلمىگەن شارائىتتا سودىدا ئەڭ يامان دەپ قارالغان گۋاڭدۇڭلۇقلارنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، شەرقىي ياۋروپاغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەھۇدىي»سى دېگەن نامغا ئېرىشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىدىكى كەمتۈكلۈك ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ «يەھۇدىيلىرى» دىكى ئىقتىسادىي ئاڭ يەھۇدىيلار 200 نەچچە يىل بۇرۇن سىناق قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئىقتىسادىي ئاڭ بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ مەبلەغ سالىدىغان يوللىرى ھازىر خەلقئارادا سەل نازۇكلاشسا ئالدامچىلىق دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان بازارلارنىڭ باھا پەرقىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئېلىش ئىدى. لېكىن، بۇ خىل مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى ئۇزۇن مۇددەت ئۇنۇم بەرمەيتتى. خەتىرى چوڭ، پايدىسى ئاز ئىدى. يەھۇدىيلار مانا مۇشۇ خىل سودا تۇپەيلىدىنمۇ ئالدامچى، كاززاپ دەپ قارالغان، نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ھەيدەلگەنىدى. بۇ خىل سودىدا ئۇچۇرغا تايىنىلاتتى. لېكىن، دۇنيا

ئۇچۇر ئىلىشتا سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغان ئېلېكتر ئۇسكۇنە-
لىرىگە تايىنىۋاتقان، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆزگىرىش كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ بۇ چېتىدە ئاشكارا بولىدىغان بۇ دەۋردە
ئۇيغۇرلارنىڭ تايىنىدىغان ۋاستىسى خۇدا بەرگەن كاللا بىلەن
تەقدىرنىڭ تەلىيى ئىدى. كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بۇ نۇقتىنى
ئىسپاتلىدى. نۇرغۇن يېڭى بايلارنىڭ تاسادىپىي بىر كۈنى ئەسلى -
ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇشۇ ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
يەھۇدىيلار بۇ خىل سودا ئۇسۇلىدىن خېلى بۇرۇنلا ۋاز كەچكەن،
ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پۇل تېپىش يولى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى
تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىش ئىدى. ئۇيغۇرلاردا 1980 - يىللار-
نىڭ ئاخىرى يەھۇدىي قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، ئۇيغۇر-
لارنىڭ يەھۇدىيلاردىن قوبۇل قىلغىنى پەقەت پۇل ھەممىنى ھەل
قىلىدۇ، دېگەن ئىدىيىلا بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش
يولىدىكى ئۇسۇللىرى بەك كۆپ ئۆگىنىلمىدى. ئۇنتۇپ قالماس-
لىق كېرەككى، يەھۇدىيلار پۇل تاپقان ھامان ئەقىلگە، ئەڭ
يېڭى، ئەڭ ئۈنۈملۈك تېخنىكىغا مەبلەغ سالىدۇ. يەھۇدىي بايلى-
رى بىلەن يەھۇدىي ئالىملىرى بىر - بىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچ قىلىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر بايلىرىدا قارىغاندا مۇنداق ئەقىل كەم بولسا كېرەك:
ھازىرغا قەدەر مەن بىرەر ئۇيغۇر باينىڭ مەلۇم بىر يېڭى تېخنىكا
پاتېنتىغا مەبلەغ سالغانلىقىنى كۆرمىدىم ھەم ئاڭلىمىدىم. ئېھ-
تىمال «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەيدىغان
بۇرنىنىڭ ئۇچىدىنلا كۆرىدىغان قاراش ئۇلارنىڭ كۆزىنى توسىۋال-
غان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى پاتېنت، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ
پايدىسى سەل كېچىكىپ كېلىدىغان، مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلى-
دىغان ئەھۋال ئۇلارنىڭ نەچچە يىلدىن كېيىنكى بولىدىغان زور
پايدىسىنى كۆرۈپ يېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. تەسەۋۋۇردىكى
ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقى 50% بولغان تېخنىكىلارغا بولسا

بىزنىڭ بايلىرىمىز زادى مەبلەغ سالمايدۇ. يايلاق ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن قالغان تەۋەككۈلچىلىك، قارامىلىق روھى بۇ يەرگە كەل-گەندە ئۇن - تىنسىز يوقاپ، هاراق ئىچكەن، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولىغان چاغدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان نۇرغۇن ئۇستۇنلۇكلەر جارى قىلدۇرۇلمىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇكسەك ئەقىل - پا-راستى بايقىغان ئوسمىنىڭ شىپالىق رولى باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنىش، ئىلاننىڭ رولىدىن ئۇ-نۇملۇك پايدىلىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتـ-تى. شۇ سەۋەبتىنلا، ئوسمىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلغان «ئۇسمان» دېگەن نامىدىن تۈزۈلگەن ماركا ئاجايىپ زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ، زور كارخانىلار گۈرۈلدەپ قۇرۇلۇشقا تۈرتكە بول-دى. بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. لېكىن، ئۇيغۇر بايلىرى ھېلىمۇ پىت بازىرى بىلەن قويمىچىلىق كوچىسىدا.

بازار ئۇچۇرى ۋە ئىستېمالدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى بايقاپ، ئىنساننىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي قىممەت يا-رىتىش پۈتكۈل دۇنيادىكى ئاساسلىق يۈزلىنىش، ياپونىيىلىكلەر بۇ نۇقتىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر ياپون-يىلىك مەيلى دۇنيانىڭ قەيىرىگە بارسۇن، ئۇچۇرغا دىققەت قىلى-دۇ، بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ، پايدىلىق ئۇچۇرلارنى بايقىغان ھامان كارخانىلارغا، بايلارغا دوكلات قىلىدۇ. ئۇلار بۇ بايقاشلار-نىڭ قىممىتىنى سەزسە، دەرھال بايقىغۇچىنى ناھايىتى كۆپ پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ، بۇ خىل مەھسۇلاتنى تۈركۈملەپ بازارغا سالى-دۇ.

مەيلى يەھۇدىيلار بولسۇن، مەيلى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بولسۇن، سودىدا ئەمەل قىلىدىغان بىرنەچچە قائىدە بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئېغىزنى چەكلەش. بۇ ئادەم بارلىكى يەردە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بار، دېگەنلىك. ئىككىنچى، ئاياللارنى چەك-

لەش. ئايالالارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى، ياسى-
نىشقا ئامراقلىقى پۇل تېپىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى. ئۈچىنچى،
قىممىتى ئەسىرلەر بويى يوقالماي ئۆسۈپ بارىدىغان نەرسىلەرنى
چەنلەش. يەنى ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس - گۆھەر تىجارىتى.
تۆتىنچىسى، ئادەملەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئارزۇسىنى چەنلەش —
مېھمانخانا، ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇيغۇرلار-
مۇ بۇ نۇقتىلارنى خېلى بۇرۇن ھېس قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلار-
نىڭ خېلى كۆپى ئاشخانا، كىيىم - كېچەك تىجارىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما قالغان تۈرلەردە ئۇلار ئاساسەن يوق.
پۇل ۋە ھوقۇق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەيدىغان ئىدىيە
ھازىر بىزنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىمىزدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئاتالغۇغا
ئايلىنىپ قالدى. ھوقۇقنىڭ ئۆزى پۇل، پۇلنىڭ ئۆزى ھوقۇق،
بۇ ئىككىسى بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن ئىدىيە ھۆكۈمران
ئىدىيىگە ئايلىنىپ (ئىلىم - پەن) ئىككىلەمچى ئىدىيىگە ئايلى-
نىپ قالدى. ئىقتىساد بىز بايا ئوتتۇرىغا قويغاندەك تەرەققىيات-
نىڭ ئاچقۇچى. ئىقتىسادنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل. ئۇيغۇر مىللىتى-
نىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر داۋام قىلىۋاتقان بۈگۈن-
كى كۈندە بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش، ياخشى بولغان ئىقتىساد
قارىشى تىكلەش ھەممىدىن مۇھىم. تار مەنىدىكى ھوقۇق ۋە پۇل
ئىدىيىسىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى قۇلچىلىق، ئاچ كۆزلۈك ۋە
مەنىۋى نامراتلىقتۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىمەن دەي-
دىكەن، ھازىر تاپقان ئازغىنا پۇلنى ئەڭ ياخشىسى ئەقىل ئۈ-
چۈن مەبلەغ سېلىپ، ئىقتىسادنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تولۇقلى-
شى، شۇ ئارقىلىق ماددىي بايلىقنى مەڭگۈلۈك ئەقلىي بايلىققا
ئۆزگەرتىشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئەقلىي بايلىقنى ھېچكىم، ھەر-
قانداق كۈچ تارتىۋېلىشقا قادىر ئەمەس. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن
بۇيان كېرەم ئىمىن، نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر، كېرەم قۇربان،
مەخەت ئېلى ھاجىم، غوپۇر نۇر... قاتارلىق ئەزىمەتلەرنىڭ پۇل

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

تېپىپ مەكتەپ سېلىپ، ئەقىلگە مەبلەغ سېلىشى خاسىيەتلىك بىر يۈزلىنىشنى باشلىدى. ئابلىمىت خالىس ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى، پۇل چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان «خالىس» مائارىپ فوند جەمئىيىتى بىر ياخشى سادا.

مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش نىشانى پەقەت باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىلا قارىتىلىپ قالماسلىقى كېرەك. تالانتلىقلارغا مەبلەغ سېلىش، ئالىي مائارىپقا مەبلەغ سېلىش — مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. چۈنكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئېيتقانىدەك:

ئىتلارغا باش بولسا ئەگەر ئارسلان،
ئىتلارمۇ ئارسلاندەك بولغۇسى يامان.
ناۋادا ئارسلانغا باش بوپ قالسا ئىت،
ئارسلانمۇ ئىتلاردەك بولغۇسى ھامان.

گەرچە بىز تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە ئىشەنسەكمۇ، يەنە شۇ خەلقنىڭ سەركىسى قەھرىمانلاردۇر. يېڭى تارىخ يارىتىش ۋەزىپىسى چوقۇم مىللەتنىڭ يۈكسەك ئۈمىدىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ۋە ئىمانى ئەركەك، ئەلسۆيەر ئوغلانلار تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئاشخانىغا مەبلەغ سېلىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار بىلەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر بايلىرى شىپاخانا سېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى گېن ۋە ھۆجەيرە تەتقىقاتىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەبلەغ سېلىۋاتقان بولسا، يەھۇدىيلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر بەلباغلىرىنى

ھاسىل قىلىپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالىي پەن - تېخنىكا رايونى كىرىمىنىي جىلغىلىرىغا مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ.

دۇنيانىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئەقىل بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىش جەريانى، سەگەك بولۇڭلار، ئۇيغۇر بايلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتتىكى ھېكمەت، ئۆلۈمدىكى قىممەت

(شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىنغانلىقىنىڭ
70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

## 1

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى تۈركىيە يازغۇچىسى ئەزىز نەسىن-
نىڭ «شەرمەندى قاچان تۇغۇلغان» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغا-
نىدىم. ھېكايىدە شەرمەندىنىڭ قاچان تۇغۇلغان، قانداق تۇغۇلغان
(يىغلاپ تۇغۇلغانمۇ ياكى كۈلۈپ تۇغۇلغان)، قايسى مىنۇت -
دەقىقىلەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ تەتقىقات
ئېلىپ بېرىپ، دوكتورلۇق، ئاسپىرانتلىق ... ئۇنۋانىغا ئېرىش-
كەنلىكى كىنايە قىلىنغانىدى. بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ قاچان تۇغۇ-
لۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى بىلىشكە تېگىشلىك ساۋات. ئەمما،
شۇ ئادەم ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ شۇ ئادەمنى ئۇلۇغ قىلغان
نەتىجىلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتىگە قارىتىلماي، نىسبەتەن
مۇھىم بولمىغان، شۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىلەمچى نەرسى-
لەرگە قارىتىلىپ قېلىشى تەتقىقاتنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ. گەرچە
بۇنداق تەتقىقات كىشىلەرگە شۇ ئۇلۇغ زاتنى بەكمۇ ئۇلۇغلاۋاتقان-
لىقتەك تەسىر بەرسىمۇ، ماھىيەتلىك مەسىلىگە دىققەتنى مەر-
كەزلەشتۈرەلمىگەنلىك تۈپەيلىدىن، ئۇلۇغلۇق ھەققىدىكى مەدھى-
يىمىزنى بارغانسېرى كۈچسىزلەندۈرۈۋېتىدۇ. ئاقىۋەتتە بىز چا-
پىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايمىز.
مەدھىيە ساداسى قانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ئۇلۇغىمىزنىڭ

ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى گۇمان بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ ھاياتى ھېكمەتلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتىدىنمۇ، ئۆمرىدىنمۇ ھېكمەت ئىزدەش مۇمكىن. غەربلىكلەرنىڭ بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى نەتىجە يارىتىش ئورتاقلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى بىزنى ئويغا سالىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئىزدىنىش پەقەت ھاياتى نەتىجە ئارقىلىق ئۇلۇغلۇقىنىڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەملەرگىلا خاس.

دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر يۈز شەخسنىڭ تۇنجىسى بولۇپ ھېسابلانغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن سۈننەت ياكى ئۆگىنىشكە، ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك ھايات ئەندىزىسى. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ھاياتىدا شۇ ئادەمنى ئۇلۇغلۇققا باشلاپ بارغان ئامىللار كۆمۈكلۈك. غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئىزدىگۈچىلەرگە قىلغان ئۈگۈتلىرى ئىچىدىكى «بىرەر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىق» دېگەن جۈملىسىنىڭ ھېكمىتى دەل مۇشۇ يەردە.

بىزدە ئۇلۇغ كىشىلىرىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات ئەزەلدىن گۈللەنگەن. «ئوغۇزنامە» ۋە ئوغۇزخان ھەققىدىكى ھەرخىل رىۋايەتلەر، تارىختىكى دەۋر بۆلگۈچ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان ھەرخىل تەزكىرىلەر ناھايىتى كۆپ. لېكىن، ھازىرقى زامانغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇنداق ئىزدىنىش كۆلەم جەھەتتىن سۇسلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئىلمىي قۇۋۋەت جەھەتتە سەل كۈچسىز بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ ئادەملىرىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات شۇ كىشىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھېكمەت خەزىنىسى ۋە ساۋاق بوستانلىقىغا ئايلانماي، قۇرۇق يىلنامە دۆۋىسى ۋە ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى نەتىجە ۋە كەمچىلىكلەر ھەققىدىكى يوقلىما

www.uyghurkitap.com

دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى.

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى پەقەت شۇ كىشى بىلەن تونۇشۇش بولۇپ قالسا، بۇنداق تەتقىقاتنىڭ قىممىتى بەكمۇ ئاددىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇنداق تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى بۈگۈنكى ھاياتقا ئۈلگە ئېلىش، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. ئەگەر بۇ تەتقىقاتتا «بىر ئىنساننىڭ ياشىشىدىكى مەقسەت زادى نېمە؟» ، «ھاياتلىقنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئېلىش مەقسەت قىلىنىنسىچۇ؟ ھەمدە مۇشۇ رەۋىشتە بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بارسىچۇ؟ بۇ ھالدا تەتقىقات ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە چەكسىز يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇنداق تەتقىقاتتىن يېڭى ئىجتىمائىي ئۇنۇم پەيدا بولىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901.2.9—1933.3.13) 20 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن، ھاياتى ھېكمەت بىلەن تولۇپلا قالماي، بۇ ھېكمەتلەر ئۆلۈم ئارقىلىق چەكسىز قىممەتكە ئىگە بولغان ۋە خەلقىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك روھىيىتىنى چىراغدەك يورۇتۇپ ئۆتكەن زات. بۇ يىل بۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا دەل 70 يىل بولدى. مەن بۈيۈك شائىر ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، شائىر ھەققىدە بىرنەچچە كەلىمە گەپ قىلىپ قويۇش تەمەسىدە بولدۇم. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى روھ، ھاياتىدىكى ھېكمەت ۋە ئۆلۈمىدىكى قىممەت روھىمدا پەيدا قىلغان زىلزىلە ئاخىر مەلۇم شەكىلدە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. لېكىن، شائىر توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكەندە، شائىر دېگەن نامنىڭ ئالدىغا ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك... دېگەندەك سۈپەتلەرنى قوشۇشتىن ساقلاندىم. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب شائىرنى ئۇنداق سۈپەتلەرگە لايىق ئەمەس، دەپ قارىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى شائىر دېگەن بۇ ئىسىمدا ئەزەلدىن شۇنداق سۈپەتلەر بولۇشقا تېگىشلىك، دەپ قارىغانلىقىمدىن. لوگىكا ئۆگەنگەنلەرگە مەلۇم، شائىر دېگەن

ئۇقۇمنىڭ ئالدىغا مەخسۇس سۈپەتلەرنى قوشۇش بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرىسىنى چەكسىز تارايتىۋېتىدۇ. شائىر دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئالدىغا باشقا سۈپەتلەرنى قوشماسلىقىم، بەلكىم بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، خەلقىمىزدىكى ئۇقۇم، سۈپەت پاخاللىقى ئىسىملارنىڭ قىممىتىدە بوھران پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىسىملارغا تېخىمۇ ئېنىق سۈپەتلەرنى قوشۇش خاھىشى پەيدا بولغان... ئېنىراق قىلىپ ئېيتقاندا، نېمە يازغانلىقىنىمۇ بىلمەي، نېمە ئۈچۈن يازدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالماي، نادان مولللار تەرىپىدىن شائىر ئاتالغان نۇرغۇن كىشىلەر شائىر دېگەن سۆزنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن. لېكىن، شائىرلىقنىڭ كۇرسى مەڭگۈ چۈشمەيدۇ. شائىر دېگەن ئىسىمنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك قەلەمدىلا شېئىر يېزىپ قالماي، ھاياتىنىمۇ بىر گۈزەل شېئىردەك ئاخىرلاشتۇرغان كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن بىرلىشىشى بۇ ئىسىمنىڭ كۇرسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ يارقىنلىشىشى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا راست، يالغان شائىرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلچەم پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شائىر دېگەن ئىسىمنىڭ ئالدىغا ھېچقانداق سۈپەت قوشماسلىق شائىرنىڭ شائىرلىقىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، دەپ قارىدىم. شائىر ئەسلىدىنلا ئوت يۈرەك بولىدۇ. يۈرىكى ئوتتا كۆيۈپ تۇرمىسا قانداق شېئىر يازالايدۇ؟ شائىر ئەسلىدە ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى كېرەك. ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەم مەڭگۈ شائىر بولالمايدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش قانچە پارچە شېئىر يېزىش، ۋەتەن ھەققىدە توختىماي قوشاق توقۇشتا ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىشتا كۆرۈلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك ۋەتەن ئىشقى ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشتە ۋايىغا يېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي شائىرلىق.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ماقالىلەر يېزىلدى، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەتقىقات بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگۈسى. مەن بۇ ماقالەمدە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئەگىشىپ، شائىر ھەققىدىكى تەتقىقاتتا سەل قارىلىۋاتقان، شائىرنىڭ ھاياتىنىڭ قاتلىرىغا سىڭگەن ھېكمەت ۋە ئۆلۈمىدىكى قىممەت ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن. چۈنكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ تارىخىمىزدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھېكمەت ۋە ئۆلۈمىدىكى قىممەت بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزگىچە بىر تەپەككۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ.

## 2

### شائىرنىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى ھېكمەت — تىل ئۆگىنىش ھېكمىتى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلارغا مەلۇم، شائىر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا بىرنەچچە تىلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن.

ئۇ 15 ياشقا كىرىپ بولغۇچە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، «كلاسسىك ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلاپ، نەۋائى، فۇزۇلى، ئۆمەر ھەييام، فىردەۋسى، شەيخ سەئدى قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ.»[1] 1916 - يىلى رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىدە رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. 1923 - يىلى رۇسىيىگە بېرىپ يەنە ئۈچ يىل تۇرۇپ، رۇس تىل - يېزىقىنى پىششىقلاپ ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ؛ 1917 - يىلى تۇرپاندا شۆتاڭدا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ ۋە مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملايدۇ؛

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 4 - تومىدىن ئېلىندى.

1927 ـ، 1928 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قاراشەھەرگە بېرىپ موڭغۇل تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ.

دېمەك، شائىر قىسقىغىنا بىر ئۆمرىدە ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شائىرنىڭ تاتار تىلىدا يازغان بىر پارچە شېئىرى «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قېرىنداش، پەرق زور تىللار بولمىغاچقا، بىز بۇ ھەقتە توختالماي، شائىر ئۆگەنگەن ئالدىنقى بەش خىل تىل ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. چۈنكى، بۇ تىللار ئىچىدە پەقەت موڭغۇل تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يىراق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. لېكىن، باشقا تىللار ئايرىم سىستېمىدىكى ئۆز ئارا تۇغقانچىلىقى يوق، تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيەتلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ناتونۇش تىللار. ئادەتتە ئانا تىلغا تۇغقان تىللارنى ئۆگەنمەك بەك مۇشكۇل ئەمەس. لېكىن، تۇغقانچىلىقى يوق تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇللۇكى تىل ئۆگىنىپ باققان كىشىلەرگە مەلۇم. ھازىر ھەممە ئادەم تىل ئۆگىنىشتىن ئىبارەت دولقۇننىڭ خىرىسى ئىچىدە ياشاۋاتقاچقا، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ قىيىنلىقى ھەققىدە توختالمايمىز.

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ 32 يىللىق ئۆمرىدە بەش خىل تىلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەندى. شائىر نېمىشقا بۇنچە كۆپ تىلنى ئۆگىنىدۇ؟ بۇ يەردە قانداق ھېكمەت بار؟ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

**بىرىنچى، ئەرەب تىلى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى**

ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەنمەك بولغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئەرەب تىلىنى ئۆگەنمىسە، ئۆز مىللىتىنى چۈشىنىش مەقسىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتەلمەيدۇ. ئەرەب تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇيغۇرنى چۈشىنىش
چالا بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئەرەب تىلى «قۇرئان كەرىم» نىڭ
تىلى. ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقىلى مىڭ يىل بولغان ئىسلام دىنىنى
چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ تىل. ئۇيغۇرنىڭ مىڭ يىللىق ئىدېئولو-
گىيىسى، روھىي ھالىتى، مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي مۇشۇ تىل بىلەن
باغلانغان. ئەرەب تىلى ئاچقۇچ قىلىنغان ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە
ئىدېئولوگىيىسىدىن ئايرىپ ئۇيغۇرنى چۈشىنىش خام خىيال.
بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار ئاتېئىزم ئىدېئولوگىيىسى ئاستىدا
ۋە دىنىي ئېڭى تارىختا ئەڭ سۇسلاشقان دەۋردە ياشاپ تۇرۇپمۇ،
ئۇنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئىسلام دىنىدىن ئايرىپ چۈشەندۈر-
مەك تەس. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى ئۇيغۇر
ئاتېئىزمچىنى باشلاپ كېلىپ، ئالدىغا بىر تەخسە چوشقا گۆشى
قويساق، ئۇ يەرمۇ؟ مېنىڭچە ناتايىن. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەم-
مىسى ئاتېئىزمچى، چوشقا گۆشىنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا
قويساقچۇ؟ ھەممىگە مەلۇم، چوشقا گۆشى ئىسلام شەرىئىتىدە
ھارام قىلىنغان. ئەمما، ئاتېئىزمنىڭ گۆشلەرنىڭ ھالال ـ ھا-
راملىقى ھەققىدە ھېچقانداق قارىشى يوق. دېمەك، بۇ يەردە بىر
مەسىلىنى بايقاش مۇمكىن: ئىسلام دىنىي تۇرمۇشىمىزغا شۇ قەدەر
چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتكە،
تۇرمۇش شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان.

## ئىككىنچى، پارس تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى

پارس مەدەنىيىتى ئەزەلدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر
كۆرسىتىپ كەلگەن. دوكتور ئەسئەت سۇلايماننىڭ «ئىران بى-
لەن تۇراننىڭ دىئالوگى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە پاكىتلىق
ماتېرىياللار بار. بىز پارسلارنىڭ ئەڭ قەدىم تارىختىكى، يەنى
«شاھنامە» داستانى دەۋرىدىكى ئەجدادىمىز بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىنى قايرىپ قويۇپ، نۇرغۇن پارس تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتا ـ
بوۋىمىز تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئال-

ماي، يېقىنقى دەۋردىن سۆزلىسەك، ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇرنىڭ يېقىنقى بەش يۈز يىللىق تارىخىدا تىلغا ئالماي ئۆتكىلى بولمايدىغان تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) پەلسەپىسى پارسلاردا ۋايىغا يېتىپ، پارسلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارالغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ پارسلاردا ۋايىغا يېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن دىن ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر ئېلىپ بارغان، زەردۇشت، مانى دىنىنى ياراتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم پارس تىلىنى بىلىش كېرەك. جەلالىددىن رۇمىنىڭ بالاغىتى دەل ئۇنىڭ پارس تىلىدا ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىقىدا.

بىز پارسلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنىڭ تەسىرى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن پاكىتلارنى كەلتۈرەلەيمىز. ھەتتا ماقالىنىڭ باش قىسمىدا «كلاسسىكلاردىن نەۋائى، فۇزۇلى، ئۆمەر ھەييام، فىردەۋسى، شەيخ سەئدى» دېگەن ستاتىستىكىدىكى نەۋائىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى پارس ئىقلىمىغا تەۋە كىشىلەردۇر. دېمەك، ئۇيغۇرنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش، ئۇيغۇر روھىيىتىدە يېقىنقى بەش يۈز يىلدا يۈز بەرگەن سوپى ـ ئىشان پالاكىتىنى ئىلمىي تونۇش ئۈچۈن پارس تىلى بىر كۆۋرۈك.

ئۈچىنچى، رۇس تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى

رۇستىن ئىبارەت تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى تارىختىكى ئەڭ مۇھىم دۈشمىنى دەپ قارايدىغان مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنى 17 ـ ئەسىردە تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ نۇقتىنى 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن چۈشەندى. 1870 ـ يىلى ئىلى سۇلتانلىقى كازاك چەۋەندازلىرى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلگەندە، 1877 ـ يىلى بەدۆلەتنىڭ «قەشقەرىيە» دۆلىتى رۇس ئامىلىنىڭ ئالاھىدە رول ئوينىشى ئارقىلىق ئۆلىغاندا، خەلقىمىز رۇستىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىڭ مۇدھىش

كۆلەڭگىسىنى تولۇق ھېس قىلدى، تونۇپ يەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تەقدىرىمىزنى پىرقىرىتىدىغان قوللارنىڭ قاتارىغا رۇستىن ئىبارەت دۇنياۋى كۈچلۈك مىللەتنىڭ قوشۇلۇشى ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلانماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ كاللىسىغا «رۇس ئامىلى» دېگەن ئۇقۇمنى مەزمۇت نەقىشلەپ تاشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رۇسىيە تەرىپىدىن تولۇق مۇستەملىكە قىلىنىپ، چېگرىمىزنىڭ رۇسلار بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىشى بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا چىقاردى. بىز بۇ نۇقتىنى خوجىنىياز ئىنقىلابى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇدۇق. دېمەك، ئۇيغۇر ھەققىدە پىكىر قىلغاندا رۇس ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش يېڭى ـ يېڭى تراگېدىيىلەرگە سەۋەب بولۇپ قالاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى رۇسلارسىز تەسەۋۋۇر قىلماق خېلى تەسكە چۈشەتتى. رۇسنى چۈشىنىش، بىلىش ئۈچۈن رۇس تىلى كۆۋرۈك، شۇنداقلا رۇسىيە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئىلىم ـ پېنى تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت، رۇس تىلىمۇ بىر دۇنياۋى تىل.

## ئۈچىنچى، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى

خەنزۇلار دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ مىللەت، خەنزۇ تىلىمۇ دۇنياۋى تىل. ئەڭ مۇھىمى، خەنزۇ تىلى جۇڭگونىڭ دۆلەت تىلى. خەنزۇ تىلىنى بىلىۋېلىش جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئۈچۈن ئەقەللىي پەرىز. شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

## بەشىنچى، موڭغۇل تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى

بەلكىم، نۇرغۇن كىشىلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ موڭغۇل تىلىنى ئۆگەنگەنلىكىدىن ھەيران قالار. ئەمما، بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق.

موڭغۇللار دۇنيا تارىخىدا بىر شېرىن چۈش كەبى پەيدا



www.uyghurkitap.com

بولۇپ، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، يەنە ئۆز قىنىغا چۈشكەن مىللەت. مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن 1759 ـ يىلى يۇرتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە تولۇق قېتىلىشىغىچە بولغان بەش يۈز يىللىق ئۇيغۇر تارىخىنى موڭغۇللارسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇ دەۋردىكى تىلىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلىنىڭ نامىدا چاغاتاي تىلى دەپ ئاتىلىشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېنىدىكى موڭغۇلچە تەركىب ۋە ئاخىر بۇ خانلىقنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ قولىدا ئاخىرلىشىشى قاتارلىق تارىخىي ھادىسىلەر پۈتۈنلەي موڭغۇللار بىلەن باغلانغان...

نېمە ئۈچۈن موڭغۇلدىن ئىبارەت بۇ كىچىك مىللەت دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىگە قەدەر كېڭەيگەن بىر ئىمپېرىيىنى قۇرالدى؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇدرەتكە ئىگە قىلغان مەنىۋى كۈچ زادى نېمە؟ دېگەندەك بىرقاتار سوئاللارنىڭ جاۋابىنى موڭغۇلچە بىلىش، موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت موڭغۇللارنىڭ مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ۋاسىتىسىگە تايىنىپ ھېس قىلىش بىر قىزىق تېما.

بىز يۇقىرىقى بەش خىل تىلنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە ئويلانغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۈگۈنكى كۈندىكىدەك بىر خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ بولالماي تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بىزنى مەپتۇن قىلماي قالمايدۇ.

## 3

## شائىرنىڭ ئۇيغۇر دېگەن تەخەللۇسىدىكى ھېكمەتلەر

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تۇرپان ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلغان كەڭ-

سۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇسا مۇسۇلمان بولغان قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبتا بۇددا دىنىدىكى ئۇدۇن، شەرقتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن غازات قىلىشقا باشلىدى. دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى «غازات» نامىدا ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنى مۇسۇلمان، تۈرك دەپ ئاتايدىغان، بۇددىزمدا قالغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى گەنسۇ تەۋەسىدە ياشايدىغان كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولمىش ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر دېگەن مىللىي نام ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلدى. كىشىلەر ئۆزىنى يۇرت نامى بىلەن خوتەنلىك، قەشقەرلىك، تۇرپانلىق دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ياۋروپادا مىللەتچىلىكنىڭ بىخلىنىشى نەتىجىسىدە، ياۋروپالىقلار مىللەتچىلىكنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قورالى سۈپىتىدە مىللىي ئىككى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان شەرقتە، بولۇپمۇ ياۋروپانى بەش يۈز يىل ۋەھىمىگە سالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرەب رايونلىرىدا يوشۇرۇن بازارغا سېلىشقا باشلىدى. مىللەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتىنى كۈچەيتتى. 1924 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىسىدە مىللىي دۆلەت تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىر پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن بۇ ئىدىيە تېخىمۇ ۋايىغا يەتتى. غەرب ئۆزىنىڭ بۇ قورالىدىن بەكمۇ رازى بولدى. شۇ چاغدا چاررۇسىيە خارابىسىدە دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئۆزگىچە بىر مىللەتچىلىك كۈرىشى داۋام قىلىۋا-

تاتتى. بىر تۈركۈم تاتار زىيالىيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى سلاۋىيان دۆلىتى ۋە تۈرك دۆلىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تېپىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى ياقلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى ئاز سانلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا مەلۇم بازارغا ئىگە بولۇۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىنى يادرو قىلغان ھۆكۈمران قاتلامنى ۋەھىمىگە سالدى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى رۇسلارنىڭ مىللەتچىلىكىنى ئەندىشىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرگە ئايرىش خىزمىتى باشلاندى. بۇ يېڭى تۈرلەر مىللەتچىلىك ئەنئەنىسى كۈچلۈك بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېڭى مىللەتچىلىك دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ مىللىي تەركىبى دەل شۇ يىللىرى رۇس تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلىپ چىقتى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە مىللەتلەرنى تۈرگە ئايرىش دولقۇنىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت نامى ھەققىدە مۇھاكىمە ئەۋجىگە چىقتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەتتە سۇ ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنى تارانچى دەپ ئاتاش، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچانى مەركەز قىلغانلارنى ئۇيغۇر، قالغان جايدىكىلەرنى دولان دەپ ئاتاش، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنى باشقا بىر مىللەت دەپ ئايرىپ قويۇش خاھىشىمۇ باش كۆتۈردى. بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يول باشلامچىسى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ بىۋاسىتە قول تىققىشى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئۇيغۇر بالىسى كەبى ئالىملارنىڭ پاكىتلىق ماقالىلىرى بىلەن ئاخىر مىللىي نامىمىز ئۇيغۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن خۇلاسە تاپتى. لېكىن، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارانچى دەپ ئايرىم بىر مىللەت سۈپىتى-

ده ئاتاش تاكى 1937 ـ يىللارغا قەدەم داۋاملاشتى. شۇ ۋاقىتتا گېزىت ـ ژۇرناللاردا «شىنجاڭدا 14 مىللەت بار» دەپ ئېلىنىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي نامى كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ئاشۇ يىللاردا دادىللىق بىلەن ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دەپ تەخەللۇس قوللاندى. نۇرغۇن كىشى ئۆزىنىڭ مىللىي نامىنى بىلمەي، نام قارىغۇلۇقى ئىچىدە ياشاۋاتقان، مىللىي نامىمىز سىياسىي بېدىكلەرنىڭ دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن يىللاردا «مەن ئۇيغۇر» دەپ خىتاب قىلدى.

## 4

## شائىرنىڭ ئۆلۈمىدىكى ھېكمەت ۋە قىممەت

تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ، تارىخىمىز ھەققىدە يەكۈن چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تەقدىرى ھەققىدە كۈرەش قىلىشقا قۇدرەتلىك، ھەرقانداق دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، پەقەت ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىبارەت دۈشمەندىن يېڭىلىپ كەلگەن مىللەت، شۇڭا ئۇلار دۈشمىنىنى يېڭىمىز دەيدىكەن، ئاۋۋال ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى ۋاراقلاش جەريانىدا موللا مۇسا سايرامى بىلەن ئوخشاش يەكۈنگە كەلگەن.

تارىخىمىزنى ۋاراقلىساق، ئەجدادلىرىمىز تارىختا نۇرغۇن قوزغىلاڭ قىلغان، غەلىبە قىلغان. لېكىن، غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەشتە ئۆز ئاجىزلىقلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالغان. ئۇلار قۇرغان دۆلەتنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىكى ئىللەتلەر ئىڭىشتىپ قويغان، ئاندىن باشقىلار كېلىپ بۇ ئىڭىشىپ قالغان ئىمارەتنى ئوڭايلا ئۆرۈپ تاشلىغان... 1864 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەممە

جايدا يۈز بەرگەن، غەلىبە قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1912 - يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاندا يۈز بەرگەن تۆمۈر خەلىپە ۋە مويدىن خەلىپە قوزغىلىڭى بۇنىڭ ئەڭ جانلىق پاكىتى. ھەببۇللا ھاجى پادىشاھ قوراللىق ئۇرۇشتا چوڭ دۈشمەن مانجۇ ئىمپېرىيەسىنى يېڭىپ، ئەقىل ئۇرۇشىدا ياقۇپ بەگكە يېڭىلدى. راشىدىن خوجىمۇ شۇنداق، تۆمۈر خەلىپىلەرمۇ شۇنداق.

ھەرىكەت ئەڭ گۈزەل شېئىر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ قالماي، ئۆزى بىۋاسىتە ئويغىتىش كۈرىشىگە قاتناشتى. «1932 - يىلى 12 - ئايدا تۇرپان ئاستانىدە كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەۋقەسىنىڭ توغرىلىقى بىلەن شىددەتلىك يالقۇنغا ئوخشاش تېز يېلىنجاپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا پۈتكۈل ئىدىقۇت دىيارىنى ئۆز ھارارىتى ئىچىگە ئالدى. قوزغىلاڭچىلار جىن شۇرېن ئەۋەتكەن نەچچە قېتىملىق جازا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۇرپان يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەرنى ئىگىلەپ، پىچانغا يۈرۈش قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قوزغىلاڭ باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۇرپان يېڭىشەھەرنى ساقلاپ قالدى. جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئىلغار قوراللارغا، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە قوشۇنى قۇمۇلدىن تۇيۇقسىز پىچانغا باستۇرۇپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تۇرپانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. جاللات شېڭ شىسەي يول بويى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، تۇرپان شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى»①. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى بىر مەزگىل سىرتتا پاناھلىنىپ تۇرۇشقا دەۋەت

① ئابلىمىت مەخسۇدوپ يازغان «1931 — 1934 - يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق قوزغىلاڭچىلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 38 - قىسمى.

www.uyghurkitap.com

قىلدى ۋە بىر ئات تەييارلاپ، شەھەردىن چىقىرىۋەتمەكچى بول-
دى. لېكىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. چۈن-
كى، ئۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالماي-
دىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ھازىر قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن
ئويغىنىشنىڭ ماھىيىتىدىكى نادانلىق يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن
مەغلۇبىيەتكە باشلاپ باراتتى. ھەقىقەتەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ
پەرىزى خاتا چىقمىدى. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىندى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ،
1931 ـ يىلى باشلانغان بۇ ئىنقىلابنىڭ سەركىسى خوجىنىياز
ھاجى ئۆز ئايىغى بىلەن قاسساپ شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا كېلىشكە
مەجبۇر بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتىنى تو-
لۇق چۈشەنگەن شائىر بولۇپلا قالماي، ئۆلۈمىنىڭ قىممىتى ۋە
ھېكمىتىنىمۇ ئەنە شۇنداق تولۇق چۈشەنگەن شائىر ئىدى. ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئويغىتىلىشقا
موھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھاياتى
ئارقىلىق يېزىلغان شېئىرنى يازدى.

ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆ-
لۈمنى تاللاش ھوقۇقى يوق. لېكىن، ئۆلۈمگە قانداق يۈزلە-
نىش، قانداق ئۆلۈمگە يۈزلىنىشنى تاللاش كىشىنىڭ ئىلكىدە،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆلۈمنى تاللاشتىمۇ تەشەببۇسكار بولدى،
ئۆلۈمى ئارقىلىق شېئىرلىرىدىكى قىممەتنى ۋايىغا يەتكۈزدى.

شەرق خەلقلىرىدە مۇنداق بىر قاراش بار: بىر يۇرتنىڭ
تۇپرىقى ئۆزىنىڭ ئەڭ مەردانە، ۋىجدانلىق ئوغۇللىرىنىڭ قېنى
بىلەن پاكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قېنى تۇپراقتا سىڭىپ زىرائەتلەرنىڭ
مېۋىسى، بۇلاقلارنىڭ سۈيى، ھاۋا ئارقىلىق يەنە نۇرغۇن ئادەم-
نىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ.
بۇنداق يۇرتقا بەرىكەت ياغىدۇ، بۇنداق يۇرتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇ-

يى پۈتۈن ۋە ئەزىز بولىدۇ. زېمىن ھامان شۇنداق پاكلىنىپ تۇرۇشقا موھتاج. مۇشۇنداق پاكلىقلا ئادەملەرنى چىن دىلىدىن ئويغىتىدۇ. شۇڭا، كىنولاردىكى قەھرىمانلارنىڭ «مەن ئۆلگەن بىلەن قېنىمدىن نۇرغۇن قەھرىمان تۇغۇلىدۇ» دېگەن ئۆتكۈر خىتابى بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس.

ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى شۇ ئادەم مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتتىلا بىر مەزگىل تراگېدىيىلىك تۇيغۇ پەيدا قىلالىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى تىكىلگەن، نەزىرى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈمى شۇ ئادەم مەنسۇپ بولغان قوۋمدا تراگېدىيە پەيدا قىلىدۇ. سانسىز كىشىلەر بۇنداق ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پىكىر قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق مەجبۇرلىنىشتىن ساغلام بولغان ئۆلۈم قارىشى بارلىققا كېلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن جەمئىيەتتە زىلزىلە قوزغىدى. نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم قارىشىغا تەسىر قىلدى. كىشىلەر روزى موللىنى خائىنلىقتا ئەيىبلەيدۇ ھەم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى روزى موللىدىن كۆرىدۇ. روزى موللا چاقمىسا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. روزى موللا بىر سەۋەب، خالاس. نادان، چالا ئويغانغان ئەلدە روزى موللىغا ئوخشاشلار بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. دەل شۇنداق ئويغىنىشتىكى چالىلىق روزى موللىدەك كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇنبەت تۇپراق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئويغىنىشتىكى نادانلىقى، خالاس. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆلۈم يولىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلغىنىمۇ ئەنە شۇ نادانلىق. بەزىلەر شائىر قېچىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ يەنە ياخشى شېئىرلارنى يازمامتى، خەلقنى ئويغاتمامتى، دەپ ئويلار. ئەلۋەتتە، شائىر قېچىپ كەتكەن بولسا خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر ئىدى، بەلكىم

www.uyghurkitap.com

بەزىلەرنى ئويغىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇنداق ئويغىتىش ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئويغىتىش ئالدىدا ئاددىي بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

هايات قىممەتلىك. لېكىن، ئومۇمىي توپنىڭ هاياتىدا بەرد-كەتسىزلىك، قىممەتسىزلىك هۆكۈم سۈرگەن شارائىتتا ئومۇمىي توپنىڭ ئۆلۈم ۋە هاياتىنىڭ قىممىتى هەققىدىكى تونۇشىدا سىلكى-نىش پەيدا قىلالايدىغان ئۆلۈم هاياتتىنمۇ قىممەتلىك.

شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭدا پىچان ۋە لۇكچۇندە نەچچە مىڭ ئادەم شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىگۇناھ قىرغىن قىلىندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەردە ئۇنچە چوڭ سىلكىنىش پەيدا قىلال-مىدى، ئەمما، شائىرنىڭ ئۆلۈمى بۈگۈنكە قەدەر يۈرىكىمىزنى سىلكىنىپ تۇرۇپتۇ.

## 5

قەدىمكى كىشىلەر پەلسەپىنى شېئىرىي شەكىلدە يازغان. ئەمما، هازىرقى كىشىلەرنىڭ مېڭىسى ئاددىيلىشىپ كەتتىمۇ، نەسىر شەكلىدە يېزىلغان پەلسەپە ئەسەرلىرىنىلا پەلسەپە دەپ قاراي-دۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىمۇ شېئىر شەكلىدە يې-زىلغان بىر پەلسەپە. بۇ پەلسەپىنى ئوقۇشقا كۆز، چۈشىنىشكە يۈرەك كېرەك. سەن كۆرمىگەن، سەزمىگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى ناتايىن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدا ئەقىل كۆزى بىلەن قېزىپ چىقارغىلى بولىدىغان پەلسەپە كېنى بار. بۇ كانىنى قازسىڭىز ئۇيغۇرنىڭ هالىتى هەققىدىكى مۇكەممەل، ئىلمىي مۇلاھىزىنى، تەقدىرى هەققىدىكى يولنى بايقاش مۇم-كىن. هەتتا 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھى هەققىدىكى ئوپېراتسىيىلەردە ئەڭ يېڭى دەپ

ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا تولۇقى بىلەن بار. پەقەت ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىنىڭ بىر مىسراسىدا ئېيتىلغان پىكىر ھازىر بىر پارچە ماقالە بولۇۋاتىدۇ، خالاس.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شائىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» دېگەن كىتابنى تەۋەككۇل دەپ ئۇستەلگە تاشلىدىم. كىتاب تەبىئىي ھالدا ۋاراقلىنىپ، «نە قىلاي» دېگەن شېئىر ئېچىلدى. مەن مىسال ئېلىش ئۈچۈن شېئىرنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. شېئىرنىڭ تۆتىنچى كۇپلېتىدا مۇنداق مىسرالار كۆزۈمگە چېلىقتى:

«نەگە بارساڭ بارچىنىڭ ئاغزىدا بار دەردى ۋەتەن،
ھاردۇقى، تىببى يوق، دەردلىك زاماننى نە قىلاي.»

مۇشۇ ئىككى مىسرانىڭ ئۆزىدىلا بىر كىتاب يازغۇدەك ئۇچۇر ۋە كۈچ بار. ئويلاپ بېقىڭ، ھەممە ئادەم «ۋەتەن، ۋەتەن» دەيدۇ، ئېغىزىدىن «ۋەتەن» دېگەن گەپ چۈشمەيدۇ، لېكىن ھەرىكىتى باشقا. ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك ھېرىكەت يوق. شۇنداق ھالدا شائىر «ھاردۇقى، تىببى يوق، دەردلىك زاماننى نە قىلاي» دەپ يازماي نېمە قىلىدۇ. ئەمما، شائىرنىڭ بۇ مىسراسى زاماندىن قېيداشتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئىچكىرىلىسىگىز ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئىسيان خىتابى. شائىرنىڭ «بۇنداق زاماننى نە قىلاي» دېيىشى ھەرگىز زاماندىن ۋاز كەچكەنلىكى ئەمەس، بەلكى بۇنداق زاماننى پاچاقلاپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلىقىدۇر. دېمەك، شائىرغا بۇنداق زامان كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زامانى باشقا.

شېئىرنىڭ 6 ـ كۇپلېتىدا يەنە:

«بۇلبۇل بىلەن قارغىنى بىل پەرق قىلماس ھېچ كىشى،
بۇلبۇلنى بىچارىگە زىندان جاھانىنى نە قىلاي.»

دېگەن مىسرالار بار. بۇ مىسرادىن مەنە ئىزدىسەك، نادانلىق شۇنچىلىك ئەۋجىگە چىققانكى، كىشىلەر بۇلبۇل بىلەن قارغىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالدى، نادانلىق چىدىغۇسىز ھالەتكە يەتتى. شۇڭا، بۇلبۇلغا زىندان بۇنداق جەمئىيەتنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك، دېگەننى بىلمەك تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

سىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان ئەنە شۇ دەۋرنى، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسكە ئالسىڭىز، بۇ مەزمۇن تېخىمۇ يارقىنلىشىدۇ.

مەن شائىرنىڭ توپلىمىنىڭ 10 ـ بېتىگە بېرىلگەن «بار. دۇر» دېگەن شېئىرىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. شېئىر 23 كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىللەتلىرىگە قارىتىلغاندى. شائىر تىلغا ئالغان ئىللەتلەرنى ساناشقا كىرىشتىم. (1) جاھالەت ـ نادانلىق، (2) ئىتتىپاقسىزلىق، (3) ئىلىمسىزلىك، (4) ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، (5) شەخسىيەتچىلىك، (6) غەيۋەتچىلىك قاتارلىق ئالتە ئىللەتنى تېپىپ چىقتىم.

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر پەلسەپە كىتابى، ئۇيغۇر روھىنىڭ نەزمىي ئوپېراتسىيىسى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە مەزمۇن گۈزەللىكى بىلەن شەكىل گۈزەللىكى ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن. شەكىل گۈزەللىكى مەزمۇن گۈزەللىكىنى تېخىمۇ چاقناتقان. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي گۈزەللىكنى قېزىشنىڭ ئۆزىمۇ تېخى قېزىلمىغان بىر تېما.

مەن بۇ قىسقا ماقالىنى يېزىۋېتىپ، شائىرنىڭ ھاياتىدىكى ھېكمەتلەرنى قۇرلارغا تىزىۋېتىپ، تۇيۇقسىز يېڭى بىر ماس كېلىپ قېلىشنى بايقىدىم. تەقدىر مېنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلۇپ 70 يىلدىن كېيىن (1971 ـ يىلى) تۇغۇلۇشقا نېسىپ قىپتۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپات بولۇپ 70 يىل بولغاندا ـ مەن ئابدۇخالىقنىڭ يېشىغا قەدەم قويغاندا، ماڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىش نېسىپ بوپتۇ.

ھەيران قالدىم. تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى نەقەدەر ئاجايىپ ـ ھە!

www.uyghurkitap.com

# ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلى توغرىسىدا

## (ئەبجەش خاتىرە)

### 1

كىچىك چېغىمدا ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ قاچقان، لېكىن سايىسىدىن زادى قۇتۇلالماي ئاخىر ھېرىپ ئۆلگەن توشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىدىم. گۆدەك ئېڭىمدا سايە ۋە توشقان ھەققىدە باللارچە خىياللار پەيدا بولغان، ھاماقەت توشقانغا ئىچىم ئاغرىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن توشقاننى قورقۇتقان سايىنى پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان تىرەن مەنىنى ئاڭقىرالمىغانىكەنمەن. بۇ ھېكايە ئۇزاققىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. ھەتتا كېيىن بۇ ھېكايىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، توشقان ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ كېتىپ قاچقان، لېكىن ئۆلۈپ قالمىغانىدى. ھېكايە «بىچارە توشقان ھازىرمۇ قېچىۋېتىپتۇ» دەپ تۈگەيتتى. چوڭ بولدۇم، ئەقلىمگە تولغانسېرى سايە ھەققىدىكى چۈشەنچەم چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. سايىدىن ئىبارەت بۇ سىمۋولنىڭ كەينىدىكى بېشارەتلەرنى بايقىدىم. كىچىك ۋاقتىمدا گۆدەك تەپەككۇرۇم بىلەن «سايە دېگەن سايە، ئۇ ئادەمنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسام، ئەمدىلىكتە توشقاننى نېمىشقا ئۆز سايىسى قورقۇتقانلىقى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈپ، توشقانغا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغ-

ـرىدى. توشقاننى ئۆز سايىسىدىنمۇ ئۈركۈيدىغان قىلىۋەتكەن سەۋەبلەر روشەنلەشكەنسېرى نەچچە قېتىم ئىچىمگە تىنىپ ئىختىيارسىز «ئۇھ» دەۋەتتىم.

نېمىشقا بۇ پاجىئە يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبچىسى توشقانمۇ ياكى ئۇنىڭ سايىسىمۇ؟ ۋە ياكى باشقا بىر سىرلىق سەۋەبمۇ بارمۇ؟

تەپەككۇر قىلىش پېقىرغا بىرخىل خۇمار، شۇڭىمىكىن، «ھالىمغا باقماي» تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلاردىن مەنىسى تولىمۇ تىرەن ھەقىقەتلەرنى كوچىلاپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. شۇڭا بۇ ئادەت مەن ئۈچۈن بىر خىل خۇمارلا ئەمەس، بەلكى ھەۋەس كېسىلى. بۇنداق كېسەلدىن قۇتۇلماق بەكمۇ تەس. ئۇ تولىمۇ شېرىن، لېكىن بەزىدە تولىمۇ ئازابلىق بىر كېسەل ئىكەن.

توشقان ئۇقتىسىدىن چىقىپ كۆزەتسەك، ئۇ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بىر كىچىك جاندار، ئۆزى تولىمۇ ئاجىز، لېكىن ئەتراپى خەتەرگە تولغان، نۇرغۇن كۈشەندىلەر ئۇنى ماراپ ياتىدۇ. شۇڭا، سەگەكلىك توشقاننىڭ خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭگۈشتىرى. لېكىن، زىيادە سەزگۈرلۈك توشقاندىكى بۇنداق ئارتۇقچىلىقنى بىرخىل ئاجىزلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان... شۇڭا ناتونۇش نەرسىنى كۆرسىلا ئۈركۈيدىغان، بىرەر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ شەپىسى بولار ـ بولماي بەدەر قاچىدىغان بوپقالغان، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ بىر قارىماققا بەكمۇ كۈلكىلىك، بىر قارىماققا تولىمۇ پاجىئەلىك قورقۇنچاقلىق تراگېدىيىسى بارلىققا كەلگەن...

بۇ پاجىئەدىن يەنە نەچچە خىل ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، توشقان دائىملا ئەنسىزلىك ئىچىدە ياشاپ، ئۆز ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىل پاجىئەگە ئادەتلەندى. دېمەك، تۈگىمەس خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ئۆز بىخەتەرلىكىگە ھېچقانداق كاپالەت بولمىغان شارائىتتا ياشاشمۇ تەپەككۇردىن مەھرۇم قىلىـ

دۇ. بۇنداق مەھرۇملۇق ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈشنى پەيدا قىلى-
دىغان بىر پاجىئە.

ئىككىنچى، توشقاننىڭ بەختسىزلىكىگە ئۇنىڭ قورقۇنچاق-
لىقى ۋە ئاجىزلىقى سەۋەبچىمۇ ياكى ياشاۋاتقان تاشقى مۇھىتمۇ؟
ئۇبدانراق ئويلانساق، تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىغۇچىلارغا ھەممە
جانلىق ئۇچۇن ھەرقانداق مۇھىت خەتەر بىلەن تولغان بولىدۇ.
قانداق ياشاش شۇ جانلىقنىڭ ئۆزىگە باغلىقتۇر.

ماھىيەتتە ھەرقانداق بىر جانلىق — «توشقان». ھەرقان-
داق بىر جاننىڭ ئۆز يېنىدىلا ئەجەللىك كۈشەندىسى بار. بىز
گۆدەكلەرچە تەپەككۇر قىلىپ توشقاننى يولۋاسقا سىلىشتۇرۇپ،
توشقان يولۋاسقا قارىغاندا ناھايىتى ئاجىز، دۈچ كېلىدىغان خەتەر
كۆپ، يولۋاس قۇدرەتلىك، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، دەپ
قارىساق، رېئاللىقنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىگە ئۇچرايمىز. ئە-
شەنمىسىڭىز، نېمىشقا ھازىر توشقان جىق؟ ئەمما، قۇدرەتلىك
سانالغان يولۋاسنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

ئەسلىي گېپىمىزگە يانساق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش بىر
خىل پسىخىك كېسەل، لېكىن ئۇ توشقانغىلا خاس كېسەل ئە-
مەس، ھەتتا بەزىدە «پىلمۇ ئوسۇرۇپ قويۇپتۇ» دېگەندەك، يول-
ۋاس چېغىدا يۈرەكزادىلىك قىلىشى، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ
قاچقاندا يولۋاسلىق سۈرىدىن قېلىشى مۇمكىن. بىز توشقاننى
بىرخىل تەمسىل دەپ چۈشىنىپ، ھەتتا بەزىدە يولۋاسنىمۇ توش-
قان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش-
نىڭ مۇددىئا بىردىن ئايدىڭلىشىدۇ.

## 2

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يۈز بەرگەن بىر
ۋەقە زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۆ-

گىنىش باشلىقىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن دەرس تەكرارلاشتا پايدىلىنىدىغان كىتابلىرى يوقاپ كەتتى. ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ھەل قىلغۇچ پەيتتە تەكرارلاش كىتابلىرى «گۆھەر» دىن ئەتىۋار بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش سىنىپىمىزدىكى چوڭ «مەسىلە» گە ئايلاندى. تەدبىرلىك سىنىپ مەسئۇلىمىز «گۆھەر» نى تېپىش ئۈچۈن پىشقان رازۋېدكىچىلارچە سالاپەت بىلەن دېلو پاش قىلىشقا ئاتلاندى. بىردىنلا سىنىپىمىزدىكى 40 نەچچە ئوقۇغۇچى «گۇماندار» لارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا بىردىنلا كاللامدا: «مېنى ئوغرى تۇتۇپ قالارمۇ؟» دەيدىغان ۋەھىمە پەيدا بولدى. بېشىم زىڭىلداشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمگە پاك ئىدىم. ساۋاقداشلارمۇ ھۆرمىتىمنى قىلاتتى. ئۆپچۆرەمگە قارىسام، كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ چىرايلىرىمۇ ۋەھىمىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئارىدا بۇ ئازابلىق «گۇماندار» لىقتا چىدىيالمىغان بىر غۇرۇرلۇق ساۋاقدىشىم يىغلاپ تاشلىدى. كاللامدا بىردىن سوئال پەيدا بولدى: نېمىشقا ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەيمەن؟ يا مەن كىتاب ئوغرىسى بولمىسام، ئەجەبا ئادەم گۇناھسىز تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزىنى ئەيىبكاردەك ھېس قىلىدۇ؟

«گۆھەر» مۇ تېپىلمىدى، تەدبىرلىك «رازۋېدكىچى» نىڭ ھەرخىل چارە - ئاماللىرىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. شۇڭا، بۇ ئىش تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىققىنى يوق. گۇناھسىز تۇرۇپ گۇناھكار بوپقېلىش تۇيغۇسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر جاھىل كېسەلدەك خېلى يىللارغىچە مېنى ئازابلىدى. ھەتتا مۇنداق ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسى — ئۆزۈم قىلمىغان ئىش ماڭا دۆڭگىلىپ قالارمۇ، دەيدىغان گۇماندىن كېلىپ چىققان ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەش تۇيغۇسى نەچچە يەردە چىرايىمنىڭ ئورۇنسىز قىزىرىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى. كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا خەق مېنى

«يانچۇقچى» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئىككى قولۇمدا ئاپتوبۇس شادىسىنى تۇتۇۋالدىغان، بىرەرسى بىر نەرسە يىتۇپ كەتتى، دەپ چۇقان سالسا، دەرھال ئىستىخىيىلىك ھالدا يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ سالىدىغان بوپقالدىم. ئوغرى مېنى ئوغرى تۇتقىلى ئوغرىلىغان نەرسىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويسا قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئويلامدىم ياكى كاللامدا باشقا خىيال بارمۇ؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

كېيىن بۇنداق خۇدۇكچانلىق ھەققىدە ئۇزاقىچە ئويلاندىم. بىزدە پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى بولمىغاچقا، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سورىدىم، لېكىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەچكە، ئۆزۈم كىتابتىن جاۋاب ئىزدەشكە مەجبۇر بولدۇم. دۇنياغا مەشھۇر پسىخولوگلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئالا قويمىدىم. 20 - ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى، ئەڭ چوڭ پسىخولوگ دەپ زىددىيەتلىك نامغا ئېرىشكەن فروئىدنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇدۇم، لېكىن جاۋاب تېپىلمىدى. ئاخىر تەۋەككۈل دەپ ئىگەم ئاتا قىلغان كاللامغا مۇراجىئەت قىلىپ، تەپەككۇر چىرىغىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتىم.

سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ «گۆھەر» دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن قوللانغان سىنىپ خاراكتېرلىك ئاممۇۋى ئاختۇرۇش ھەرىكىتىدە مەسىلە باردەك قىلاتتى. بىزدە ئاممۇۋى ھەرىكەت ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يوقاپ كەتكەن «گۆھەر» نى ئىزدەش ئۈچۈن ھەممە بالىدىن گۇمانلىنىش ماھىيەتتە كىتابتىن ئىبارەت «گۆھەر» نى ئىزدەش باھانىسىدە كىتاب يىتتۈرگۈچىدىن باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كىتابىدىنمۇ قىممەتلىك؛ «غۇرۇر» دەپ ئاتىغان «گۆھەر» نى تاشقا ئۇرۇش پاجىئەسى ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ ئىش ماڭا ئەخلاقسىزلىق ۋە قانۇنسىزلىق تۇيۇلمىغان، ھەتتا ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلىش زۆرۈر، بۇ بىر خىل نورمال ئەھۋال دەپ قارىغاندىم. مەسىلە دەل



www.uyghurkitap.com

بىر بالىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ 40 نەچچە بالىنىڭ غورۇرىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرىكەتنى نورماللىق دەپ قوبۇل قىلىشىمدا ئىدى. كىتابنى قالغان 40 نەچچە بالىنىڭ ئوغرىلىشى ناتايىن، ئوغرى بىر ياكى ئىككى، ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، ئالتە ـ يەتتىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، بۇ سىنىپتىكى بالىلار «ئوغرى» دەپ گۇمان قىلغۇدەك ئەخلاقسىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەمەس، مەكتەپتىمۇ ياخشى نامى بار بالىلار ئىدى. گەپ سىنىپ مۇدىرىمىزدىن ئىبارەت ئۇستازىمىز، ئىگىمىزنىڭ — قانۇنىي ۋەكىلىمىزنىڭ قىلىۋاتقىنى توغرىمۇ ـ خاتامۇ دېمەستىن قوللانغان خاتا تەدبىرى — يولسىزلىقىدا ئىدى. ئۇنداقتا، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى نەدە؟

گەپنى ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن باشلىساق، ئۇ بىرەر جەمئىيەت، بىرەر ئورۇندا ئاممىنى قوزغاش ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەت پارتىيە، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك بولسا، تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئالىدۇ. ئاما ئاڭلىق ھالدا چۈشىنىپ ئۆزلۈكىدىن باشلىغان ئاممىۋى ھەرىكەت غايەت زور ئىلغار ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا تۈرتكە بولىدۇ. مەلۇم ئادەم ياكى گۇرۇھ تەرىپىدىن مەلۇم شەخسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوزغالسا، ئۇ ھالدا بۇ ھەرىكەت جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسىگە سەۋەبچى بولۇپ، تالاي ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت كۆپىنچە ھېسسىي تۈس ئالغان بولىدۇ. ھېسسىيلىق ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى قانۇنچىلىق بىلەن زادى سىغىشالمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ھېسسىيلىق قانۇنچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز خىيالىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ زور قانۇنسىزلىققا يول ئاچىدۇ. مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇھ تەرىپىدىن تۈيۈقسىز قوزغىتىلغان ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ تايىنىدىغان قوزغىتىش ۋاستىسى ئاساسلىقى يەنىلا ھېسسىياتتۇر. نەق

گەپنى قىلساق، بۇنداق ھېسسىياتقا تايىنىپ تۇيۇقسىز قوزغالغان ئاممىۋى ھەرىكەت قانۇننى چەتكە قاقىدۇ. قانۇن بىر دەۋرنىڭ ۋىجدانىنى قوغدايدىغان ئىجتىمائىي ۋاستە سۈپىتىدە ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ دەپسەندە قىلىنىش ماھىيەتتە ئاممىۋى ھەرىكەتلەر، قانۇنسىزلىق، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكنىڭ كاپالەتسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسىدۇر. سىنىپ مەسئۇلىمىز ئەينى چاغدا دەل مۇشۇ خاتالىقنى سادىر قىلىپ، بىزنىڭ روھىيەت پەرۋىشچىمىز، ھاياتلىق بېغىمىزنىڭ باغۋىنى تۇرۇقلۇق ئۇنى ئۆز ئايىغى بىلەن چەيلىگەن گۇناھكارغا ئايلىنىپ قالغان.

جۇڭگو قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەريانىدىكى مۇھىم ۋاستە قىلىپ كەلگەن بىر دۆلەت. نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە تۇرۇپمۇ ئەمدىلا قانۇنچىلىق ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان، نۇرغۇن قانۇن تۈزگۈچىلەر ۋە قانۇن ئىجراچىلىرى قانۇن ئەخلاقىدىن تازا خەۋەردار بولۇپ كېتەلمىگەن دۆلەت. شۇ تۈپەيلىدىن ئارىمىزدا ئۆز ھېسسىياتىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ھادىسە پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە پۇقرالارنىڭ كاللىسىدا قانۇندىن گۇمانلىنىش، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكتىن خاتىرجەم بولالماسلىق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلىنى پەيدا قىلغان...

تۇڭ داخۇەنىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 6 - ساندا ئېلان قىلىنغان «ھەرىكەتلىنىپ قانۇن ئىجرا قىلىش قاچانغىچە بىزگە ھەمراھ بولار؟» دېگەن ماقالىسىدە: «يۇتكۇل 20 - ئەسىردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىجتىمائىي مەسىلەرنى ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۆرۈندۇق، دەسلەپىدە ھە دېگەندىلا سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغىدۇق» دەپ يېزىپ، 20 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ رېئاللىقىدىن

بېشارەت بەردى. ھەقىقەتەن 20 ـ ئەسىردە جۇڭگودا بەزىدە
ئۆكچىل، بەزىدە سولچىل تۈس ئالغان نۇرغۇن سىياسىي ھەرد-
كەتلەر يۈز بەردى. بۇ جەريان ئىزچىل ھالدا سىياسىي قانۇندىن
ئۈستۈن تۇرۇپ، نەچچە يىل ئىلگىرى ھاكىمىيەت توغرا دەپ
ئېتىراپ قىلغان ئىشلار نەچچە يىلدىن كېيىن كەچۈرگۈسىز گۇ-
ناھقا لايىق ئىشلار بوپقالدى. رەھبەرلىكنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى
مەلۇم خىل قانۇندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەھۋال جەمئىيەتتىكى
كۆزگە كۆرۈنمەس ئىجتىمائىي كېسەلگە ئايلاندى. ھەتتا كىشىلەر
بۇ ئەھۋالنى كېسەل دەپ قارىمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەب-
تىن جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا خۇدۇكسىرەش، ئۆز سايىسىدىن
ئۈركۈش ئومۇمىي پسىخىكىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش جەريانىدا دۆلەت رەھبەرلىرى: «ئىدىيىنى ئازاد قى-
لىڭلار، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىڭلار» دەپ تەكىتلەپ
تۇرسىمۇ، كىشىلەر تولا بۇرنىغا يەپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچ-
كە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا، دادىل بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدى-
غان بولۇپ قالدى ۋە ھەتتا ھەرقايسى قاتلام رەھبەرلەر ئارىسىدا
ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇش كەيپىياتى
ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەھبەرلىك ئىلمىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا
قىلىدىغان يېڭى شەكىللەر ھەققىدە ئىزدىنىشنى تۈرتكە بىلەن
تەمىنلەيدىغان جۈرئەتنى بوغۇپ، ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا تو-
سقۇنلۇق قىلىدىغان پاسسىپ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. سىز ئۇزاققا
نەزەر سالىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ئەتراپىڭىزغىلا نەزەر سالسى-
ڭىز «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا» بېقىپ ئىش تۇتۇپ،
زىددىيەتتىن قېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تالاي جانباقتى ئەمەلدار-
لارنى كۆرىسىز. ھەتتا سىزنىڭ باشلىقىڭىزمۇ دەل شۇنداق ئادەم
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇ-
رۇت ماجىراسى» دېگەن ھېكايىسىمۇ دەل ئاۋام ۋۇجۇدىدىكى
مۇشۇ خىل خۇدۇكسىرەش، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كەيپىياتى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگەن ئېسىل ئەسەردۇر. مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن بىر بۇرۇتلۇق تىزىملانسا، ھەممە بۇرۇتلۇق ئۆز بۇرۇتىدىن ئۈركۈپ ساتىراشخانىغا يۈگۈرەيدىغان پسىخىكا دەل بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىمىزغا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشىمىزغا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىزغا دەخلى قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللىكىمىزدۇر.

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتتە ئاممىۋى ھەرىكەت، ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپ ھېسسىياتنى قانۇندىن ئۈستۈن قويۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەتتۇر. ئەگەر قانۇن پۇقرالارنىڭ ئاڭلىقلىقىنى قوزغاپ، مەلۇم ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار نىشانىغا يېتىشكە تۈرتكە بولسا، بۇ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى، قانۇن پۇقرالارنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3

2001 ـ يىلى يۈز بەرگەن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسەللىكىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئامېرىكا تېررورلۇق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نەچچە سائەتتىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا ھەرىكەتكە كەلدى. دۇنيادىكى 200 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ ھەممىسى مەيلى ئامېرىكىنىڭ دوستى ياكى دۈشمىنى بولسۇن، ئامېرىكىدىن ھال سورىدى، ئامېرىكا خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەتتا نۇرغۇن دۆلەت ئامېرىكىنىڭ بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمىنى قوزغىغان تېررورچىلار (بۇ تېررورچىلار مەيلى گۇرۇھ بولسۇن، مەيلى دۆلەت بولسۇن) غا قايتارما زەربە بېرىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدىن «تېررور-

چى» دېگەن گەپ بىزگە ئارتىلىپ قالمىسا، دېگەن پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق تۇيغۇسى — ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش بۇ خەلقئارا سورۇندىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. مەن ھەيران قالدىم.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە قارىساق، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە-زىيىتىمۇ ھايۋانات دۇنياسىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا كۈچلۈك-لەرمۇ، ئاجىزلارمۇ بار. كۈچلۈكلەر ھەرخىل ئوسۇرۇق باھانى-لەر بىلەن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. ھەتتا بۇ يەردىكى ئادالەت تارازىسىنىڭ چوكىسى ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بىر قانۇنىيەت بەكمۇ ئۆزگەرمەس ۋە ئېنىق، يەنى بۇ سەھنىدە كۈچلۈكلەرنىڭ دېگىنى ھېساب، كۈچلۈكلەرنىڭ دېگىنى مەڭگۈ توغرا. شۇ سەۋەبتىن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ ئاۋارە. ئاجىزلار بولسا ئىلىشىدىغان ساپاق تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئاۋارە. ھەتتا بۇ جەرياندا ئۇلارنى ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسى-لى قىيناپمۇ قويىدۇ، بۇ ئۈركۈش بەزىدە تېخى كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باھانىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممىگە ئايان قانۇنىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ «قورساق-نىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقماسلىق». ئىنچى-كىلەپ گەپ قىلساق، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ خەتەرلىك ۋەز-يەت تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن سەگەكلىكىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋې-تىپ، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ كېتىشىنى ئۆزى دەۋاتقان گۇناھ-نىڭ جانلىق پاكىتى قىلىپ سۇرەتلەيدۇ. ئاجىزلار يەنە پاجىئە ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش كېسىلىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى كۈچلۈكلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكى، مۇتتەھەملىكى، ئۇششۇقلۇقىدۇر. ھازىر ئامېرىكا يولۋاس، باشقا

ئاجىز دۆلەتلەر توشقان رولىدا، توشقانلىق ئۆلارنىڭ ئەڭ زور گۇناھى. ئۆلارنىڭ توشقان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆزگە «گۇناھى» يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆز نۆۋىتىدە ئاجىزلىقمۇ زور گۇناھ.

## 4

مەن «گۇناھ تۇيغۇسى نەگە كەتتى؟» دېگەن ماقالەمدە ئادەمدە گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ بولماسلىقىنى پاجىئە دەپ ھېسابلاپ ئۆتكۈنگەنىدىم. ئارىدىن ھالا بىرنەچچە ئاي ئۆتتى. تۇيۇقسىز ئەينى چاغدا چالا پىكىر قىلىپ قويغانلىقىمنى سەزدىم. گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ بولماسلىقى ئاپەت بولۇپلا قالماي، بۇ تۇيغۇنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىمۇ بىر ئاپەت ئىكەن. گۇناھ تۇيغۇسى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەندە، ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي گۇناھكار ھېس قىلىپ، توغرا ئىش قىلىشىمۇ مەندىن خاتالىق ئۆتتىمىكىن، دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەنسىرەيدىغان، بىرى ئۇنلۇكرەك گەپ قىلسىمۇ خۇدۇكسىرەپ يۈرەكئالدى بولىدىغان بولۇپ كېتىدىكەن.

نېمىشقا ئادەمنىڭ گۇناھ تۇيغۇسى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ؟

بۇ سوئال بىلەن تەڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىم ئېسىمگە كەپقالدى. ساۋاقدىشىم ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان بولۇپ، بەك تولا تاپا ـ تەنە ئاڭلاپ، تاياق ـ توقماق يەپ ئۆگىنىپ قالغاچقىمۇ، قاچانلا قارىسا غەمكىن يۈرەتتى. نېمىگىدۇر خۇدۇكسىرەيتتى. بالىلار بىكاردىن ـ بىكار تىللاپ، ئانىي تاپسىمۇ جىم تۇراتتى. ھەتتا باشقىلار ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقى ئۈچۈن، ھەممە ئىش ئېنىق تۇرسىمۇ ئۆزىچە خۇدۇكسىرەيتتى. باشقىلار گۇناھنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قويسا، ئۆزىنى ئاقلاش تۇگۇل ئۇجۇقۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۇنى گۇناھكار دەپ ھېس قىلىپ قالاتتۇق. بۇ بالىنىڭ يەنە

بىر مىجەزى ياخشى مۇئامىلە قىلىپ قويساق ھەيران قالاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ بىزمۇ ھەيران قالاتتۇق. ياخشى مۇئامىلە بەزىدە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بىر تىپىك ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرىدىغان «توشقان» ئىدى.

گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە گۇناھكار ھېسابلاش، ئۆزىنىڭ مەن گۇناھكار دېگەن خىيالى بىلەن، باشقىلارنىڭ سەن گۇناھكار دېگەن پوپوزىسىغا ئىشىنىپ قېلىشتۇر. ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ۋە قۇلچىلىق بۇ خىل تۇيغۇنى كۈچەيتىۋېتىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىلدۇر.

ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش، ھەتتا ئاخىر بېرىپ سايىسىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈش بىزنىڭ بىر ئېغىر ئىجتىمائىي كېسىلىمىز. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى قانۇننى قورالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز سايىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويۇشنى بىلىش ۋە توشقاندەك 100 يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر يىل ياشايدىغان ئىدىيە بويىچە ئۇستىمىزدىكى توشقان تېرىسىنى چۆرۈپ تاشلاشتۇر. ھازىر ئېلىمىز قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى مۇھىم دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلىدى. لېكىن، قانۇن بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش دۆلەتكىلا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشى، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قانۇنغا تايىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىزدە «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن ئىدىيە بىلەن قانۇنغا تايىنىدىغان روھ يېتىلسە، خۇدۇكچانلىق، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈش شۇ چاغدا ئاخىرلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر. دۇنيادا ئادەمدەك سەت ئۈركۈيدىغان خەتەرلىك مەخلۇق يوق. ئادەم

ئۇركۇگەن چاغدا ۋۇجۇدىدىن روھى چىقىپ كېتىپ، سايىسى تۇگۇل، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ ئۇركۇپ كېتىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىدىن مۇشۇنداق ئۇركۇگەن چاغدا شۇ قوۋمنىڭ قىيامىتى تېخىمۇ يېـ. قىنلاشقان بولىدۇ.

# غەلىبە، سەن نەدە

## 1

شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئادەمنىڭ تېنى بىلەن روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئات مىنگۈچى — چەۋەنداز بىلەن ئاتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقان، روھ چەۋەندازدۇر، تەن ئات-تۇر. چەۋانداز زەئىپ بولسا، ئاتنىڭ ئىختىيارىغا چۈشۈپ قالى-دۇ. چەۋەنداز كۈچلۈك بولسا، ئات ئىگىسىنى ئوقۇر ياكى بېدە يېنىغا ئەمەس، ئىنسانىي كامىللىق مەنزىلىگە ئاپىرىدۇ.

تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ياشار كامال «گۆر ئوغ-لى» دېگەن داستانىدا: «ئات ئىگىسىگە باقىدۇ، ئاتقا مىنگەن ئادەم جەسۇر بولسا، ئاتمۇ جەسۇر بولىدۇ. قورقۇنچاق بولسا، ئاتمۇ قورقۇنچاق بولىدۇ، ئۆركىگەك بولسا، ئاتمۇ ئۆركىگەك بولىدۇ. قورقۇپ تىترىسە، ئاتمۇ تىترەيدۇ. خۇشال بولسا، ئاتمۇ خۇشال بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئات بىلەن چەۋەندازنىڭ تەڭلا كۈچلۈك بولۇشى ئىنسانىي كامىللىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. شەرق ئىسلام مۇتەپەك-كۇرلىرى تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى مانا شۇنداق چۈشەندۈرگەن. تەننى تاۋلاش جەريانىنى ماھىيەتتە تەن ئارقىلىق روھنى تاۋلاش جەريانى، روھ ئارقىلىق تەننى تاۋلاپ ئىسانىي كامىللىققا يېتىشنى ھاياتنىڭ مەنىسى، دەپ قارىغان. ئىنساندىن ئىبارەت مەۋجۇدىيەتنىڭ تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكا شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى جەۋھەر قىسمى بولغان.

گەرچە بىزدە روھنى تاۋلاش ھەققىدىكى ئۇقۇملار خەلق
ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، تەننى تەربى-
يىلەش، چېنىقتۇرۇش ھەققىدىكى گۈزەل ئۇقۇم ۋە كېيىن تە-
رەققىي قىلىپ مۇستەقىل بىر پەننىڭ نامى بولۇپ قالغان «تەن-
تەربىيە» خەلق ئارىسىدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئۇقۇمغا ئايلان-
غان. تەننى تاۋلاش ـ چېنىقتۇرۇش دېگەن گەپلەرگە قارىغاندا،
مەدەنىيلىك، ئىلمىيلىك تۈسى ئېخىمۇ قويۇق بولغان تەنتەربىيە
(تەننى تەربىيىلەش) ئۇقۇمى مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدىكى
ئالاھىدە تەركىب ۋە ئالاھىدە مەزمۇن بوپقالغان.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھەق-
قىدە گەپ بولغاندا، ئات ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن ئىنسان-
لار ئانچە ئېتىبار بەرمەيۋاتقان يەنە بىر مۇھىم ئامىلمۇ بار، ئۇ
بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم قويۇشى ۋە
مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە
بولغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىق ئامىلىدۇر. قەھرىمان-
لىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىنساننىڭ ئىن-
سانىي خاراكتېرىنى يارقىنلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇپ،
ئىنسانىيەت تارىخى تاھازىرغا قەدەر باشقىچە نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
مۇشۇ ئامىللارنىڭ مەھسۇلى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەدىئىي ئەدەبى-
ياتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى ئەپسانە، رىۋايەت دەۋرى. قەھرى-
مانلىق ئېپوسلىرى دەۋرى دەل مۇشۇ ئامىلنى ئۆزىگە مەنبە
قىلغان. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ رومانتىك ۋە گۈزەل دەۋرى
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىدىن ئىلگىرىكى يايلاق ئىمپېرى-
يىلىرى — ئات مەدەنىيىتى دەۋرىمۇ بۇ ئامىللار ئارقىلىق
رومانتىكىلىققا، گۈزەللىككە ئىگە بولغان. ئىنسانىيەت قەھرى-
مانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىققا بىر خىل گۈزەللىك سۈپىتىدە
چوقۇنغان.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىلگىرىلەشلەر كې-

يىنكى مەزگىلدە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قەھرىمان‌لىق، باتۇرلۇق، قاراملىقتىن ئىبارەت روھنىڭ خاراكتېرىنى يېڭىلاپ، مەدەنىيەتتىكى ئىلگىرىلەش بۇ خىل روھقا يېڭى هاياتىي كۈچ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى هايات ـ ماماتلىق جەڭگاھلاردىن تىنچلىقتىكى جەڭگاھ — تەنتەربىيە مەيدانىغا يۆتكىدى. بۇ خىل روھنىڭ هايات ـ مامات جەڭگاھلىرىدىكى ئورنى هوللىۋود ۋە شياڭگاڭلاردا ئىشلەنگەن شەخسىي قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىق تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىلا قېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈش ھەققىدىكى گۈزەل خىيالى بوپقالدى.

خۇددى پاكىستان تارىخچىسى، «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى سەئىد فەيياز مەھمۇد «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى، ھىندىستاندىكى بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەسلەپتە شۇ دۆلەتلەرنى قۇرغۇچى مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، قورقۇمسىزلىق روھى بىلەن دۇنياۋى ئىمپېرىيەلەرگە ئايلانغان بولسا، ئۇلارنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى مۇشۇ خىل روھنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىدىن بولدى» دەپ خۇلاسىلىگەندەك، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ خىل روھ دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىكتە ئىنسانىيەت ئورتاق چوقۇنىدىغان روھ بولۇشتىن قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرى باشقا نۇقتىغا يۆتكەلدى. ئەمدى سىياسىي ئىمپېرىيىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان نۇقتا ئورتاق ئىدېئولوگىيە، ئىلىم ـ پەن، زامانىۋى تۇزۇم نۇقتىسىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىق تەنتەربىيىدىن ئىبارەت يېڭى شەكىل بىلەن قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. تەنتەربىيە ئومۇمىي خەلق ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان، زامانىۋى پۇقرالىقنىڭ بىر مۇھىم شەرتى بوپقالدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە باشقا نۇرغۇن تەنھەرىكەن مۇسابىقىلىرى، تەنھەرىكەت تۈرلىرى بارلىققا

كەلدى، خەلقئارالاشتى. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەن
بىلەن روھىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان غايىلىر-
نىڭ بىرى تەننى تەربىيىلەپ، روھنى كۈچەيتىپ كامىل ئىنسان-
لىققا يېتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى تەننى تەربىيىلەش دۇنياۋى
غايىگە ئايلاندى. تەنتەربىيىدىكى كۈچلۈكلۈك دۆلەتنىڭ ئۈنۋېر-
سال كۈچلۈكلۈكىدىكى مۇھىم تەرەپ بوپقالدى. 2000 - يىلى
سېنتەبىر سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىسلىسىز داغدۇغىسى بۇ نۇقتىنى
ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مۇسابىقىگە ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا
ئىگە، لېكىن ھازىرقى زامان ئالدىدا گۆدەك پېتى قالغان، جۇڭ-
گودىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىرى، دۇنيادى-
كى تەخمىنەن 2500 دىن ئارتۇق مىللەت ئىچىدە چوڭ - كىچىك-
لىك پەرقى بويىچە دەرىجىگە ئايرىغاندا 100 - دىن كېيىن
قالمايدىغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلار
قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۈتەتتى، نېمىدىندۇر ئۈمىدلىنەتتى.
ئۇلارنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق ئارىلاشقان بىر خىل ئەندىشە تۇي-
غۇسى قاپلىۋالغانىدى.

## 2

ئۇيغۇرلار تارىختا قەدىمىي مىللەت بولۇپلا قالماي، قەھرى-
مانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىققا چوقۇنۇپ كەلگەن مىللەتتۇر. قە-
دىمكى خەنزۇ، تىبەت، پارس، ئەرەب، غەربنىڭ تارىخىي مەنبە-
لىرىگە قارىغاندا، ئۇلارغا تەبىئەت كېلىشكەن قەددى - قامەت،
ئېگىز بوي، قاۋۇل تەن ئاتا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئويناق ئەقلى
بىلەن چوڭقۇر تەپەككۇرى بۇ خىل تەن ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ
نۇرلاندۇرغان. ئۇلار چوقۇنغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى بۇ
خىل ۋۇجۇد ئەۋزەللىكىگە روھ ئەۋزەللىكىنى قوشۇپ، ئاتا -

بۇۋىلىرىمىزنى تارىختا كىشى پەخىرلەنگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قىلغان. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەن ۋە روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكىسىغا ئۇيغۇرلار ئۆز ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق يېڭى مەنىلەرنى بېغىشلىغان.

يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بېكىنمىچىلىك ۋە تەپەككۇر چۈشكۈنلۈكى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن مىللىتىمىز 20 - ئەسىرگە كەلگەندە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقتىن مېھرىنى ئۈزمىدىيۇ، لېكىن ئۇنى يېڭى مەنىلەر بىلەن بېيىتالمىدى. پۈتكۈل دۇنيانىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى تەنتەربىيە، سودا، تېخنىكا ئارقىلىق يېڭى چىقىش يولىغا ئېرىشكەن بىر پەيتتە ئۇيغۇرلار21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئاندىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق روھى مەھەللىۋى لۈكچەكلىك، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى چېچىش، شارابخورلۇق، بەڭگىلىك، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش، خوتۇنبازلىق شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. تەننى تەربىيىلەش روھنى تاۋلاش خاھىشىغا ئورۇن بەردى. روھىتىكى ئاجىزلىق، تەننى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىش خاھىشى تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دىئالېكتىكىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئادەمنى ئات (يەنى روھنى تەن) ئوقۇرغا سۆرەيدىغان ھالەت ئومۇمىي مىللىي پىسخىكىسىغا ئايلاندى. يېمەك - ئىچمەك سانائىتىمىزنىڭ بىردىن تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانچىلىقتىن كېيىنكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىشى، مىللىتىمىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە كاۋاپچى، ناخشا - ئۇسسۇلچى، دەپ مەشھۇر بولۇشى، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك مودىسىنىڭ شەھەرلىرىمىزنى ئىستېلا قىلىشى بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ پولاتتەك دەلىلىدۇر. نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ماددىي مەئىشەت ئالدىدا رەسۋا بولۇش،

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ، ۋىجدان ۋە ئىماننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ
قېلىش بىزدە كەم تېپىلىدىغان ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە.

«ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئە-
مەس، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى» دەيدۇ ئېنسىك-
لوپېدىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭ مەدەنىيە-
تى» ژۇرنىلى 2000 - يىل 4 -، 5 - (قوشما) سانىدا
بېسىلغان «ئارىفنامە» سىدە.

مىللەتنىڭ روھىدىكى كۈچ — مەنىۋى ئېنېرگىيىدۇر.
مىللەتنىڭ ساپاسى مىللەت ئەزالىرى ساپاسىنىڭ يىغىندىسىدۇر.
ئۇيغۇرلار بۇ نۇقتىنى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە
قايتا ئەسكە ئالدى. دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
سىياسىتى ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىمۇ ئىسلاھات دولقۇنى قوزغى-
دى. ئۇلار ئىسلاھاتتىكى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئۆزى-
نى، ئۆزلۈكىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايتتى. چۈنكى، ھەر قان-
داق بىر ئومۇمىي ئىسلاھات جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى
ئائىلە ۋە ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى بولغان ئادەم ئۆزلۈكى-
دىن باشلانمىسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئىسلاھاتتا ئۆزلۈك
ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئۇيغۇرلارغا يەنە
تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى ئەسلەتتى. ئۇ-
لار روھ ۋە تەننىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بېرىشكە باشلىدى.
تەنتەربىيە تەننى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم ئۇقۇم سۈپىتىدە كىشى-
لەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى. تەننى تەربىيىلەش، روھنى
تاۋلاش، تەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق،
قارامىلىق روھىنى قېزىش ئارقىلىق روھقا كۈچ - قۇۋۋەت بې-
رىش، روھ ئارقىلىق تەندىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ھۆجەيرى-
لىرىنى ئويغىتىش بىر خىل زۆرۈر ئېھتىياجغا ئايلاندى. تەنتەر-
بىيە مەيدانلىرىدا ئادەم، تەپەككۇر مۇنبەرلىرىدە روھ پەيدا بول-
دى.

«نوپۇس كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمما ئادەملەر ئازىيىۋاتىدۇ» دېگە-
نىدى يازغۇچىمىز ئابدۇللا ساۋۇت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇر-
نىلىنىڭ 1997 - يىل 6 - سانىدا. بۇ يەردە يازغۇچىمىزنىڭ
كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى باتۇرلۇق روھى بار ئادەملەر، ئەلۋەتتە. دې-
مەك، روھنىڭ پەيدا بولۇشى بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپقال-
دى.

## 3

چېلىشىش ۋە بوكس — دۇنيا تەنتەربىيىسىدىكى ئەڭ
جەلپ قىلارلىق تۈرلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ بوكس تېخىمۇ شۇن-
داق. بۇ تۈر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم ھەرىكەت-
لەندۈرگۈچ كۈچى بولغان قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىق،
چېۋەرلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۇرۇشنىڭ — ئىنسانىيەتنىڭ
مەۋجۇتلۇق يولىدىكى ئېلىشىشنىڭ تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئارىسى-
دا ئانچە ئىسلاھ قىلىنماي ساقلىنىپ قالغان بىر تۈرى؛ قەھرى-
مانلىق، باتۇرلۇق، قاراملىقنىڭ تەنتەربىيە سەھنىسىگە يىغىن-
چاقلىنىشى. تەنتەربىيە ئەڭ دەسلەپ بىر ئىلىم دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق،
قاراملىقنىڭ مەدەنىيلەشتۈرۈلۈشى، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھا-
يات - ماماتلىق ئېلىشىشى، دەپ قارىماي، بەلكى كۆڭۈل ئې-
چىش، تەننى تەربىيىلەپ روھنى تاۋلاش ئۈچۈن سەھنىگە ئېلىپ
چىقىلىشى، دەپ قارىدى. ھەتتا يېقىنغىچە بەزى دۆلەتلەر بوكس-
چىلىقنى مەدەنىيلىك ئەمەس، دەپ قاراپ چەكلەپ كەلدى. مەيلى
قانداق قارىلىشتىن قەتئىينەزەر، بوكسچىلىق ۋە چېلىشىش ھا-
يات - ماماتلىق ئېلىشىشنىڭ مەدەنىيلەشتۈرۈلگەن بىر قىسمى
شەكلىدە تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپقالدى.
ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ۋە قاراملىققا بول-

www.uyghurkitap.com

غان چوقۇنۇشىنى ئۇرۇش كىنولىرىدىن باشقا بوكس مەيدانىدىكى ئېلىشىش ئارقىلىق بېسىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار گەرچە جۇڭگو تەنتەربىيىسى مۇنبىرىدە 1950 ـ يىللاردىن كېيىن چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، 1990 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رىقابەت كۈچى، خېيىمخەتىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت مۇجەسسەملەنگەن بوكستىن ئىبارەت تەنھەرىكەت تۈرى بىلەن تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. ئابدۇشۇكۇر مىجىت جۇڭگو بوكس شاھى دەپ ئاتالدى. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا بوكس چېمپىيونى بولدى. ئەكرەم قاتارلىق يەنە بىر قانچە بوكس ماھىرى مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. تەنتەربىيە ئوبزورچىلىرى جۇڭگو بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ ئۈمىدى غەربىي شىمالدا، دەپ باھا بېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون نوپۇسقا ئىگە، نوپۇس رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن جۇڭگودا بارلىققا كەلدى.

بۇ نەتىجىنى بىر مۆجىزە دەپ قارىماي بولمايتتى. كېيىن بۇ ماھىرلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ۋە ئاسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قىسىم مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئەكرەملەر ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى؛ ئابدۇراخمان ئابلىكىم دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى — تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان 27 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ شۇنداقلا ئابدۇراخماننىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىدىكى جۇڭگو بوكس ماھىرىنىڭ دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تۇنجى قېتىم قاتنىششى بوپقالدى. جۇڭگو لەرزىگەكەلدى، ئۇيغۇرلار لەرزىگە كەلدى. ئۇيغۇرلار بارغانسېرى پاكارلىشىپ كېتىۋاتقان بويىنى ئېگىزلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلاھاتتىن

بىۋاسىتە نەپكە — روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەننى تەربىيىلەش، روھنى تاۋلاش، كۈچلۈك چەۋەنداز، قاۋۇل ئات دەۋرىگە يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

لېكىن، 2000 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە سىدنېيدىن شۇم خەۋەر كەلدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر غايەت زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئابدۇراخمان ئابلىكىم نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگىمۇ كىرەلمىدى. جۇڭگو مەتبۇئاتى ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن ياۋروپادا ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن پولشا ماھىرى پاكازىتىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقىنى بىر مەيدان كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە، دەپ تەسۋىرلىدى. تەسەللى بېرىشنى مەقسەت قىلغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ خىل تەسۋىرلەشلەرنىڭ قايغۇلۇق، چۈشكۈن ھېسسىياتىغا ھېچكىم ئامال قىلالمىدى. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا چېمپىيونى بولغاندا تىكلەنگەن باشلار ئاپتاپتا قالغان ناماز شام گۈلىدەك سولاشتى. كىشىلەر ئەزەلدىن بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ باقمىغاندەك ھەم ئىككىنچى قېتىم بۇنداق پۇرسەت كەلمەيدىغاندەك ئۇھ تارتىشتى. بەلكىم بۇ مەغلۇبىيەت پۈتكۈل خەلقكىلا ئەمەس، ئابدۇراخمانغىمۇ ئېغىر كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، خەلقنىڭ روھىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئابدۇراخمانغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى.

سۈكۈت...

دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋۇجۇدىكى يەنە بىر كېسەل ئاشكارا بولدى. 18 ـ سېنتەبىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئومۇمىي خەلق كەيپىياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىكى روھ ـ تەن دىئالېكتىكىسىنىڭ تېخى گۆدەك باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. خەلقنىڭ روھىدىكى غەلىبە ئالدىدا پۇۋلەنگەن شاردەك چوڭىيىپ، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن

«پاك» قىلىپ ئېتىلىپ كەتكەندەك بىر خىل كەيپىيات روھىمىز-نىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، بەكمۇ خاملىقىدىن بىشارەت بەردى.

دەرۋەقە، بىزنىڭ ئويىمىزچە بولغاندا ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشسە، ھەممە رەقىبىنى ئۇرۇپ يانقۇزۇۋەتسە ياخشى بولاتتى. بىز پۇخادىن چىقاتتۇق.

بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگو 28 ئالتۇن مېدال، 16 كۇمۇش مېدال، 15 مىس مېدال، جەمئىي 59مېدالغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ نىسبەت بويىچە رايونىمىز جۇڭگو ئالغان مېدال سانىنىڭ ئالتىدىن بىرىگە ئىگە بولغان بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن بۇنداق خىيال پەقەت بالىلارچە شېرىن ئارزۇدىن ئىبارەت، خالاس. چۈنكى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئالتۇن مېدالى تېر-رىتورىيە ۋە نوپۇس كۆلىمىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىنىدىغان داش-قازاننىڭ ئۇمىچى ئەمەس. ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىقتىدارى بولسا شۇ ئېرىشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، زېمىنى كەڭرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھىندىستان پەقەت بىر مىس مېدالغا ئېرىشەلىدى. كۇبادىن ئىبارەت كىچىك دۆلەت 11 كۇ-مۇش مېدال، 7 مىس مېدال، جەمئىي 29 مېدالغا ئېرىشتى.

ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىك ماھىيەتتە بىزنىڭ كۆڭۈل كۆزىمىزنىڭ تېخى كور، تەپەككۇرىمىزنىڭ ناھايىتى گال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## 4

مۇتەپەككۇرلار غەلىبە ھەققىدە سۆز بولغاندا ھامان: «مەغ-

لۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى» دېگەن ھۆكۈمنى تىلغا ئېلىشىدۇ.
ئالىملار مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە ھەققىدىكى مىسالغا ئامېرىكى-
لىق ئېدىسوننىڭ بىر يېڭى كەشپىيات يارىتىش ئۈچۈن مىڭ
قېتىملاپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، رۇسىيىلىك گوركىينىڭ بىر
پارچە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نەچچە يۈز قېتىم
ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەنى تىلغا ئېلىشىدۇ. دېمەك،
روشەن كۆز بىلەن قارىغاندا، مەغلۇبىيەت ماھىيەتتە غەلىبىدۇر.
چۈنكى، مۇشۇ نۇرغۇن قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئەڭ ئاخىرقى غە-
لىبىگە ئاساس سالغاندى ياكى غەلىبە بىناسىنىڭ ئۇلىنى بەرپا
قىلغانىدى. شەرق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئاللادىن ئۆزىگە ياش
ۋاقتىدا غەلىبە ئەمەس، مەغلۇبىيەت تىلەشكەن. دېمەك، ئۇلار
تىلەۋاتقان مەغلۇبىيەت ماھىيەتتە مەغلۇبىيەت ئەمەس، ئاچچىق
ساۋاق ياكى دەرس ئىدى.

يىقىلغان ئادەم مەغلۇپ بولغان سانالمايدۇ، ئورنىدىن تۇ-
رۇشنى بىلمىگەن ئادەم مەغلۇپ بولغان ئادەمدۇر؛ يىقىلىشنىڭ
تەمىنى تېتىغان ئادەم قانداق ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلىدۇ، غەلى-
بىنىڭ شېرىن تەمىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ، دەيدۇ يەنە مۇتەپەككۇر-
لار.

تارىخ بىر ئۇرۇنۇش، سىناق جەريانىدۇر. تارىختىكى نۇر-
غۇن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر مانا مۇشۇ ئۇرۇنۇش جەريانىدا بار-
لىققا كەلگەن.

ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەرگىز تاسادىپىي
ئىش ئەمەس، بۇ ھەرگىز قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ بىلەرمەنلىك
قىلىشىدىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمۇ ئەمەس. ئۇلۇغ غەلىبە
نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى. بىز بايا سىدنېي
27 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگونىڭ
28 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئالدۇق ۋە جۇڭگو تېر-
رىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان رايونىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ مېداللارنىڭ ئالتىدىن بىر ئۈلۈشىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ھەققىدە توختالدۇق. جۇڭگو ئالتۇن مېدال ئومۇمىي سانىدا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى بولۇشتەك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.
بۇ نەتىجە 1978 ــ يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھاتنىڭ، دۆلەت رەھ-بەرلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ تەنتەربىيە ئېڭىنىڭ ئۆسۈپ، تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى بايلىقى ۋە ئاھالە ساپاسىدا تۇتىدىغان مۇھىم ئورنىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەر-رەر مەھسۇلى. ماھىيەتتە تەنتەربىيىمۇ بىر خىل ئىگىلىك. ئۇمۇ دۆلەتنىڭ سېلىنمىسى ۋە غەمخورلۇقىغا، ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئىلھاملاندۇرۇشىغا موھتاج. شۇ چاغدىلا پۇقرالارنىڭ تەن-تەربىيە ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بۇ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تۈرتكىلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاج-لىنىشىمۇ تەنتەربىيىگە مەلۇم ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چەت ئەللەردە تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى ئىقتىسادىي ھەرىكەت، دەپ قارايدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت.

رايونىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گەرچە بىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولساقمۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەنتەربىيە-نىڭ رولىنى تونۇپ يېتىش يېتەرلىك ئەمەس. تەنتەربىيىگە سې-لىنغان سېلىنما نىسبەتەن ئاز. تەنتەربىيىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان پۇقرالارنىڭ تەنتەربىيە ئېڭى تۆۋەن ياكى ئويلىنىش باسقۇچىدا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇراخمان ئابلى-كىم شۇغۇللىنىۋاتقان بوكسچىلىق شىنجاڭدا 1995 ــ يىللاردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دۇنيا نۇقتىسىدىن ئېيت-قاندا، ياۋروپا، ئامېرىكىلارنى بوكسنىڭ ماكانى، مەكتىپى دې-يىشكە بولىدۇ. ئۇلاردا بوكسچىلىق خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. دېمەك، بۇ ئۇزاق تارىخ ئۇلارنى تەجرىبە ــ ساۋاق ئۇستۇنلۇكى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ بوكسقا بولغان تونۇ-

شى، مۇھەببىتى خېلى چوڭقۇر. ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، خەلقنىڭ تونۇشىمۇ يېتەرسىز، تەجرىبە ـ ساۋاق ناھايىتى كەمـ
چىل. سەۋىيىسى يۇقىرى مۇسابىقىلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇش قېتىم سانى ئاز. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان «شەھەرنىڭ پىستى-
سى سەھرانىڭ يولۋىسىنى ئېلىپ قويىدۇ» دېگەن ھېكمەت بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ باپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر بوكس ماھىرىنىڭ دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇ-
سابىقىسىگە تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە تارىخىدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە. بۇ ئۇيغۇردىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، قارامىلىق روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇن-
داقلا ئۇيغۇر تەنتەربىيىسىنىڭ دۇنيا بوسۇغىسىدىن ئاتلىغانلىقى-
نىڭ بېشارىتى. ئۇيغۇرلاردا «بوسۇغا داۋان» دەيدىغان گەپ بار. ھەقىقەتەن سەپەر ئۇچۇن ئەڭ ئېگىز داۋان بوسۇغا داۋىنىدۇر. ئابدۇراخمان ئابلىكىم بوسۇغا داۋىنىدىن ئاتلىدى. گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، دۇنياۋى بوكسنىڭ ئەڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى ئۆز تېنى ئارقىلىق بىۋاسىتە تەجرىبە قىلىپ كۆردى. بۇ ئابدۇ-
راخمان ئابلىكىم ئۇچۇنمۇ، جۇڭگو بوكس تەنھەرىكىتى ئۇچۇنمۇ، جۇڭگولۇقلار ئۇچۇنمۇ چوڭ دەرس، تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى. ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ تەنھەرىكىتى ئۇچۇن ئېيتقان-
دا، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ شۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىنىڭ ئۆزى غەلىبە. بۇ ھەرگىز روھىي غالىبىيەتچىلىك ياكى ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئۇچۇن ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئەمدى تېخى 22 ياشقا كىردى. ئۇيغۇر بوكسچىلىقىنىڭ تارىخى ئەمدى ئون نەچچە يىلغا قەدەم قويدى. ئابدۇراخماننى ئېلىپ ئېيتقاندا، 22 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مۇشۇنداق ئېسىل پۇرسەتلەرگە ئېرىشىشىنىڭ ئۆزى غەلىبە. ناۋادا ئۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسا، ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ

بوكس تەنھەرىكەتچىسى بوپقىلىشىدا ئۇمىد زور. يەنە بىر ئۇلۇغ بوكسچى، ئۇيغۇر بوكس تەنھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇشۇ-كۇر مىجىت ئەمدى 29 ياشقا كىردى. ئۇ جۇڭگودىكى ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە (تولۇق كۇرس) تەنھەرىكەت-چى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى هازىر-لىدى. ئابدۇشۇكۇر مىجىتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنىڭ ئۆزى بىر ئەڭ ئېسىل قوللانما. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل - پاراستى، بوكس مەيدانىدىكى جانلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى بوكس ترېنېرلىقى-نىڭ تېپىلغۇسىز ياخشى ماتېرىيالى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئوغلان-لارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپپەقىيىتى ئۆز خەلقىگە ئىلهام بەردى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە تەنتەربىيىگە بولغان مۇھەببەت، ئى-شەنچ ئۇرغۇتتى. خەلقىنىڭ قوللىشى، مۇھەببىتى تەنتەربىيە ئۇ-چۈن ئەڭ زور تۈرتكىلىك كۈچ. دېمەك، هازىر بىزنىڭ تەنتەربى-يە هەرىكىتىمىز ۋە ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بوكسچىلىق هەرىكىتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. روھ بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋەت دىئالېكتىكىسى ئۆز ئەسلىگە قايتىش يولىغا قەدەم قويدى. تەنىنىڭ تىزگىنى روھقا ئۆتكەندە، تەن كۈچلىنىپ روھنى هەر مەنزىللەرگە يەتكۈزەلەيدى-غان هالغا يەتكەندە غەلىبە مۇقەررەر بىزگە مەنسۇپ بولماي قالماي-دۇ؛ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك مەغلۇپ بولۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكتۇر.

27 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاخىر-لىشىپ 1 - ئۆكتەبىردە ئامېرىكىدىكى «بۇگۇنكى ئامېرىكا گېزى-تى» ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبى-يەتلەر ھەققىدە «كىم ئەڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن» دېگەن نامدا بىر پارچە مۇلاھىزە ئېلان قىلدى. مۇلاھىزىدە بايان قىلىنى-شىچە: «ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا ئەسكەرلەر ناپولېئوندىن: ‹كىم ئەڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى مۇمكىن؟›، دەپ سورىغان. ناپولې-

ئون قىلچە ئىككىلەنمەي: «غەلىبە قىلغۇچى» دەپ جاۋاب بەر-
گەن.

بىز ناپولېئوننىڭ جاۋابىنى توغرا ياكى خاتا دېيەلمەيمىز. چۈنكى بىز سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە نۇرغۇن ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆردۇق. دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، نەچچە يىلدىن بېرى دۇنيا رېكورتىنى ساقلاپ كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە مەغلۇپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يېڭى كۈچلەر ئىگىلىدى، بىز ناپولېئوننىڭ گېپى بويىچە ئۇلارنى مۇنەۋۋەر ئەمەس دېيەلەمدۇق؟

ناپولېئون قانداق ئويلىسۇن، تەنتەربىيە مەيدانى جەڭ مەيدا-
نى ئەمەس، تەنتەربىيە مەيدانىدىكى تىنچ رىقابەتتە ئەڭ مۇنەۋۋەر-
لىك نامى پەقەت غەلىبە قىلغان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ ئەمەس».

گەرچە ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابى-
قىسىدە يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى، باتۇرلۇقى بەدىلىگە — تاياق ئىچىدە روھ ۋە تېنىنى تاۋلاش بەدىلىگە بۇ پۇرسەتكە ئېرىش-
تى. يەنە بىر قېتىم تەكىتلىسەك: «ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك مەغلۇپ بولۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەل-
مەسلىكتۇر».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوقۇڭ! چىرايمۇ بىر كىتاب

نۇرغۇن كىشىلەر كىتاب ئىزدەپ ئاۋارە. ئۇلار نەشرىياتلار ئارقىلىق قەغەزنى ۋاستە قىلىپ تاماملىنىپ قولىمىزغا تەگكەن كىتابلارنى بىردىنبىر بىر كىتاب دەپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، جاھاننىڭ كىتاب بىلەن تولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تەپەككۇر كۆزى بىلەن باقساق، كىتابلارنىڭ ھەممىسىلا ئىنسان ئىجاد قىلغان يېزىق بىلەنلا يېزىلمايدىغانلىقىنى، تەبىئەت ئىجاد قىلغان يېزىقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئىنسان ئىجاد قىلغان يېزىقتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بايقايسەن. نۇرغۇن كىشىلەر تەبىئەتنىڭ بۇ يېزىقلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇيدۇ. تونۇغانلىرىمۇ ئۆلۈك تونۇغاچقا، بۇ يېزىق يوشۇرغان سىرلارغا، ۋەقەلەرگە چۆكەلمەيدۇ. ئۆلۈك تونۇش سەۋەبىدىن تەبىئەت قوينىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىبرەتلىك ۋە تەسىرلىك ۋەقەلەر ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ يۇ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچقانداق ئۇنۇم پەيدا قىلالمايدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار شەكىلنى كۆرىدۇ، مەنىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئادەمنىڭ چىرايمۇ بىز ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، لېكىن سەل قاراپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر كىتاب. بۇ كىتابمۇ ھاياتنىڭ سىرلىرى بىلەن تولغان. ناۋادا سىز بۇ كىتابنىڭ يېزىقىنى ئىگىلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ تراگېدىيەلەرنى بايقاپلا قالماي، كومېدىيەلەرنىمۇ بايقايسىز. بۇ كىتابنىڭ قەغەزدىن ياسالغان كىتابتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ۋە مۆجىزىلەرگە بايلىقى سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا قانچە ئادەم بولسا، شۇنچە
خىل بارماق ئىزى بولىدىكەن، مۇتلەق ئوخشىشىدىغان ئىككى
خىل بارماق ئىزى تېپىلمايدىكەن، بارماق ئىزى ئادەمنىڭ مەڭگۈ
ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئارخىپى بولالايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئالىي
دەرىجىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى بولمىسا، كۆزىمىزگە ھەممە
بارماق ئىزى ئوخشاشلا كۆرۈنىدۇ، ئاددىي كۆز بىلەن ئۇنى بايقى-
يالمايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا كۆزدىمۇ بارماققا ئوخشاش ئالاھىدى-
لىك مەۋجۇت بولۇپ، قارىماققا ئوخشاشتەك كۆرۈنگەن كۆز
يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ئەسۋابلار بىلەن تەكشۈرگەندە، مۇت-
لەق پەرقلەنگەن ھالەتتە ئايان بولىدىكەن. دۇنيادا كۆزى مۇتلەق
ئوخشاش ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىكەن. ئىنساندا بارماق
بىلەن كۆزگە ئوخشاش يەنە بىر جاي بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ
چىرايىدۇر. ئەلۋەتتە، كۆز ئىنساننىڭ كۆركى. كۆز ئوخشاشمى-
غان ئىكەن، چىراي چوقۇم ئوخشاشمايدۇ. لېكىن، كۆزدىكى
پەرقنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن پەرقلەندۈرمەك تەس، شۇڭا كىشى-
لەرگە نۇرغۇن كۆزلەر ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئا-
دەمنىڭ كۆزىنى قارا كۆز، قوي كۆز، شەھلا كۆز، ئاھۇ كۆز،
جادۇ كۆز، پىروزا كۆز، چېقىر كۆز دېگەن چەكلىك ئاتالغۇلار
بىلەن ئاتايدۇ. ئادەمنىڭ چىرايى كۆز بىلەن بارماق ئىزىدەك
پەرقلىنىدىغان، ئاددىي كۆز بىلەن پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان،
دۇنيادا مۇتلەق ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر جۈپىنى تاپقىلى بول-
مايدىغان يەنە بىر ئالاھىدە مۆجىزىدۇر. دېمەك، چىرايمۇ بىر -
بىرىگە ئوخشاشمايدىغان كىتابتۇر.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، قوشكېزەكلەرنىڭ چىرايى بەكمۇ
ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئەلۋەتتە، قوشكېزەك ئادەملەرنى كۆ-
رۈپ باققانلار ئۇچۇن بۇ ھۆكۈم سىر بولمىسا كېرەك. لېكىن
ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەڭ ئوخشىشىدىغان قوشكېزەكنىڭ
چىرايىدىمۇ كۆز بىلەن ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تاپقىلى بولىدىكەن. قوشكېبزەكلەرنى ئانىسىنىڭ بالىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويماي تونۇشىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق (باشقا پەرقلەر ۋە چىراي پەرقى) نىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ تاغدەك ئىسپاتى. بىزنىڭ پەرقلەندۈرەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب ئىنساننىڭ مۇھەببەت قويمىغان شەيئىلەرنى تۈزۈك كۆزەتمەي، پەرۋاسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

ئانىلار «بوۋاقنىڭ چىرايى ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدۇ» دېيىشىدۇ، بۇ بىر شېئىرىي مەنىگە تويۇنغان گەپ. ئېقىۋاتقان سۇ قارىماققا ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ بىر ئېقىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ بايا كۆرگىنىمىز بىلەن ھازىر كۆرگەن چېغىمىزدىكى تۇرقى مەڭگۈ ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى، ھازىر كۆرگەن سۇ بايا كۆرگەن سۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، بىزگە ئوخشاش كۆرسىتىدىغىنى ئۇنىڭ سۇلۇق خاراكتېرى. شۇڭا، پەيلاسوپلار: «ئادەم بىر ئېقىندىن پەقەت بىر قېتىملا ئۆتەلەيدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۆتكىنى دەل شۇ ئېقىندەك كۆرۈنگەن بىلەن يەنە بىر يەڭگۈشلەنگەن ئېقىندۇر» دەيدۇ. بوۋاقنىڭ چىرايىنىڭ ئېقىنغا ئوخشىتىلىشىنىڭ سەۋەبى دەل شۇ. بوۋاقنىڭ بۈگۈنكى چىرايى تۈنۈگۈنكى چىرايىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن، بۇ پەرقنى بىز سېزەلمىگەن بىلەن تەن ئالىمىز. كىشىلەرنىڭ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئېقىنغا ئوخشاتماي بوۋاقنىڭ چىرايىنى ئېقىنغا ئوخشىتىشى ئۇنىڭ چوڭ بولۇش سۈرئىتىنىڭ نىسبەتەن تېزلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. بوۋاق ھەر كۈنى ئۆسۈپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ھەر كۈنى بىر يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چوڭلارنىڭ چىرايىمۇ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن سۈرئەت بەك تېز بولمىغاچقا، بۇنداق يېڭىلىنىشنى بايقىماق تەس. ئىككى كۈندە بىر قېتىم ساقال ئالىدىغان ئەرلەر بۇ نۇقتىنى ئەڭ ياخشى ھېس قىلالايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ چىرايى كىتاب بولۇپلا

قالماي، ھەر مىنۇت ـ سېكونت يېڭىلىنىپ، يېڭى مەزمۇنلار
قوشۇلۇپ تۇرىدىغان كىتاب.
«چىراي كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دەيدۇ پەيلاسوپلار. دېمەك،
بۇ يەردە بىز چىراي ھەققىدە قىلغان بايىقى مۇھاكىمىلىرىمىزنىڭ
چىرايىنىڭ تاشقى قەۋىتىدە — چىرايدىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ
سىرتقى قىسمىدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىمىز. چىرايدىن
ئىبارەت ھەر قاچان يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىتابنىڭ
ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مەنبەسىنىڭ كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
ئۇنداقتا كۆڭۈل دېگەن نېمە؟ ئۇ دەل تەندىن ئىبارەت گۆشنى
ئۆرە قىلغان جان ياكى روھنىڭ ئىنسانغا خاس بولغان ئويغاق
قىسمى ياكى رەھبىرىدۇر. دېمەك، جاننىڭ، روھنىڭ ماھىيىتى
كۆڭۈل. كۆڭۈل ياكى روھ بولمىسا، چىرايىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇ
ھامان توختاپ، چىراي دەپ ئاتىلىۋاتقان تەننىڭ يۈز قىسمىغا
(باش قىسمىغا) مەنسۇپ بۇ گۆشنىڭ ھاياتىي كۈچى تۈگەيدۇ.
بۇ يەردە خۇلاسە شۇكى، چىرايدىكى ئۆزگىرىش گۆشتىكى ئۆزگە-
رىشتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا روھ ياكى
كۆڭۈلدۇر.

خەنزۇلاردا پالچىلىقنىڭ بىر تۈرى «چىرايغا قاراش» دەپ
قارىلىدۇ ياكى چىرايغا قاراش خەنزۇ پالچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر
تۈرىدۇر. پالچىلىقنىڭ بۇ تۈرىدىن بىز قەدىمكىلەرنىڭ چىراي
ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ، تەقدىرگە ھۆكۈم قى-
لىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بايقايمىز. دېمەك، بۇ ئى-
لىمنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە قارىغاندا، قەدىمكىلەر «چىراي كۆ-
ڭۈلنىڭ ئەينىكى» دېگەن ھۆكۈمنى ئىلمىي بىلىپلا قالماي، يەنە
بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرگەن. ئەلۋەتتە، روھتىكى يۈزلىنىش،
روھتىكى خاھىش كۆڭۈلدە ئارزۇ ـ ئارمان ياكى غايە شەكلىدە
ئىپادىلىنىدۇ، ئىنساننىڭ كېيىنكى ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدۇ.
يەنى ئىنساننىڭ كەلگۈسى دەل شۇ كەلگۈسى كېلىشتىن بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

لايىھىلىنىپ بولغان بولۇپ، پال سېلىش چىرايدىكى روھنىڭ
بەلگىلىرىگە ئاساسەن ئىنساننىڭ كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىشتۇر.
مەن بۇ يەردە پالچىلىقنى كۆككە كۆتۈرمەكچى ئەمەس. ئەمما،
بىزنىڭ تەن ئېلىش ـ ئالماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان پالچىلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە كېلىپ چىقىشى
ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆزلەش ئىلىم مەسىلىسىدۇر. بۇ يەردە
ئوقۇرمەنگە بىلدۈرمەكچى بولغان نەرسىلەر چىرايدىن ئىبارەت
كىتابنىڭ يېزىقىنى قانداق ئوقۇشنى بىلىۋالغانلىق، ئۆز تەقدىرى-
نىڭ پالچىسىغا ئايلانغانلىق، ماھىيەتتە روھىكلەرگە كېسەللىك-
لەرگە دىئاگنوز قويۇش ئاكتىپلىقىقا ئېرىشكەنلىكتۇر.

چىراينىڭ ھەر خىل بولۇشى، ھەر بىر چىرايدىكى ئۆزگى-
رىش دەل شۇ چىرايغا تەسىر قىلىۋاتقان روھنىڭ ئوخشىماسلىقى
ۋە ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنداقتا بىز چىراي-
نىڭ يېزىقىنى قانداق تونۇيمىز؟ چىرايدىن ئىبارەت كىتابنىڭ
يېزىقى بىزگە پۈتۈنلەي سىر ئەمەس. ئەلۋەتتە، چىرايدا ئىپادى-
لەنگەن خۇشاللىقنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقى ھەممە ئا-
دەمگە ئايان. چېھرىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ
چىرايىدا قانداق بەلگىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە بۇ بەلگىلەردىن
چىرايدا قانداق ئىزلارنىڭ قالىدىغانلىقى، خاپىلىقتىن قانداق
ئىزلارنىڭ قالىدىغانلىقى كۆپچىلىككە سىر ئەمەس. مانا بۇ چى-
رايدىن ئىبارەت كىتابنىڭ يېزىقى ھەققىدىكى بىزگە تونۇش ئۇ-
چۇر. بىز بۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ ئىلگىرىلىسەك، چىرايغا ئائىت
نۇرغۇن سىرلارنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

نېمە ئۈچۈن بەزى سەت ئادەملەر چىرايلىق، چىرايلىق ئا-
دەملەر سەت ھەم سوغۇق كۆرۈنىدۇ؟ روھى خۇنۇك ئادەملەرنىڭ
قەلبىدىكى سەتلىكنىڭ چىرايىغا تېپىپ كېتىدىغانلىقى تەبىئەتنىڭ
بىر مۇھىم قانۇنىيىتى.

بەزى كىشىلەرگە قارىسىڭىز ئۆزى تىرىك، چىرايى ئۆلۈك-

نىڭ رەڭگىدە، بۇنداق ھالەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا قاننىڭ بۇزۇلۇشىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنداقتا قان نېمە ئۈچۈن بۇزۇلىدۇ؟ روھتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانغا تەسىر قىلىدىغانلىقى تېبابەت ئىلمى بىلەن ئاز - تولا تونۇشلۇقى بار كىشىلەر ئۈچۈن سىر ئەمەس. دېمەك، ئۆزى تىرىك، لېكىن ئۆلۈك كۆرۈنىدىغان چىرايمۇ قىزىقارلىق بىر كىتاب. نېمە ئۈچۈن بۇ ئالامەتلەر يۈز بەردى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئەستايىدىل ئىزدىنىپ باقسىڭىز، بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يېتىسىز. بۇنداق قىلىش بىر ئېسىل كىتاب ئوقۇغاندىن ھۇزۇرلۇق ئىش.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، چىراي پەقەت بىر ئېكران، روھتا نېمە بولسا بۇ ئېكراندا ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. بۇ خۇددى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قانداق پروگرامما تارقاتسا تېلېۋىزوردىن شۇنى كۆرگەندەك ئىش.

ئادەملەرنىڭ روھىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ روھى بەكمۇ زەئىپ. بۇنداق روھلار پور تېرەكنىڭ غولى كەبى كاۋاك ۋە ئاجىز بولىدۇ. روھنىڭ زەئىپلىكى روھ يالقۇنىنىڭ ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئاجىزلىق چىرايدا نۇرسىزلىق، ئۆلۈكلۈك شەكلىدە ئاشكارا بولىدۇ. بەزى روھلار ئەڭ ئوسال ئىدىيىلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. ئىدىيىدىكى ئوساللىق يەنە چىرايغا تېپىپ چىقىپ، سەتلىككە ئۆزگىرىدۇ. روھىي ئېتىقاد، غايە يالقۇنى بىلەن تولغان كىشىلەرنىڭ چىرايى ئىچىدە چىراغ ياندۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدەك يورۇق ۋە چاقناپ تۇرغان بولسا، غايىسىز، ئېتىقادسىز، چۈشكۈن ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ چىرايى توكى كەتكەن ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئوخشايدۇ. قىسقىسى، روھىڭىزدىكى ئېتىقاد، ئەقىدە، ياخشىلىق، غايە يالقۇنى قانچە كۈچلۈك بولسا، چىرايىڭىز شۇنچە نۇرلۇق بولىدۇ، ۋۇجۇدىڭىز نۇر ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تولۇپ تاشىدۇ.

باللارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا چىرايىنىڭ شۇنچە سەبىي، مە-

سۇم ۋە گۈزەل بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ روھىنىڭ تەلپۈنۈش ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. بۇ ئوت كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياشلىق يالقۇنى ئىگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ چىرايى ياش مەزگىلىدە يەنە بىر قېتىم نۇرلىنىدۇ. لېكىن، باللىق ۋە ياشلىق مەزگىلىدىكى بۇ نۇر ۋە يالقۇندىن چىرايغا تەپكەن نۇر مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇ بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئاستا ئۆچۈپ كېتىدۇ. 17 ـ 18 ياش ۋاقتىدا ئاجايىپ چىرايلىق قىز ـ يىگىتلەرنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى چىرايىنىڭ سەتلىشىپ كېتىشى ئەڭ ياخشى دەلىل. چىراي گۈزەللىكىنى مەڭگۈلۈك ساقلاشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ قېرىغانسېرى سەتلىشىپ كېتىۋاتقان، ياشلىقىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بەزى كىشىلەر-نىڭ ئەكسىچە ياش ۋاقتىدا ئانچە كۆزگە كۆرۈنمىگەن، چىرايى ئادەتتىكىچە بەزى كىشىلەر چوڭايغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتى-دۇ، بەزىلەر قېرىغانسېرى يېقىملىق، سالاپەتلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەڭگۈ گۈزەل تۇرۇشنىڭ ئامالى يوق ئەمەس. ئەڭ ئاقىلانە ئامال ياشلىقنىڭ پارتلاپ تۇرغان يالقۇنىنى غايە، ئېتىقاد، ئەقىدە ئوتىنى ياقىدىغان تۇتۇرۇق قىلىپ، ۋۇجۇ-دىمىزدا ياشلىقنىڭ گۈلخانىدىن زور ۋە پارلاق يەنە بىر گۈلخاننى ياندۇرۇش، پەسىلگە ئەگىشىپ مەۋجۇت بولىدىغان ياشلىق گۈل-خانى بىلەن بىر ئۆمۈر كۈنسېرى يالقۇنجاپ كۆيىدىغان بۈيۈك غايە، يۈكسەك ئېتىقاد، سۇنماس ئەقىدىلەرنىڭ ئوتىنى يېقىش…

باللار ۋە ياشلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكى كۆزىنىڭ يېغىنى يەي-دۇ. لېكىن، بىزدە 20 نەچچە ياشتىن ئاشقاندا تۇيۇقسىز سەتلە-شىپ كېتىدىغان بىر ھالەت يېقىندىن بۇياق خېلى باش كۆتۈرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. كوچا ـ كويلاردا قارىماققا موم ھەيكەلدەك چىرايلىق، لېكىن قانسىز، نۇرسىز چىرايلارنى كۆرمەك تەس ئەمەس، ھۆسن تۇزەش ئورۇنلىرىنىڭ بازار تېپىپ قېلىشىمۇ بىر ھۇھىم پاكىت. ئەمەلىيەتتە پۇل كەتمەيدىغان ئەڭ ياخشى ھۆسن

تۇزەش ئورنى يۇرەك. بۇنىڭ ئۇسۇلى — ياشلىق ئوتى ئۆچۈپ
كېتىۋاتقان روھتا ئېتىقاد، ئەقىدە ۋە غايىنىڭ يېڭى گۈلخانلىرى-
نى يېقىپ چىرايىنى نۇرلاندۇرۇش... ئۇپا - ئەڭلىك، لەۋلىك
بىر دەملىك نەرسىلەردۇر، ئۇلار كەچتە يۇيۇۋەتكەن هامان يوقاي-
دۇ.

جەمئىيىتىمىزدە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر ئەھۋال
قارىماققا چىرايلىقتەك تۇرغان بەزى ئادەملەرنىڭ تۇيۇقسىز پور-
كۆتەكتەك يىقىلىشى، قارىماققا سەتتەك كۆرۈنگەن جاپاكەش دېھ-
قانلارنىڭ خېلى ياشلارغىچە بېجىرىم تۇرۇشى. كۆز ئالدىمىزدا
ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ ئىككى خىل ئەھۋال بىزنى يەنە خىيالغا
چۆكتۈرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟

بۇ ئەھۋالدىن ۋۇجۇدىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر نەچچە كېسەل-
لىكنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن. بىرىنچىسى، بىز توغرا دەپ
قاراۋاتقان بەزى قىممەت قاراشلىرى ۋە گۈزەللىك كۆز قارىشىدا
مەسىلە بار ياكى ھەقىقەتەن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن.
يەنى بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى بىر ئادەمگە ھۆكۈم قىلىشتىكى
بىردىنبىر بەلگە دەپ قاراپ، كۆزىتىشىمىزدىكى يۈزەكىلىكنىڭ
ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، گىرىم ئاستىدىكى گۈزەللىكنى ھەقى-
قىي گۈزەللىك دەپ قېلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ روھىي پۇچەكلى-
كى ۋە بۇلغىنىشىدىن خەۋەر تاپالمىغان. چىراي ھەققىدىكى ئىز-
دىنىشىمىز ۋە كۆزىتىشىمىزنىڭ يۈزەكىلىكى چىرايدىكى بەزى
ئۇچۇرلارنى خاتا كۆرسىتىپ قويغان. ئادەتلەنگەن گېپىمىز بويى-
چە شۇنداق ساغلامدەك تۇرۇپ پور كۆتەكتەك يىقىلدى، دەپ
قارالغان ئادەملەر دېھقانلار ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.
بۇنداق ئادەملەرنى شەھەردىن ئۇچرىتماق تەس ئەمەس. ئۇلارنىڭ
نەزىرىمىزنى ئالداپ كېتىشىدىكى سەۋەب شەھەرنىڭ بۇلغانغان
ھاۋاسى ۋە بىزنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن قىممەت قارىشىمىز كۆزدى-
مىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاشقازى-

نى ساق، يۈرىكى كېسەل. يۈرەكنىڭ يەنە بىر مەنىسى كۆڭۈل، كۆڭۈلنىڭ يەنە بىر كۆچمە مەنىسى روھ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاشقازىنى ساق، روھى كېسەل.

ئىككىنچىسى، ھازىرقى زامان پەرداز ئىلمى ئارقىلىق چىرايىنى زىننەتلەش مۇمكىن، ھەتتا بۇ خىل زىننەتلەش بىزنىڭ يۈزەكى نەزەرلىرىمىزنى ئالداپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن، بىزنى ئالدىغان بىلەن روھنى، كېسەللىكنى ئالدىيالمايدۇ. دېھقانلىرىمىزنىڭ روھى ساغلام، كۆڭلى ئازادە، ئۇلاردا ھاياتقا بولغان ساددىلارچە ئىشتىياق، ئەقىدە، ئېتىقاد بار. تەنگە پايدا قىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئوزۇقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ تورالمىسىمۇ، روھنى باقىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئوزۇقلار كەم ئەمەس. روھى ماددىي مەنپەئەت بورانلىرى بىلەن بۇلغىنىپ، ئەۋرەزگە ئوخشاپ قالمىغان...

ئۈچىنچىسى، روھنىڭ بۇلغىنىشى. روھتىكى كېسەللىك ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھىدا بۈيۈك ئەقىدە، ئېتىقاد، غايە يالقۇنلىرى كۆيۈپ تۇرمىغان، مەنپەئەت ۋە چاكىنا ھەۋەسلەرنىڭ دۇتى بىلەن تولغان كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ. بەزىلەر ئازاب ئادەمنىڭ جېنىغا سىلىنغان ئېكەك، دەپ قارايدۇ ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلمەن، دەپ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى ئازاب ئېلىپ كەتتى، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئازابى بىلەن ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىيالمىغان تەن روھنىڭ ئازابى ئوخشاشمايدۇ. ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئازابى مۇھەببەتكە ئوخشاش تاتلىق بولىدۇ. بۇنداق ئازابنىڭ ئۆمۈرگە نىسبەتەن پايدىسى بار، زىيىنى يوق. ئىنسانىيەتكە بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغلارنىڭ ئۆمرى خېلى ئۇزۇن. بەزى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى نىسبەتەن تەس، قىيىنچىلىقلار بەكمۇ كۆپ، خېيىمخەتەر ئادەمنى قوغلىشىپ يۈرگەن بىر زاماندا تۇغۇلغانلىقىدىن پاسقلار كەبى

ئۆكۈنۈپ يۈرمەي، شادلىنىدۇ، ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنىڭ مەنىسى بولىدىغان بولىدى، دەپ تەقدىرگە شۈكۈر قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار- نىڭ ئازابى ئادەتتىكى ئازابتەك ئۆمۈرنى ئېكەكلىمەي، روھنىڭ يالقۇنىنى كۈچەيتىدىغان شېرىن ئازابتۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەقىل كۆزى بىلەن تونۇغاندا ئادەمنىڭ چىرايلىق تۇغۇلغانلىقى ئامەت. ئادەمنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادلىق، بىلىملىك بولۇپ يېتىلىشى تېخىمۇ ئۇلۇغ ئامەت. كىشىلەر چى- رايلىق ئادەملەرنىڭ بىر ئۆمۈر چىرايلىق تۇرۇشىدىن ئەجەبلى- نىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، چىرايى ئادەتتىكىدەك ئادەمنىڭ بارغان- سېرى گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرمەي قال- مايدۇ. مانا شۇ چاغدا پەيدا بولغان بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئال بىزنىڭ چىراي ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، چىراينىڭ سەتلىكى ياكى گۈزەللىكى ئۆز ئىلكىڭىزدى- دۇر، قانداق تاللاش يەنە سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدۇر. روھىڭىزنى ئېتىقاد، ئەقىدە بىلەن سۇغىرامسىز، غايە بىلەن نۇرلاندۇرالام- سىز ياكى روھىڭىزنى ياشلىق گۈزەللىكىنى بۇزۇپ - چېچىپ ئوينايدىغان قىمارخانىغا ئايلاندۇرامسىز، بۇ سىزنىڭ تاللىشىڭىز- غا باغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# رېئاللىقنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ

## 1

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىمپېراتور ئاقساق تېمۇر بىر پۇتى قىسقا، بىر كۆزى قىسىق ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوردىسىغا بىرنەچچە رەسسامنى چاقىرتىپ رەسىمىنى سىزدۇرۇپتۇ.

بىرىنچى رەسسام ئاقساق تېمۇرنى پۇتلىرى ساپساق، كۆزى بېجىرىم بىر ئادەم سۈپىتىدە سىزىپتۇ. ئاقساق تېمۇر بۇ رەسسامنى كالتەكلەشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئىككىنچى رەسسام ئاقساق تېمۇرنى تۇرقى ــ سىياقى قانداق بولسا شۇ پېتى ـــ ئاقساق، كۆزى قىسىق ھالەتتە سىزىپتۇ. ئاقساق تېمۇر رەسىمگە قاراپ بۇ رەسسامنىمۇ كالتەكلەشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۈچىنچى رەسسام ئىككى كەسىپدىشىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى كۆرۈپ، بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، رەسىمنى سىزىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ رەسىمىدە تەسۋىرلىنىشىچە، جاڭگالدا بىر كېيىك قېچىپ كېتىۋاتقان، ئاقساق تېمۇر ئاقساق پۇتى بىلەن تاشقا دەسسەپ ئوقيا تارتىپ، قىسىق كۆزىدە كېيىكنى قارىغا ئېلىۋاتقانىكەن... ئاقساق تېمۇرگە بۇ رەسىم بەك ياراپ كېتىپتۇ ۋە رەسسامنى كاتتا مۇكاپاتلاپتۇ.

بۇ بىر ئىبرەتلىك ۋە تولىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكايە.

تەپەككۇرى نىسبەتەن گال ياكى تەپەككۇر قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىت ياكى كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان ئىشلار دۇنيانىڭ ئومۇمىي

مەۋجۇتلۇقى ۋە ئاددىي ھالدىكى رېئاللىقىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئېيتقاندا، رېئاللىق پەقەت رېئاللىق دېمەكتۇر. كۆز ئالدىدىكى
نەرسىلەر رېئاللىقنىڭ ھەممە قىسمىدۇر. تەپەككۇر قىلغۇچى
ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىق ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ، سەزگۈ
ئەزالىرىنىڭ تونۇغان رېئاللىقى پەقەت رېئاللىقنىڭ بىزگە يۈزلەن-
گەن مەلۇم قىسمىدۇر. رېئاللىقنىڭ بۇ بىر پارچىسى ھەرگىزمۇ
پۈتكۈل رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. دۇنيا ئوقۇپ تۈگەتكىلى
بولمايدىغان سېھىرلىك كىتاب، رېئاللىق شۇ كىتاب قۇرلىرىدا
روشەنلىشىۋاتقان ھەقىقەتتۇر. خرىستىئان دىنىنىڭ بىر پوپى:
«دۇنيادا بىرلا خىل (ئىنجىل) مەۋجۇت، ئەمما ھەر بىر خرىس-
تىئان مۇرىتىنىڭ (ئىنجىل) نى چۈشىنىشى بىلەن (ئىنجىل)
نىڭ ئەسلىي مەنىسى قوشۇلۇپ نۇرغۇن يېڭى (ئىنجىل) پەيدا
قىلغان» دېگەن مەنىدىكى بىر گەپنى قىلغان. يەنە بىر مىسال:
ئىككى ئادەم سەپەرگە چىققان، بىرى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن
يولغا چىققان، ئىككىنچىسى تەبىئەت توغرىسىدا يېزىلغان بىر
پارچە كىتابنىلا ئېلىۋالغان، نەتىجىدە بىرىنچى كىشىنى يېرىم
يولدا ياۋايى ھايۋانلار يەۋەتكەن، ئىككىنچى كىشى بولسا، كىتاب-
نىڭ ياردىمىدە ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، ئاخىرقى مەنزىلگە
بىخەتەر يەتكەن. رېئاللىقمۇ دەل مۇشۇ ئىككى مىسالدىكى مەنى-
دىن خالىي ئەمەس. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە،
رېئاللىق «ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق شەيئىلەر،
ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ھەقىقەتەن رېئال-
لىق يۇقىرىقى ئىزاھتىكىدەك پەقەت بىر، كۆزى بىلەن ئۇچراش-
قاندىن كېيىن ئۇ ھەر خىل تۇرلىنىدۇ. كۆزەتكۈچى بۇ قاتلارنىڭ
مەلۇم بىر قىسمىنى كۆرگەن بولىدۇ. بۇ قاتلار ماھىيەتتە رېئال-
لىقنىڭ قاتلىرىدۇر. مىسالى، ئالدىمىزدا بىر ئىستاكان سۇ
بولسۇن، تەپەككۇرى ئاددىي ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت
بىر ئىستاكان سۇ، چوڭقۇرراق تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، ئۇ بىر سۇ ئىسسىلىك ماددا، ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگىندىن تۈزۈلگەن، خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى $H_2O$، بۇ ئىككى ئادەم نەزىرىدىكى سۇنىڭ رېئاللىقى ياكى سۇنىڭ ماھىيىتى قانداق پەرقكە ئىگە؟ قايسى خىل رېئاللىق سۇنىڭ ماھىيەتلىك رېئاللىقىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟

يەنە مىسال ئالساق، ئالدىڭىزدا بىر ئادەم سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا شۇ چاغدىكى رېئاللىق ئۇ ئادەمنىڭ سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىمۇ ياكى كۈلۈمسىرەش كەينىگە يوشۇرۇنغان مۇددىئامۇ ۋە ياكى شۇ مۇددىئانىڭ كەينىدىكى مۇددىئامۇ؟

بىز بۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلساق، كۈلۈمسىرەش شۇ چاغدىكى رېئاللىقنىڭ بىرىنچى قاتلىمى، كۈلۈمسىرەش كەينىدىكى مۇددىئا رېئاللىقنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى، مۇددىئانىڭ كەينىدىكى مۇددىئا رېئاللىقنىڭ جەۋھىرى بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن خۇلاسە چىقارساق مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز: بىر قىسىم كىشىلەر كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان رېئاللىقنى رېئاللىقنىڭ ئۆزى، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش خاتا ئەمەس، لېكىن ئىلمىيلىكى كەمچىل. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر تال ئۇرۇق پەقەت بىر تال دان بولسا، يەنە بىر ئادەم ئۇچۇن ئۇ بىر تال ئۇرۇق بىر باغلام ئەنجە ياكى خامان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلگەن رېئاللىقنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىز نەرسىلەرنى ئايرىپ چىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە يېقىنلاشماقچى بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن رېئاللىق بىلەن تەپەككۇر كۆزى تاسقاپ چىققان رېئاللىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرىدۇ ۋە رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە

چەكسىز يېقىنلايدۇ. بۇلار ھەقىقىي تەپەككۇر قىلغۇچىلاردۇر.
مىللەتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر
ئادىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رېئاللىقنى ئىد-
راك قىلىشىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى
بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى-
گە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللىي توپنىڭ تەپەككۇر خاھىشى
رېئاللىقنىڭ تاشقى قاتلىمىنى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى دەپ تونۇ-
سا، ئۇلارنىڭ تەقدىرى رېئاللىقنىڭ يادروسى، رېئاللىقنىڭ ما-
ھىيىتى دەپ بىلىدىغان مىللەتلەرگە قارىغاندا، شورلۇق بولىدۇ.
مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ
پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا سەل قارىغان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىمۇ ئان-
چە ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ.

قىسقىسى، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن
يالىڭاچلاپ چىقىش رېئاللىققا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئاچ-
قۇچىدۇر. تەقدىرنىڭ تەدبىرىڭدە دېيىلگەندەك، رېئاللىقنىڭ ما-
ھىيىتىنى تونۇش، ئۆزىنى تونۇش، ئۆزى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن-
گە ئىگە بولۇش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەر-
تىشنىڭ مۇقەررەر ئالدىنقى شەرتىدۇر.

## 2

مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ 20 - ئەسىر ئۇيغۇر
تارىخىنىڭ قان ياشلىق ۋە جەڭگىۋار سەھىپىلىرىدىن بىرى بول-
غان 1940 - يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يورۇ-
تۇشقا بېغىشلانغان ئېپوس خاراكتېرلىك رومانى «ئانا يۇرت»
20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەدەبى-
يات ھادىسىسى سۈپىتىدە قالتىس زىلزىلە قوزغىدى. رومانىنىڭ
باھاسى قىممەت، تىراژى كۆپ بولسىمۇ، بىر - ئىككى ئاي

www.uyghurkitap.com

ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگەپ، قايتا نەشر قىلىنىشى نەچچە يىلدىن بېرى ئېقىپ يۈرۈۋاتقان «ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە، ھاقارەتلىك سېسىق گەپنى چىققان يېرىگە تىقىۋەتتى.

رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زادى نەدە؟ رومان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بارمۇ؟

تارىخ قايتا تەكرارلانمايدىغان، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئۆتمۈشتۇر. ئۆتكەن كۈنلەر بىزدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى شۇنچە غۇۋالىشىدۇ، شۇنچە سىرلىق تۈس ئالىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تارىخنى ۋاراقلاپ بېقىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىستەك بۈگۈنكى رېئاللىق — تارىخنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىسىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ كۆرۈش تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى قىدىرىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدۇر.

كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن بىۋاسىتە سېزىپ، قەلب كۆزىمىز بىلەن ماھىيىتىگە چۆكۈپ ئانالىز قىلىش، بىۋاسىتە تۇيغۇ بىلەن تاراشلاپ بېقىش مۇمكىن. تارىخنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. تارىخنى بۇنداق ئانالىز قىلىش ھوقۇقى تارىخ ئېقىمىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەپەككۇر ئىگىلىرىگىلا مەنسۇپتۇر.

كېيىنكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن تارىخ ئەسلىي تارىختىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ياكى تارىخچىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ۋە ياكى مەلۇم مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەن، تارىخچىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھەقىقىي تارىخنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىختۇر. شۇڭا، ھەقىقىي تارىخقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش

ياكى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ بېقىشقا ئىنتىلىش
تارىخ تەتقىقاتىنى ئۈزۈلمەس ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە
نۇرغۇن تارىخىي ھادىسىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخ يازغۇ-
چىنىڭ ئېھتىياجى ياكى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن باشقىچە تۈس
ئالىدۇ ياكى بۇرمىلىنىدۇ. بۇ خىل ئامىل تارىخنى قېلىن بىر
قەۋەت سىرلىق پۈركەنجىگە ئورايدۇ. تارىخىي رومان ئۆلۈك
تارىخنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش
جەريانىدۇر. لېكىن، بىر پارچە تارىخىي روماننىڭ يېزىلىپ
پۈتكەنلىكى مەلۇم دەۋر تارىخىنىڭ تىرىلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى
تارىخنىڭ تارىخ ھەۋەسكارلىرى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تارىخ بىلەن
تېخىمۇ يېقىن ئۇچرىشىشى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كونكرېتلاش-
قانلىقىدۇر. تارىخىي رومان يەنە بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى
بىلەن ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن ئىبارەت سۇمۇرغنىڭ بۈگۈنگە
ئېشىپ قالغان ئىسكىلىتىنى قايتىدىن سۇمۇرغ ھالىتىگە كەلتۈ-
رۈش جەريانىدۇر. بۇ جەريان تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىل-
مىي تەتقىقات يولىدىن ئايرىلىپ قالسا، بىز سۇمۇرغ دەپ قۇراش-
تۇرغان گەۋدە ئەمەلىيەتتە توخۇ بولۇپ چىقىشى، ھەتتا ھېچنې-
مىگىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن.

«ئانا يۇرت» ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى تارىخىغا بېغىش-
لانغان تۇنجى يىرىك ئەسەر ئەمەس. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار-
نىڭ 1980 ـ يىللىرى نەشر قىلغان «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى
بۇ ھەقتە تۇنجى قېتىم روياپقا چىققان يىرىك ئەسەردۇر. بۇ
ئىككى ئەسەرنىڭ ئوخشاشلىقى — ئىككىلىسى ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىل-
غان. ھەر ئىككى روماننىڭ باش قەھرىمانى دېھقان ئائىلىسىدىن
كېلىپ چىققان يىگىتلەر. لېكىن، ئىككى ئەسەرنىڭ ئېرىشكەن
مۇۋەپپەقىيىتى ئوخشاش ئەمەس. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى
ئەينى دەۋر چەكلىمىسى ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىن ئىبارەت مەلۇم دەرىجىدە سىر-لىق تارىخنىڭ تاشقى — ھادىسىۋى قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن چەكلەنگەن. «ئانا يۇرت» رومانىدا بولسا، بۇ تارىخنىڭ ھادىسىۋى — تاشقى قاتلىمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەلۋەتتە، بىر پارچە رومانىنى مۇۋەپ-پەقىيەتكە ئىگە قىلىدىغان ئامىل بۇلا ئەمەس، تىل، ئوبراز ئامىللىرىنى چەتكە قاقالمايمىز.

1980 - يىللاردا ئېلان قىلىنغان، 1910 - يىللاردا يۈز بەرگەن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان ئىككى رومان — ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر-نىڭ «ئىز» رومانىدىمۇ يۇقىرىقى ھادىسە مەۋجۇت. ئالدىنقى رومان شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ھادىسىۋى قاتلىمىنى ئىپادىلەش بىلەن قانات تاپقان بولسا، كېيىنكى رومان رېئاللىقنىڭ ماھىيە-تىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئەمما، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئار-قىلىق «ئۆچمەس ئىزلار» بىلەن «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ ئەينى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىش يولىدىكى قۇرۇ-لۇش خاراكتېرلىك تۇنجى قەدەمنى باسقانلىقىدەك ئالاھىدە رول-نى ئىنكار قىلالمايمىز. ئايشەم ئەخمەت بىلەن ئابدۇراخمان قاھار بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پەلەمپىيىنى بەرپا قىلدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن زوردۇن سابىر بولسا، شۇ پەلەمپەي ئارقىلىق يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى زادى نەدە؟ ئابدۇراخمان قاھار بىلەن زوردۇن سابىر ئەمدىلا بۇ تارىخنىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە بېتىنى ئۆرۈپ كۆردى. بەلكىم تارىخنىڭ ماھىيىتى تارىخنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىدە بولۇشى مۇمكىن.

## 3

قارىماققا خەلقىمىز ناھايىتى سەزگۈر، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا بەكمۇ ئۇزاق قېقىلىپ - سوقۇلۇش جەريانى ئۇلارغا تارىخنى نەتىجىلەر سەۋەبىنىڭ يېگانە ياكى تاق لىنىيىلىك ئەمەسلىكىنى تونۇتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىشتىنىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن كارى يوق ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كلىنتوننىڭ ئاشنىسى ھەققىدە زوق - شوق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى شۇنچىلىك ئاددىي، يۈزە، ئاساسلىنىدىغان پاكىتى مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىنغان «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرسى جەڭ» دېگەندەك خاراكتېر ئالغان يۈزەكى تاشقى ھادىسە…

ھازىرقى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ سىياسىيغا قىزىقماسلىقى بىر ئاپەت. لېكىن، بۇ ئاپەت ھەممىشە شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى خاراكتېرلىك ئاپىتىدۇر. بۇ خىل ئاپەت يا ئۇلارنى سىياسىينىڭ سىرتىغا، يا بولمىسا سىياسىينىڭ ئەڭ ئەجەللىك قايىنىمىغا تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر مىللەتنىڭ سىياسىيغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىشىمۇ شۇ مىللەت ئۈچۈن دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئاپەتتۇر.

سىياسىيغا قىزىقىش، قىزىققاندىمۇ ساددا، گۇمۇشلارچە قىزىقىش، سىياسىي رېئاللىقنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ باقماي، ئەڭ تاشقى سىياسىي ھادىسىلەرنى سىياسىينىڭ ماھىيىتى دەپ بىلىپ قېلىش ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە سىياسىي ھادىسە.

ھازىرقى دۇنيا بىر سىياسىي دۇنيا. بىز كۆزىتىۋاتقان رېئاللىقمۇ مەلۇم سىياسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان رېئاللىق. دېمەك، بۇ خىل رېئاللىقنىڭ يەنە بىر ماھىيىتى دەل ئۇنىڭ سىياسىي رېئاللىق بولغانلىقىدا.

سىياسىئونلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بىر شاھمات تاختىسى. بىر دۆلەت، بىر مىللەت شۇ شاھمات تاختىسىدا ئوخشاشمىغان رول ئالغۇچىلار، تارىخ پەقەت بىر مەيدان شاھمات جەريانىدۇر.

سىياسىي رېئاللىق رېئاللىقا ئوخشاش نۇرغۇن قاتلارغا ئىگە، ھەربىر قاتقا مەلۇم سىياسىي مەنە يوشۇرۇنغان. بۇ خىل رېئاللىقتا رېئاللىقنىڭ يادروسىغا ئۆتكۈر تەپەككۇر كۆزى، كۆزىتىش ئىقتىدارى بولمىسا يەتكىلى بولمايدۇ...

مىسالى، بىر دۆلەت پرېزىدېنتىنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىشى قارىماققا بىر نورمال دىپلوماتىيە پائالىيىتى. مانا بۇ شۇ رېئاللىقنىڭ ئەڭ سىرتقى قاتلىمى، يەنى ئاشكارا قاتلام، ئادەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي مۇلاھىزىسى مۇشۇ ئاشكارا قاتلامدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ ۋە مۇشۇ قاتلامدىكى بەلگىلەرنى ئايلىنىپ دەۋر قىلىدۇ. پرېزىدېنتىنىڭ زىيارەت مەقسىتى ئىككىنچى قاتلام. بۇ قاتلامنىڭ يېرىمى يوشۇرۇن، يېرىمى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ياكى ماھىيەتلىك تەرىپى يوشۇرۇن، ماھىيەتسىز تەرەپى ئاشكارا بولىدۇ. ئىككىنچى قاتلام رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىمۇ؟ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئۈچىنچى قاتلام زىيارەت ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە. تۆتىنچى قاتلام نەتىجە ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇددىئا ۋە نەتىجە كەينىدىكى مۇددىئا، ئۇنداقتا بۇ پەردىكى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى نىمە؟

يۈز بېرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئائىت خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق ۋە ئۇلارنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلساق، نۇرغۇن كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز.

1991 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتتىن پەقەت ئامېرىكىلا قالدى. سوۋېت تەھدىتىنىڭ يوقىلىشى، ئاخىرلىششى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خىراجەتنى ئازايتىشىغا تۈرتكە بولدى. لېكىن، ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئامېرىكىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى

بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە تازا پايدىلىق ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ زور بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان قورال - ياراغ تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، شىركەتلىرى ھەربىي خىراجەتنى ئازايتىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قورال - ياراغ تەتقىقاتى مەبلىغىدىن قىسىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنىغا ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامېرىكىنىڭ قورال - ياراغ تەتقىقاتىنى جانلاندۇرۇش، قورال - ياراغ كارخانىلىرىنى يېڭى سۈرئەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يېڭى بىر پىلان — باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبلىرىنى خەلقكە مۇنداق چۈشەندۈردى:

1. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، سوۋېت تەھدىتى تۈگىدى. لېكىن، شىمالىي چاۋشيەن، كۇبا، لىۋىيە، ئىراق، ئىراندەك ئامېرىكىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى قىرغۇچى قوراللار بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىغا ئىگە دۆلەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئامېرىكا زېمىنىنى ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

2. تېررورىزم دۇنيادا يېڭى بىر خەۋپكە ئايلاندى. يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن خەلقئارالىق تېررورلۇق گۇرۇھلىرى ئاتوم قورالى، بىئو - خىمىيىلىك قوراللارغا ئىگە بولۇپ قېلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل تەشەببۇسىغا ماسلىشىپ، ھوللىۋودتىكى كىنو شىركەتلىرى بۇ ھەقتىكى تېررورلۇق فىلىملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بازارغا سالدى. لېكىن كىنو دېگەن كىنو، بۇنداق ئىشلار رېئاللىقتا يۈز بەرمىسە، قايىل قىلىش كۈچى ئۇنچە چوڭ بولمايدۇ. ئىشەنچسىز دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا ھۇ-

جۇم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە ئالدىن كۆرەر تەرەپ شۇكى، ئامې-
رىكىلىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ بۇ پەرىزى ناھايىتى تېزلا
ئىسپاتلاندى. 1993 ـ يىلى ئوكلاخوما شتاتىدا غايەت زور پارت-
لاش يۈز بەردى. 1995 ۋە 1998 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن
يۈز بەرگەن ئامېرىكىلىقلار نىشانلانغان پارتلىتىش دېلولىرى ئا-
مېرىكىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. نەچچە مىڭ
ئادەم ئۆلۈپ، يارىلاندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ
پىلانلىغۇچىسىنى ئۆزىنىڭ 1980 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىتتىپاقدىشى، ئافغانىستاندا ئامېرىكى-
نىڭ غايەت زور ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن سەئۇدى ئەرەبىس-
تانلىق باي ئوسساما بىن لادېن، دەپ قارىدى. ئىلگىرى ھۆكۈ-
مەتنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى
بەرپا قىلىشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقان ئامېرىكا يۇقىرىلىرى
بىردىن ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئۆتتى.

يەنە بىر مىسال، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى
مەركەزدىن قېچىش خاھىشى تۇپەيلىدىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋارىسى
رۇسىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاكتىپ دىپلوماتىيە
پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، غەربنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى
بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. رۇسىيە ئۇلاردىكى تەسىرىنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، نەتى-
جىسىز ئاياغلاشتى. لېكىن، 1999 ـ يىلى يازغا كەلگەندە ۋەزى-
يەتتە بىردىن كومېدىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. پەرغانە رايو-
نىدىكى ئىسلام ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرىنى مەركەز قىلىپ تەش-
كىللەنگەن جۇمە نەمەنگانىي رەھبەرلىكىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ
قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ھەرىكەتلە-

ـرى بۇ دۆلەتلەرگە غايەت زور خەۋپ بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىراپ رۇسىيە بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە رۇسىيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق توپىلاڭچىلارغا تاقا-بىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. رۇسىيە ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يېتەلمىگەن مەقسىتىگە جۇمە نەمەنگانىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ھېچقانداق بەدەلسىز يەتتى. ئۇنداقتا جۇمە نەمەنگا-نىي رۇسىيىنىڭ، ئوسساما بىن لادېن ئامېرىكىنىڭ ئادىمىمۇ؟ ناتايىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇ دۆلەتلەرگە بىۋاستە پايدا كەلتۈردى. بەلكىم بۇ نۇقتىنى جۇمە نەمەنگانىي ۋە ئوسساما بىن لادېن ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مۇنداق بىر سىياسىي ئويۇن فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چى-قىرىش مۇمكىن: سەن قىلىۋاتقان مەلۇم ئىش ماھىيەتتە سەن پەرەز قىلىپمۇ باقمىغان مەلۇم كىشى ۋاستىلىك ھالدا ساڭا قىلدۇرۇۋاتقان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كىشىمۇ ئۆزى بىلمەي باشقا بىرىنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى رېئاللىقنىڭ يادروسى نەدە؟ بۇ يەردە ئاشكارا بولغان رېئاللىقنىڭ قاتلىمى زادى قانچە؟

بىز تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتقان، رادىئودا ئاڭلاۋاتقان دۇنيا پەقەت رېئاللىقنىڭ ئاددىي بىر تاشقى ۋارىقى. سىياسىي رېئاللىق-نىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قاتلىرى ئادەتتە كۆپىنچە ھالدا مەخپىي قالىدۇ. بۇ مەخپىيەتنى ئەڭ سەگەك كىشىلەرلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ياۋروپادا كوممۇنىزم ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يوگوسلاۋىيىدە ئەشەددىي مىللەتچى، مۇستەبىت، غەرب بىلەن قارشىلىشىش خاھىشىغا ئىگە مىلوشېۋىچ تەختكە چىقتى ۋە ئىز-چىل غەرب بىلەن تىركىشىپ كەلدى. بۇ جەرياندا غەرب مىلوشې-ۋىچنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى بىلەن مەخپىي بىرلەشتى ياكى ئۇلارغا ياردەم بەردى. ھەتتا كو-

سوۋودىكى ئالبانلارنى قوغداش نامىدا يوگوسلاۋىيىگە ھاۋادىن ھۇ-
جۇم قىلدى. ئاخىر 2000 ــ يىلى مىلوشېۋىچ تەختتىن چۈشۈپ،
غەربپەرەس كوشتونىچا يوگوسلاۋىيىگە پرېزىدېنت بولدى. شۇنىڭ
بىلەن بالقان ۋەزىيىتىدە كومېدىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى.
يوگوسلاۋىيە ئارمىيىسى بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى
تەشكىلاتى ئارمىيىسى بىرلىشىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە،
ئالبانلارنى ئورتاق چەكلەشكە كىرىشتى. ئۇنداقتا غەرب دۆلەتلە-
رى زادى كىمنىڭ دوستى؟ ھېچكىمنىڭ دوستى ئەمەس، پەقەت
مەنپەئەتنىڭ دوستى، خالاس.

ھازىرقى دۇنيانى مۇنداق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن:
ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلمىغان ھېچقانداق ئىت-
تىپاق ۋە دىپلوماتىيە مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسانىيەت ھېلىمۇ ئاتال-
مىش ئىنسانپەرۋەرلىك شوئارى بىلەن ئۆزىنى گوللاپ يۈرىدۇ.
ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك بولسا بەكمۇ يىراقتا تاشلىنىپ قالغان...

## 4

رېئاللىق بىر ئېقىنغا، ئۇنىڭ ماھىيىتى تىنچ سۇ تەكتىدىكى
قايىنامغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر شۇنداق تۇيۇق-
سىز، ئويلىمىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ.

ـــ خاتىرە دەپتىرىمدىن

مەشھۇر ئەرەب خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈش جەريانىدا پات ـ پات يۇقىراچە كىيىنىپ، ھۆكۈمەتكە
ئائىت ئىنكاسلارنى يىغقان ۋە بۇ ئىنكاسلاردىن ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزۈش جەريانىدا جانلىق پايدىلانغان...

بۇ بىر قەدىمىي، شۇنداقلا زامانىۋى ھېكايە.

ھاكىمىيەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆز سىياسىتى ئارقىلىق بەرپا
قىلىنغان رېئاللىق ئەڭ چىن رېئاللىق بولۇشى ناتايىن. شۇڭا،

هاكىمىيەت ئۆز خەلقىنىڭ رېئاللىقىنى بىلىش، كۆزىتىشكە موھ-
تاج، ئاۋام نەزىرىدىمۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاشكارا سىياسىي رېئاللى-
قى دۆلەتنىڭ سىياسىي رېئاللىقىنىڭ ماھىيىتى بولۇشى ناتايىن...
شۇڭا، ئاۋام سىياسىيغا دىققەت قىلىدۇ ۋە سىياسىي رېئاللىقنى
بىلىپ بېقىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل ئىنتىلىش بىر كىشىنىڭ
ئۆز سىياسىي تەقدىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر
قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر بىر ئادەمنىڭ ئەترا-
پىدىكى رېئاللىقنى تونۇشىغا، رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىشىگە
ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

بىر دەۋر سىياسىي رېئاللىقىنىڭ ئىلغارلىقى نۇرغۇن كىشى-
نى بەختلىك قىلسا، سىياسىي رېئاللىقتىكى قالاقلىق ئوخشاشلا
نۇرغۇن كىشىنى بەختسىز قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ سىياسىي رېئاللىقنى چۈشىنىش دەرىجىسى شۇ
ئادەمنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىي رې-
ئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەمىشە ئۆز قولىدا
بولسا، نەزىرى سىياسىي رېئاللىقنىڭ تاشقى قاتلىمىنى كېسىپ
ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ تەقدىرى باشقىلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. تەقدىر
ئۇنى خالىسا ئاسمانغا ئاتىدۇ، خالىسا يەرگە تاشلايدۇ. تارىخىمىز-
دىكى نۇزۇگۇم پاچىئەسى، تۆمۈر خەلپە، خوجنىياز ھاجى،
سېيىت نوچى تراگېدىيىسى ھەربىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن دەرس-
لىك.

زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» تا پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرى
ئارقىلىق بىر خىل رېئاللىقنى يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتۈردى.
رومانىدىكى نۇرغۇن پېرسوناژلار ئۆزىمۇ بىلمەي ئىنقىلابچى بولۇپ
قالدى، ھەتتا ئۆزۈم مۇنداق ئىش ئۈچۈن ئۆلۈۋاتىمەن، دەپ
قاراپ تۇرۇپ باشقا ئىش ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىپ، ئۆز
ئۆلۈمىنىڭ ماھىيىتىنى بايقاشقا قادىر بولالمىدى.

رېئاللىق شۇنداق سىرلىق ۋە جىلۋىگەر. ئۇ سىزنىڭ ۋە
مېنىڭ، سانسىزلىغان مەنلەرنىڭ ئەقىل كۆزى ئارقىلىق ۋاراقلى-
شىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ساپا ۋە ماغزاپ

## 1

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي بوھران توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىپ باققان بىرەر ئۇيغۇر بارمۇ ـ يوق؟ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، پارس قولتۇقى كرىزىسى ۋە باشقا نۇرغۇن سىياسىي مەسىلىلەردە كلىنتون ۋە سادامنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسىدەك كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەيدىغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ مىللىتىمىزنىڭ سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقىنى، خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ھېسسىياتىنى چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىكى دەلىلسىزلىك ۋە ساددىلىق ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بويىنىمىزدىكى «ئېتنىڭ مەندىكى مىللەت»لىك تامغىسى تۇمارغا ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى نامراتلىقنى ئاشكارىلايدۇ.

ئىلىم ـ پەندىكى تەرەققىيات تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن زور بولغان، دۇنيانىڭ سىياسىي قاتلىمىدىكى ئىنقىلابلار ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خامىنىغا ئالتۇن باشاقلارنى تاشلاپ كەلگەن بۇ مىللەت بىرەر تال دانمۇ تاشلاپ قويالمىدى. تورغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان پىلە قۇرتىدەك خامۇش ھالدا ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، قەدەمدە بىر پەشۋا يەپ، سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان بىر پېچكىسىغا ئايلىنىپ قېلىش زامانىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى بولدى. ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلون تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك

بۆشۇككە چىڭ بۆلەنگەن بۇ مىللەت قۇلىقىنى چىڭ يوپۇرۇپ،
جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ قازىنىدا ھازىرغىچە قايناپ، ياقىنى ئې-
تەك، ئېتەكنى ياقا قىلىپ، زاماننىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە بۇ دۇنيا
كۇپپارلارنىڭ، ئۇ دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ، دېگەن ئۆز - ئۆزىنى
ئالدايدىغان قارغىش تەگكۈر ئەقىدە، گۇمۇشلارچە پەرۋاسىزلىق
بىلەن نەزەر تاشلاپ، ۋۇجۇدىدا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە
يېتىپ مانتا يەيدىغان بىر خىل سۇدا ئاقماس، ئوتتا كۆيمەس
پىشپىلداق روھنى يېتىلدۇرۇپ قاتارغا قوشتى. خەلقئارا ۋەزىيەت
توغرىسىدا ئەخمىقانە تەلۋىلىك بىلەن تالىشىپ مۇلاھىزە قىلىپ
كېتىدىغان مىجەز بولسا، تارىم ۋادىسى دۇنيا مەدەنىيىتىدە خو-
رازىنىڭ تاجىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن دەۋرلەردە، ئات ئۇستىدە
دۇنياغا خوجايىنلىق تۇيغۇسى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان زامانلاردا
ئۇلارنىڭ ھۇجەيرىلىرىگە ئورناپ كەتكەن ئۇلۇغلۇقنىڭ بۇگۈنكى
كۈندىكى ئاچچىق ئىزتىراپى ئىدى، خالاس.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي بوھران زادى قان-
داق ئىش؟ تەسىر جەھەتتە پارس قولتۇقى كرىزىسى بىلەن تەڭ-
لىشەلەمدۇ؟ بەلكىم ھېچكىم بۇ سوئال ھەققىدە جاۋاب ئىزدەپ
باقمىغاندۇ. بۇ بوھراننى ئاددىي بىر نەچچە جۈملە بىلەن چۈشەن-
دۈرۈپ بولماق قىيىن، لېكىن بۇ بوھراننىڭ تەۋرىنىش دولقۇن-
لىرى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەڭ ئىچكىرى بۇرجەكلىرىگە قەدەر يې-
تىپ باردى. بوھران چەمبىرى ئىچىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيا-
تى نەچچە ئون يىل چېكىنىپ كەتتى. بەزى دۆلەتلەرنىڭ پۇل
مۇئامىلە ئورگانلىرى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى.
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تەرەققىيات
سۈرئىتى ئەڭ تېز بولۇپ كەلگەن رايون بولۇپ، دۇنيانىڭ ياپون-
يىدىن كېيىنكى يېڭى ئىقتىسادىي مۆجىزىسى ئىدى. لېكىن،
بۇ قېتىمقى بوھران ئىقتىسادشۇناسلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى.
شەكىلدىكى تەرەققىياتنىڭ، تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى ئىككى خا-

نىلىق سانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى. ماغزاپ ئىقتىساد دېگەن ئاتالغۇ (كۆپۈكتەك، ماغزاپتەك لەيلەپ كۆزگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ھالدا چېلىقىدۇ، كۆرۈنۈشتىكى تەرەققىياتنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن مەنىدە) ناھايىتى تېزلا ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ لۇغەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ ماھىيىتىگە ئېغىر بىر سوئال بەلگىسىنى قويۇپ قويدى. بۇ گۈللىنىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىخچام ھالدا خۇلاسىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى.

ماغزاپ...؟!

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنى شېئىرىي تىلدا ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگىلى بولغان بىلەن، ئۇلار قانۇنىيىتى بويىچە شەرھلەپ بەرمەك سەل تەس. ئۇنى شەرھلەش ئۈچۈن سوغۇق قان پەلسەپىۋى تەپەككۇر، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەت قاتلىمىغىچە ئېنىق كۆرۈپ خۇلاسە چىقىرالايدىغان كۆز كېرەك.

دۇنيا بىر ئويۇن سەھنىسى. بۇ سەھنىدە ئاساسلىق روللارنى ئېلىش ئۈچۈن بەزىدە ئېزىپ كېلىپ قالىدىغان تەلەينى ئەمەس، تەلەينى قولىقىدىن تۇتۇپ مەجبۇرىي چاقىرىپ ئەكېلىدىغان ماھارەتنى ئىگىلەش كېرەك. بۇ خىل ماھارەتنى مۇزىكا ۋە شېئىردىن ئىبارەت ئىككىلەمچى نەرسىلەر (ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى) مەڭگۇ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

ماغزاپ ئىقتىسادىنىڭ ئالامەتلىرى بىزدە ئىنتايىن كۆپ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئىشلار دەل شۇنىڭ دەلىلى. مىسالى، كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە كىچىك مەيخانىلارنىڭ بىر مەزگىل كوچا ـ كوچىلارنى قاپلاپ بىر يىل ئۆتمەي خارابىلىشىشى، كوچىلاردا يايمىلارنىڭ بىردىن كۆپىيىپ خېرىدارىدىن ساتقۇچى جىق ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى،

بىر ـ بىرىدىن قىستاڭ، تەر پۇراپ تۇرىدىغان توپ سېتىش
ئورۇنلىرى... بۇنداق ئەھۋاللارنى ساناپ كەلسە خېلى كۆپ،
ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ تۇرمۇشتا ئىگىلىگەن نىس-
بىتىنى تەڭشىيەلمەسلىك تەبىئىيكى ماغزاپلىقنى كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدۇ. نېمىشقا بۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟ سىياسىي
شوئارلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىكى ئېقىمغا ئەگىشىش، خەقكە
نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ، دەپ قارايدىغان قارىغۇلارچە تەۋەككۇلچى-
لىك، مۇستەقىل تەھلىل قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ
ئاجىزلىقى دەل مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ تۈپ
سەۋەبىدۇر. بازار ئىگىلىكى جەريانىدا بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلان-
ماق تەس. پىلانلىق ئىگىلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ خەلقنىڭ
بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن بەزى قۇربانلارنى بەرمەي
بولمايدۇ. لېكىن، قۇربان بېرىشنىڭ تېگىدە قانچىلىك پاجىئەلەر
مۆكۈنۈپ ياتىدۇ؟ ئويلىنىپ بېقىش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا ئىستېمالنى ئالاھىدە ئورۇنغا قو-
يۇش بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىن تارتىپ
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەدناسى يۇرت ئاتلىغانلارنى «ھاۋا ـ سۈيىگە
كۆنەلىدىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئال بىلەن يوقلاپ تۇرىمىز. تېخى
دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئەمگەكچان خەنزۇ
خەلقى «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دېگەن سۆزنى سالام ئورنىدا ئىشلىتىدۇ
(يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار تارىختىن كېلىۋاتقان سالاملى-
شىشتىكى بۇ ناچار ئادەتنى تاشلىدى). ھەتتا بەزىدە مەن ئىنگ-
لىزچە «ئادەم» دېگەن سۆزگە قارىسام، كۆز ئالدىمغا دۇنيانىڭ
تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقان، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا
قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزلەۋاتقان بىر ئەركىن ـ ئازادە
ئادەم كەلسە، خەنزۇچە «ئادەم» دېگەن خەتكە قارىسام، كۆز
ئالدىمغا چۈمۈلىدەك تىنىمسىز ئەمگەك قىلىۋاتقان، قوش مۇش-
تۇمدەك چوڭ ھور ناننى ئىككى قاشاپ ئاغزىغا لىق تولدۇرغان،

قوۋۇزلىرى كۆپۈپ ياڭاقتەك تومپىيىپ چىققان بىر ئادەم كېلىدۇ. ئۇيغۇرچە «ئادەم» دېگەن سۆزگە قارىغىنىمدا بولسا، خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ تۇرغان، كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە قايغۇ ـ ھەسرەت يوشۇرۇنغان، كىملەرنىڭدۇر كەينىدىن قاقشاپ، بىكار تەلەتلىكتىن كوچا ـ كويلاردا لاغايلاپ يۈرگەن بىر ئادەم كېلىدۇ. ھەر قانچە قىلساممۇ كاللامدىن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى چىقىرىۋېتەلمەيمەن.

مەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگىلى ئون يىل بولدى. بۇ ئون يىل جەريانىدا ئۈرۈمچى بەكمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار سېلىنىپ ئاسمانغا تاقاشتى. لېكىن، بۇ بىنالارنىڭ زور كۆپچىلىكى مېھمانخانا ۋە سودا سارايلار. مېھمانخانىلار ھازىرمۇ توختىماي سېلىنىۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەبلىغى دەرىجىسى يۇلتۇز بىلەن ئۆلچىنىدىغان مېھمانخانىلارنى سېلىشقا كەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ مەبلەغ ئاسماندىن چۈشمىگەن، ھامان بىر كۈنى قايتۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن، قاچاندۇر بىر كۈنى نەچچە مىليون مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراش تەييارلانغاندەك بەس ـ بەستە سېلىنغان بۇ مېھمانخانىلارنىڭ ھەشەمەتلىك ياتاقلىرىنىڭ 70% ى ھازىر بوش ـ بىكار ئىكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ياكى نامرات. ئۇنداقتا بېلەت باھاسى دوللار بىلەن، يۈز نەچچە يۈەنلەپ پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بۇ مېھمانخانىلاردا كىم ياتىدۇ؟ مەبلەغنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك جايلارغا ئىشلىتىلمەسلىكى ئەلۋەتتە چوڭ ئىسراپچىلىق.

يەنە بىر مەسىلە سودا ساراي سېلىش قىزغىنلىقى. شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات دوقمۇشلىرىغا بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك، كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ سودا سارايلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىنىۋاتىدۇ. بەش قەۋەتلىك سودا ساراي پۈتكەن كۈنى تۆت قەۋەت‐

لىك سودا ساراي ۋەيران بولىدىغان ئەھۋالغا ئېھتىمال ئۈرۈمچى-
لىكلەر ئادەتلىنىپ قالدى. ئەسلىدە سودا شىركەتلىرى سودا
سارايلىرىنى سېلىش ياكى يېڭىلاش بىلەن رىقابەتلىشىپ يۈرگۈچە
ئاۋارلىرىنىڭ سۈپىتى، ئىشەنچلىكلىكى، ئەرزانلىقى بىلەن رىقا-
بەتلەشكەن بولسا، ئۆزلىرى كۈتمىگەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ
قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ھازىر دۇنيادا ئېقىۋاتقىنى بىر
نەچچە ئاي، بىر نەچچە يىللىق ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ ئەمەس، نەچچە
ئون، 100 يىللىق ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ. بەزى ماركىلارنىڭ داڭ-
لىق بولۇشىدىكى، نۇرغۇن خېرىدارلارنىڭ شۇ خىل ماركىغا
تەلۋىلەرچە چوقۇنۇشىدىكى سەۋەب — ماركا ئىگىسىنىڭ ماركى-
سىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلغان
ئەمگىكىدە. يېڭى سودا سارايلىرىنىڭ ئىش باشلاپ لېنتا كەسكەن-
لىكى بىلەن بەزى سودا سارايلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى ھەققى-
دىكى خەۋەرلەر تولا ئاڭلانغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ،
ھازىر ھېچكىم ھەيران قالماس بولۇپ قالدى. لېكىن، مۇشۇ ئون
يىلدا مەن ئۈرۈمچىدە 10 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان
بىرەر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىمىدىم.
«1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە
زاۋۇتى... قاتارلىق يىرىك كارخانىلار 10 يىل ئىلگىرىمۇ بار
ئىدى، ھازىرمۇ بار.

ئۈرۈمچىدىكى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى يەنە بىر ئومۇميۈزلۈك
ئەھۋال شەھەرلەرنىڭ مەركەزلىرىگىچە قۇرۇۋېلىشقان سانجاق ـ
سانجاق ئاشخانىلار. ھەقىقەتەن خەنزۇلار، خۇيزۇلار، ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئاشخانا ئېچىشتا ئېپى بار. جۇڭگو قورۇمىلىرى دۇنياغا
داڭلىق، ئاشخانىلارنىڭ كۆپلۈكى بىر تەرەپتىن ئادەمگە باياشات-
لىق تۇيغۇسى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزى ئاچلىق تۇيغۇسى
بېرىدۇ.

مەبلەغنىڭ ئورۇنسىز جايلارغا ئىشلىتىلىشى، ئۇزاق مۇد-

www.uyghurkitap.com

دەتلىك كونكرېت پىلانىنىڭ بولماسلىقى، سىياسەتتىكى تۇراقسىز-
لىق ماغزاپ ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ مۇھىم خېمىر تۇرۇچىدۇر. رەڭ
ۋە سۈپەتتىكى يالتىراقلىق ئادەمنى جەلپ قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا
جىڭغا ئۆلتۈرىدىغىنى ھەقىقىي ساپا.

## 3

مودا زامانىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى. نۇر-
غۇن كىشىلەر «مودا»نى تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىقنىڭ بەلگىسى
قىلىشىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مودا زامانىنىڭ رەڭۋازلىقى
ئالدىدا تەۋرىنىۋاتقان ئادەملەر تۈركۈمىنىڭ بىردەملىك ھېسسى-
يات تەرىپىدىن تەسلىم قىلىنىشىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئۇڭاي شەكىللەنمەيدۇ.
ئۇنىڭ ئاساسىنى ئاختۇرسىڭىز، ئەڭ ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغىنىڭىز
قاتارلىشىپ ياتقان يىللار دۆۋىسىدۇر. ۋاقىت مەدەنىيەتنى پىرىس-
لايدۇ. مەدەنىيەت ئەسىرلەر جەريانىدا ھەر خىل سىرتقى ئامىللار-
نىڭ قىسىپ يانجىشى، سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ مەھ-
كەم بىرىكىدۇ. بۇ جەرياندا مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرى
شۇ مىللەت تۇپىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بايقىشىغا ئاساسەن تاللىنىپ،
شاللىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئېسىل، ھاياتىي كۈچكە ئىگىلىرى دا-
ۋاملىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئور-
تاقلىقى شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدىكى قىممەت قاراشلىرى سىناق-
تىن ئۆتكەن، تاۋلانغان بولىدۇ. ناتونۇشلۇقتىن تونۇشلۇققا،
تونۇشلۇقتىن يېقىنلىققا، يېقىنلىقتىن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.
لېكىن، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن ئاجىز
كەلگەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىلگىرىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئەمدى كەم-
چىلىك دەپ قاراپ، رەقىبىنىڭ ئۆزىنى يەڭگەندىكى ئارتۇقچىلى-
قىنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆزىنىڭكىنى ئۆلچەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ

چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلى -
شىگە — روھىي چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى ھازىر-
قى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇنازىرىدەك
ئەھۋاللار مەيدانغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممەت تارازىسىدىن ئايرى-
لىپ قالغان مىللەت توپى ھەر خىل تاللاشلارنىڭ ئالدىدا گاڭگى-
راپ نېمە قىلىشنى بىلمەي، ھەر خىل ئەخمەقلىقلەرنى قىلىشى-
دۇ. بۇ ئەخمەقلىق، تۇتۇرۇقسىزلىق سۈپەتلىنىپ مودا دەپ
ئاتىلىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يۈز بەرگەن ئۇيغۇر خوتۇن
- قىزلىرىنىڭ ھەرقانداق يۈرەكتە پاك ۋە سەمىمىي مۇھەببەت
ھېسلىرىنى قوزغايدىغان سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىشىپ بۇدرە
قىلىشى، ھەر خىل رەڭدە بويىشى، تەبىئىي گۈزەللىكتىن قې-
چىپ، سۈنئىي گۈزەللىككە مەيلىنى بېرىشى، جاھان سەھنىسى-
نىڭ ئاساسلىق رول ئالغۇچىلىرى بولغان غەرب مىللەتلىرىنىڭ
تۇرقىنى تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ چىققان پاجىئە، خالاس. خەن-
زۇ خوتۇن - قىزلىرى بۇ نۇقتىنى بىزدىن بۇرۇن ھېس قىلدى.
ئۇلار ھازىر ئۆز تەبىئىي گۈزەللىكىنى ئىزدەش يولىدا زېھىن
سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يولدىن ناھايىتى تېز يېنىشى
ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە خېلى مۇكەممەل ئۆ-
زىنى قوغداش ئىقتىدارى كۈچ كۆرسەتكەنلىكتىن بولدى. بىزنىڭ
ھوشىمىزغا كېلەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب تەقدىرىمىز كەلتۈرۈپ
چىقارغان چۈشكۈنلۈك، ئىنكارچىلىقتىن بولسا، غەربلىكلەرنىڭ
تاشقى قىياپىتىگە ئوخشايلا مەپتۇن بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى
مەدەنىيەت قاتلىمىمىز نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلتۈر-
گەن قوبۇل قىلىش خاراكتېرىدىن بولدى.

ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت بىلەن ئىجتىمائىي مىللەت ۋە
سىياسىي مىللەتتىكى مودىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ.
سىياسىي مەنىدىكى مىللەتتىكى مودا ئۇلارنىڭ پىكرىدىكى تويۇ-
نۇش ۋە مۇستەقىللىقتىن، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلى-

غان تەۋەككۇلچىلىكتىن مەيدانغا كەلسە، ئىجتىمائىي مەنىدىكى مىللەتتىكى مودا سىياسىي مىللەتكە ئايلىنىش يولىدىكى سىناق ۋە ئۇرۇنۇش، ھوقۇق ئاتا قىلغان مەغرۇرلۇقتىن بولىدۇ. ئېتنىك مىللەتتىكى مودا بولسا، جاھاننىڭ رەڭلىرىگە بولغان ساددا تەقلىد، تەرەققىيات چاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ يۈگۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، ئەڭ ئۇسال ۋە داشقال ئىدىيىلەر ئېتنىك مىللەتتە ئاسان مودىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئېتنىك مەنىدىكى مىللەتنىڭ شاللاش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى گۆدەك بالىنىڭ شاللاش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

## 4

يېقىندىن بۇيان ساپا ھەققىدە پاراڭلار ئۇلغىيىپ قالدى. 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ مېڭىسىدىكى ئەقىل بۇلىقىنىڭ ئېچىلماي غايەت زور كۈچكە ئايلانماسلىقى كىشىلەرنى ساپا ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلدى.

ماۋزېدۇڭ «ئادەم ئامىلى بىرىنچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ گېپى جۇڭگودا نوپۇسنىڭ بىر مەزگىل شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ماۋزېدۇڭ بۇ گەپنى دېيىشتە ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. نۇرغۇن كىشىلەر تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبنى نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغانلىقىغا ئارتىپ قويىدى. ھەقىقەتەن نوپۇس كۆپ بولسا يەيدىغان ئېغىز كۆپىيىدۇ. لېكىن، خەنزۇلاردا «ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كەلسە، بىر جۇگېلياڭغا تەڭ كېلىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. شۇڭا، نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدىكى باھانىنى «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەن تەمسىلگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۈنكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ جۇڭـ



www.uyghurkitap.com

گونىڭ 1 مىليارد 200 نەچچە مىليون نوپۇسلۇق غايەت زور
ئىستېمال بازىرى دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيىدىكى كوزد-
رى ھېسابلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رېئاللىقى نوپۇس
كۆپ، زېمىن كىچىك دېگەن بۇ باھانىنى توزغاقتەك توزۇتىۋېتە-
لەيدۇ. مىسالى، ياپونىيە يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ تۆتتىن بىرىگە
توغرا كېلىدۇ، يېرى تاغلىق، كان بايلىقى ئىنتايىن كەمچىل
بىر ئارال دۆلىتى. بۇ دۆلەت 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ
بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەن، خارابىلىككە ئايلى-
نىپ قالغان. لېكىن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقلى بۇ دۆلەتنى
ناھايىتى تېزلا خارابە ئىچىدىن تىك تۇرغۇزدى. ئارىدىن 30 يىل
ئۆتەر - ئۆتمەي ياپونىيە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى دەرىجىدىن
تاشقىرى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. مۇشۇ كىچىك ياپو-
نىيىنىڭ ئاھالە سانى ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا،
130 مىليون. دېمەك، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقلى، ساپاسى شىن-
جاڭنىڭ تۆتتىن بىرىدەك زېمىندا مۆجىزە ياراتتى. ياپونىيىلىك-
لەر نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ ئۇلار ئادەمنى كۆپ دەپ
پىسخىك يۈك ئارتىشنىڭ ئورنىغا ئادەمنىڭ ئەقلىنى غايەت زور
كۈچ دەپ، مۇشۇ كۈچنى ئېچىشقا ئاتلاندى. ئەقىلنى تەرەققىيات-
نىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىغا ئايلاندۇردى. جۇڭگودەك زېمىنى
كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى
ھېسابسىز كەڭرى دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ياخشى مىسال.
نېمىشقا ياپونىيىنىڭ 130 مىليون ئادىمى بارلىقى كەلتۈرگەن
مۆجىزىنى جۇڭگونىڭ 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمى
بارلىقى كەلتۈرەلمەيدۇ؟ ناۋادا بىز ياپونىيىگە ئۆزىمىزنى سېلىش-
تۇرساق ياكى ياپونىيىدەك ئەقىلنى كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان ئۇ-
سۇلنى تېپىپ چىقالىساق، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىردىن ئارتۇق زېمىنى بار جۇڭگودا 1 مىليارد 200 مىليوندىن
ئارتۇق ئادەمنىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئادىمىنى بېقىپ كې-

www.uyghurkitap.com

تىش مۇمكىن.

بۇنداق دېگەنلىك نوپۇسنى تىزگىنلەش ياخشى ئىش ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. جۇڭگودا ھەقىقەتەن نوپۇسنى تىزگىنلىمىسە بولمايدۇ. ھازىرقى تەدبىرلەرمۇ تېخى كەملىك قىلىدۇ. ئاقما نوپۇسلار ئارىسىدىكى نوپۇس تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ نۇرغۇن يوچۇقلارغا تولغانلىقى، نوپۇس بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ تېپىپ چىقىلماسلىقى جۇڭگونىڭ نوپۇس سىياسىتىگە قىلىنغان ئېغىر خىرىس. بىز نوپۇس تىزگىنلەش بىلەن بىرگە پۇقرالارنىڭ ساپاسى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسى نېمە ئۈچۈن شۇنداق تۆۋەن؟ بىز بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ قىممەت قارىشى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك. بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىدىن شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن.

جۇڭگونى تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلتۈرگەن بۈيۈك چىن ئىمپېراتورى، تيەنشۈيلۈك ئات باقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۇاڭ دۇنيا تارىخىدا پىلانلىق، مەقسەتلىك كىتاب كۆيدۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى (بەلكىم باشقا ئەللەردىمۇ شۇنداق ئىشلار باردۇر. لېكىن مۇئەللىپكە مەلۇم ئەمەس). كىتاب كۆيدۈرۈش تەلۋىلىكى بىر ئىرسىي گېن سۈپىتىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالدى. ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورخېسنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، چىن شىخۇاڭنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۆزى پادىشاھ بولۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى تارىختىكى تۇنجى پادىشاھ دەپ ھېسابلىتىش ئۈچۈن ئىكەن. بەلكىم چىن شىخۇاڭنىڭ باشقا ئويلىرىمۇ باردۇر. قانداقتۇر ئىسپاتلارنى تېپىپ، بۇلار ھاكىمىيىتىمگە خىرىس قىلار دەپ ئويلىغاندۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن كىتابلار داۋاملىق

كۆيدۈرۈلۈپ تۈردى. ھەتتا بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇنقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ ماۋزېدۇڭدەك مەشھۇر سىياسىئون، مۇتەپەككۇر ھايات تۇرۇپ كىتاب كۆيدۈرۈلدى. مىسالى، 1966 ـ يىلى قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىدا كىتابلار ئاسمان ـ پەلەك دۆۋىلىنىپ ئوت يېقىلغاندا، بۇ ئوت نەچچە كۈن كۆيگەن، ھەتتا ھېيتگاھتىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەشكېرەملىكلەرمۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى باشقا يېزا كىشىلىرىمۇ ئۆز مەھەللىسىدە تۇرۇپ، بىر مىللەتنىڭ روھىي خەزىنىسى بولغان جاۋاھىرلارنىڭ قانلىق يالقۇنىنى كۆرگەن. نۇرغۇن ئېسىل كىتابلار شېرىن چۈشكە ئوخشاش كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

جۇڭگودا يەنە ئەزەلدىن بىلىملىك كىشىلەر ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلىدۇ، تولا كىتاب ئوقۇغان ئادەم ھۆكۈمەتكە پۈت ئاتىدۇ، دەيدىغان ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. كۇلپەت ۋە رىيازەت زامانىنىڭ زىيالىيلارغا بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئىككى مۇكاپاتى بولدى. ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «ئادەم قانچە بىلىملىك بولسا، شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئوتتۇرىغا چىقتى.

كىتاب كۆيدۈرۈش بىلەن جۇڭگودىكى زىيالىيلارنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ تەھلىل قىلساق، دەرھال يەكۈنگە ئېرىشىمىز، ھەقىقىي ساپا ئۈچۈن ئۇزۇن ـ كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەپەككۇردىن تارتىپ ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ تەكرار ـ تەكرار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ (1890 ـ يىللاردىكى ۋۇشۇ قانۇن ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىدىن باشلاپ يېقىنقى بىر نەچچە قېتىملىق ئىسلاھاتقىچە) تەكرار مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئالساق، ئۇ ئەسلى مەدەنىيەت جەھەتتە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزملىق تۈزۈم جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىتىۋەتكەن پاس-

كىنىچىلىقلارنى تازىلىماقچى، قان يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان ئامىللارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماقچى ئىدى. لېكىن، بۇ ئىنقىلاب تەپەككۇر ئىنقىلابىنى ئۆزىگە تۇرتكە قىلمىغان بولغاچقا، بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ سۆيىقەستچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئورنىغا مەدەنىيەتنى خانىۋەيران قىلىپ، 20 - ئەسىر تارىخىدىكى ئەڭ زور مەنىۋى پاجىئەلەردىن بىرنى پەيدا قىلدى. جۇڭگولۇقلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان بۇ پاجىئەلەرنىڭ دەردىنى بەلكىم يەنە خېلى بىر مەزگىلگىچە تارتىدۇ. خۇلاسە كالام، نادان مىللەتنىڭ ئىنقىلابى مېۋىسى ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ياكى سۆيىقەستچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ.

ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەپەككۇر شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. تەپەككۇر شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مائارىپ شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. مەنسەپدار تەربىيىلەيدىغان، سىياسىي يۆنىلىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگو مائارىپى قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ زاپچاسلىرىغىچە ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ مەنسەپكە ئولتۇرىدىغان، پۇلغا مەنسەپ ساتىدىغان ئۆزگىچە ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگودا ئۆتمۈشتىكى بەزى ئىشلارنى تەكرارلانمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ساپاسىدىن ئېيتقاندىمۇ، بىزدە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك مەسىلە تەپەككۇر ئەندىزىمىز بىلەن نۆۋەتتىكى مائارىپىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشالماسلىق، تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەر خىل ئىسكەنجىلەردۇر. تەپەككۇرى ئەنئەنىنىڭ ئۆلۈك ئىسكەنجىسىدە قالغان ئادەم مەڭگۈ ئىجادچانلىقنىڭ ئارامبەخش ۋەھىيسىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

# شېئىرنىڭ تراگېدىيىسى — مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى

## 1

«ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دېگەن بۇ ماقال ئارىمىزدا خېلى ئۇزۇن دەۋر سۈرۈپ كەلدى. ھەقىقەت ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك بولغان بىر خىل ئوبيېكتىپ سۈپىتىدە مېڭىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەرلىك جەسۇرلۇق مەنىسىدىن كۆرە ئاياللىق ئەۋرىشىملىك مەنىسىگە ئىگە بولۇپ قالدى. فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئېگىلىپ بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن ھەقىقەت شەكىلدە مەلۇم ئۆزگىرىش ياسىغان ياكى زېدىلەنگەن، ئەسلىدىكى ھەقىقەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ھەقىقەت بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز چىن مەنىسىدىكى ھەقىقەت بولىدىكەن، ھەرگىز ئېگىلمەسلىكى، بېسىمغا ئۇچرىغاندا ئېگىلىش ئورنىغا سۇنۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقەتنىڭ قەلبىمىزدىكى ئوبرازى خۇنۇكلۇكتىن خالىي بولاتتى. بىز ھەقىقەتتىن مەھرۇم قالغاندا ھەقىقەت ئېگىلەر دەپ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت يوقاپتۇ دەپ چۈشەنگەن بولار ئىدۇق. ھەقىقەتنىڭ مەنىسىدىن بىر خىل ساپلىق، جەڭگىۋارلىق يېغىپ تۇرغان بولاتتى.

روھىمىزدىكى ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويغان بۇ خىل ئەۋرىشىملىك يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان روھنىڭ ئەينىكى بولغان شېئىرىيىتىمىزگىمۇ يۇقتى (ياق، شېئىر روھنىڭ ئەينىكى ئىكەن، بۇ خىل كېسەل ئەڭ ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

روھىيىتىمىزگە يۇققان. روھىمىزدىكى جەسۇرلۇق، جەڭگىۋار-
لىق، چۇسلۇق شۇنىڭدىن كېيىن ئەۋرىشىملىككە، ئېلاستىكى-
لىققا ئورۇن بەرگەن. روھتىكى بۇ ئۆزگىرىش شېئىرىيەتتە ئۆز
ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن). شېئىرىيەتتىكى ئەسلىدى-
كى مەزمۇن، ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئەۋرىشىملىك، نازىنىنلىق
مەنىسىدىكى ئەۋرىشىملىككە قارشى يۆنىلىش جەھەتتىكى، خا-
ھىش جەھەتتىكى ئەۋرىشىملىك پەيدا بولدى. بىزنىڭ بۇ يەردە
مۇھاكىمە قىلىدىغىنىمىز كېيىنكى مەنىدىكى «ئەۋرىشىملىك» تۇر.

### 1) شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئەۋرىشىملىك

مەلۇم سەنئەتكار بەدىئىي ئىجادىيىتىدە مەلۇم پەللە ياراتقان-
دا، ئوقۇرمەن ئۇنىڭ پەللىسىگە يېتىپ سەنئەتكاردىن يېڭى پەل-
لە، يېڭى سەكرەش تەلەپ قىلغاندا، سەنئەتكارنىڭ، جۈملىدىن
شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە مەلۇم سەكرەش ھاسىل قىلىشى،
يەنى قاسىراق تاشلىشى بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە. بۇ خىل قاسى-
راق تاشلاش ھادىسىسىدە شائىر ئىدىيە ۋە بەدىئىيلىكتە يەنە بىر
بالداق يۇقىرى سەكرەيدۇ ياكى شېئىرنىڭ مەنىسىگە قاراپ يەنە
بىر قەدەم يېقىنلايدۇ. بۇ خىل قاسىراق تاشلاش بىر خىل زۆرۈ-
رىيەت، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەن-
دۈرگۈچ كۈچ. قاسىراق تاشلاش ماھىيەتتە شائىر ئىدىيىسىنىڭ
ۋايىغا يېتىپ تاۋلىنىشى، بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي
كۈچكە ئىگە بولۇشىدۇر.

لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شائىرلارنىڭ
ئىجادىيىتىدىكى باشقىچىرەك بىر خىل مەنىدىكى سەكرەش، قا-
سىراق تاشلاش ھادىسىسى ئوقۇرمەنلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى.
ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا سەكرەش، يەنى ئىجادىيىتىدە مەلۇم
خاسلىق ياراتقان شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراش، شېئىردا ئوت-
تۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىش، ئىدىيە ئوغ-
رىلاش، پىكىر كۆچۈرۈش، بۈگۈن بىر خىل خاھىشتا، مەلۇم

بىر كۆز قاراشتا ئەسەر يازسا، ئەتىسى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ باشقىچە رەڭ بىلەن پەيدا بولۇش، مەلۇم بەدىئىي ئۇسلۇب يارد-تىشقا ئىنتىلمەسلىك ياكى بۇ ھەقتە ئىزدەنمەسلىك بۇ خىل ھالەتنىڭ دەلىلى. ئەمدىلا يېزىشقا كىرىشكەن بىر ھەۋەسكارنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ھالەتلەر كۆرۈلسە كەچۈرۈۋېتىلىشى مۇم-كىن. چۈنكى، خېلى كۆپ شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلى بۇ خىل ھالەتتىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. لېكىن بۇ خىل ھالەت بۇ ساھەدە يورغىلاپ يۈرگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغان، ئىككى - ئۈچ يۈز پارچە شېئىر ئېلان قىلدۇرغان دەپ تەرجىمىھالى ئېلان قىلىنىۋاتقان قەلەم ئىگىلە-رىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەتتا بۇ ساھەدە خېلى پېشقەدەم بولۇپ قالغان كىشىلەرمۇ بۇ ئەھۋالدىن خالىي ئەمەس. نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھالەت كېلىپ چىقىدۇ؟ ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەڭگا - رەڭ ۋە باي. بىز جاپالىق مەشىق، ئىزدىنىش ئارقىلىق تەپەككۇرىمىزنى چېنىقتۇرساق، ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدى-دىن ئالاھىدىلىكلەرنى قېزىپ چىقىشقا تىرىشساق، ئومۇمىيلىق ئىچىدىن ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقىساق، بۇ خىل ھالەتتىن تامامەن قۇتۇلۇش مۇمكىن.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرى «گۇڭگا شېئىر» ھەرىكىتى ئەۋ-جىگە چىققاندا، نۇرغۇن شائىرلىرىمىز «گۇڭگا شېئىرنىڭ سەن-ئەت تەشەببۇسى نېمە؟ بارلىققا كېلىش ئاساسى نېمە؟» دېگەنلەر-نى چۈشىنىپ - چۈشەنمەي بۇ كوچىغا سىغدىلىپ كىرىپ قالدى. ئاخىرىدا ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ بىر ئىسلا-ھات سۈپىتىدە باشلانغان ھەرىكەتنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى. بۇ خىل قۇيۇننىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن تالانت ئىگىلە-رى قەلىمىنى بۇزۇۋېلىپ، تەرجىمىدىكى قارىغۇلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

1990 - يىللارنىڭ بېشىدا ئادىل تۇنىياز شېئىرىيەت زېمى-

www.uyghurkitap.com

نىدىكى يېڭى كۆچ سۈپىتىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، خېلى زور دەرىجىدە شاۋقۇن پەيدا قىلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي نۇرغۇن ساختا «ئادىل تۇنىياز»لار پەيدا بولدى. ئوقۇرمەن، ئويلاپ بېقىڭ، بىر يېڭى پىكىرنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىغىنىڭىزدا قانداق تۇيغۇدا بولىسىز؟ ئاۋادا ئۇنى چايناۋەرسىڭىزچۇ؟ سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن ئاشقىنىنى يەنە بىرەيلەن چاينىسىچۇ؟ پىكىرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ يېڭىلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىدا، دوراش ماھىيەتتە بىر خىل سۈيىئىستېمالچىلىق، لېكىن بۇ خىل سۈيىئىستېمالچىلىقنىڭ زىيىنى يەنىلا سۈيىئىستېمال قىلغۇچىغا بولىدۇ، خالاس. ئالتۇننى قانچىلىك سۈيىئىستېمال قىلىپ بېقىڭ، ئۇ ھامان ئالتۇندۇر. ھەقىقەتمۇ ھەم شۇنداق. لېكىن سىز قىلغان سۈيىئىستېمال مەڭگۈ ئالتۇن بولۇشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پايدىسى يوقمۇ ئەمەس. تەقلىد قىلىنغۇچى تەقلىدۋازلاردىن، پىكىر ئوغرىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قاسىراق تاشلاشقا، پىكىرنى يىمىرىلمەس بەدئىيلىك ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئەھۋال دەۋرنىڭ ئۆلمەس سەنئەتكارلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي تەنقىد ساغلام رولغا ئىگە بولالمىغان جەمئىيەتتە بۇ خىل ھالەت نۇرغۇن يول ئىزدەۋاتقانلارنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 2) گېزىت ـ ژۇرناللار ئېقىمى

ئۇيغۇرلارنىڭ «دوزاخقا كىرسەممۇ كۈنۈپ كېتىمەن» دەيدىغان ئوسال، چىركىن مىجەزى بۇ خىل ئېقىمنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. نۇرغۇن شائىرلىرىمىز جەمئىيەتتىكى شۇ تەلەپكە ناھايىتى تېزلا ئاۋاز قېتىپ، ساپ سەنئەتكە باشلاپ بارىدىغان يولدىن ئېزىپ يۈرىكىدىن چىن مۇھەببەت بىلەن پىششىپ چىقمىغان ساختا ھېسسىياتلىق شېئىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئاتالمىش «پۇل ئامانەت ئەدەبىياتى»، «سۇغۇرتا ئەدە-

بىياتى» ، «يول ئەدەبىياتى» ، «باج ئەدەبىياتى» قاتارلىق «ئەدەبىيات ئېقىملىرى» پەيدا بولدى. مۇكاپاتلىق باھالاش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ھەر قايسى مەتبۇئاتلارنىڭ تەلىپىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەمەس، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەسەر يازىدىغان، بۇيرۇتمىغا ئاساسەن مال تەييارلايدىغان ھۈنەرۋەنگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر يەردە ئەسەر ئېلان قىلىش يولى ئېتىلسە، يەنە بىر يەردە يول ئېچىلىپ تۇردى. ئۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى نېمە؟ خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىدا نېمىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ؟ نېمىلەرنى قىزىش كېرەك؟ دېگەنلەرگە دىققەت قىلماي، مال سالىدىغان چار بازارچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئەدەبىي ئەسەر دېگەندىن كۆرە، تاۋار دېسە بەكمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، مەتبۇئات خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى يېتەكلەيدىغان ماياك. ھەر بىر مەتبۇئات ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشىغا ئىگە بولسا، بۇ بىر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بەختى. ناۋادا ئۇ تەھرىرلەرنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئامالسىز ھالدا ئىنكىسىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قالىدىغان، تۇتامسىز، سۇيۇق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ بىر پاجىئە. بۇ پاجىئە ئەدەبىياتنىڭ پاجىئەسى، شۇنداقلا پۈتۈن مىللەت روھىنىڭ پاجىئەسى.

ئۇيغۇرلاردىكى گېزىت ـ ژۇرنال ئېقىمى مەتبۇئاتچىلىقنىڭ رولىنى چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققان، ئەتراپىغا بىر خىل خاھىش، بىرا خىل ئىدىيىدىكى ئاپتورلار يىغىلغان ئېقىم بولماستىن، ئامالسىز ھالدا شەكىللەنگەن مەتبۇئات پۇچەكلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر. لېكىن، بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدىكى يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، چىن مەنىسىدىن مەتبۇئاتنىڭ رولىنى چۈشەنگەن ۋە ئۆز مەتبۇئاتىنى ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ، مىللەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئۆزگىچە تەمگە،

www.uyghurkitap.com

پۇراقتا ئىنگە بىباھا گۆھەرگە ئايلاندۇرۇشتا تىرىشىۋاتقان نەشرىياتچىلار يوق ئەمەس، لېكىن باز دېگەندىمۇ سانى بەك ئاز.

### 3) بۇلغانغان خاراكتېر

ئىنساننىڭ ئازابىنى ئىپادىلەش، ئىنساننىڭ تۇيغۇ دۇنياسىنى قېزىش يېقىنقى دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر يۈزلىنىشى. لېكىن بۇ خىل يۈزلىنىشكە بەزى چاكىنا ئامىللارمۇ ئارىلىشىپ قالدى. شېئىرلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ئەر لىرىك قەھرىمانلارنىڭ ئۆز سۆيگۈنىگە كۆز ياشلىرى ئارقىلىق قۇللۇق بىلدۈرۈشى، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى تەپەككۇرى ئويغاق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا يىگىتلىرىمىزگە نېمە بولدى؟ دېگەن گۇمانىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئەجابا، يىگىتلىرىمىزدە ئەركەكلىك خاراكتېر ئاجىزلاپ قالغاندىمۇ؟ مىللىتىمىز يىگىتلىرى ئەزەلدىن قىزلارغا تىك تۇرۇپ تەلەپ قويۇپ، تىك تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇلاردىكى ئەرلىك جاسارەت، قەھرىمانلىق، ھەققانىيەتكە بولغان پىداكارلىق، ئۇرغۇپ تۇرغان ئەركەكلىك سېھرىي كۈچى قىزلىرىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئەسىر قىلىدىغان ئەڭ چوڭ دەسمايە ئىدى. ئۇلار ھەرگىز كۆز ياشلىرى ئارقىلىق مۇرادىغا يېتىشكە ئۇرۇنمىغان. كۆز يېشى يىگىتلىرىمىز نەزىرىدە بىچارىلىكنىڭ، ئەرلىك خاراكتېرگە خائىنلىق قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆكسىدىن قان چىقسا چىققانكى كۆزىدىن ياش چىقمىغان.

قىز لىرىك قەھرىمانلارچۇ؟ ئۇلاردىن ھوللىۋودنىڭ پۇرىقى كەلسە كېلىدۇكى، ئۆزگىچە سېھىرگە ئىگە شەرقچە سۆيگۈ ئەخلاقى ئۇلار ئۈچۈن ناتونۇش. ئۇلار ئاشىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى مىنۇت، سېكۇنت ئىچىدىلا تەقدىم قىلىۋېتىشكە تەييار. ئۇلار مۇھەببەتتە شۇنچىلىك تەشناكى، سەۋر قىلىشقا، ھايا قىلىشقا تاقىتى يوق. بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىدە قىزلىرىمىزغا نېمە بولدى؟ بۇلار شەرم ـ ھايانى ھاياتىدىن ئۇلۇغ

كۆرىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ، ئەمەس؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەرگىز ساغلام ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر قىزلىرى ئەزەلدىن شەرم ـ ھاياسى، قىزلىق مەغرۇرلۇقى بىلەن ئۆز گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ئۆلمەس قىممەتلەرنى قاتقان.

شېئىر ئىنساننىڭ بارلىق تاقا ـ تۇقا ھېسسىياتىنى مۇنداقلا خاتىرىلەپ قويىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئەڭ پاكىز، ئەڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى مىللىيلىك ئاساسىدا قېزىپ چىقىدىغان، شۇ ئاساستا ئىنساننى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش، ئۆزىنى تونۇتۇش رولىغا ئىگە ئۇلۇغۋار سەنئەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىرنى پۇچەكلەشتۈرۈۋاتقان شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار شېئىرنى يېزىش ئۈچۈنلا يازىدۇ. ئۇلاردا شېئىرغا نىسبەتەن سەنئەتكارغا خاس بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق يوق. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا قايناپ تۇرغان چىن ھېسسىيات كەم، پىكرىنىڭ تايىنى يوق ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن...

## 2

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە شېئىرغا نىسبەتەن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش پەيدا بولدى. بىرىنچىسى، شېئىرنى ۋاقتى ئۆتكەن سەنئەت دەپ قاراپ، (گەرچە بۇ قاراش ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىلمىسىمۇ) شېئىرغا ئېتىبار بەرمەيدىغان، شېئىردىن قاچىدىغان خاھىش. ئىككىنچىسى، جەمئىيەت نېمە كويدا، مىللەت نېمە كويدا كارى يوق، شېئىرغا مەجنۇنلارچە بېرىلىپ، ئەدەبىيات، شېئىر ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قاراش. مەيلى بۇ ئىككى خىل قاراش قانچىلىك ئىلمىيلىككە ئىگە بولسۇن يا بولمىسۇن، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت — جەمئىيەت شېئىردىن يىراقلىدى. بۇ خىل يىراقلىق تۇرمۇشىمىزدىن شېئىرىي مەنىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتىمىزدا شېئىرىي

تۇيغۇ بولماسلىق ھالىتى كېلىپ چىقتى. شېئىردىن يىراقلى-
شىشنى پۈتۈنلەي شېئىرىيەتنىڭ ئۆز خاتالىقىدىن، كېسەلمەنلى-
كىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە دېيەلمىسەكمۇ، جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىدىكى تېزلىك، سەنئەت شەكىللىرىدىكى يېڭى تەرەققىيات-
نىڭ شېئىردىن يىراقلىنىشتا ئويتىغان رولىنى نەزەردىن ساقىت
قىلالمايمىز. لېكىن، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىزنىڭكىدىن تېز
بولۇپ كېتىنۋاتقان تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بۇ ھادىسە مەۋجۇت
بولسىمۇ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش — ئۇلار
شەكىل جەھەتتە شېئىردىن يىراقلىغان بىلەن ماھىيەتتە مەنە،
تۇيغۇ نۇقتىسىدا شېئىردىن يىراقلىمىغان، ھەر قانداق بىر ئىش-
نى شېئىرغا ئوخشاش شېئىرىي مەنىگە، تۇيغۇغا ئىگە قىلىپ
تۇرۇپ قىلىدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇۋەپپەقىيەتلىك
بىر سىياسىي ئويۇن، سودا ماھىيەتتە گۈزەل بىر شېئىر...

3

دۇنيادا ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت
ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى، ئەڭ مۇكەممەل ئەسەر ئارىستوتېلنىڭ
«پوئېتىكا» (شېئىر سەنئىتى) دېگەن ئەسىرى. ئارىستوتېل بۇ
ئەسىرىدە بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ نامىنى شېئىرىيەت دەپ
ئاتىغان.

ھەر قانداق بىر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى كىتابىدا ئانا ژانىر
يەنىلا شېئىر. بۇ ھۆكۈمگە ھېچكىم قارشى ئەمەس...

شۇنىڭدىن قارىغاندا شېئىر بىر خىل ئاقسۆڭەك سەنئەت.

شېئىر تىلىمىزغا كۈچ بېرىدۇ، تىلىمىز شېئىردىكى ئوبراز
ئارقىلىق مەنىگە، قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

شېئىر پاكىز روھنى تاۋلاپ چىقىدۇ. شېئىردىن يىراقلاش،
روھنىڭ ئەينىكى بولغان شېئىرنىڭ كېسەلمەنلىشىپ كەتكەنلىكى

ماھىيەتتە روھىمىزدىكى قاتماللىق، مۇجمەللىك، سوۇيۇقلۇق، قۇرغاقلىقنىڭ سىرتىغا تېپىپ چىقىشى. قەلبىمىزدە ھەق - ناھەق تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ ھاياجان تۇيغۇسىنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىدىن بېرىلگەن بېشارەت.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن: «ناۋادا گىتلېر شېئىر ئوقۇيدىغان، شېئىر يازالايدىغان، شېئىرنى چۈشىنىدىغان ئادەم بولغان بولسا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىمىغان بولاتتى». ئەمما گىتلېرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلساق، ئۇ بىر رەسسام، ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە ئېيتقاندا ئۇمۇ بىر شائىر.

ئامېرىكىلىق گېنېرال پاتتون بىر كىنودا (ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدىغۇ دەيمەن): «بىز دەۋر يارىتىمىز، شائىرلار ئۇنى كۈيلەيدۇ» دېگەن. پاتتوننىڭ بۇ گېپىدىمۇ شېئىرىي مەنە بار. بىز جەمئىيەتنى ئوبدان تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىمىز ۋە ئىختىيارسىز مۇنداق يەكۈنگە كېلىمىز: سىياسىئونى يوق جەمئىيەت ياكى سىياسىئون بولۇشقا يول يوق شارائىتتا سىياسىئونلار شائىر بولىدۇ، يا لۈكچەك بولىدۇ. سىياسىئونلۇققا يول بار شارائىتتا شائىرلار سىياسىئون بولىدۇ. شېئىرنى سىياسىي شەكىلدە يازىدۇ. ناچارلىرى ياكى پۇرسەت تاپالمىغانلىرى شائىر بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، شېئىرغا يېقىن، شېئىر ئوقۇشقا ئامراق، شېئىرىي مەنە قوغلىشىدىغان خەلقلەر سىياسىي بىلەن شېئىرنىڭ تۇغقانلىقى تۇپەيلىدىن ھاياجانلىق تۇيغۇغا باي بولىدۇ. بۇنداق ھاياجانلىق تۇيغۇ روھىيەتتىكى چۈسلۇق، كەسكىنلىككە سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتنى ناھايىتى ئوڭايلا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا ھامىلدار قىلىدۇ. بىزگە ئوخشاش شېئىردىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان، تۇيغۇمىزدا پېتقىرلىق ھۆكۈمران، غەزەپ - نەپرىتىمىزنىڭ تايىنى يوق خەلقنىڭ ئەھۋالى ئەكسىچە بولىدۇ.

شېئىردىن يىراقلاش شېئىرىيەتتىكى كېسەلمەنلىكتىن بىر بېشارەت. ماھىيەتتە ئۇ بىزنىڭ روھتىن، ئىماندىن، مەردلىكتىن، مىللىي پىسخىكىمىزدىن يىراقلاپ كېتىشىمىز، تەقدىرگە تەن بېرىپ، تەقدىرىمىزنىڭ چۆلۈۋرىنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىش يولىدىن يىراقلاپ كېتىشىمىز، خالاس…

فارابى: «ئادەم غەمكىن مۇزىكىلارنى ئاڭلىسا، غەمكىن شېئىرلارنى ئوقۇسا غەمكىن، دەردلىك بولۇپ قالىدۇ. جەڭگىۋار مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، جەڭگىۋار شېئىرلارنى ئوقۇسا، مۇزىكا بىلەن شېئىردىن ئىبارەت بىر تۇغقان سەنئەتتىكى روھ ۋۇجۇدىمىزغا كۆچىدۇ» دېگەنىكەن. شېئىردىن يىراقلاش شېئىرىيىتىمىزدىكى كېسەلمەنلىك، ئەدەبىياتقا خاس بولغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى روھىيىتىمىزگە، تەقدىرىمىزگە، خاراكتېرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسە. بۇنىڭغا دىققەت قىلىش - قىلالماسلىق، ۋۇجۇدىمىزدا شېئىرىي تۇيغۇلارنى ئويغىتىش - ئويغىتالماسلىق بىز تاللاشقا دۇچ كەلگەن مۇھىم يول. سەگەك بولايلى، ئۈچىنچى يول مەۋجۇت ئەمەس!

# شېئىر ۋە شېئىرىي مىللەت ھەققىدە

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىتىمىزگە قايتا باھا بېرىپ ئۆزىمىزنى تونۇش، شۇنداقلا 21 - ئەسىرگە يېڭى قىياپەت، يېڭى روھ بىلەن قەدەم قويۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە دولقۇنلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىنى سۈپەتلەيدىغان بىر قىسىم ئىسىملار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئىسىملار ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك جەلپ قىلغىنى «شېئىرىي مىللەت» دېگەن ئىسىم بولدى. «شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇنى «پەلسەپىۋى مىللەت»، «ئەقلىي مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت»، «زامانىۋى مىللەت»، «سىياسىي مىللەت»، «ئىلىم - پەن مىللىتى» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش، شۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ئىلمىي ھالدا سۈپەتلەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ يۇقىرىقى بىر قانچە سۈپەتلىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدىكى بىر خىل مىللىي سۈپەت ھېسابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ھازىرغىچە نۇرغۇن باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماس ھالدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرى بىلەن يانداشتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشنىڭ دەرىجىسى

ياكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن پايدىلىنىش دەرىجىسى زامان ئىلغارلىقىنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆلچەم كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە مەڭگۈلۈك تامغا سۈپىتىدە بېسىلدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى سادda رېئالىزم ئۇسلۇبىدا دۇنيانى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلەنسە، قۇللۇق جەمئىيەتتە سىنىپىي زىددىيەتلەرنى قانداق تونۇشتا ئىپادىلەندى. قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ سۈپىتى ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ سۈپىتىنى بەلگە قىلدى. فېئوداللىزم جەمئىيىتىدە گۇمانىزم بەلگە قىلىنغان بولسا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئىلىم - پەن بەلگە قىلىندى.

قىسقىسى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدا كىشىلەرنىڭ ساپاسى (مىللەتنىڭ ساپاسى) ئۆزىنى، دۇنيانى ئىلمىي تونۇشتا ئىپادىلەندى. ئىنسانلارنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ئۆزىنى، دۇنيانى تونۇشى قويۇق ھېسسىي تۈس ئۈستىگە قۇرۇلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ باسقۇچلاردا ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى ھەر خىل ئەپسانە، رىۋايەتلەر بارلىققا كەلدى، ئىجاد قىلىندى. بۇ ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئىلمىيلىكنى ئەمەس، ئىلمىيلىكتىن ھالقىغان ھېسسىياتنى ئۆزىگە ئاساس قىلدى. فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى، ئۆزىنى تونۇشى نىسبەتەن ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلەندى. پەلسەپە دۇنيانى تونۇشتىكى قورال سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. ئەمما، ئىدېئالىزم ئاساسىي ئېقىم، ماتېرىيالىزم قوشۇمچە ئېقىم بولدى. بۇ چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى، ئۆزىنى تونۇشى بارغانسېرى ئىلمىيلىككە قاراپ يۈزلەندى. قەدىمكى يۇنانىنىڭ پىلاتون، ئارىستوتېللىرى، جۇڭگونىڭ كۇڭزى، مېڭزىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۇمراجىۋا، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلىرى دۇنيانىڭ مۇشۇ خىل يۈزلىنىشىنىڭ ئەڭ داڭلىق شاھىتلىرىدۇر.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ كاپىتالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويۇ-

شى پەلسەپىنى ئەمەلىي تەجرىبە مۇھىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ خىل دۇنيانى تونۇشتىكى ئىلمىي، ئەمەلىي تەجرىبىلەر «ئىلىم ـ پەن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسىگە ئايلاندى. ئىنسانلار جەمئىيىتى كاپىتالىزم شەكلىدە قەدەم قويغان 20 ـ ئەسىر — ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تولغان، دۇنيا ھەم مىسلىسىز دەرىجىدە ئىلمىيلەشكەن بىر باسقۇچ بولدى. بۇ باسقۇچتا ئىنسانلار جەمئىيىتى قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇنچىلىك مول بولدىكى، ئۇ ئىنسانلار ئۆز تارىخىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، دۇنيا تارىخىغا قايتىدىن ئىلمىي باھا بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ماركسىزم دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىپتىدائىي، قۇللۇق، فېئوداللىق، كاپىتالىستىك، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك جەمئىيەت دەپ سىنىپلارنى ئاساسىي بەلگە قىلىپ ئايرىغان بولسا، كېيىنكىلەر ئىنسانىيەت تارىخىنى يەنە بىر تەرەپتىن تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ جاھالەت دەۋرى، مەدەنىيەت دەۋرى، ئىلىم ـ پەن، ئىجادىيەت دەۋرى دەپ تۆت باسقۇچقا بۆلدى. يەنە بەزىلەر، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ «تېرىم مەدەنىيىتى» دەۋرى، ئاتنى بەلگە قىلغان «يايلاق مەدەنىيىتى» دەۋرى، سۇ قاتنىشىنى بەلگە قىلغان «يېڭى دېڭىز يولى مەدەنىيىتى» دەۋرى، ھور ماشىنىسىنى بەلگە قىلغان «سانائەت ئىنقىلابى مەدەنىيىتى» دەۋرى، توكنى بەلگە قىلغان «ئېلېكترون مەدەنىيىتى»، گېن قۇرۇلۇشى ۋە كومپيۇتېرنى بەلگە قىلغان «ئۇچۇر مەدەنىيىتى» دەۋرى دەپ ئايرىدى. يەنە بەزىلەر مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، «ئېتنىك مىللەت» دەۋرى، «سىياسىي مىللەت» دەۋرى، «ئىجتىمائىي مىللەت» دەۋرى دەپ ئاتىدى.

بۇ خىل ئاتاشنىڭ يەنە «شېئىرىي مىللەت» دەۋرى (مىللىي تەرەققىياتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى)، «ئىلمىي مىللەت» دەۋرى، «پەلسەپىۋى مىللەت» دەۋرى، «ئىجادىيەت مىللىتى» دەۋرى، «ئىشلەپچىقىرىش مىللىتى» دەۋرى، «ئىستېمال مىللىتى» دەۋرى دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار بولدى. «شېئىرىي مىللەت» دېگەن سۆپەت ئىنسانلارنىڭ (مىللەتنىڭ) جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىلمىيلىكتىن كۆرە ھېسسىيلىقنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان دەۋرنىڭ خاس نامى بولۇپ قالدى. لېكىن، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەسىلىلەرنى ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ چۈشەنمىدى. ئەدەبىياتتىكى ئالاھىدە بىر ژانىر بولغان شېئىر بىلەن «شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ تۈپەيلى، «شېئىرىي مىللەت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان پىكىر ئېقىمى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ قالاقلىقىنى شېئىردىن، شائىرلاردىن كۆرۈپ، شېئىرغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان پىكىر ئېقىمى تەڭلا ئوتتۇرىغا چىقتى. مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىكى شېئىرىي مىللەتكىلا خاس بولغان ھېسسىي سۆيۈقلۇق ئەقلىي تەپەككۇرنى ئات قىلىپ مىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ «شېئىرىي مىللەت» لىك سۈپىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

## 2. «شېئىرىي مىللەت» توغرىسىدا

«شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ ئىسىمدىكى «شېئىرىي» ئىبارىسى ئىسىم ئەمەس، سۈپەت، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەدەبىياتتىكى بىر ژانىر بولغان شېئىرمۇ ئەمەس. «شېئىرىي مىللەت» يەنە شېئىر يازىدىغان ئادەملىرى ئىنتايىن كۆپ، شېئىر يېزىش شۇ مىللەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم كەسىپ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. «شېئىرىي» دېگەن بۇ ئىبارە شېئىر دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپەتلىشىشىدىن پەيدا بولغان. بۇ يەردە بۇنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى،

ئەرەبچە «شېئىر» دېگەن سۆز بىلدۈرىدىغان ئەسلىي مەنە «ھېس، تۇيغۇ» دېگەن بىلەن ئوخشاش.

ھەممىگە مەلۇمكى، شېئىر ئەدەبىياتتىكى ئانا ژانىر. ئەدەبىياتتىكى باشقا ژانىرلار شېئىرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. شېئىر يەنە ئىنسانلار تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ تۇنجى باسقۇچى بولغان بەدىئىي تەپەككۇر (ئوبرازلىق تەپەككۇر) نىڭ تۇنجى بېكىتى. شۇڭا بىز شېئىرنىڭ تەرەققىيات يولىدىن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقالايمىز. شېئىر ئىنسانلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىنىڭ، شادلىقىنىڭ ئوبرازلىق تارىخى سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇ بىر مىللەت تەپەككۇرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى.

تارىخقا نەزەر سالساق، شېئىر ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر مىللەتلەرنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدە «ئودېسسا»، «ئىلىئادا» دەك ئېپوسلار مەيدانغا كەلگەن دەۋر ئۇلارنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرى ئىدى. ئۇيغۇرلاردىمۇ قاراخانىيلار خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلەردە يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يازدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ كۈچەيگەن دەۋرى بىلەن نەۋائىينىڭ ئىجادىيەت دەۋرى بىر كەلدى. شېكىسپىر ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەندە، ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىگە قەدەم قويۇش ئالدىدا ئىدى.

كىمدۇر بىرى «شائىر، پەيلاسوپ، پەيغەمبەر» دېگەن ئاتالغۇلارنى قاتارلاشتۇرۇپ، بۇ ئۈچ ئاتالغۇنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنى ئاساسەن بىر خىل مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۈچ تەرىپى قىلىپ كۆرسەتكەن. بىز بۇ ھۆكۈمگە گۇمان بىلەن قارىساقمۇ، ئىچىدە مەلۇم ھەقىقەت بار، دەپ تونۇيمىز.

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى — شائىرلىق، شائىرلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى — پەيلاسوپلۇق، پەيلاسوپلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسى — پەيغەمبەرلىكتۇر. مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى شائىر، پەيلاسوپ دەپ ئاتالغان. لېكىن، پەيغەمبەرلىك ئاللا تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

شېئىر ھەقىقەتنى ھېسسىي تونۇش، پەلسەپە ئەقلىي تونۇش، پەيغەمبەرلىك ھەقىقەتكە يېتىشتۇر. خەنزۇچە شېئىر، شائىر دېگەن سۆزگە قارىساق، بۇ خىل مەنتىقە تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. خەنزۇچە شېئىر « 诗 » دەپ يېزىلىدۇ. بۇ خەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. بىرى « 言 » بۆلەك، بۇنىڭ مەنىسى «سۆزلەش، ئىلتىجا قىلىش» دېگەن مەنىدە. ئىككىنچىسى « 寺 » بۆلەك، بۇ «ئىبادەتخانا، مەسچىت» دېگەن مەنىدە. بىز بۇ ئىككى مەنىنى بىرلەشتۈرسەك، «مەسچىتتىكى دۇئا، ئىلتىجا» دېگەن مەنىلەر كېلىپ چىقىدۇ. «دۇئا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە قېنى كىم شەك كەلتۈرەلەيدىكىن؟

قىسقىسى، «شېئىرىي مىللەت» دېگەن بۇ سۆز ھەرگىزمۇ شېئىر يازىدىغان ئادىمى كۆپ مىللەت دېگەن مەنىدىكى سۆز ئەمەس. ئۇنىڭ بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىسى ئەقىلگە ئەمەس، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تارىخىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ كۆرسىتەلمەيدىغان، ئۆزىگە ئىلمىي باھا بېرەلمەيدىغان مىللەت دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇرلار راست شۇنداق مىللەتمۇ؟ مىللىتىمىزگە نەزەر سېلىپ باقايلى!

بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتى مايمۇنغا ئوخشايدۇ. دورامچىلىق بىزنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز. بۇ يىل بىر دېھقان قوغۇن تېرىپ پايدا ئېلىپ قالسا، كېلەر يىلى ھەممە دېھقاننىڭ قارىغۇلارچە قوغۇن تېرىغۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات سۈپەتسىز بولۇپلا قالماي، تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كې-

تىپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، زىيان كېلىپ چىقىدۇ. بىر زىيالىي كىتاب يېزىپ نامى چىقىپ قالسا، ئۆزىنى رىيالىي سانايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى دەڭسەپ، مەندە كىتاب يازغۇچىلىك ئىقتىدار، دەسمايە بارمۇ دەپ ھېسابلاپ ئولتۇرماي، ھەممىسى كىتاب يېزىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ئاخىر زېھنىنى، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ يازالماي، قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق تۇيۇلۇپ، ئۆزىدىن بالدۇر كىتاب يازغۇچىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا، غەيۋىتىنى قىلىشقا كىرىشىدۇ.

يەنە بىرى، بىرەر نامى چىققان ئۇلۇغىمىز ئۆزى بىلىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەلۇم بىرىنى تەنقىد قىلسا، بىزمۇ دەرھال چاپاننى تەتۈر كىيىپ ئۇلۇغىمىزنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن كىشىنى يوق قىلىپ تاشلىغۇدەك بولىمىز. ھېسسىياتتىكى بۇ خىل سۇيۇقلۇق، سوغۇق قان تەپەككۇرنىڭ كەملىكى ئارىمىزدا نۇرغۇن پاجىئەلەرگە سەۋەب بولماقتا. «شېئىرىي مىللەت» دېگەن نام بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەرقانداق نەرسە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلسە پاجىئەگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق پاجىئەنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شېئىرىدىن ئىبارەت گۈزەل نام سۈپەتكە ئايلىنىپ، مىللەت دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغاندا، دەرھال سەلبىي مەنىدىكى سۈپەت ئۆزگىرىشى ياسايدۇ. قېنى بىز قاچانغىچە شېئىرىي مىللەت بولۇپ يۈرەرمىز؟

## 3. مىللەتنىڭ باشقا سۈپەتلىرى توغرىسىدا

مىللەتنىڭ «شېئىرىي مىللەت» دېگەن سۈپىتىدىن باشقا، «پەلسەپىۋى مىللەت»، «ھازىرقى زامان مىللىتى»، «ئىجادىيەت مىللىتى»، «سىياسىي مىللەت» دېگەندەك سۈپەتلىرى بارلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ «شېئى-

-رنى مىللەت» بىلەن بولغان پەرقى نېمە؟

«پەلسەپىۋى مىللەت» مەسىلىسىگە سوغۇق قان باھا بې-رىپ، ئۆزى ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالايدىغان، ئەتراپىقا ھېكمەت نۇرلىرى ئارقىلىق ئېنېرگىيە تارقىتالايدىغان مىللەتنىڭ تىپى-دۇر. بۇ خىل باسقۇچقا يەتكەن مىللەتلەردە «شېئىرىي مىللەت» كە ئوخشاش سۆيۈملۈك بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار جاھانغا ئۆزد-دىكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق نەزەر تاشلايدۇ. سىرتتىن كەلگەن ھەر خىل ئىدىيىلەر ئاۋۋال ئۆز پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن ھەزىم قىلىنىپ، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئاندىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا «شېئىرىي مىللەت» كە ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن ئاقما ئىدىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان، مىللەتنىڭ روھى، ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلايدىغان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر ئىقمى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ.

مەسىلەن، نېمىسلار ۋە يەھۇدىيلار، نېمىسلار ياۋروپانىڭ «پەلسەپىۋى مىللىتى». 18 ـ، 19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەرنى نېمىسلارنىڭ پەلسەپىسىدىن ئايرىپ قاراش تەس. چۈنكى، كا-نېت، گېگىل، شوپېنخاۋېر، نېتزى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەھۇدىيلارمۇ «پەل-سەپە مىللىتى» گە كىرىدۇ. گەرچە ئۇلار 2000 يىلدىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن، ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆز پەلسەپىسىنى، يەھۇدىي دىنىنى ساقلاپ قالدى ۋە يەھۇدىي دىنى ئارقىلىق مىللىي روھنى ئىپادى-لىدى. بۇ خىل مىللىي روھ يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىغا ئايلاندى.

مىللىتىمىزگە قاراپ باقساق، بىز دۇنيا تارىخىدا ئەڭ كۆپ دىن ئالماشتۇرغان مىللەت، شۇنداقلا دىنىي مەزھىپى ئەڭ كۆپ بولغان بىر مىللەت. ھەممىمىزگە مەلۇم، تارىختىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ زىددىيىتى خەلقىمىزنىڭ ئومۇرتقىسىنى

ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، «شېئىرىي مىل-
لەت» لىك خاراكتېرىمىز تېخىمۇ گەۋدىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا،
پەيلاسوپلىرىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن روھىيىتىمىز دۇنيادى-
كى ھەرقايسى ئاقما ئىدىيىلەر كىرىپ - چىقىپ يۈرۈيدىغان
ئۆتەڭگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر قاراپ بېقىڭ، ئۇيغۇر ئاتېئىزم-
چىلىرى بەزىدە مەسچىتكە كىرىپ قالىدۇ. ئۆزىنى دىن مۇرتى
دەپ يۈرگەنلەرنى قاۋاقخانىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن، دېمەك، ئۇي-
غۇر روھى ھازىرمۇ داشقايناق ھالەتتە.

«ھازىرقى زامان مىللىتى» دېگەن ئاتالغۇ 20 - ئەسىردە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ بەلگىسى مىللەتنىڭ قىياپىتىدىن
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بەلگىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھازىرقى زا-
مان مىللىتى قىياپىتىگە ئۆتۈش. «ھازىرقى زامان مىللىتى» نىڭ
ئىپادىسى ئادەتتە سانائەتلىشىش، پەلسەپىدە ئۆز دەۋرىنىڭ مەسى-
لىلىرىگە دەل جاۋاب بېرىش، روھىدىن قىياپىتىگىچە دەۋر ئېقى-
مىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇش ياكى دەۋر ئېقىمىغا يول باشلاشنى
كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارچۇ؟ بىزنىڭ تۇپرىقىمىزدا، روھىمىزدا ئوتتۇرا
ئەسىرنىڭ قىياپەتلىرى قۇمدەك. ھازىرقى كىشىلىرىمىز دىنىي
خۇراپاتلىق بىلەن پەننىي خۇراپاتلىق ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ يۈرى-
دۇ، ئۇلار مازارلاردىن بەخت تىلەپ، سېھىرگەرلەرنى رېئاللىق-
تىكى ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ خۇداغا شەك كەلتۈرسە، يەنە
بىر تەرەپتىن ھاكىمىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆت-
كەن ھەر خىل كىتابلار ئارىسىدا تەپەككۇرى بوغۇچلىنىپ، ئەقلى
پۈچۈلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار تېخى سانائەتلىشىش دەرىجىسىگە يەت-
مىدى، 90% تى تېخى دېھقان، ھازىر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىۋاتقان
بارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ، زىيالىي ۋە
پەيلاسوپلىرى قىممەت قارىشىدىكى ئېھتىياج تۈپەيلى، ئۇنۇۋان ۋە
ئەمەل ۋەسۋەسىسىدە. بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەمەلىي روھىي مە-

سىلىلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۇلارنىڭ ئويىغا كىرىپ چىقمايدۇ ياكى قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئىنگلىزلار ۋە ئامېرىكىلىقلار، غەربىي ياۋروپادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر دەل «هازىرقى زامان مىللىتى» گە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ناهايىتى يىراق، ئۇلارنىڭ هالىتىنى قىياس قىلساق، بىرى ئېشەك هارۋىسىدا جاڭگالغا ئوتۇنغا كېتىۋاتىدۇ، يەنە بىرى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئالەم قاتنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

«ئىجادىيەت مىللىتى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ جاهالەت، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، ئىجادىيەت دېگەن تۆت باسقۇچنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشنى تاماملاپ، ئىجادىيەتنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مىللىي بەلگىسى قىلغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، 21 - ئەسىر ئىلىم - پەن ئەسىرى ئەمەس، ئەكسىچە ئىجادىيەت ئەسىرى. بۇ ئەسىردە ئادەملەرنىڭ، مىللەتنىڭ ساپاسى ئىجادىيەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. هازىرقى ياپون مىللىتى دەل ئىجادىيەت مىللىتىنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلارنى «شېئىرىي مىللەت» دەپ ئاتاشقا قارشى چىققانلار يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنى كۆرۈپ، بەلكى يەنە بۇ هۆكۈم هەققىدە گۇمانلىنىپ يۈرمەس. چۈنكى ئېنىق تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى يوق.

## 4. نۆۋەتتىكى شېئىرىيەت نېمە ئۈچۈن نەزەردىن چۈشۈپ قالىدۇ؟

«شېئىرىي مىللەت» دېگەن ئاتالغۇ هەققىدىكى هەر خىل قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب «شېئىرىي مىللەت» دېگەن سۆز بىلەن شېئىر دېگەن سۆزنىڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ

چۈشىنىشىلىنغانلىقىدا.

«شېئىرىي مىللەت» بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ھېچقاچان شېئىر كەلتۈرۈپ چىقارغىنى يوق. شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئەھۋالىغا نەزەر سالغان بەزى كىشىلەر بۇ دەۋر شېئىرلىرىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقتىن قېچىش، ئازابنى ئىپادىلەشتىكى سۇنئىيلىك ۋە تىلدىكى قاتماللىق، سەمىمىيەتسىزلىك خاھىشلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا «شېئىرىي» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن «شېئىر» دېگەن سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ قويىدۇ ۋە مىللىتىمىزنىڭ «شېئىرىي مىللەت» بولۇپ قېلىشىنى ئاشۇ شېئىر، شائىرلاردىن كۆرىدۇ. بۇنداق قاراش مۇتلەق خاتا.

دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن مەشھۇر ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى «شېئىر دەۋرى» ئۆتۈپ كەتتى دەپ قارىماقتا. چۈنكى، شېئىرىيەت ژانىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ بىر خىل سوغۇق دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە. شېئىرىيەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن چەتتە قالماقتا. كىشىلەرنىڭ دىققىتى يازما ئەدەبىياتتىن كىنو - تېلېۋىزىيىگە، كومپيۇتېرغا، تەنتەربىيىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇ تەرەققىياتتىكى مۇقەررەرلىك. لېكىن، بۇ شېئىرىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شېئىرىيەت بارلىققا كەلگەن چاغدىلا ئۇنىڭ تەرەققىيات ئومۇرتقىسىغا بۇ قانۇنىيەت تامغا قىلىپ ئويۇپ قويۇلغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ خىل چۈشكۈنلۈك ھەرگىز شېئىرنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ دەۋر شائىرلىرى دەۋرىنىڭ چۈشكۈنلۈكى، خالاس.

ھازىر ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئاجايىپ بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇيغۇرنىڭ نازۇك كۆڭلى ھەر خىل دۇنيادىن مىڭلاپ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئېكرانىدا ئەكس ئەتتۈرمەكتە، قايغۇرماقتا. ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ كۆڭلى

www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى زامانىۋىلىق بىلەن قالاقلىق، ئەقىدە بىلەن سۇيۇقلۇق، ھالاكەت بىلەن گۈللىنىش بەلباغلىرى ئارىسىدا داۋالغۇپ زېدىلەنمەكتە. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك. بۇ دەۋر ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ ئۇلۇغ شائىرلارنى كۈتكەن دەۋر ئىدى. لېكىن، نەتىجە ئۇنداق بولماي قالدى. شائىرلار جاھاننىڭ رەڭۋازلىقى ئالدىدا ئامالسىز، بىچارە قالدى. ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ھەرگىز شېئىرىيەت جاۋابكار بولمايدۇ. شېئىرىيەت شۇنداق ئۇلۇغكى، ئۇ قەلبىنىڭ ئەڭ پاك دۇئاسىدۇر. قېنى ئۇ دۇئا؟!

«شېئىرىي مىللەت»لىك ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى شېئىرنى ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى «ھازىرقى زامان مىللىتى»گە، «ئىجادىيەت مىللىتى»گە ئايلىنىپ، ئورتاق مىللىي روھ كۈچىنى «ئىجادىيەت» دېگەن سۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش.

«شېئىرىي مىللەت»لىك سۈپەت مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇ بىر بۆككە ئوخشاش مىللەتنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تارىخىدا «شېئىرىي مىللەت» بولۇپلا تۇرغان ئەمەس. قاراخانىيلار دەۋرىدە «پەلسەپىۋى مىللەت»كە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «سىياسىي مىللەت»كە، قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە «ئىجادىيەت مىللىتى»گىمۇ ئايلىنىپ كۆرگەن. 21 ـ ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر مۆجىزىلىك ئەسىر بولىدۇ. بۇ ئەسىردىمۇ شېئىرىي مىللەت بولۇپ ياشاش ـ ياشىماسلىق مىللىتىمىزنىڭ سەرخىللىرىنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق. قېنى سەرخىللار بۇ سوئالغا نېمە دەيدىكىن؟!

# شائىر ۋە دەۋر

2001 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كېسەل ئازا-
بىدا ساماندەك سارغايغان، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بوپقالغان
شائىر روزى سايىت بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلاشقانىدىم. ھايا-
تىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان شائىرغا قاراپ،
يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئۆرتىنىپ كەتكەنىدى. شائىرنىڭ نەچچە
كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغانلىقى شائىر بىلەن خوشلىشىۋاتقان جامائەت-
كە ئايان بولۇپلا قالماي، شائىرنىڭ ئۆزىگىمۇ بەش قولدەك
ئاياندەك قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ كۆزى يىغلىمىغانلارنىڭ يۈرى-
كى خۇن، يىغلىغانلارنىڭ بولسا ۋۇجۇدى ئازابنىڭ تۈگمىنىدە
ئېزىلىپ ئۇن بولغانىدى. دەرۋەقە، ئۆلۈم ھەممە ئادەمنىڭ بېشى-
دا بار، ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق، بۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس.
لېكىن، ئادەملەرنىڭ زور كۆپچىلىكى نېمىشقىدۇر ئۆلمەيدىغان-
دەك ياشىشىدۇ. ئۆلۈم تۇيۇقسىز بوسۇغىسىدا پەيدا بولغاندا،
ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا تەكرارلىنىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ھايات
ھادىسىسى ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشىدۇ.

سەكراتتا تۇرغان شائىر بىلەن سۆز ئېيتىپ خوشلىشىشقا
يۈرەك چىدىماي، كۆزۈم، قەلبىم بىلەن خوشلىشىپ ئۇرۇمچىگە
ياندىم. ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ تىنىقى ھايات تۇرغان شائىرنىڭ
ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدە ئويلاندىم. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا
ئوخشاش تەكرارلىنىدىغان ئۆلۈمنىڭ روزى سايىتنىڭ بېشىغا
كەلگەندە باشقىچە تۈس ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يوقلىما قى-
لىنىغاندىلا مەۋجۇتلۇقى يوقلىما ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەسكە ئېلىنى-
دىغان كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، روزى سايىتنىڭ ئۆلۈمى

يۈز بەرگەن ھامان بوشلۇق پەيدا قىلالايدىغان، شائىر تۇپراقتا كىرىپ كەتكەندە جەمئىيەت ئاندىن ئۆزىنىڭ قانچىلىك زور يوقىتىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ئۆلۈم ئىدى. بۇنداق ئەدىبلەر شوپېنخاۋېرنىڭ گېپى بويىچە بىرەر يۈز يىلدا بىرەرسى بارلىققا كەپقالىدىغان، مەۋجۇتلۇقى ئىجتىمائىي رېئاللىققا زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تىنىقىدىن شۇ ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس ساداسىنى ئېنىق بايقىغىلى بولىدىغان كىشىلەر ئىدى.

ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ، قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەسەمۇ، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدىغان شۇم خەۋەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. روزى سايىت ئۆزى 60 يىلغا يېقىن ياشىغان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. روزى سايىت ۋاپاتى بىلەن شەكىللەنگەن ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى بوشلۇق روزى سايىتنى ياخشى كۆرىدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەرگە ئورتاق ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. روزى سايىتنىڭ ھايات تارىخىغا چېكىت قويۇلۇپ، بۇ تارىخ كېيىنكىلەر ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىدىغان، ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدىغان ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

## دېھقان بولماق تەس

شائىرنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە قاچان پەيدا بولغانلىقى ماڭا بەكمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا روزى سايىتنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، تىلى خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى يېقىن، راۋان، يېقىملىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئەمما، شېئىرنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، تىلىدا كۆپرەك كۆرۈلەتتى. شائىرنىڭ تىلىغا، گۈزەل ئۇيغۇر تىلىنىڭ روزى سايىت شېئىرلىرىدا قايتىدىن پارلاپ، قەلبىمنى غىدىقلى-

شىغا تاڭ قالاتتىم.

شائىر بىر مىللەت تىلىنىڭ ئۇستازى، دەيدۇ كىمدۇر بى-
رى. بۇ سۆزنى بىر توغرا ھەقىقەت دەپ تەن ئالمىساقمۇ، شائىر-
نىڭ بىر مىللەت تىلىغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى ئەن
ئالماي ئامالىمىز يوق. روزى سايىتنى تىل ئۇستازى دەپ قارى-
يالمىساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر ۋىجدانلىق پەرۋىشكارى، كۆ-
يۈنگۈچىسى، كۆڭۈل بۆلگۈچىسى، دەپ قارىماي تۇرالمايمىز.
شېئىر تىلىنىڭ خەلق تىلىغا يېقىنلىقى ماھىيەتتە شېئىرنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى، شائىرنىڭ خەلقكە يېقىنلىقى. ئەسلى شېئىر
خەلقكە يېقىن بولۇپلا قالماي، خەلقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. خەلق
شېئىرغا ھەقىقىي ھاياتىي كۈچ بەرگۈچى. خەلقكە يېقىن دېگەن
گەپتىن خەلقكە يېقىن ئەمەس، خەلقتىن يىراق شائىرلارمۇ مەۋ-
جۇت دېگەن يەكۈننىمۇ چىقارغىلى بولىدۇ. روزى سايىت ئەڭ
دەسلەپتە ئەدەبىيات سەھنىسىدە پەيدا بولغاندا، شېئىرلىرىنىڭ
تىلىدىكى چۈچۈكلۈك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بالاغىتىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان، قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر جۈملىلەر بىلەن ئۆز شې-
ئىرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە خەلقكە يېقىنلاشتۇرغانىدى. ئەمما بۇ
يېقىنلىقنى بىز شېئىرىي مەنە ۋە ئىدىيىدىكى يېقىنلىق دېيەلمەي-
مىز. شائىر دېھقانلار ئارىسىدىن چىققان شائىر بولغاچقا، دېھقان-
غا خاس مىجەز ۋە تەربىيىلىنىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تۇغما
دېھقانغا خاس تىل ۋە پۇراق بەرگەنىدى. شائىر پەقەت مۇشۇ
ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقكە باغلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا روزى سايىتنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن
تونۇشتۇم. روزى سايىتمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى
سۈپىتىدە قەلبىمگە قارىغاندا دەپتىرىمدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى.
شۇ چاغدا شائىرنىڭ ئونغا يېقىن توپلام چىقارغانلىقىنى بىلدىم.
سان نۇقتىسىدا بۇ توپلاملار ئادەمگە بەكمۇ بۈيۈك تۇيغۇ بېرەتتى.
بۇنداق شائىرنى كونسېپكىلاردىن ئورۇن ئالدۇرماي مۇمكىن ئە-

www.uyghurkitap.com

مەس ئىدى. ئەمما، قەلبىم «شائىر» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا، ئاران بىر توپلام چىقارغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاۋۋال كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەرنى ئەسكە ئالاتتىم. خېلى چىڭقالغان چېغىمدا ئاندىن روزى سايىتنىڭ تىزىملىكى ئەڭ كەينىدىن غىل - پال ئورۇن ئالاتتى.

تىلى ياخشى بولسىلا شائىر بولامدۇ؟ دېگەن سوئال قەلبىمنى غىدىقلايتتى. ھەقىقەتەن ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى تىل. ئەمما، بىردىنبىر مۇھىم ئامىل پەقەت تىللا بولۇشى ناتايىن. ئەدەبىياتقا جان ۋە قان بېرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ئىدىيە ۋە مەزمۇن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقماي قالمايدۇ. روزى سايىت شۇ چاغلاردا تىلغا باي، ئىدىيىدە گاداي، ئەڭ ئاۋۋال سىياسىي چاقىرىقلارنى، ۋاقتى يەتسە چىشى پاتقان ئادەتتىكى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ سېپىدە جان تىكىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، يەتمەكچى بولغان نىشانى ناھايىتى مۇجمەل شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

روزى سايىتنى ماڭا ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقىي تونۇتقىنى ئۇنىڭ 1995 - يىللاردىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى بولدى. ئۇ ئىلگىرى يازغان ئونغا يېقىن توپلام ئۇنى پەقەت ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزى ئوقۇپ، ئۆزى زوقلىنىدىغان تار ئەدەبىيات سەھنىسىدىلا تونۇتقانىدى. «دېھقان بولماق تەس» ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم شېئىر ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇتتى. ئەسەرلىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكى تۇپەيلىدىن خەلققە يېقىن دەپ قارىلىۋاتقان شائىر ئىدىيە ۋە مەزمۇندىكى بۆرۈلۈش تۇپەيلىدىن بىردىنىلا ھەقىقىي خەلق شائىرىغا ئايلاندى. سىياسىي چاقىرىقلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ يۈرگەن شائىر بىردىن شائىرلىقنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن تونۇپ، شائىرلىقنىڭ توغرا يولى — خەلقنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە تىلى بولۇش يولىغا قەدەم قويدى. خەلقنىڭ

ئازابى شائىرنىڭ ئازابىغا ئايلىنىپ، شائىرنىڭ ئىستىتىك پەللىسى يېڭىلاندى. لېكىن، شائىر ئۆزىنىڭ بىر ئىجتىمائىي شائىر ئىكەنلىكىدىن تانماي، ئىجتىمائىي شائىرلىقنىڭ يەنە بىر قۇتۇپى — سىياسىي چاقىرىقلارنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ قارشى يولى — خەلقنىڭ ساداسىنى ئوبرازلاشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدى.

شائىرنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان تېمىسى، مەزمۇنىغا ئاساسەن بۆلۈش مۇمكىن. بەزى شائىرلار سۇبيېكتىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قېزىش ئارقىلىق تەبىئەتنى بىر ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ شېئىرىيەتنىڭ لىرىكىغا مايىل بىر قاتلىمىنى تەشكىل قىلسا، يەنە بىر تۈركۈمدىكى شائىرلار شائىرغا خاس پارتلاپ تۇرىدىغان ھاياجان ۋە زىل قەلب بىلەن جەمئىيەتنىڭ قاتلاملىرىنى ۋاراقلايدۇ. جەمئىيەت ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مىسرالىرىدىن ئۇزۇق ئالىدۇ. روزى سايىتنى مانا مۇشۇ خىل تۈردىكى شائىر، سەل قوپالراق تىل بىلەن ئىجتىمائىي شائىر، دەپ قاراش مۇمكىن. ھەرقانداق خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، شائىرلىقنىڭ بۇ ئىككى قاتلىمى كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرغان، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ھەققىدە تەپەككۇرغا پاتقان بىر خەلق ئۈچۈن لىرىك شائىرلارغا قارىغاندا، ئىجتىمائىي شائىرلار تولىمۇ زۆرۈر. خەلق شائىرنىڭ ساداسىدىن مەسىلىلىرىگە جاۋاب تېپىشقا موھتاج. بۇ دېگەنلىك سۇبيېكتنى ئىپادىلەش مەقسىتى قىلغان لىرىك شائىرلارنىڭ ئورنى يوق دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئورۇن ۋە شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىككى خىل شائىرغا بولغان ئىككى خىل ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېمەكچى، خالاس. ئىسلاھات دولقۇنىدا تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان بىر خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، لىرىك شائىرلارغا قارىغاندا ئىجتىمائىي شائىرلارنىڭ زۆرۈرلۈكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىر شائىرنىڭ خەلق ئىچى-

دىكى ئۇرنىغا ئاساس سالدى. بۇ شېئىرغا شائىر خۇكۇمەتتىن قەلەم ھەققى ئېلىپلا قالماي، خەلقتىنمۇ «قەلەم ھەققى» ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ دېھقانىنىڭ ئازابىنى جاھانغا ئاڭلاتقان ئېسىل شېئىرلارنى يازغان قولىنىڭ بارماقلىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويدى. خەلق ئۆز شائىرىغا بولغان رازىمەنلىكىنى ماتا شۇنداق قارىماققا سەنئەتكارغا نىسبەتەن قوپاللاق كۆرۈنىدىغان ماددىي سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن جۈملىدە بىر قارىماققا شېئىرىي مەنە يوق. ئادەتتىكى گەپنى شېئىر تۈسىگە ئەكىلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بىز دېھقان دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنە قاتلاملىرىنى ئاختۇرساق، ئۇچرىغان پاكىتلارغا قاراپ تاڭ قالىمىز. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 90% ى دېھقان. ماھىيەتتە ئۇيغۇر دېمەك — دېھقان دېمەك. دېھقان بولماق تەس — ئۇيغۇر بولماق تەس دېگەنلىك. بۇ گەپلەر بىزنى يەنە بىر قېتىم ئويغىتىدۇ. ھازىرلا ئاددىي كۆرۈنگەن «دېھقان بولماق تەس» دېگەن جۈملىدىكى شېئىرىي پىكىر قەلبىمىزنى غىدىقلاشقا باشلايدۇ.

## شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى

مەشھۇر مۇستەبىت، فاشىست گىتلېر شائىر ھەققىدە سۆز بولغاندا: «شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى» دېگەن بىر گەپنى قىلغانىكەن. قارىماققا بۇ گەپ شائىرغا قىلىنغان ھاقارەتتەك كۆرۈنىسىمۇ، تەھلىل قىلغاندا شائىرلارغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي سۈپەتتۇر. ئويلاپ بېقىڭ، گىتلېرغا قاراپ قاۋاشقا جۈرئەت قىلغان ئىت نەقەدەر يۈرەكلىك قەھرىمان - ھە. گىتلېرنى سەگرىتىپ، ئادەم تىللاشقا مەجبۇر قىلغان، مۇستەبىتلىككە،

فاشىزىمغا قارشى چىقىشقا پېتىنالىغان شائىر نەقەدەر ئۇلۇغ ـ ھە.

شائىر شېئىر يازالىغانلىقى ئۈچۈنلا شائىر ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ ۋىجدان ـ غۇرۇرىغا ۋەكىللىك قىلالىغىنى ئۈچۈنلا شائىردۇر. شۇڭا، تارىختا شېئىر يازغان ئادەملەر كۆپ، شائىرلار ئاز بولغان. نۇرغۇن شېئىر يازغۇچىلار دەۋرنىڭ ۋىجدانىغا ۋەكىللىك قىلماي، رەزىل سىياسەتنىڭ چوماقچىسىغا ئايلانغان ۋە شېئىر شائىرغا ھاقارەت كەلتۈرگەن.

روزى سايىتنىڭ 1995 ـ يىللاردىن كېيىنكى شېئىرلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالغان سىياسىي مۇڭدىشىشنىڭ رىشتىسىنى ئۇلىدى. شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن يۈرەكلىك چۇقانلىرى دېھقانلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھۆكۈمەتكە دېھقانلارنىڭ ساداسىنى يەتكۈزدى. تەقدىرگە تەن بېرىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز بېشىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن توغرا ئوخشايدۇ، دەپ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزىنى قايتا تونۇدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۆز ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە قايتا تونۇشقا ئىگە بولدى. بۇنى ھەتتا دېھقانلارنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ئىدىيىۋى يۈكسىلىش دېيىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە بىز «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرنىڭ يەنە بىر مەنىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ھەققىدىكى سىياسىتىنىڭ ئوبرازلىشىشى ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. ئەمما، بۇ يەردىكى ئوبرازلىشىشنى ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئوبرازلىشىشىدىن كۆرە، دېھقان ساداسىنىڭ ئوبرازلىشىشى دېگەن تۈزۈك.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، روزى سايىت 1995 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىجادىيىتى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان دېھقانلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەكس ئەتكەن شېئىرلىرى بىلەن دەۋرنىڭ ئەڭ ياخشى كۈيچىسى، كېچىلەردىمۇ ئۇخلاپ قالمايدىغان قاراۋۇ-

لىغا ئايلاندى. تىلى ماقۇل دېگەن سۆز بىلەن ياق دېگەن سۆزنىمۇ تولۇق ئۆگەنگەن شائىر. جۇڭگونىڭ بۇ 100 يىللىق شائىرلارنىڭ ياق دېگەن ساداسىنى ناھايىتى ئاز چىقارغان، خوش ۋە ماقۇل دېگەن سۆز ئومۇمخورغا ئايلانغان بىر دەۋر بولدى. روزى سايىت «ماقۇل» ۋە «خوش» دېگەن ئومۇمخور ياڭراۋاتقان شارائىتتا بەزىلەرگە «ياق!» دېگەن سۆزنىڭ نەقەدەر سەت ئاڭلىنىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي «ياق!» دەپ خىتاب قىلدى. بەلكىم روزى سايىت گىتلېرنىڭ دەۋرىدە ياشاپ قالغان بولسىمۇ شۇنداق خىتاب قىلغان، ھەتتا گىتلېر شائىرنىڭ چۇقانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي «شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى» دەپ قاقشاپ كەتكەن بولار ئىدى.

## شائىرنىڭ ئىككى يۈزى

شائىر قارىماققا سەت ئادەم ئىدى. لېكىن بىر ئارىلاشسىڭىز، پىكىر ئالماشتۇرسىڭىز، شائىرنىڭ سەتلىكى شۇئان يوقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى قەيسەر، ھازىر جاۋاب، خۇش چاقچاق بىر ئادەم ئالىدۇ. مەن شائىرنى 1995–يىللاردىن كېيىن تونۇغاچقا، بۇ يىللاردا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەتنىڭ پىداكارلىقى يۈزىگە تېپىپ چىققاچقا، شائىرنىڭ سەتلىكىنى بايقىمىغانىكەنمەن. شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شائىر ھەققىدە قايتا ئويلاندىم، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى قايتا ۋاراقلىدىم، شائىر ھايات ۋاقتىدا ئارىلاشقان ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشتىم. سەزدىمكى، شائىرنىڭ يوشۇرۇنۇپ قالغان، بەزى جايلاردا كۆرسىتىپ قويىدىغان سەت بىر يۈزىمۇ بار ئىكەن.

سەتلىكنىڭ ئىككى مەنىسى بار، بىرى، شەكىل جەھەتتىكى سەتلىك، يەنە بىرى، قەلب جەھەتتىكى سەتلىك. شائىرنىڭ قەلبى گۈزەل بولغاچقىلا چىرايىدىكى سەتلىك يېپىلىپ كەتكەنىكەن.

ئەمما مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن شائىرنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.

شائىرنىڭ «دېهقان بولماق تەس» دېگەن بىر قاتار تەنقىد پۇراپ تۇرغان شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلاپلا «دېهقان كۈلكىسى» دېگەندەك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. مەن شۇ چاغدا شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇپ كۆڭلۈمدە دېهقانلىرىمىز شۇنداق ئوڭاي يىغلاپ، يەنە شۇنداق ئوڭاي كۈلەلەيدىغان بالا مىجەزلىشىپ كەتتىمۇ يا؟ دەپ ئويلىغان، دېهقانلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىدىن گۇمان قىلغانىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئۇيغۇر دېهقانلىرى كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنىڭ تۇتامى يوق ئادەملەر ئەمەس ئىدى. يىغلىسا زېمىن ھەسرەتتىن تىترەپ كەتسە، كۈلسە گۈل - گىياھلار شۇ كۈلكىنى ئۆز كۈلكىسى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدىغان خەلق ئىدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىلغان خىياللىرىم دېهقانلىرىمىزدىن بىھۇدە گۇمانلانغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. ئەسلى شائىر ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزىنى تەڭلا كۆرسىتىپ، كۈلكىگە ئېهتىياجلىقلارغا كۈلكە، يىغىغا ئېهتىياجلىقلارغا يىغا بەرگەنىكەن. مەن شائىرنىڭ بۇ ھالىغا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم، ئاخىر ئاچچىق كۈلۈۋەتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر شائىر قەلەم بىلەن ئەمەس، ھەرىكىتى بىلەن يازغان ساتىرا ئىدى! مەن شۇ يەردە ھېس قىلدىم: شائىر شېئىرنىڭ بۈيۈكلۈكىگە يەتكەندە قەلەمنىلا ئەمەس، ھەممە يېرى شېئىر يازىدىغان بوپكېتىدىكەن. بۇ شېئىرلارنى ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوقۇيالىشى ناتايىن، مەلۇم شېئىرىيەت ئىلمىدىن خەۋەردار ئادەملەرلا ئوقۇيالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# يازغۇچى — دەۋرنىڭ ۋىجدانى

سەنئەت، جۇملىدىن ئەدەبىيات دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى، دەۋر بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىگە سوئال قويالايدۇ ۋە بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالايدۇ. مەشھۇر يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف: «يازغۇچى — دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دېگەنىدى. يازغۇچى بولماق تەس ئەمەس، لېكىن دەۋرنىڭ ۋىجدانىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان يازغۇچى بول-ماق تەس.

نۇر مۇھەممەد توختى مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلارنىڭ بىرى-دۇر. خوتەننىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان بۇ يازغۇچىنىڭ يېشى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ يېشى بىلەن تەڭ، يازغۇچى ئالىي مەكتەپتە، يەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا ئۆگەنگەن. لېكىن، دەۋرنىڭ توختىماي زەرەتلىشى ئۇنىڭ قىزىقىشىنى ماتې-ماتىكىدىن ئەدەبىياتقا يۆتكىگەن، نەتىجىدە ئۇ 1984 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. 1984 - يىلى يازغۇچى 35 ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ سوغۇق قان، تەبىئىي پەن تەپەككۇرى بىلەن تويۇنغان قەلبى ئەينى دەۋر ئەدەبى-يات ساھەسىگە يېڭى روھ بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆزدە-تىش نۇقتىسىنىڭ يېڭى، پىكرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تېزلا ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇلدى، بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن مۇكاپاتلاندى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر دۇنياسىغا سۇنۇلدى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. يازغۇچىنىڭ ھازىرغا

قەدەر «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر»، «شەھلا كۆز»، «چۆل ئوغلى» قاتارلىق پوۋېست، ھېكايە، نەسر توپلاملىرى ئېلان قىلىندى.

## 1

نۇرمۇھەممەد توختى پروزىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىدۇر.

نەسر — پىكىرنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان، كۈچلۈك ھېسسىياتقا، پەلسەپۋى كەڭلىككە ئىگە ژانىر. نۇرمۇھەممەد توختى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يېڭى بولغان بۇ ژانىردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە پەلسەپۋى مەنىگە بايلىقى بىلەن ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئاچتى. تەقلىدچىلىك ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇر نەسرچىلىكى دەل نۇرمۇھەممەد توختىغا ئوخشاش بىرقانچە يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا يېڭى تەرەققىيات زېمىنىغا ئېرىشتى.

نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئېلان قىلغان نەسرلىرىنىڭ بىرى «بويناق توغرىسىدا خاتىرىلەر» دۇر. ئاپتور بۇ ئەسەردە «بويناق» ئىسىملىك يەرلىك كۈچۈكنى ھەر تەرەپتىن كۆزىتىدۇ. بويناقنىڭ چوڭ بولۇش جەريانلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەيدۇ ۋە ھەر بىر بۆلەكتە بىردىن خۇلاسە چىقىرىپ ماڭىدۇ.

«مەن» نىڭ بويناق ھەققىدىكى كۆزىتىشىدىن ئالغان بىرىنچى تەسىراتى: «ئىت دېگەن چوڭ ياكى كىچىك، سېمىز ياكى ئورۇق، بىچارە ياكى بىچارە ئەمەسلىكىگە قارىماي ئادەمگە خىزمەت قىلىدىكەن».

ئىككىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلار ئۆز

ئىگىسىگىلا قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىكەن».

ئۈچىنچى تەسىراتى: «ئىت دېگەن چىشلەپ ئويىنىشىدىكەن».

تۆتىنچى تەسىراتى: «ئىت ئۆز ئىگىسىدىنمۇ قىزغىنىدىكەن...»

بەشىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلار ئەركىلەتسە ئەرشكە چىقىدىكەن ئەمەسمۇ؟»

ئالتىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلار ئەنە شۇنداق، گېلەمگە سىيىشنى، پاكىز، گۈزەل ۋە شانۇ شەۋكەتلىك گىلەمنى بۇلغاشنى ياخشى كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ؟»

يەتتىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلار كىشىلەرنى يالاڭ ئاياغ قويۇشنىمۇ ئويلايدىكەن تېخى؟»

سەككىزىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلار ئىگىسىنى هامىي تونۇپ باشقىلارغا خىرىس قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟!»

ئون ئۈچىنچى تەسىراتى: «ئاچ كۆزلۈك ۋە ۋاپاسىزلىق ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدىكەن. ئۇلار ئوۋغا يارىمايدىكەن، بىز ئۇنى باغلاپ باقمىغان بولساقمۇ.»

ئون تۆتىنچى تەسىراتى: «يەرلىك نەسىلدىكى بەزى ئىتلاردا يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ياۋاشنى، ئاياللارنى، ئاجىز - مۆمىنلەرنى بوزەك قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟!»

يازغۇچىنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق نەسرلەر توپلىمى بىر ھېكمەت گۈلىستانى، ئۇيغۇرچە كىنايىلىك تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇنىڭ نۇرغۇن نەسرلىرى فېلىيەتونچە خۇسۇسىيەت بىلەن سۇغۇرۇلغان. «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» دېگەن ماۋزۇدىنمۇ يازغۇچىنىڭ تىلىدىكى ئۆتكۈرلۈك، پىكرىدىكى مەنتىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ نەسرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك لىرىك تۈسىنىڭ قويۇقلۇقىدۇر. «ئاپرېل — گۈل - چېچەكلىك ئاي، ئۇ يىپەك يۇرتىنى گۈل ھىدى بىلەن نەپەسلەندۈرىدۇ، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ھاياتلىقنىڭ قەلبىگە باشلاپ كىرىدۇ... ئۇ

گۈزەللىكنىڭ سېھرىي ھېسلىرىغا مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار تۇيغۇ- لىرىنى قوشۇپ، گۈگۈم پەردىسىگە ئورالغان تاڭ بوستانلىرىنى پىچىرلىتىدۇ، سالقىن ئۆستەڭ بويلىرىنى يېنىككىنە قاقاقلىتىپ كۈلدۈرىدۇ. خىلۋەت، پىنھانلارنى سۆيۈشنىڭ چوكۇلدىغان ئاۋا- زىنى ئاڭلاشقا نائىل قىلىدۇ...» («باھاردىكى كۆز يېشى» دىن)

«ئەدەبىي ئاخبارات» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ژانىر. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىن قارىغاندا سەمىمىيلىكى، چىنلىقى، رېئال ئادەم، رېئال ۋەقەلەرنى تەس- ۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. جا- ھانغا ماتېماتىكىغا خاس سوغۇق قان، سالماق پوزىتسىيە بىلەن نەزەر سالىدىغان نۇرمۇھەممەد توختى «ئەدەبىي ئاخبارات» تىن ئىبارەت ئالاھىدە ژانىردا خېلى زور مول ھوسۇلغا ئىگە بولدى. ئۇ «روزى سايىت ۋە خوتەن دېھقانلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا سان، پاكىت ئارقىلىق سۆزلەش، ماتېما- تىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

نۇرمۇھەممەد توختى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەندەك رې- ئاللىقنىڭ بىر تەرىپى ناھايىتى ئاچچىق. ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ئوڭاي ئەمەس. لېكىن، رېئاللىقنى پەردازلاش، رېئاللىقتىن قېچىش ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس. رېئاللىق ھەقىقىدى- كى راست سۆز بەزىدە رېئاللىقنىڭ ئۆزىگىمۇ ياقماي قالسىمۇ (چۈنكى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق)، ئۇ ماھى- يەتتە يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بىلدۈرگەن ۋىجدان ساداقىتىدۇر. بۇنداق ساداقەت ۋە جۈرئەت ناھايىتى ئاز يازغۇچىلاردا تېپىلىدۇ. بۇنداق يازغۇچىلار دەۋرنىڭ ئامىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2

نۇرمۇھەممەد توختى ھازىرغا قەدەر پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئامانەت»، «شەھلا كۆز»، «چۆل ئوغلى»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان پېشايۋاندا» قاتارلىق تۆت پوۋېست ئىجاد قىلدى، «چۆل ئوغلى» دېگەن پوۋېستنى بالىلار ئەدەبىياتىغا بېغىشلىدى. قالغان ئۈچ پوۋېستى ئىجتىمائىي تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ھەممىسىدە رازۋېدكا ئەدەبىياتى ئاساسىي ئىپادىلەش شەكلى قىلىندى. بۇ ئۇسۇل پوۋېست سۇژىتىغا تارتىملىق ۋە چىنلىق ئاتا قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇردى.

«ئامانەت» پوۋېستىدا جاپاكەش ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇلۇغۋارلىق، سەممىمىي ساداقەت، سەممىمىي دوستلۇق كۈيلەندى. ئالاھىدە شارائىت ئىچىدىكى ئىنسان خاراكتېرىدە يۈز بەرگەن پسىخىك ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلىنىپ، ۋىجدان ۋە ئىماننىڭ ئىنسان روھىدىكى سۇنماس تۈۋرۈكلۈك خاراكتېرىگە مەدھىيە ئوقۇلدى.

«شەھلا كۆز» پوۋېستىدا يېزا قىزى ساجىدەنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىپ، گۈزەللىكنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان تەسۋىرلىنىپ كېلىۋاتقان گۈزەللىك تراگېدىيىسى تېمىسى يېڭى روھ ۋە يېڭىچە قىياپەت بىلەن قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ساجىدەنىڭ گۈزەل شەھلا كۆزلىرى نېمە ئۈچۈن ئويۇۋېتىلدى؟ نېمە ئۈچۈن گۈزەللىك قىممەت، ئېتىبار تاپماي، گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى گۈزەللىك يارىتقۇچى دەپ قارىلىدىغان ئىنسانلار تەرىپىدىن يەرگە ئۇرۇلدى؟

ساجىدەدىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي پېرسوناژدا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا مەڭگۈلۈك بەند قىلىۋېتىلگەن ئازغۇنلۇق، دىلىغۇللۇق، شۇنداقلا پاكلىققا ۋە بەختكە ئىنتىلىشتەك خۇسۇسىيەتلەر قايتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

شەھلا كۆز — ساجىدەنىڭ قىسمىتى، بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتنىڭ ئىنئامى بولغان گۈزەللىكنىڭ تراگېدىيىسى بىزنى تەقدىر - قىسمەت، ئەخلاق، ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

«قارلىغاچ ئۇۋا سالغان پېشايۋاندا» دېگەن پوۋېست نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر بۆسۈشتۇر. پوۋېست تىلىنىڭ گۈزەللىكى، سۇژېتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن تۇل چوكان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، تۇل چوكاننىڭ مۇئەللىم سۆيگۈنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەت، ئۈچ كىشىنىڭ ئۈچ خىل بەختسىز تەقدىرى كاللىمىزدا ھايات دېگەن زادى نېمە؟ بەخت دېگەنچۇ؟ دېگەن سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئەسەردىن مۇنداق يەكۈنگە كېلىش مۇمكىن:

دەۋرنىڭ بەختسىزلىكى شەخسنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە ئۇنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەككە - يېگانە ئەمەس. زامان، ماكان ۋە ئادەم ھاياتنىڭ ئۈچ بۆلۈكى، بۇ بۆلۈكلەر ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ. زامان ۋە ماكاننىڭ تراگېدىيىسى ئادەمنىڭ تەقدىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ھېكايە ئىجادىيىتى نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۆزگىچە تەمى، ئۆزگىچە پەلسەپىۋى يەكۈنلىرى بىلەن زاماندىش ھېكايىچىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئىپادىلەنگەن تراگېدىيە ۋەزنىنىڭ، خېلى ئۇزۇنغىچە يۈرەكتىن ئاجرىمايدىغان تراگېدىيىدۇر. بۇنداق تراگېدىيىنىڭ گۈزەللىكىمۇ ئادەمدە ھايات، شەخس، تەقدىر، زامان، ماكان ھەققىدە سوئال پەيدا قىلغۇچى گۈزەللىكتۇر. نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ھېكايىلىرىنى پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پېرسوناژ خاراكتېرى، باش تېمىسىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئاساسەن بىر نەچچە تۈرگە بۆ-

لۇش مۇمكىن.

بىرىنچى تۈردىكى ھېكايىلەر — رېئاللىق بىلەن ئەپسانە، غەيرىيلىك بىرىكىپ كەتكەن، ئالاھىدە شارائىتتىكى ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھېكايىلەر. ئەسەر سۇژىتىغا ياكى پېرسوناژلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى جەريانىغا بىمە-نىلىكنى ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا سىڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزگىچە بىمە-نىلىك مەنتىقىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بۇ ھېكايىلەرنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى. بۇ بىمەنىلىكنى ھېچكىم تۇرمۇش رېئاللىقىغا ئۇي-غۇن ئەمەس دەپ قارىمايدۇ، بەلكى بۇنداق بىمەنىلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تەبىئىيلىككە ئىختىيارسىز قايىل بولىدۇ. مەسى-لەن، نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ زىلزىلە قوزغىغان ھېكايىسى «يې-گى قوشنا» (بۇ ھېكايە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا خەنزۇ-لار ئارىسىدىمۇ تەسىر قوزغىغان، بىر نەچچە ئوبزورچى بۇ ھەققتە ماقالىمۇ ئېلان قىلغان) دەل مۇشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ھېكايىدە ماشىنىچى ئۇستام باستىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭ قوشنىسى — يېقىندىن كۆچۈپ كەلگەن چىرىك ئەمەلدارنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلىنىدۇ. يېڭى قوشنا، يەنى مەلۇم ئىدارىنىڭ مەسئۇلى دىيانەتسىز، ئارقا ئىشىك ئارقىلىق چۈتنىكنى تومىلاش-نى ئادەتكە ئايلاندۇرغان شەخس. بىر كۈنى بۇ باشلىققا كۆز تېگىدۇ، ئۇ ئەمىلىدىن ئايرىلىپ تەكشۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھالال - ھارام دەپ ئايرىمايدىغان بۇ باشلىققا دۆي كېسىلى دەپ ئاتىلىدىغان يەپ تويغىنىنى بىلمەيدى-غان، ھەر دائىم پېيىشكە ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان بىر كېسەل چاپلىشىدۇ.

دۆي كېسىلى بىر خىل ئەپسانىۋى كېسەل، يازغۇچى بۇ يەردە ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنى زىچ كىرىشتۈرۈپ ئۆزگىچە ئېس-تېتىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ بۇنداق ھېكايىلىرىدىن يەنە «باھاۋۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن ھەقمۇھەممەد» ، «پىشكەللىك» ، «قۇيرۇق» ، «يىغا چول-
پىنى» قاتارلىقلار بار.

ئىككىنچى تۈردىكى ھېكايىلەر — پاش قىلىش، ھەجۋ قىلىش تىپىدىكى ھېكايىلەر. پاش قىلىش، ھەجۋ قىلىش دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ھېكايىلەرگە بىۋاسىتە سۈپەت قىلىنىشى ھېكايىنىڭ ئىستېتىك پەللىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ ياكى بۇنداق دېيىش ھېكايىنىڭ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىجتىمائىي ماقالىلەرگە، گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئىنكاسلارغا ئوخشىتىپ قويىدۇ. نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ پاش قىلىش، ھەجۋ قىلىش تىپىدىكى ھېكايىلىرى ھەرگىز ئىستېتىك خۇسۇسىيىتى ئىنكار قىلىنغان ياكى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ھېكايىلەر ئەمەس، بەلكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى، ئوبرازلىرىنىڭ چىنلىقى بىلەن مەشھۇر ھېكايىلەردۇر.

چەت ئەل ئەدەبىياتىدا تۈركىيىلىك ئەزىز نەسىن بۇنداق ھېكايىلەرنى يېزىپ غايەت زور شۆھرەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى دۇنيا ھەجۋىي ھېكايىچىلىقىنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارالدى. ئەزىز نەسىن ئۆز ھېكايىلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن ئەسلى خەقنى يىغلىتىپ تاشلىسام دېگەن ئويدا ھېكايە يازىمەن، لېكىن كىشىلەر ئۇنى ھەجۋىي ھېكايە دەپ ئاتىشىدۇ» دەيدۇ. نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ھېكايىلىرىمۇ دەل شۇنداق ھېكايىلەردۇر. يازغۇچىنىڭ «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» دېگەن ھېكايىسى دەل مۇشۇنداق ھېكايىلەرنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى ياسىن ھوشۇر ئىسلاھات جەريانىدا بېيىشنى خىيال قىلىسىمۇ، ئىقتىدارسىزلىقتىن بېيىيالمىغان دېھقان. تاسادىپىي بىر پۇرسەت ئۇنىڭ بېيىش ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدۇ، ھەيدەپ كېتىۋاتقان، بازاردا 60 يۈەنگىمۇ يارىمايدىغان ئېشىكى تاسادىپىي ھالدا كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ قاتناش ۋەقەسى ياسىن

www.uyghurkitap.com

ھوشۇرغا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. شوپۇر قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئاۋارىچىلىكتىن قاچقانلىقتىنمۇ، ياسىن ھوشۇرغا 300 يۈەن تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا بېيىش ھەققىدە ئىنتايىن رەزىل پىلان پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قېرى، پۇلغا يارىمايدىغان ئېشەكلەرنى سېتىۋېلىپ، قەستەن ماشىنىغا سوقتۇرۇۋېتىپ شوپۇرلاردىن پۇل ئۇندۇرۇۋالىدىغان «بېيىش كەسپى» يولىغا قەدەم قويىدۇ. ئاخىر بىر كۈنى ماشىنا ئاستىغا ئىتتىرگەن ئېشىكى ماشىنىغا سوقۇلماي، ئۆزى سوقۇلۇپ كېتىپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ھېكايىدە ئاپتور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشىنى، ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ياتلىشىش، مۇھەببەتسىزلىكنى تەنقىد قىلىدۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق يەنە بىر مەشھۇر ھېكايىسى «ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي» دۇر.

كىچىك ناھىيىدە ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى بۇ ھاراقنى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا سوۋغا قىلىدۇ. باشلىق بۇ ھاراقنى ئىچىپ تۈگىتىشكە كۆزى قىيماي بازارغا سالىدۇ. پېنسىيىگە چىقىپ دۇكان ئېچىۋالغان بىر ئەمەلدارنىڭ سوۋغات بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان دۇكىنىدا بۇ ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى شۇنىڭدىن كېيىن تەكرار ئون يىل سېتىلىدۇ. بوتكىچى مۇشۇ ئون يىل جەريانىدا ئىككى بوتۇلكا ماۋتەيدىن نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىر سوۋغات بېرىش ئۈچۈنلا تەكرار سېتىلىۋاتقان بۇ ھاراقنى ئىچىۋېلىپ ئورنىغا سۇ ياكى باشقا ھاراق قاچىلاپ قويۇش قارارىغا كېلىدۇ.

ئىككى بوتۇلكا ماۋتەينىڭ سودىسى كەينىگە نۇرغۇن سوئال يوشۇرۇنغان، ئاپتور بۇ ھېكايە ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇھىم ھەققىدە كەسكىن سوئال قويغان.

يازغۇچىنىڭ «تامغا»، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «يەنە بىر ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ھېكايىلەردىندۇر.

ئۈچىنچى تۈردىكى ھېكايىلەر — ئىنسان خاراكتېرىنى، ئالاھىدە شارائىتتىكى ئالاھىدە كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى، ھايات ھەققىدە ئىزدىنىش تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ھېكايىلەر بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى بۇ ھېكايىلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنسان خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەڭگۈلۈك تېما، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى. ئىنساننى چۈشىنىش، ئىنساننى ئىزدەش، ئىنسانغا ھېسداشلىق قىلىش يازغۇچىلار بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئەڭ ئاخىر بېرىپ يېتىدىغان يۈكسەك پەللە. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىل ھېكايىلىرىدىن بۇنداق ئەسەرلىرىنى يۇقىرى قويىمىز. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى ھەمىشە باشقا تۈردىكى ئەسەرلەردىن ئۈستۈن بولىدۇ.

«ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ بۇنداق ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ ھېكايىنى ھازىرقى زامان مەسىلى دەپ قاراش مۇمكىن. لېكىن، بۇ مەسەل ئۇيغۇرچە خاراكتېرگە ئىگە مەسەلدۇر. خەلقنى قوزغىلاڭغا ئۈيۈشتۇرۇپ دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھ دەپ نام ئېلىپلا ھەممە قوزغىلاڭچىنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز قېلىش، ئالتە كۈنلا پادىشاھلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدراكى تامامەن قوبۇل قىلالايدىغان بىر مەسەل.

«قوشتاغدىكى مۇشائىرە» نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ بۇ تۈردىكى شېئىرغا ئوخشاش گۈزەل ۋە تەسىرلىك قىلىپ يازغان يەنە بىر ھېكايىسى. ھېكايىدە تەجەللى، پۇرقەت، موللا سەئدۇللا، ئىسمائىل ھاجى قاتارلىق ئۇيغۇر يېقىنقى دەۋر كلاسسىك شائىر-

لىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئالىي مەقاملىق مۇشائىرىسى بايان قىلىنىپ مەدەنىيەتىمىز، ئادەمگەرچىلىكىمىز، بەدىئىي دىتىمىز گۈزەل تىللار بىلەن كۈيلىنىدۇ.

ياخشى يېزىلغان ھېكايىلەردە شېئىرىي خۇسۇسىيەت ناھايىتى مول بولىدۇ ياكى بۇنداق ھېكايىنىڭ ئۆزى شېئىردۇر.

نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك»، «سېخىي سەن ئانا دەريا يۇرۇڭقاش» دېگەن ھېكايىلىرىمۇ دەل شۇنداق ھېكايىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

قىسقىسى، نۇرمۇھەممەد توختى ئەسەرلىرىدە ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ. ئادەمگە مۇھەببەت بەردى. زامانىۋىلىق بىلەن قالاقلىق، ھازىرقى زامانچىلىق بىلەن ئەنئەنە، ئىسلاھات بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقان، ئىجتىمائىيلىقنىڭ بېسىمى بىلەن ئىنسانىي خاراكتېرىدىن چەتنىگەن كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. بۇنداق كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلدى.

## 3

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى گوركىي «تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى» دېگەنىدى.

كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، يازغۇچىلار مىللەتنىڭ تىل ئۇستازلىرىدۇر. ئۇلار مىللىي تىلنى بېيىتىدۇ. لېكىن، 1980 ـ يىللاردىن كېيىن كۆللەنگەن تەرجىمە ئەدەبىيات تەرجىمە نەزەرىيىسىنىڭ كەمتۈكلۈكى ۋە بەزى تەرجىمانلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ قاتماللىقى تۈپەيلىدىن ئەسلىي تىلنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى، سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكىنى تەرجىمە جەريانىدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ساقلاپ قېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. چەت ئەل ئەدەبى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشىغا بولغان چوقۇنۇش تۈپەيلىدىن بۇنداق تەسىر يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىگىمۇ يۇقتى.

نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن بۇيان ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىش خاھىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن جۇملىلەرنى، مەجھۇل جۇملىلەرنى ئىشلەتمىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى بەك-مۇ يېپىيشقاق، چۈشىنىشلىك، راۋان، نۇرمۇھەممەد توختى مىل-لىي تىلنىڭ ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپ.

نۇرمۇھەممەد توختى يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ باي، ئىپادى-لەش ئىقتىدارى يۇقىرى دىئالېكتلىرىدىن بىرى بولغان خوتەن دىئالېكتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكتىدىن ئورۇن ئالدى.

گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، نەزەرىيىچى شوپېنخاۋېر يازغۇچىلارنى بىر نەچچە تىپقا بۆلگەن. ئۇ يازغۇچىلارنى تىپقا ئايرىپ: «يازغۇچىلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرىنچى تۈرلۈك يازغۇچى ئويلانمايلا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىدۇر. بۇلار ئۆزىنىڭ خاتىرىسى، ئەسلىمىسىدىن، ھەتتا باشقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئىلھامغا ئېرىشىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك يازغۇچىلار ئويلىغاچ يازىدىغان يازغۇچىلاردۇر. ئۇلار يېزىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلى-دۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى يازغۇچىلار ئويلىنىپ بولۇپ يازىدىغان يازغۇچىلار بولۇپ، بۇنداق يازغۇچىلار ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان ئېسىل يازغۇچىلاردۇر» دېگەن. نۇرمۇھەممەد توختى بۇ ئۈچ خىل يازغۇچى تىپى ئىچىدىكى ئويلىنىپ بولۇپ ئاندىن يازىدىغان يازغۇچىدۇر. شوپېنخاۋېر يەنە: «ئويلىنىپ بولۇپ يازىدىغان يازغۇچىلار ئىچىدە شەيئىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلالا-يدىغان يازغۇچىلار ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. ئۇلار شەيئى ماھىيى-تىنىڭ غىدىقلىشى تۈپەيلىدىن تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇلار ئۆلمەس

يازغۇچىلاردۇر» دېگەن. نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى تەپەككۇرىمۇ دەل مۇشۇنداق تەپەككۇردۇر. ئۇ يېزىش ئۈچۈن يازمىدى، بەلكى ئەتراپىدىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ غىدىقلىشى ئۇنىڭ قەلبىدە ھېكايىلەرنى پەيدا قىلدى.

# بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى زادى قانچىلىك

يېڭى ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كال-
لىسىدا ئۆتمۈش ھەققىدە قايتا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتى پەيدا قىل-
دى. بۇ زۆرۈرىيەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا رېئال باھا بېرىش مەسىلىسىدۇر.
گەرچە بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى ناھايىتى توغرا ئۆلچەپ بېرىدىغان بىرەر خاسىيەتلىك تارازا
بولمىسىمۇ، قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ھەر-
قايسى دەۋرلىرىگە باھا بېرىشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ ئۆزى
مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باھا بېرە-
لەيدىغان ئۆلچەم بولالايدۇ. گەرچە بۇ ئۆلچەملەرنى بىردىنبىر ۋە
ئەڭ توغرا ئۆلچەم دەپ قارىيالمىساقمۇ، ھەر ھالدا ئەدەبىياتىمىز-
نىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىغا بىر قەدەر ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي باھا
بېرەلەيدىغان ھەم ئۇنى باھالاش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقا-
لايدىغان ئۆلچەملەردۇر. ئەسىردىن ئەسىرگە ھالقىيدىغان بىر
پۇرسەتتە ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەملەر بىلەن ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باھا بېرىپ كۆرسەك زىيانلىق ئە-
مەس. جامائەتكە ئاشكارا بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا
ئېرىشكەن باھا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول
ئوينايدۇ. ئەدەبىياتىمىزغا بولغان كۆز قاراشلارنى ھېسسىياتچان-
لىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىلمىيلاشتۇرىدۇ.
ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى زادى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قانچىلىك؟ ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بىرى يۈز بەرگەن گۈللىنىش مەنزىرىسى ساختا گۈللىنىش مەنزىرىسىمۇ ياكى ھەقىقىي ئەدەبىي گۈللىنىشنىڭ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟

## 1

ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە ئەڭ ھەل قىلغۇچ تەسىر قىلىدىغان ئامىل. چۈنكى، ئەدەبىي ھادىسىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى زېمىنىدا كۆكلەپ چىققان ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئارقىلىق ئۆز باھاسىغا ئىگە بولىدۇ. ئوبزورچىلىق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى باشلاپ ماڭىدىغان سەركىگە، باقىدىغان مالچىغا ئوخشايدۇ. ناۋادا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىلمىيلىكتىن يىراق ۋە ياكى شۇ مىللەت ئەدەبىياتى زېمىنىدا كۆكلەپ چىقمىغان، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن تېرىپ قۇراشتۇرۇلغان بولسا، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئىلمىي باھاغا ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەرسلىكى. ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگۈچىلەر مىللىي ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ يادروسى. دېمەك، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ سەۋىيىسى بىۋاسىتە ھالدا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.

ھەر قايسى مىللەتتىكى ئەدەبىي ژانىرلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلاردا بەزى مىللىي پەرقلەر يوق ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن شۇ ژانىرغا بېرىلگەن تەبىرىمۇ مىللىي خاسلىققا ئىگە

بولىدۇ. بۇ خىل مىللىي خاسلىق ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. باشقا بىر مىللەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ژانىرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن يەنە بىر مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىياتنى باھالاش ئومۇمىي جەھەتتىن خاتادەك كۆرۈنمىسىمۇ ئىنچىكىلەپ كۆرسەك، مەلۇم يېتەرسىزلىكلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. قىسقىسى، بۇ خىل ئۆلچەم ياكى تەبىر مىللىي ژانىرنىڭ كېلىش يولىنى، توپ ئالاھىدىلىكىنى شەرھلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئېتىبارغا ئالماي مەجبۇرىي ھالدا خەلقئارالىق شەرھلەرنى كىرگۈزسەك، ئاڭسىز ئىلمىي خاتالىق يۈز بېرىپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىمىز خاتا يېتەكلىنىشكە ئۇچراپ قالىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى كىتابلىرىدىكى قاتماللىق، ئىچىدە ئىزدىنىشنىڭ بولماسلىقى نۇرغۇن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى جاۋابسىز قويىدى. ھەتتا جاھان ئەدەبىياتىدا خېلى بۇرۇنلا مۇھاكىمە قىلىنىپ ھەل بولۇپ قالغان «ئىنسان خاراكتېرى» مەسىلىسى 1980 ـ يىللاردا بىزدە قايتا مۇھاكىمە قىلىندى. بەزى نەزەرىيەچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىمىزدىكى بىر پاجىئە ئىدى. شوپېنخاۋېرنىڭ يازغۇچىلارنى تۇرغۇن يۇلتۇز، سەييارە، ھەمراھ دېگەندەك تىپقا ئايرىيدىغان ماقالىسى 1995 ـ يىللاردا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جاھاندا شۇنداق ئايرىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزدى. ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئايرىشتىن خەۋەر تاپقاندا، شوپېنخاۋېرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا 200 يىلدەك ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئەدەبىيات نەزەرىيىمىزدىكى بۇ خىل گۆدەكلىك، ئارىيەت ئېلىنغان نەزەرىيىلەرگە تاي-

www.uyghurkitap.com

ىنىپ قىلىنىش خاھىشى ھازىرمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولماقتا.

## 2

ساغلام ئوبزورچىلار قوشۇنىغا ئىگە بولمىغان ئەدەبىيات تەرەققىيات يولىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بولمىغان ئەدەبىياتتۇر. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت ئەدەبىياتنىڭ سادىق ھەمراھىنى ئىلمىي چۈشەنمەسلىك، قارىمۇ قارشى پىكىرلەرنىڭ چىقىشىنى نورماللىق ھېس قىلالماسلىق، مۇنازىرىدىن قورقۇش كۆز ئالدىمىزدا تاشلىنىپ ياتقان ئەڭ ئەمەلىي مەسىلىدۇر.

ئەدەبىي تەنقىد مىللىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ بىنەم يېرىدۇر. مىللىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئىلمىي مۇلاھىزىلىرى ئاساسىدا ئۆزىنى بېيىتىدۇ. مەنە قاتلىمىنى كېڭەيتىپ تېخىمۇ ئىلمىيلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىد سەنئىتىنىڭ تېخى قوزغىلىش پەللىسىدىن چىقالماسلىقى، ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئەقەللىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارماي ئۇنى ئىلمىي ئۇنۋان تەنقىدچىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى، قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ يۈرۈشى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگە ئەجەللىك تەسىر يەتكۈزدى.

ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ ساپاسىغا نەزەر تاشلىساق، مۇھەممەد پولات، يالقۇن روزىدەك ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز بولسىمۇ، ئوبزورچىلار قوشۇنىنىڭ پۈتۈن كۆلىمىدىن قارىغاندا، ھادىسە تەنقىدشۇناسلىقى ئەڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت يولىمىز بولۇپ قالدى. تەنقىدچىلىقتىكى كۆپ قاتلاملىق بىزدىن بەك يىراقتا، تا ھازىرغا قەدەر مىللىي رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى قەيەردىن ئېلىنىشى كېرەك؟ مەۋجۇت دەۋرنىڭ يازغۇچىغا قويغان

تەلىپى نېمە؟ دېگەندەك ئەقەللىي سوئاللارغىمۇ تۇزۇك جاۋاب بېرەلمىدى. شۇ تۇپەيلىدىن نۇرغۇن ئەدىبلەر ئىجادىيەت كوچى-سىدا چىقىش يولى تاپالماي، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلى-يالماي ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى تونۇشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي يۇرۇ-ۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەدەبىيات قوشۇنىدىكى ئورۇنسىز قۇربان بېرىشنى كۆچەيتىپ، نۇرغۇن تالانتلىق مايىسلارنى نابۇت قىلىپ تاشلىدى.

ساقلىنىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ئۇچۇن ئىبرەت ۋە ئۆگىنىش ئۆرنەكلىرى تىكلەپ، ئۇلارنى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات يولىدىن خە-ۋەردار قىلىش، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاش-تۇرۇشتا كېلىشتۇرگۈچىلىك رولىنى ئويناش روھى كەم.

3

ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئەڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇ-ھىم ئامىل. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم يازغۇچىلار قاتارىنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر مىللەت ئەدەبىياتى ھەرگىز بىر ياخشى رومانىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، بىر نەچچە ياخشى ھېكايىنىڭ يېزىلغانلىقى بىلەن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ھېسابلانمايدۇ. ياخشى رومان يازىدىغان، ھېكايە يازىدىغان يازغۇ-چىلار توپى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇتىدىغىنى نەچچە يۈز پارچە ئەسەر ئەمەس، بىر ياكى بىرنەچچە ئۇسلۇبقا ئىگە يازغۇچى.

ئەدەبىي ئېقىممۇ ھەممە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش شوئارىنىڭ ھەقىقىي تۇردە ئەمەلگە

ئېشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلارنىڭ بىر ئەدەبىيات زېمىنىدا بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى بەدىئىي تەپەككۇرنى بېيىتسا، كىتابخانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئېقىم بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ قويۇقلۇقى تۈپەيلىدىن تارىختا نۇرغۇن ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە يازغۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، شەكىللىنىۋاتقان ئۇسلۇب قاتارىنى كۆرەلەيمىز. ئەدىبلىرىمىزنىڭ تېما تاللاش، تىل ئىشلىتىش، دۇنيا قاراش، ئوبراز يارىتىش، تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خاسلىقلىرى ئايان بولماقتا. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاللىشىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە شۇ تەلەپنى قويىدى. يازغۇچىلاردىن مەمتىمىن ھوشۇر، نۇر مۇھەممەد توختى، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، ھۈسەيىن تاش قاتارلىقلارنى، شائىرلاردىن قۇربان بارات، بۇغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئادىل تۇنىيازلارنى ئۇسلۇب ياراتقان ياكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش يولىغا قاراپ ماڭغان ئىجادىيەتچىلەر، دەپ قارىيالايمىز.

ئەدەبىي ئېقىم مەسىلىسىگە كەلسەك، 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇنىڭدىن سۆز ئېچىش تەس ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئەدەبىي ئېقىمنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشەنمىگەن. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزنالىرى كۆرۈندى. 1990 ـ يىللاردا بۇ ئىزنالار تېخىمۇ قويۇقلاشتى. لېكىن، ھازىر بىز تېخى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئېقىم بارلىققا كەلدى، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز ياكى ئېيتساق بولمايدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى ھازىرقى

ئەھۋالنى ئەدەبىي ئېقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولغان شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارالسا، سەل مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن.

## 4

بەدىئىي تىپ مەسىلىسى مىللىي ئەدەبىياتتىكى خېلى ئۆتكۈر مەسىلە. ئەدەبىياتنىڭ تىپلار قاتارى ھاسىل قىلغان - قىلالمىغانلىقى يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىللىي تۇرمۇشنىڭ مىللىي بەدىئىي تىپلار ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى ئەدەبىياتنىڭ پاجىئەسى. مىللىي ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىدىكى بايراقلىق رول بىلەن بىر مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، بەدىئىي تىپ ئادەتتە ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكى، ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتىدە ئۇ بىر دەۋرنىڭ نۇرغۇن ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە جەملىگەن بولىدۇ. يەنە ئۆزىگە يارىشا ئورتاقلىق ئاساسىدىكى يۇكسەك دەرىجىدىكى خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. تارىختىكى تاھىر - زوھرە، نەسىرىدىن ئەپەندى، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇملار ئەڭ ياخشى تىپلاردۇر.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گەرچە بىز نۇرغۇن پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە تىپقا ئوخشاش ئېغىرلىق بولماي قالدى. 1980 - يىللاردىكى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا، گۈزەلئايلار تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئاز قالغان بولسىمۇ ئۆز خاراكتېرىدىكى سۇنئىيلىك ۋە ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن يەنىلا دەۋر ھالقىيالمىدى. تىپ ماھىيەتتە دەۋرنىڭ سىنىقىدىن

ئۆتۈپ بىر مىللەتنىڭ روھىيىتىنى خېلى بىر مەزگىلگىچە يورۇ-تۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسىر بىز ئويلىغاندەك تېپسىز ئۆتۈپ كەتمىدى. «كۈتۈلمىگەن قوش تويى» دېگەن درامىدا تاسادىپىي يارتىلىپ قالغان سايىم نوچى ئوبرازى ئىنتايىن تېزلا خەلق ئارىسىغا ئومۇملىشىپ ئىدىئوملۇق مەنىگە ئىگە بولدى.

يۇقىرىقى ئۆلچەملەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنى بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇمىدمۇ يوق ئەمەس. ئەدەبىياتىمىز نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىش ئارقىلىق ساغلام بىر تەرەققىيات يولىغا كىردى ياكى كىرىشكە باشلىدى. ئەدەبىياتىمىزدا يۇقىرى كەسپىي ساپاغا ئىگە ئەدىبلەر قوشۇنى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتىمىز 1980 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتى. 1990 - يىللار ئۇنىڭ ئۆز قەددىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇش، ئۆزىگە سوئال قويۇش دەۋرى بولدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ ساغلام تەرەققىياتى يېڭى ئەسىر قوينىدا بولۇشى مۇمكىن...

# باھاسىز قىلىۋاتقان ئەدەبىيات ۋە داۋاسىز قىلىۋاتقان يازغۇچىلار توغرىسىدا

## 1

ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۆيىتىم ۋە ئانچە ـ مۇنچە يېزىقچىلىق قىلىپ قويغانلىق سەۋەبىدىنمۇ، ئۆزۈمنى قويۇق ئەـ
دەبىيات مۇھىتى ئىچىدە ياشايمەن، دەپ قارايمەن. دوستلىرىمـ
نىڭ خېلى كۆپى ئەدەبىيات بىلەن ھەپىلىشىدۇ. بەزىدە ئەتراپىمـ
دىكى مۇھىتقا قاراپ خاتا تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمـ
مىسى ياكى زور كۆپچىلىكى ئەدەبىياتچىمۇ يا، دەپ ئويلاپ قالىـ
مەن. قىسقىسى، ئەدەبىياتچىنىڭ سانى كۆزۈمگە بەك كۆپ كۆـ
رۈنۈپ كېتىدۇ. بەزىدە قويۇق ئەدەبىيات ھاۋاسى يۈرىكىمنى
تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك، تىنالماي قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىـ
مەن، بۇ خىل مۇھىتتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكۈم كېلىدۇ.
ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ «ئەدەبىيات» دېگەن ساداسى قۇلىقىمغا
شۇنچىلىك زەئىپ، زېرىكىشلىك ئاڭلىنىدۇ. لېكىن، كىتابخانىـ
لارغا كىرىپ ئەدەبىي كىتابلارنىڭ تىراژىغا نەزەر تاشلىغىنىمدا،
پۈتۈن جاھاننى ئەدەبىياتچى قاپلاپ كەتتىمۇ يا؟ دېگەن گۇمانىمـ
نىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بايقايمەن، 4 ـ 5 مىڭ تىراژدا
زورۇقۇپ تارقىتىلىۋاتقان كىتابلار مېنى رېئاللىققا قايتۇرۇپ
كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆزۈمدىكى خاتالىقنىڭ تېگىگە يېتىمەن.
ئەسلىدە مەن ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئۆزىمىز قۇراشتۇرۇۋالغان

بىمەنە چەمبىرەك ئىچىگە مەجبۇرىي كىرىۋالغان ئىكەنمەن. ھەر كۈنى بىرەر ئېغىز ئەدەبىيات ھەققىدە گەپ قىلماي ياشايدىغان كىشىلەر بەكمۇ كۆپ ئىكەن. مانا بۇ مېنىڭ تراگېدىيەم ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىيات چەمبىرىكىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن «ئەدىب» نىڭ تراگېدىيىسى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەدەبىيات ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر، ئەدەبىيات ساھەسىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە دىققەتكە سازاۋەر. بۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت كەسىپكە بولغان پەرۋانىگە خاس پىداكارلىقى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ. لېكىن، ئەدەبىيات چەمبىرىكىدىن چىقىپ كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قۇربان بېرىش روھى ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. ئەدبىيات چەمبىرىكىنىڭ نۇرغۇن تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەملەرنى تۇخۇمغا ئوخشاش پاخشە قىلىپ تاشلىغىنىنى كۆرگىنىڭىزدە يۈرىكىڭىز ئېچىشماي قالمايدۇ. بۇ چەمبىرەك ئىچىدىكى بېرىلگەن قۇربانلارنىڭ بەكمۇ ئەخمىقانە ھالدا قىلچە پارلاش ھاسىل قىلالماي، ئۆز ئەتراپىدا قىغ دېسە ھېچنېمىگە پايدا قىلمايدىغان، ئەخلەت دېسە ئەمەس، ئىنتايىن يېنىك، كىشىنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان ئەدەبىياتقا خاس بىر خىل چىرىندىلارنى ھاسىل قىلىۋاتقانلىقى تەپەككۇرىڭىزنى ئاچچىق قىلىدۇ. ئەسلىدە ئىنساندىكى قۇربان بېرىش روھى ئىنساننى يېڭى مەقامغا ئىگە قىلىدىغان، ئۇنى يېڭى تەپەككۇر پەللىسىگە ئۆرلىتىدىغان، ئىنساننى ئىنسانىي تاكامۇللۇققا يەتكۈزىدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك روھ ئىدى. تارىختىكى نۇرغۇن كىشىلەر قۇربان بېرىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل شېئىرىي پەللىسىنى ياراتقانىدى. يىراقنى قويۇپ يېقىننى ئېيتقاندىمۇ، ئۆمۈر بويى خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقىنى كۈيلىگەن، خەلقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ھاياتىنى 32 يېشىدا بىر گۈزەل شېئىرغا ئوخشاش قىلىچ بىسىدا ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۇنىڭ ھاياتىنى، ئىنسانلىقىنى ئاجايىپ زور



www.uyghurkitap.com

پارلاقلىقتا ئىنگە قىلىنغاندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يازغانلىرى ئەڭ ياخشى شېئىرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالماي، ھاياتىمۇ ئەڭ گۈزەل شېئىر. ئۆلۈمى بولسا ئالدىنقى ئىككى شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەك پەللىسى. لېكىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى پەللىسىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىياتتا بولغان پەرۋانىگە خاس پىداكارلىقى ۋە قۇربان بېرىش روھى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پىداكارلىقى ۋە قۇربان بېرىش روھى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدى- غان، كەسىپ ئۈچۈن قۇربان بېرىش دېسە ئۇنداق ئەمەستەك، تۈرلۈك نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، غايە ئۈچۈن قۇربان بېرىشمىكىن دېسە، غايىسىنىڭ تۇتامى يوق، خەلق، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشمىكىن دېسە، زەئىپ چۇقانلىرىدىن خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماق بەسي مۈشكۈل، كېسەل تەگ- كەن قۇربان بېرىشتۇر.

نېمە ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتىسىلەر؟ دەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سورىسىڭىز، كۈتمىگەن ئۇلۇغ جاۋابلارنى ئاڭلايسىز. ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن ھازىر ئۇلۇغلىنىۋاتقان ھەممە مەنىلەرنى تېپىش مۇم- كىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ جاۋابى باھالاش كېلىش ئالدىدا تاملارغا يېزىپ قويۇلغان يالتىراق شوئار، ۋەدىلەرگە ئوخشايدۇ. شەھەر تاملىرىغا يېزىپ قويۇلغان «خەلقىنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرىدۇ» دېگەن شوئارغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدۇ. ئەسلى خەلقىنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرسا ئەڭ توغرا بولاتتى، شەھەر ھەقىقىي خەلقىنىڭ شەھىرىگە ئايلىناتتى. لېكىن، شوئار چاپلانغان تامنىڭ كەينىدىكى قارىغۇلارچە، پىلانسىز قۇرۇلۇش ھەممىشە شوئارنى مەسخىرە قىلىپ تۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلار بۇنداق شوئارلارغا بەكمۇ كۆنۈك. «ئەدىب» لەرنىڭ سۆزى بىلەن ھەرى- كىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ بەكمۇ يىراقلىقى، «ئات ئايلى- خانغا، يول سارىخانغا» كېتىۋاتقان ھالەت سىزنى كۆڭۈلسىز قىلماي قويمايدۇ.

نەق گەپكە كەلسەك، پىداكارلىرى شۇنچە كۆپ، قۇربان
بېرىش روھىغا ئىگە ئەدىبلىرىمۇ ئاز ئەمەس بىر مىللەت ئەدەبىيا-
تىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئەدەبىي تەنقىد نەزىرىنىڭ سىرتىدا قېلى-
شى مۇھاكىمىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسىدۇر. مەن ئەسلى بۇ
ھەقتە پىكىر قىلىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان، ئەدەبىيات
ھەققىدىكى باھالىرىمنى ئەدەبىيات دەرسىدە مۇنبەردىلا ئېيتىپ
تۈگىتىپ، ئەدەبىيات مۇھىتىدىن بىر ئايرىلىپ كېتەيچۇ، دەپ
سىرتقا چىقىدىغان ئادەم بولساممۇ، بىرىنچىدىن، ئۆزۈمدىمۇ ئە-
دەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان پىداكارانە ۋە
تەخىرسىز يۈرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، مەن ئەدە-
بىيات ھەققىدە بەزى گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەندىكىن، ئۆز ئەسەر-
لىرى ھەققىدە باھا ئاڭلاشقا تەشنا نۇرغۇن ئەدىب دوستلىرىم
ئۆزى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشىمگە ئاشكارا - يوشۇرۇن دەۋەت
قىلىپ تۇرغاچقا ۋە باشقا نۇرغۇن ئەدىبلەردە ئۆزى ھەققىدە مۇۋا-
پىق بىر باھا ئاڭلاپ بېقىش تەقەززاسى بولغاچقا (بۇنداق تەقەززا
ھەر قانداق ئىجادىيەتچىدە بولىدىغان نورمال تۇيغۇ دەپ ئويلاي-
مەن)، بۇ ھەقتە چولتا پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ بېقىش ئۈچۈن
قولغا قەلەم ئالدىم. تېخىمۇ مۇھىمى ئەدەبىياتنىڭ باھاسىز قېلى-
شىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسە بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تراگېدىيە-
سى سۈپىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالغۇزدى. باھا ماھىيەتتە قامچا ھەم
مۇكاپاتتۇر. قامچا ھەم مۇكاپاتنىڭ مەقسىتى ئوخشاشلا ئاتنى
ياخشى چاپتۇرۇش، تېخىمۇ يېڭى مەنزىللەرگە يېتىش ئۈچۈندۇر.

بەلكىم بەزىلەر گېزىت - ژۇرناللىرىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇش-
قاقلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەدەبىياتقا ئائىت بەزى ماقالىلەرگە
قاراپ، كۆز قارىشىمغا قوشۇلماس ھەم ئەدەبىياتىمىز ئۆز باھاسى-
غا ئىگە بولۇپ مېڭىۋاتىدۇ، دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن
مېنىڭ ئويۇمچە، بەزى ئوبزورچىلار ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇزۇكرەك «قامچا»سى يوق، ئىنچىكە بىر چى-

ۋىقنى «قامچە» قىلىپ كېتىۋاتىدۇ ياكى تۈزۈكرەك مۇكاپاتى يوق، ئاتلىرىمىز رىغبەتلەندۈرۈلمەي يېرىم يوللاردا ھېرىپ قېلىۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئەدىبلەردە شۇنداق ئورتاق ساداسى بار: بىز باھاسىز قېلىۋاتىمىز.

## 2

مەلۇم مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدە باھاسىز قېلىشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۇ مەزگىلدە دىققەتنى قوزغىغۇدەك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلمىغانلىقى ياكى يېزىلسىمۇ ناھايىتى ئاز يېزىلىپ، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكى ۋە بىر خىللىشىپ قالغانلىقى. يەنە بىر سەۋەب، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ساپاسى بەكلا يۇقىرىلاپ كېتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېتىشەلمەسلىكى. مېنىڭچە، بىرىنچى سەۋەب ئاساسىي سەۋەبتۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، تەنقىدچى مامبەت تۇردى ئېيتقاندەك، بىزدە يېزىقچىلىقنىڭ تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئەدەبىياتنى ھۈنەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئادەملەر نىسبەتەن كۆپ. ئۇلار خىش خۇمدىنىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق خۇمداندىن شەكلى، ئىغىرلىقى، رەڭگى ئوخشاش كېسەكلەر توختىماي چىقىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىچىلىكىنى ئىزدىسە تاپماق ناھايىتى تەس. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر ئۆمۈر ئەسەر يازىدۇ، ئىمكانىيىتى بارلىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا 10 ـ 15 كىتاب چىقارغان شائىرغا، يازغۇچىغا ئايلىنىدۇ. ئىمكانىيىتى يوقلىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 400 ـ 500 پارچە ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان، يېقىندا پالانى دېگەن توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى، نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مانداق ـ مانداق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى، دەپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن تەرجىمىھاللارنى ئېلان

قىلىپ يۈرۈشىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ نامى ئېغىر يۈككە ئايلىنىپ، ئىگىسىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىنلى تاس قالىدۇ. ئۇلار نەسرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆزى ئېيتقان يالغان گەپكە ئۆزى ئىشىنىپ قېلىپ، ئەسلى خەلق بېرىش كېرەك بولغان ناملارنى ئۆزىگە ئۆزى تەقدىم قىلىپ، مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئېچىنارلىق تەرەپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى كىتابخانلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن... ئۆزى ئۇنتۇپ كەتسە كېرەك يوق دېسەكمۇ، خەق ئۇنتۇپ كەتسە بۇنىڭدىن ئارتۇق چوڭ مەغلۇبىيەت بولمايدۇ.

سان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى خېلىلا بەختلىك دەپ ساناش مۇمكىن. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە چىقىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللاردا بىر يىلدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلساق، بىر نەچچە كىتاب ئىشكاپى توشىدۇ. لېكىن سۈپەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەش بارماق توشقۇدەك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىمىقى خېلى مۈشكۈل. يازغۇچى - شائىرلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، لېكىن سۈپەتلىك ئەسەر كەم. يازغۇچى - شائىرلىرىمىزدا پىداكارلىق، ئەدەبىيات ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۈنۈم يوق. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنداق پاجىئەنىڭ سىرى زادى نەدە؟

ئىلگىرى بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ «يازالايدىغانلار يازسۇن» دېگەندەك ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ ماقالىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان، يازالايدىغانلىقنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويغانىدىم. ھەمدە ھازىر ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى يازالايدىغانلار، يازالمىسا ئەسەر ئېلان قىلالامتى؟ مەسىلە يېزىش ۋە يازالماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىش، نېمىنى يېزىش مەسىلىسى دەپ ئويلىغانىدىم.

ھەقىقەتەن بىزدە يازالايدىغانلار كۆپ، مەسىلە يازالايدىغانلىق مەسىلىسى ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىدىن، ئەقىل قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا، بىزدە تالانتلىق كىشىلەر تولا. يېزىش، يازغانلىقى ئۇچۇن ھاقارەتكە قېلىش بىزدىكى ئادەتتىكى ئەھۋال. نۇرغۇن كىتابلارنى چىقارغان ئادەملەر يوق ئەمەس. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزدىكى توپ مەسىلە سۈپەت مەسىلىسى، قانداق قىلىپ ساندىن سۈپەتكە سەكرەش مەسىلىسى، ۋۇجۇدىمىزدا پارتلاپ تۇرغان ئىجادىيەت كۈچىنى قانداق قىلىپ توغرا ئىزغا سېلىش، ئۇنى ھەقىقىي سەنئەتنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى. بولمىسا ۋۇجۇدىمىزدا قايناپ تۇرغان بۇ تالانت يارىغا ئوخشاش باشقا شەكىلدە ئېغىز ئالىدۇ. بىر بولسا تىزگىنسىز دەريا سۈيىگە ئوخشاش سالا - سالا ئېتىزلارغا باشلانماي چۆللەرگە كىرىپ تۈگەپ كېتىدۇ ياكى دېڭىزغا كىرىپ كېتىدۇ، بىر بولسا ھايات يولىدىكى كونا كۆز قاراشلارنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولغان بىر تېجىمەلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

قىسقىسى، ئەدەبىياتنىڭ باھاسىز قېلىشى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سۈپىتىگە بېرىلگەن كىمنايىلىك باھا ياكى ئۇنىڭ باھالاپ يۈرۈشكە ئەرزىمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە. بىر ئەدىبنىڭ باھاسىز قېلىپ تۇرۇشىمۇ شۇنداق ھادىسە قاتارىغا كىرىدۇ. ئەدىبنىڭ ئاكتىپلىقى، ئوبزورچىلارنى دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن باھا ھامان مەلۇم دەرىجىدە ساختا ۋە مەجبۇرلانغان بولۇپ چىقىدۇ. گەرچە بىز ئېلان دەۋرىدە ياشىساقمۇ، ھەقىقىي سەنئەت بىلەن ئېلان ئۇنچە كېلىشىپ كەتمەيدۇ. ياخشى مالنى جەمئىيەتكە تونۇتۇشتا ئېلاننىڭ رولىنى چەتكە قاقالمىساقمۇ، ياخشى سەنئەت ئەسىرىنى تونۇتۇشنى تەنقىدچىنىڭ ئىختىيارلىقىغا قويماي ئامالىمىز يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3

ئۇيغۇر بۇگۇنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا ساندىن سۈپەتكە ئاتلاش ئۇچۇن، ئەڭ ئاۋۋال ئەدىبلەرنى داۋالاش كېرەك. ناۋادا بىز ئەدىبلەرنىڭ داۋالىنىش ئاكتىپلىقىغا ئىگە بولالىساق، ئەدەبىياتىمىز ئۆزىمۇ بىلمىگەن هالدا سۈپەت دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. بىزدىكى ئەدەبىياتقا بولغان پىداكارلىق ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مەيدانغا ئېرىشىپ، ئەدىبلەرنىڭ سەنئەت چوققىسىغا ئۆرلىشىدىكى تورتكىسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تالانتلىق كىشىلەر تولا، لېكىن تالانت سەنئەتنى هاياتى كۆچكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇهىم ئامىل بولغان بىلەن، بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. تالانت توغرا يولغا باشلانمىسا ياكى ئۆز ئوقىنى تاپمىسا، ئۇ مۇقەررەر هالدا سەنئەتكارنى هالاكەت يولىغا باشلايدۇ، سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى زەخىملەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئەدىبلەرنى داۋالاش ماهىيەتتە تالانتنى توغرا يولغا سېلىش، ئەدىبلەرنى تالانتىنى ئوبدان جارى قىلدۇرىدىغان يولغا ئىگە قىلىشتۇر.

ئەدەبىيات تارىخىمىزغا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە نەزەر تاشلىساق، ئەدىبلەرنى داۋالاشنىڭ دورىسىنى تاپماق ئۇنچە تەس ئەمەس. ئۇلاردا داۋالىنىشنى خالايدىغان سەمىمىيەت بولسىلا، بۇ دورا شىپا قىلماي قالمايدۇ.

مەسىلەن، مەرهۇم شائىر روزى سايىت تا 1995 ـ يىللىرىغىچە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، ئۆزىدىكى ئەدەبىي تالانتىنىڭ دۆلىتىدە باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا بەزى ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن شائىر ئىدى. نەچچە پارچە كىتابىمۇ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن، شائىرنى تونۇيدىغان ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى 10 نەچچە يىلىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، شائىر ئاشۇ يىللارغا كەلگۈچە نەچچە جەمئىيەتكە ئەزا بولغان، شائىرلىقىنىڭ دۆلىتىدە نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلانغان بولسىمۇ، خەلقىنىڭ هۆرمى-

تىگە، ئالقىشقا سازاۋەر بولمىغانىدى. ناۋادا شائىر شۇ پېتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئىجادىيىتىدە ھېچقانداق بۇرۇلۇش ياسىمىغان بولسا، ۋاپات بولۇپ كۆپ ئۆتمەي كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، 30 يىلغا يېقىن شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر 1995 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا ئىجادىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىدى. قۇرۇق گەپ قىلىش، سۆز ئويۇنتىش، رېئاللىقتىن قېچىشتىن قۇتۇلۇپ، راست گەپ قىلىشقا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ %90 ىنى ئىگىلەيدىغان، بىزنى بېقىۋاتقان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان دېھقانلارنىڭ ئازابىنى ئىپادىلەشكە، ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىلماي قالغان ساداسىنى ئاڭلىتىشقا كىرىشتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى %10 ئادەم كۆرگەن بولسا، ئەمدى %90 ئادەم كۆرىدىغان بولدى. ئىلگىرى %10 ئادەم ھۆرمەتلىگەن، كۆككە كۆتۈرگەن بولسا، ئەمدى %90 ئادەم كۆككە كۆتۈرىدىغان بولدى. شائىردا ئەزەلدىنلا تالانت كەم ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ تالانتى 1995 ـ يىلىدىن كېيىن نۇر چاچتى، خەلققە ئوزۇق بەردى. لېكىن، ھېساب ـ كىتابقا خېلى پىششىق شائىر %10 بىلەن %90 نىڭ پەرقىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىللىرى بايقىيالىدى. بۇ ئۇلۇغ شائىر بۇ ئاددىي ھېسابنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى تونۇپ يەتتى. ناۋادا شائىر بۇ قانۇنىيەتنى 30 يېشىدا، ئەمدىلا ئەسەر يېزىۋاتقان ۋاقتىدا بايقىغان بولسىچۇ؟ بىز بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەيمىز. پەقەت روزى سايىت بۇ ھەقىقەتنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تونۇيالمىغان بولسىچۇ؟ دەپ ئۆزىمىزگە سوئال قويىمىز. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئويلاش ھەرگىز ئادەمنى خۇشال قىلمايدۇ. دېمەك، روزى سايىتنىڭ ھاياتى ئەڭ ياخشى ئىسپات. تالانتنى جارى قىلدۇرۇش ـ قىلدۇرالماسلىق، خەلقنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىك بەك ئاددىي جەريان، پەقەت بىر قەدەملىك يول.

لېكىن، نۇرغۇن ئەدىبلەر بۇ بىر قەدەم يولنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەشھۇر بولۇش، تونۇلۇش يولىدا ساختا ئېلانلارنى بېرىشتىن يانمايدۇكى، بۇ بىر قەدەم يولنى مېڭىپ، مىللەتنىڭ 90% ى خالايدىغان، ئالقىشلايدىغان نەرسىلەرنى يېزىشنى ئويلاپ باقمايدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىرمۇ ئەڭ ياخشى مىسال. زوردۇن سابىرنىڭ تالانتلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن، زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، «ئانا يۇرت» رومانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى مەزگىلدىكىدەك شان ـ شۆھرەتكە، ھۆرمەت ـ مۇھەببەتكە، ھەتتا مۇشۇ خىل ھۆرمەت ـ مۇھەببەتنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى. كىشىلەر «ئانا يۇرت» رومانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ يازغۇچىنى قايتا تونۇدى. نامى ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ يازغۇچى خەلق قەلبىدە قايتا نۇرلاندى، مەڭگۈ ئۆچمەس چولپان بولۇپ قالدى.

ناۋادا رەھمەتلىك يازغۇچى ھايات ۋاقتىدا بۇ ئەھۋالنى كۆرەلىگەن بولسىچۇ؟ زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىمۇ بىر ياخشى دەرسلىك، نۇرغۇن تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

مەشھۇر يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ بىر ياخشى مىسال. بۇ كىشىنىڭ كىتاب ئىشكاپىغا لىق كەلگۇدەك شېئىر توپلاملىرى يوق، نېپىزرەك چىققان «ئۆمۈر مەنزىللىرى» دېگەن بىرلا توپلىمى بار. 70 نەچچە ياشقا كىرگەن شائىرنىڭ جەملەنگەن شېئىرلىرىنىڭ بارى شۇ. ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدەك 10 ـ 15 توم كىتابىنى توشقۇزالمايدۇ. ئەمما، شائىرنىڭ شېئىرلىرى «خەلق شېئىردىن بىزار بولدى» دەپ قارىلىۋاتقان شارائىتتا، قىسقىغىنا 20 يىلدا ئالتە ـ يەتتە قېتىم قايتا نەشر قىلىندى. لېكىن، ھازىرغا قەدەر كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا سان مۇھىم مەسىلە ئەمەس. قىنى

بىز سوئال قويۇپ باقايلى: 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردىن باشقا قايسى ئۇلۇغنىڭ شېئىرى شۇنداق ئالقىشقا ئېرىشەلىدى؟ شۇنداق كۆپ نەشر قىلىنالىدى؟

ھازىر جەمئىيەتتە بازارغا يۈزلىنىش شوئارى توۋلىنىۋاتىدۇ، بازار ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىۋاتىدۇ. بازار ماھىيەتتە خەلقنىڭ رايى دېمەكتۇر. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىرنىڭ كىتابلىرىنىڭ شۇنچىلىك بازارلىق بولۇشى ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئەڭ ياخشى ئۈلگە. بۇ مىساللارنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلساق، ئەدىبلەرنى داۋالايدىغان دورا ئۆزلۈكىدىن تېپىلىدۇ.

1990 ـ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن مەشھۇر، تالانتلىق كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ نامى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. قېنى ئويلاپ باقايلى، قېنى، كىم مەشھۇر يازغۇچى قەييۇم تۇردىنى تالانتلىق ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ قېنى، كىم تېيىپجان ئېلىيوفنى تالانتلىق ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئەمىسە ئۇلارنىڭ بازارلىق كىتابلىرى، ئىزچىل نەشر قىلىنىۋاتقان ئەسەرلىرى قېنى؟ تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «تۇگىمەس ناخشا» ۋە «ئانامنى ئەسلەپ» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالارمىز، قەييۇم تۇردىنىڭكىچۇ؟ باشقا ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن تالانتلىق مەرھۇملارنىڭ ئەسەرلىرىچۇ؟

تارىختا نەزەر سېلىش ئازابلىق بولۇپلا قالماي، ھازىرقى رېئاللىقتا نەزەر سېلىشمۇ شۇنداق ئازابلىق. تولۇقسىز ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلا ئىچىدە ئەدىبلىككە ھەۋەس باغلاپ، مۇشۇ يولدا تەر ئاققۇزۇۋاتقان، قۇربان بېرىۋاتقان ئادەمدىن نەچچە مىڭى بار ئىكەن. يەنە 20 يىل ئۆتسۇن، ئۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ نامى ئېشىپ قالار؟ قانچىسىنى كىشىلەر سېغىنىپ تۇرۇپ ئەسلەر؟

نەق گەپ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ تالانتىدا، قۇربان بېرىش رو-

www.uyghurkitap.com

ھىدا مەسىلە يوق. مەسىلە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىدا. ناۋادا ئۇلار ۋۇجۇدىدىكى خەلق ئىچىدىكى ئەڭ كەسكىن زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئازاب ـ شادلىقى بىلەن كارى بولمايدىغان، قىچىشمىغان يەرنى قاشلايدىغان مىجەزنى تاشلاپ، قانداقتۇر توم ـ توم كىتابلارنى يازىمەن دەپ يۈرگۈچە، بىر ئېغىز بولسىمۇ راست گەپ قىلسا، ھەق گەپ قىلسا، ھەقىقەت ئۈچۈن تىك تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسا، خەلقىمىز ئىچىدىكى %10 ئادەمنىڭ ئەمەس، %90 ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىشقا ئىنتىلسە، ئەدەبىياتىمىز سۈپەت كرىزىسىدىن ھەقىقىي قۇتۇلىدۇ، ئەدىبلىرىمىز خەلق قەلبىدىن ھەقىقىي ئورۇن ئالىدۇ. تاللايدىغان يول بەك ئاددىي، مېڭىش ـ ماڭماسلىق ۋىجدان مەسىلىسى، خالاس.

# زىيالىيلارغا نېمە بولدى

## ئېدۋارد سەئىدنىڭ «زىيالىيلار» ناملىق كىتابىنى
## ئوقۇشتىن تەسرات

شائىر ل . مۇتەللىپ 16 يېشىدا يازغان «ئەپەندى بولماق»
دېگەن ساتىراسىدا «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» ئەپەندى
قىياپىتىگە كىرىۋالغان ساختىپەزلەرنى تەنقىد قىلغانىدى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك قاتلىمى سانالمىش زىيالىي-
لارنى تەنقىد قىلىدىغان «نەپسىگەر سۇرەتكە كەلسە، سۇرىتى
ئاخۇن كېلۇر» ، «سەللە يوغان ئىمان يوق» ، «بولدى بۇگۇن
بىزگە يولباش بىئىناۋەتلەر كېلىپ، مەسچىتلەرگە بولدى ئىمام
بىتاھارەتلەر كېلىپ» دېگەندەك ئاچچىق مەسخىرە بىلەن سۇغۇ-
رۇلغان ئاچچىق ھەقىقەتلەرنىمۇ ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئەھۋال-
دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى ل . مۇتەللىپ ياشاپ ئىجاد
قىلغان 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى بولسۇن ياكى
ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر بولسۇن، خەلقىمىزدە
ئۆز زىيالىيلىرىغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر
روھ مەۋجۇت بولغان، بۇ روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەلقىمىز روھ-
دىكى ئىككى مەسىلىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسىدۇر. بىرىنچى مەسى-
لە، خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ بىر مىللەت تەرەققىياتىدا ئوينايدى-
غان رولىنى ئىلمىي تونۇپ يەتكەن. ئىككىنچى مەسىلە، خەلقى-
مىزنىڭ زىيالىي قاتلىمى ئەزەلدىن ساغلام بولمىغان. بىر مىل-
لەت زىيالىي قاتلىمىنىڭ ساغلام بولماسلىقى نورمال ئىش، جەم-
ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. لېكىن، زىيالىي-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ مىللىي تەرەققىياتتىكى رولىنى ئىلمىي تونۇش بۇ بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. چۈنكى، بۇ تونۇشنىڭ يۈزەكى ياكى چوڭقۇرلۇقى مىللەتنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. زىيالىي — مىللەتنىڭ كاللىسى ياكى كۆزى دېمەكتۇر. بۇ كاللىنىڭ سەل دەردى بولسا، كۆز نورمال كۆرمىسە، بۇنداق كاللا ۋە كۆز مەنسۇپ بولغان تەن ھامان تەرەققىيات يولىدىكى غالىب ئەمەس، بەلكى ھەممە يېرىنى جاراھەت باسقان بىر بىچارە بايقۇشتۇر. ئىلمىي تونۇش ئەڭ ساغلام كاللا ۋە ئۆتكۈر كۆزگە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ساغلام بولمىغان زىيالىيلار قوشۇنىنى داۋالاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئامىللىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ كاپالىتى، تونۇيالماسلىق، كېسەل تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىك — تراگېدىيە ياكى تراگېدىيىنىڭ باشلىنىشى. چۈنكى، بىزدە «ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار.

بىر خەلقتە مەلۇم دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ جانلىنىشى شۇ خەلقنىڭ جانلىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. زىيالىيلاردىكى بۇرۇقتۇرمىلىق دەۋرنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى ۋە غېرىبلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زىيالىيلاردىكى بىچارىلىك دەۋرنىڭ چىرايىدا مەغلۇبىيەت، خارلىق بىلەن ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇنداق بولسا زىيالىي دېگەن نېمە؟ ل . مۇتەللىپنىڭ ساتىراسىدىكى ئەپەندى — زىيالىيدۇر. سەللىسى يوغان موللام، نەپسىگەر (نەپسانىيەتچى) سۈرىتىدە كېلىدىغان ئاخۇن ھەم زىيالىيدۇر. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بىۋاستە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ياكى تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان گەۋدىدىكى باش ۋە كۆزگە، قولاق ۋە بۇرۇنغا، يۈرەككە ئوخشايدىغان كىشىلەر زىيالىيدۇر. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، خەلقنىڭ دىلىغا ئىلىم سالىدىغان

ئوقۇتقۇچىلار، خەلقنىڭ ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسەتكەن موللا -
ئاخۇنلار، خەلقنىڭ روھىنى لايىھىلەيدىغان پەيلاسوپ - ئەدىبلەر،
خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىغا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان باشلام-
چى سىياسىئونلار زىيالىيدۇر. زىيالىي دېگەن سۆزنىڭ بىر
دەۋردىكى مەنىسى بىلەن يەنە بىر دەۋردىكى مەنىسى كۆرسىتىدى-
غان دائىرە ئوخشاش بولمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن
بۇرۇن ئاساسەن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرگەنلەر زىيالىي ھېسابلىناتتى. بىر چاغلاردا ساۋاتلىقلار
زىيالىي ھېسابلىنىدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
دىن كېيىن ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلار زىيالىي دەپ قارال-
دى. ھازىر ئوقۇتقۇچىلار، تار مەنىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرى، مەلۇم كەسىپنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئۇستىلىرى زىيالىي
ئاتىلىدىغان بولدى. قىسقىسى، زىيالىي دېگەن گەپ رېزىنكىگە
ئوخشاش سوزسا سوزۇلىدىغان، قەيەرگە تارتسا شۇ يەرگە تارتىل-
لى بولىدىغان بىر ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. زىيالىي نامىدىكى
كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى ئاۋۇپ، ئەكسىچە جەمئىيەت تەرەققىيا-
تىنىڭ بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىشى، زىيالىي بىلەن جەمئىيەت
تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جەمئىيەت نەتىجىلىرى-
دە توغرا ئەكس ئەتمەسلىكى كىشىلەردە زىيالىي دېگەن ئاتالغۇغا
نىسبەتەن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. ھەتتا كىشىلەر
جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئوسال ئىشلارنى زىيالىيغا دۆڭگەيدىغان،
زىيالىينى تىللايدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. بەزى جايلاردا
زىيالىي دېگەن سۆز ئەخمەق، دۆت دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتىغا
ئايلىنىپ قېلىشقا ئاز قالدى.

ئۇنداق بولسا سوئالىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق،
زىيالىي دېگەن نېمە؟ زىيالىي زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟
ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش؛ ئۆزد-
نى زىيالىي دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ زىيالىي

ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى شۇكى، زىيالىي دېگەن كاتتا نامغا ئىگە بولۇپ قالغان، بۇ نامنىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۇكچىيىپ كەتكەنلەرنىڭ قەددىنى رۇسلاپ قويغىلى، كىشىلەرگە كىمنىڭ ھەقىقىي زىيالىي ئىكەنلىكى، زىيالىي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلەرگە بولسا، زىيالىيلىق يولىنى كۆرسىتىپ قويغىلى بولىدۇ.

1935 - يىلى قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم) تە تۇغۇلغان، ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېدۋارد سەئىد بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن. پەلەستىنىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي شارائىتى، خەلقنىڭ تەقدىرى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن چاغلار سەئىدنى زىيالىي مەسىلىسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. 1994 - يىلى بۇ ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «زىيالىيلار» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان.

«ھەقىقەت ئۈچۈن شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى پىدا قىلالايدىغان، چىرىكلىككە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، ساغلام بولمىغان نوپۇزغا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەر ھەقىقىي زىيالىيدۇر» دەيدۇ ئېدۋارد سەئىد.

ئۇنىڭ كۆرسەتمەكچى بولغىنى دەل بىز زىيالىي دەپ قاراۋاتقان توپ ئىچىدىكى يۇقىرىقى خىسلەتكە ئىگە كىشىلەردۇر. بىز بۇ ئۆلچەم بويىچە خەلقىمىز ئىچىدىكى «زىيالىي» دېگەن ماركىسى بار كىشىلەرگە نەزەر سالساق، بىر چاغلاردا بىزگە ناھايىتى كۆپ كۆرگەن زىيالىيلار توپى تېزلا شالاڭلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بىزگە مەلۇم، مەن «شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا» ناملىق ماقالەمدە ئېيتقاندەك، مىللىتىمىز گېرمانىيە پەيلاسوپى نېتزىنىڭ «يوقالسۇن ئاجىزلار!» دېگەن چاقىرىقىغا تەڭداش «ياۋاشنى بۆزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن ئەقىدىگە نېتزىنىڭ يۇقىرىقى بۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدىكى گېپى دېيىلىشتىن

نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئەمەل قىلىپ كەلگەن بىر قوۋمدۇر. ئەلۋەتتە ئاجىزلار يوقالسا، دۇنيادا كۈچلۈكلەر ئېشىپ قالىدۇ. قارىماققا بۇ ئەقىدە دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن، ھەممىنىڭ كۈچلۈككە ئايلىنىش ئارزۇسىدىن قارىغاندا ناھايىتى توغرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئوبدان ئويلاپ باقساق، بۇ گەپ بىر ئەكسىيەتچى، دۇنيانىڭ يارىلىش، مەۋجۇت بولۇش ئەندىزىسىگە خىلاپ ئەقىدىدۇر. چۈنكى، دۇنيانىڭ يارىلىش نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئەينەك بىلەن ئۇنىڭغا قارىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ئاجىزلار بولمىسا كۈچلۈكلەرنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەڭ توغرا ئەقىدە ئاجىزلارنى يوقىتىش ئەمەس، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر. بىزدە ئاجىزلارنى قوغداپ يۆلەيدىغانلار قانچىلىك؟ ئاجىزلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھىجىيىدىغانلارچۇ؟

ھەقىقەت ئۆز جان پىدالىرى ئەڭ كۆپ جايدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. جان پىدالىق ئارقىلىق ھەقىقەت ئۆز مەنىسىنى تاپالايدۇ. ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان كىشىلەر بۇ جەمئىيەتتە قانچە ئاز بولسا، ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان سەپسەتە، ساختىلىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ. سەپسەتە بىلەن ساختىلىق بارغانسېرى ھەقىقەتتەك كۆرۈنىدىغان بولىدۇ ۋە ئەتراپىمىز ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئاستىن - ئۈستۈن بوپ كەتكەن دۇنياغا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقەتكە جان پىدا قىلىش دەرىجىمىزنى ئېرىشكەن ھەقىقىتىمىز ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتكە قانچە كۆپ ئېرىشكەن بولسا، بۇ بىزدە ھەقىقەت پىداكارلىرىنىڭ كۆپلۈكىنىڭ ئىسپاتى. ئۇنداقتا ھەقىقەتكە ئاز ئېرىشكەن ياكى ئېرىشەلمىگەن بولساقچۇ؟ ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالساقچۇ؟ بۇ ئۆلچەمدىن قارىغاندا بىزدە زىيالىي زادى قانچىلىك؟

ساغلام بولمىغان نوپۇزغا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەر نۇقـ

تىسىدىن قارىساقچۇ؟ ساغلام بولمىغان نوپۇز — خاتا، ساختا، ھەقىقەتنى يوقاتقان نوپۇز دېمەكتۇر. بىزدىكى «سىڭگەن نېنىنى يېيىش»، «مازارغا چالما ئاتماسلىق»، «سەۋر قىلىش» ئەقىدىسىدىن مەلۇمكى، بىزدە بۇنداق كىشىلەر تېخىمۇ ئاز. يۇقىرىقى ئەقىدىدىن ئادەملىرىمىزنىڭ ساغلام بولمىغان نوپۇزغا بولغان كۆز قارىشىنى بىلىۋالالايمىز، تەسلىمچىلىك پۇراپ تۇرغان بۇ كۆز قاراشلارنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىرى شۇنچە كۆپكى، ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ. ساختا مازار، خوجاملار ماڭدامدا بىر پۇتلىشىپ، تېنىڭىزنى شۈركەندۈرىدۇ. ساختا نوپۇز ئىگىلىرى مەنپەئەت بۆلىدىغان چۈمۈچلىرىنى تاراڭشىتىپ، ئوۋچىسى يوق جاڭگالدا ياشاۋاتقاندەك ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بەھۇزۇر كۆز - كۆز قىلىدۇ. ناۋادا سىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قالسىڭىز ياكى ئۇلاردىكى نوپۇزنىڭ چىن ياكى ساختىلىقى ھەققىدە خىيالغا چۆكۈپ قالسىڭىز، شۇ ھامان ئەتراپىتىكى چىۋىن قورۇيدىغان غالچىلارنىڭ ۋە مەيدانىنىڭ تايىنى يوق، قايسى ئېقىم ئۇلۇغ بولسا شۇنىڭغا قېتىلىپ «خانلەيلۈن» نى توۋلاپ كېتىۋېرىدىغان قاپاق نوچىلارنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالىسىز. مۇسۇلمانمىز، شەخسكە چوقۇنمايمىز، دېيىشىدۇيۇ، شۇنداق قىلغانلارنى كۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ. ساختا نوپۇز ئىگىلىرىنى خۇداغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تاسلا قالىدۇ. بۇ خىل مەمەدان مىجەز ئارىمىزدا شۇنداق ناچار كەيپىيات پەيدا قىلغانكى، بەزىدە تارىختىكى ئەڭ ئەشەددىي خائىنلارنىمۇ تارىخنىڭ چەكلىمىلىكى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئاقلاپ ئاقارتىۋېتىپ، قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تاس قالىمىز.

ساختا نوپۇزنىڭ زەھەرلىك سايىسىدە ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان كىشىلەر توپىدىن زىيالىي تەمە قىلىش، ئېدۋارد سەئىد تەسۋىرلىگەن زىيالىيلارنى تاپماقچى بولۇش بەڭگىنىڭ خىيالىمۇ قانداق؟ زىيالىي مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇلار سايىنىڭ ئاستىدا ئەمەس، سايىلەرنى پارا - پارا قىلىپ

تاشلايدىغان قۇياشنىڭ يورۇقىدا بولۇشى مۇمكىن.

«مۇستەقىل خاراكتېر ۋە تەپەككۇرغا ئىگە، نوپۇز ئالدىدا راست گەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان باتۇر، غەزەپلىك ۋە چۇس مىجەز كىشىلەر ھەقىقىي زىيالىيدۇر» دەيدۇ ئېدۋارد سەئىد. بۇنداق كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، نوپۇز ئىگىسى مەيلى قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، بەربىر خاتالىق ئۆتكۈزسە تەنقىد قىلىۋېرىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە يازغۇچى شولوخوفنىڭ ستالىن ئالدىدا راست گەپ قىلىشقا پېتىنغىنى كىتابخۇمار كىشىلەرگە سىر ئەمەس. ئەمما شۇ چاغدا مەشھۇر پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي شولوخوفنىڭ داھىيغا گەپ ياندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تىترەپ كەتكەن… ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ھەقىقىي زىيالىي؟ ئەلۋەتتە، گوركىي چار پادىشاھ دەۋرىدە قولغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قاراتقان تەنقىدلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق تەقدىرنى سوۋغا قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ ستالىن دەۋرىگە كەلگەندە قورقۇپ تىترەپ كېتىشلىرىچۇ؟

نوپۇز ئالدىدا راست گەپ قىلىش بەكمۇ قىيىن، ئەمما شەرەپلىك ئىش. يالغان ئېيتىش ناھايىتى ئاسان، ئەمما بۇ ئىللەت كىمگە كۆپرەك زىيان يەتكۈزىدۇ؟ نوپۇز ئىگىسىنى بىر ھاكىمىيەت دەپ قارىغاندا، زىيان شەخسكە قارىغاندا كوللېكتىپقا تېخىمۇ ئېغىر ۋە پاجىئەلىك بولىدۇ. راست سۆزلەش، تەنقىدچۇ؟ بۇ يېغىرىغا تەگكەندەك قىلغىنى بىلەن نوپۇز ئىگىسىگە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ. نوپۇز ئىگىسىنى شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش ئاكتىپلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ، تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ.

شەخس نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نوپۇز ئىگىسى ئالدىدا راست گەپ قىلىش، تەنقىدلەشكە پېتىنىش بەزى ھاللاردا شەخسكە ئاپەت

ئەكەلسمۇ، شۇ شەخسنىڭ روھى نۇرلۇق چىراغقا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ. ئامەت ئەكەلگەندە بولسا، ئىككىلا تەرەپ غەلىبە شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر روزى سايىت نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىشقا پېتىنغان، دېھقانلارنىڭ قالايمىقان سېلىق، يەرلىك ناتوغرا سىياسەت دەستىدىن ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشكە پېتىنغان شائىر ئىدى. شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن بىر قاتار شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئارتۇقچە ئويلاپ يۈرىدىغان بەزى كىشىلەر ئەندىشىمۇ قىلغانىدى. ئاقىۋەتتىچۇ؟ شائىر راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتقاندا، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى، غەمخورلۇق قىلدى. بىر دۆلەت رەھبىرىنىڭ بىر شائىرغا، بولۇپمۇ تەنقىدگە ئامراق شائىرغا تۇتقان شۇنداق ياخشى پوزىتسىيىسى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ مەتبۇئاتچىلىقىمىزدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت. نۇرغۇن مۇھەررىر خاتىرە كۈن - بايراملارنى قەستە بىلەن تولغان يالتىراق ئايەملىك شېئىرلار بىلەن تەبرىكلەپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بىزارلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ؛ دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بەزى مۇھەررىرلەر بولسا خەلق تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلە ئەكس ئەتتۈرگەن، تەنقىد روھىغا باي ئەسەرلەر بىلەن چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدۇ. دۆلەتنىڭ بايراملىرىغا چىنلىقى كۈچلۈك ئېسىل ئەسەرلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەلىي نەتىجە يالتىراق شوئارلاردىن مىڭ ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى نەشر ئەپكارلىرى ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشنىڭ كەسكىن كۈرەش قاينىمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قۇيرۇق كۆرستىپ ئۆپكە ساتىدۇ، دۆلەتنىڭ مەبلەغىنى ئىسراپ قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر زىيالىيمۇ ياكى ساختىپەزمۇ؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەن سىتۇڭ، كاڭ

يۇۋېي قاتارلىق ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرى ئەينى دەۋر ۋەزىيىتىـ
ـنى توغرا تەھلىل قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا راست گەپ
قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ تەشەبـ
ـبۇسى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ياقماي تەن ستۇڭ جازا مەيدانىدا قۇرـ
ـبان بولدى. لېكىن، راست گەپ خۇشياقمايدىغان چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىچۇ؟ ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتمەي ئەسكى تامدەك
غۇلاپ چۈشتى. تەن ستۇڭنىڭ تەشەببۇسى ئەينى چاغدىكى ھۆـ
ـكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۈنۈم
بەردى. ھەقىقەتەن تەن ستۇڭنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى. بىـ
ـرىنچىدىن، تەنقىدنى قوبۇل قىلالمىغان چىڭ ھۆكۈمىتى غۇلاپ
چۈشتى. ئىككىنچىدىن، خانلىق غۇلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ
تەن ستۇڭنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ ياخشى ھاكىمىيەت ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشتى.

ھەممىلا ئادەمدە نوپۇزنى تەنقىد قىلغۇدەك جىگەر بولۇشى
ناتايىن. ئەمما، زىيالىي بۇنداق جىگەرگە ئىگە بولۇشى، ئەڭ
بولمىغاندا تەنقىد قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ راست گەپ قىلغۇدەك
ماغدۇرى، راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىسا، راست گەپنى قولـ
ـلىغۇدەك، تىڭشىغۇدەك جۈرئىتى بولۇشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا
ئۇلارنى پۈتۈنلەي زىيالىي دېگىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا
زىيالىي ئەمەسلەرنىڭ توپىغا ئىتتىرىپ قويغىلى بولمايدۇ. ھەر
هالدا بۇنداق بولۇشنىڭ نەتىجىسى زىيالىي بولالمىغاندىن ياخشىـ
ـراق.

«زىيالىيلار ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلەردۇر. ئۇـ
ـلار جارىستاندا مەلۇم كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلىپ، قىيىنچىـ
ـلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق ـ
ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ» دەيدۇ يەنە ئېدۋارد سەئىد.

ھازىرقى جارىستان مەتبۇئاتتۇر. ھازىر بىزدە قىيىنچىلىق
ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، جارىستاندا ئۆز كۆز قارىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق ـ ئاشكارا دېيىشكە پېتىنىدىغان ئەدىبتىن زادى نەچچىسى بار؟ بەزىلەر بىز دېسەكمۇ، مەتبۇئات قوبۇل قىلمىسا قانداق قىلىمىز؟ دېيىشىدۇ. ئۇ بىر باھانە. دۇنيادا مەلۇم مەقسەتنى ئۇقتۇرۇشنىڭ بىرلا خىل ئۇسۇلى بولغان ئەمەس. مەتبۇئات قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇللارنى تېپىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش دەل سەنئەتتۇر، بەدىئىيلىكتۇر. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەممە ئەدىب زىيالىي بولالامدۇ؟ ناتايىن.

«زىيالىي ئىچىمىزدا سۆزلىگۈچىلا ئەمەس، ئۆز ئەقىدىسىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغۇچىدۇر» دەيدۇ ئېدۋارد سەئىد. ئۇنىڭ قارىشىچە، سۆزلەپ شەھەر ئېلىش نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئەمما ئەقىدىسىنى ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بىزدىكى «موللا جىق يەردە قوي ھارام» دېگەن ھېكمەت بەلكىم مۇشۇ ھالغا تەمسىل قىلىنغان بولسا كېرەك.

خەلقىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى سۆزلەشكە ئامراق، ھەرىكەتكە ناقىسلىقتۇر. بىزدە سۆزلىگۈچىلەر ھەقىقەتەن تولا. سۆزلەش ئۆلچىمى بويىچە زىيالىيلارنى تونۇپ چىقىدىغان بولساق ساناق يەتمەيدۇ. ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە تونۇغاندا ساناپ ـ سىناپ بارماق توشمايدۇ. «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەيدۇ شۇڭا كونىلار.

ئەڭ بۇيۇك ھەقىقەتمۇ سۆزلىنىپ ھەرىكەتكە ئايلىنالمىسا، قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى سۆزلەيدىغان ئىچىمىز سۆزلەپلا توختاپ قالسا، بۇنداق ئىچىمىزنىڭ ئۇنىئالغۇدىن باشقا رولى بولمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ دىيارىمىزدا دۇنيادىكى ئالتە مىليارد ئىنساننىڭ زور كۆپچىلىكى قوغلىشىپ يۈرگەن ئەقىدىلەرنىڭ كۆپىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىزدە دۇنيادىكى بىر مىليارد ئادەم ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنى بار، ئەمما مۇسۇلمان ئاز؛ دۇنيا 150 يىل ئەگەشكەن ماركسىزم بار، ھەقىقىي

ماركسىزمچىلار ئاز، ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئاز، بەڭگە ـ ھاراق-كەش كۆپ؛ ھەقىقىي ماركسىزمچىلار ئاز، پۇرسەتپەرەسلەر ۋە پارىخورلار كۆپ.

ئېدۋارد سەئىد زىيالىيلار ھەققىدە يۇقىرىقىدەك كۆز قاراش-لارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۇنى تېخىمۇ كونكرېت سۇپەتلەيدۇ. ھەرقانداق زىيالىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى، دەۋر ئالا-ھىدىلىكى بولىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۆز زىيالىيسىغا قويىدىغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسى-لەن، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەرقانداق جۇڭ-گو زىيالىيسىغا قويىدىغان تەلىپى بىرلا خىل بولغان. خەلقنى يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاتقان، يېتەكلى-گەن، شۇ غايە ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەر زىيا-لىي، دەپ قارالغان. باشقىلار ھەرقانچە ئۇلۇغ ئەدىب بولسىمۇ، ئەڭ چوڭ رەھبەر ياكى باي بولسىمۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۇس، مىللەتنىڭ كۆپىكى، پاخىلى دەپ قارالغان...

ئېدۋارد سەئىد زىيالىيلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھەرقانداق زىيالىي مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولى-دۇ. ئۇ چوقۇم ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشى كېرەك. شۇ تىلدىلا ئۇنىڭ ساداسى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈنۈملۈك چىقىدۇ. مىللىي تىل — مىللەتنىڭ ئۆزى دېمەكتۇر. شۇ مىللەتنىڭ ئارزۇسىنى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىلا ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى ئارزۇسىنى، ئىنتىلىشىنى، غايىسى-نى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە شۇ غايىنى ئۆز غايىسى قىلغان زىيالىي ھەقىقىي زىيالىي سانىلىدۇ.

سەئىدنىڭ زىيالىي ھەققىدىكى بۇنىڭدىن باشقا قاراشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. قىستۇرۇپ قويۇشقا بولىدىغان بىر نۇقتا، ئۇنىڭ-چە: زىيالىي ئۆزىنىمۇ، دۈشمىنىنىمۇ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆز

www.uyghurkitap.com

مىللىتىنىڭ مىللىي مەنپەئىتى بىلەن زىيالىيلىق ۋىجدان تۇقۇنۇ-
شۇپ قالغاندا، ھەقىقەت تەرەپتە تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر. مىسا-
لى، ئاق تەنلىك تۇرۇپ نېگىرلار ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكەن،
يەھۇدىي تۇرۇپ پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلغان
كىشىلەر شۇنداق زىيالىيلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇلار شەخسىي
مەنپەئەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان زىيالىيلاردۇر.

مېنىڭچە، يۇقىرىقى بايانلار ئارىمىزدىكى ھەقىقىي زىيالىي-
لارنى ئايرىپ، خەلقىمىزنىڭ زىيالىي ھەققىدىكى خىرەلىشىپ
قالغان قاراشلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان قاراشلاردۇر.
بۇلارغا قاراپ ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ زىيالىيلىقىغا باھا
بېرەلەيدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش پەللىسىنى بېكىتەلەيدۇ. چۈن-
كى، ھەقىقىي زىيالىي بولۇشمۇ بىر خىل ئارىفلىقتۇر.

ماقالە ئاخىرىدا قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر قىستۇرما،
شەيتانمۇ ئەسلىدە چوڭ ئالىم، ھازىرقى ئاتاق بويىچە بىر زىيالىي
ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغاچقا،
جەننەتتىن قوغلانغانىكەن. ئىبدۇارد سەئىدنىڭ قارىشى بويىچە
شەيتان زىيالىي ئەمەس. ئۆز بىلىمىنى دۇنيانىڭ ياخشىلىقى
ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلمەيدىغان، بىلىملا بار، ئىدىيە ۋە
ئەقىدىسى يوق كىشىلەرمۇ زىيالىي ئەمەس. ھۆرمەتلىك ئوقۇر-
مەن، ئەمدى ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ بېقىڭ، سىز زىيالىيمۇ،
ئەمەس؟

# ئەدەبىياتتىكى ئانا باش تېما

باش تېما ئەدەبىياتتىكى مۇھىم بىر مەسىلە. باش تېمىنىڭ قانداق بولۇشى ئەسەرنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەقەللىي تەلەپلەرنىڭ بىرى. ئانا باش تېما بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچەمنىڭ بىرى. مەلۇم دەۋردە ئانا باش تېما قانداق ئەكس ئەتتۇرۇلدى؟ دەۋر تەلىپىنى ھېس قىلدىمۇ ـ يوق؟ بۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. ئۇنداق بولسا ئانا باش تېما دېگەن نېمە؟ ئانا باش تېما بىلەن باش تېمىنىڭ پەرقى قانداق؟

ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، مۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز: خەنزۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرلەرگە بۆلۈنگەندە، 1919 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە ئەدەبىيات ئىنقىلابىي دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋردە قېلىپلاشقان كونا ئەدەبىي تىلغا جەڭ ئېلان قىلىنىپ، ئاممىباب تىلدا ئەسەر يېزىش مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان، ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ئەدەبىيات ساھەسىگە تەسىر قىلغان، ئەدەبىياتنىڭ شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە يېڭىلاش، خەلقكە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئەدەبىياتنى ھەقىقىي خەلقنىڭ ئەدەبىياتىغا ئايلاندۇرۇش تەلەپ قىلىنغان دەۋر بولدى. 1927 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دەۋرىدە ئەدىبلەر كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئاق تېررورلۇقىغا، خەلقنىڭ قاششاق ـ نادانلىقىغا قارشى ھالدا ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ قەلەم جېڭى ئېلىپ بارغان دەۋر بولدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى — يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئەدەبىياتى بولۇش بولدى. 1937 ـ يىلىدىن

www.uyghurkitap.com

1945 ـ يىلىغىچە بولغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەدەبىيات دەۋرىدە بارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر قەلەمنى قورال قىلىپ، يات مىللەت تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات خەلقنى قوزغىتىپ تاجاۋۇزچىلارنى ۋەتەن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەدەبىيات بولدى. 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولدى.

يۇقىرىقى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالساق، ھەربىر ئەسەردە بىر باش تېما بولۇپلا قالماي، شۇ باش تېمىلارنىڭ تومۇرداشلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پۈتۈن دەۋر باش تېمىسىمۇ بولغان، ئەدىبلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ۋىجدانىي بۇرچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىتتىپاقلىشىپ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ئوخشاش بىر باش تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات دەۋرىدە، ئىنقىلاب باشتىن ـ ئاخىر ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن تەڭ يورۇتۇپ بېرىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئەدەبىياتىدا بولسا، بارلىق ئەدىبلەر مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىنى باش تېما قىلىپ تۇتتى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر ئەسەردە باش تېمىدىن باشقا مەلۇم دەۋرنىڭ باش تېمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل باش تېما مەلۇم دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يۆنىلىشىگە، خاھىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەدىبلەرنىڭ ۋىجدانىنى خەلقنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەلۇم تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. لېكىن، بۇ دېگەنلىك ھەرگىز يازغۇچىلارنى مەلۇم دەۋردە بىر تېمىدىلا ئەسەر يېزىڭ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن مەلۇم تېمىلارنى بەلگىلەپ بېرىش دون كىخوتلارچە ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە كۆزدە

تۇتۇۋاتقىنىمىز ھەر خىل تېمىلاردا بىر ئورتاق باش تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى.

تېما بىلەن باش تېما ئوخشاش بولمىغاندەك، ئانا تېما بىلە ئانا باش تېمىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مەلۇم دەۋرلەردە دەۋر روھى تۈپەيلىدىن مەلۇم تېمىلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئانا تېما دېيىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئانا باش تېمىغا تەڭداش ئەمەس.

تەبىرلەردىن قارىغاندا، ئانا باش تېما بىلەن دەۋر روھى ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتساق، دەۋر روھى مەلۇم بىر دەۋرنىڭ روھى ياكى گۇرۇھلار- نىڭ تەلىپىدىن ئىبارەت. بۇ گۇرۇھ ھەر خىل دەۋرلەردە ھەر خىل تۈس ئېلىشى، ھەتتا ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيلىقى قويۇقلى- شىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئانا باش تېما ئۇنداق ئەمەس. ئۇ مەلۇم دەۋر ياكى مەلۇم مەزگىل يازغۇچىلاردىن ئەكس ئەتتۇ- رۈشنى تەلەپ قىلغان مەلۇم ئىدىيە بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىيات- نىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ھايات - ماماتلىق تەقدى- رى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلغان مەركىزىي ئىدىيىدۇر. خەنزۇلارنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئەدەبىياتنىڭ باش تېمىسى مىللەتنىڭ ھايات - ماماتى ئىدى. 80 - يىللاردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە بولسا، ئانا باش تېما سەل تۈس ئۆزگەرتتى، لېكىن يەنىلا ئىسلاھاتنىڭ تەقدىرى ئاساسىي يىپ ئۇچى قىلىنىپ، خەنزۇلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى روھىي ھالى- تى، ئۆزىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈشى باش تېما قىلىندى. بۇ ئىككى دەۋردە ئىككى خىل تۈستە بىرلا خىل ئىدىيە — مىللەتنىڭ تەقدىرى ئانا باش تېما قىلىندى.

# تېما ۋە رېئاللىق

## 1

ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەدىب ئەخمەت ئىمىنىنىڭ 50 ياشقا تولغانلىقى مېنى بىردىن خىيالغا سالدى. گويا ئەخمەت ئىمىن 50 ياشقا كىرمىگەندەك، ئۇنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئۆسەك گەپتەك! لېكىن، رېئاللىق ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئەخمەت ئىمىن 50 ياشقا كىرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى، كۆڭلۈمدىكى دېلىغۇللۇقنىڭ سەۋەبى بىردىن ئايان بولدى. چۈنكى، ئەخمەت ئىمىن تۈنۈگۈنلا تالانتلىق ياش ئەدىب ئىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھارۋىسىنى، ماھىيەتتە تەپەككۇر ھارۋىمىزنى ئۆزىگە خاس سالمىقى بىلەن تارتىپ كېتىۋاتقان ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىرلار ئالدىدا ئەخمەت ئىمىن تېخى بالا ئىدى، لېكىن بۈگۈن ئۇلار ئارىمىزدا يوق. ئالدىنقىلار كۆتۈرگەن يۈك ئەمدى بۈگۈن كېيىنكىلەرنىڭ مۈرىسىگە چۈشۈپتۇ. تۈنۈگۈنكى ياشلار بۈگۈنكى ئەدەبىياتنىڭ ئېغىر يۈكىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. تۈنۈگۈنلا ياش، ئوتتۇرا ياش دەپ ئاتالغان شائىرلاردىن ئوسمانجان ساۋۇت، بۇغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، روزى سايىت قاتارلىقلار؛ يازغۇچىلاردىن مەمتىمىن ھوشۇر، جالالىدىن بەھرام، نۇر مۇھەممەت توختى، ئابدۇۋەلى ئەلىلەر؛ ئوبزورچىلاردىن مۇھەممەد پولات قاتارلىقلار ھەربىر ئېغىز سۆزى ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ۋۇجۇدىغا جەملىگەن، ھەرىكەتلىرى ئىبرەت ۋە ھېكمەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پېشقەدەملەرگە

ئايلىنىپتۇ.

50 ياش دەل يېرىم ئەسىر ئىدى. يېرىم ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە بىر ئادەم ئۈچۈن چاچ ئاقىرىپ، قەلب ئەڭ يۈكسەك روشەنلىشىدىغان، مېڭە ئەقىل جەۋھەرلىرى بىلەن تولۇپ، ئادەم ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە قەدەم قويىدىغان ۋاقىت ئىدى. مەن ئەمدى ئەخمەت ئىمىننىڭ 50 يىلىغا ھەيرانلىق بىلەن ئەمەس، ئۆتكۈر تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ بېقىشقا باشلىدىم.

گېزىت - ژۇرناللارنى كەينىدىن ۋاراقلاش كىتاب ئوقۇشتىكى ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللىنىپ قالغان ئادىتىم ئىدى، بۇ ھەرگىز گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئاخىرىغا ھەجۋىي رەسىم، ئۇۋچۇر، كىتاب باھاسى قاتارلىقلارنىڭ بېسىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باش بېتىنىڭ سىياسىي چاقىرىق ماقالىلىرىگە ئاجرىتىلىدىغانلىقى، بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئەڭ كەينىدىن ئورۇن بېرىلىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئادەت ئىدى. مەن ئەخمەت ئىمىنگىمۇ ئۆزۈمىمۇ بىلمەي ئاشۇ ئادىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە تۇنجى قېتىم ئىجادىيەتنىڭ بېشىدىن ئارقىسىغا ئەمەس، ئارقىسىدىن — دەل ھازىرقى 50 يېشىدىن ئىجادىيىتىنىڭ بېشىغا قاراپ نەزەر سېلىپ چىقتىم، ئەخمەت ئىمىن ئاۋۋال ماڭا بىر پىشقەدەم پەيلاسوپ، ھايات ھېكمەتلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانغان ئادەم سۈپىتىدە ئايان بولدى. بۇ سۈپەت بارا - بارا ئاددىيلاشتى، 1980 - يىللارنىڭ بېشىغا — ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيەت ھاياتىنى باشلىغان يىللارغا كەلگەندە، ئەخمەت ئىمىن تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي قاتلاملىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئاددىي سەنئەتكار بولۇپ كۆزگە چېلىقتى. ئارقىدىنلا ئەخمەت ئىمىننىڭ ئىجادىيىتىگە ھاياتىنىڭ بېشىدىن ئارقىسىغا قاراپ نەزەر تاشلىدىم، ئەڭ ئاخىر ئەخمەت ئىمىن 50 ياشقا تولغان بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ توختىدىم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 1980 -

يىللاردىن 2000 ـ يىللارغىچە بولغان 20 يىلغا قەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەخمەت ئىمىن 1980 ـ يىللاردا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، تاللىغان تېمىلىرى دەۋرنىڭ ئەڭ ئاكتۇئال تېمىلىرى ئىدى. لېكىن، تېمىلارنى يورۇتۇشتا سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكنى كۆرگەن، سۇ تېگىنى، سۇ تېگىدىكى ياكى سۇ جانلىقلىرى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى كۆرەلمىگەن. كۆرەلىدى دەپ قارىغاندىمۇ سۇ تېگىدىكى بەزى شەيئىلەرنى سېزەلىگەنىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇ ئون يىلدا تۇرمۇشنىڭ ھادىسىۋى قاتلاملىرىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر دۆۋىسىگە غەرق بولۇپ ئاددىيلىق ئىچىدىكى ماھىيەتكە يۈزلىنەلمىگەنىدى. گەرچە ئەدەبىيات ئېقىنىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا چوڭقۇر قايناملار يوشۇرۇنۇپ ياتسىمۇ، ئېقىننىڭ ئومۇمىي ساپاسى بەكمۇ تېيىز ئىدى. 1990 ـ يىللاردا ئەخمەت ئىمىننىڭ يېشىغا يېڭى ياش قوشۇلۇپ، پىكىر بارغانسېرى پىشىپ باردى. تەپەككۇرى چوڭقۇرلاشتى، شەكىلدىن ماھىيەتكە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. مەھەللىۋى تېمىلارنى دۇنياۋىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىدى. 1980 ـ يىللاردىكى ھادىسىۋى يازغۇچى 1990 ـ يىللاردا پەلسەپىۋى يازغۇچىلىق دەرىجىسىگە قاراپ سەكرىدى. ئەڭ ئاددىي شەيئىلەر، ئەڭ ئاددىي ۋەقەلەر ئەخمەت ئىمىن نەزەرىدە مۇرەككەپلىككە، چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىدا ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغان جاۋاھىرغا ئايلاندى، خۇددى كونىلارنىڭ «ئاددىي تاش ئاقىللار قولىغا چىقسا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ، گۆھەر نادانلارنىڭ قولىغا چىقسا تاشقا ئايلىنىدۇ» دېگىنىدەك ئىش بولدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ 1990 ـ يىللىرىمۇ دەل مانا مۇشۇ يولنى بېسىپ ئۆتتى. ئەدەبىياتىمىز پىشىپ يېتىلىۋاتقان تەپەككۇر قاتلىمىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىنى كۆزىتىشتىكى ئەينەككە ئايلاندى.

## 2

ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى تېما
تاللاشتا. ئوبزورچى يالقۇن روزى بىر پارچە ماقالىسىدە «نېمىنى
يېزىش - يازماسلىق ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىشى، لېكىن قانداق
يېزىش ھەربىر يازغۇچىنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق ئىش» دېگەن مەنە-
دىكى بىر گەپنى قىلغانىدى. مەلۇم ئاكتۇئال تېمىلارغا ئاگاھلىق
ھالدا ئۆيۈشالماسلىق، قىچىشمىغان يەرنى قاشلاش، ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلىغۇدەك بەدىئىي مەھسۇلاتلارنى ئىش-
لەپچىقىرالماسلىق ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر كەمتۈكلۈكى. بو-
لۇپمۇ قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ، قىچىشقان يەرنى تاپالماسلىق،
جەمئىيەت تەقەززا بولۇۋاتقان تېمىلارنى بايقىيالماسلىق ياكى شۇ
تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق 1980 - يىل-
لاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەمتۈكلۈكى ئىدى. ئەخمەت ئى-
مىننىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى گەرچە بەزى ئاجىزلىقلارغا
ئىگە بولسىمۇ، تېما تاللاشتا دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. خەلق
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ياكى بولمىسا تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان،
خەلق سەزمىگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەرۋەقە، ئەدە-
بىياتنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەس، ھەر
خىل ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ماقالىلەر بۇ مەسىلىلەرنى ئۆزد-
نىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. لېكىن، ئەدەبىياتمۇ ئۆز نۆۋ-
تىدە ئۆزىگە خاس يول بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىقتى-
دارىغا ئىگە. بۇ مەسىلە ماھىيەتتە يازغۇچى كۆتۈرۈپ چىققان
پىكىر ۋە تېمىدۇر. بىز ئەخمەت ئىمىننىڭ «تىرىك يېتىمنىڭ
ئانىسىغا»، «غەپلەت ئۇيقۇسىدا»، «باھار تىنىقى» دېگەن ئە-
سەرلىرىنىڭ ماۋزۇسىغىلا نەزەر تاشلىساق بۇ نۇقتىنى ھېس
قىلالايمىز. ئەخمەت ئىمىن بۇ يىللاردا تېما تاللاشتا ئەڭ ئاكتۇ-
ئال تېمىلارنى تاللاش، ئۇسسىغانغا سۇ بېرىشتەك ئىجادىيەت

خاسلىقى يولىدا ماڭدى.

1990 ـ يىللاردا ئەخمەت ئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە ئىچكىرىلىدى. تەبىئەتنى كۈيلەش، تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتىنى سۈرەتلەش، بۇ مۇناسىۋەتنى خەلقئارا ئاكتۇئال تېما مۇھىت مەسىلىسى شەكلىدە ئىپادىلەش، مۇھىت مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش شەكلىدىلا توختاپ قالماي، ئەكس ئەتتۇرۇۋاتقان تېمىسىنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئەخمەت ئىمىننىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولدى. «سادا» دېگەن مەشھۇر نەسر دەل مۇشۇ خاھىشتا ۋەكىللىك قىلىپ ئاپتونوم رايون مىقياسىدا تەسىر پەيدا قىلدى.

ئانا تېمىسى ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ قاتلىمىدا كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر مۇھىم تېما. ئەخمەت ئىمىن ئانىدىن ئىبارەت سىمانى بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ بەلگىسى قىلىپ بۇ تېما ئىچىگە شۇڭغۇدى. بۇ ئانا بەزىدە بىزگە ئاق سۈت بېرىپ قاتارغا قوشقان، توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا ياتقۇزغان ئەڭ ئۇلۇغ ئانا بولسا، بەزىدە بۇ ئانىنىڭ ئانىسى بولغان ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋەتەن بولۇپ ئۆزگەردى. قەلبىمىزدىكى ۋەتەن ئانا ئېڭى تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى. ۋەتەن مەسىلىسى ئەدەبىياتىمىز 1990 ـ يىللاردا دۇچ كەلگەن ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە بولدى. ئەخمەت ئىمىن ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىزچىل تۈردە مۇشۇ تېمىغا يانداشتى. لېكىن، بۇ دېگەنلىك ئەخمەت ئىمىن ھەممە ئەسىرىدە مۇشۇ تېمىنىلا يازدى دېگەنلىك ئەمەس، ئەخمەت ئىمىننىڭ ۋەتەن ياكى ئانا ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى تۈزدەك ئاز ۋە تەملىك كۆرۈش گېپىمىزنىڭ مەزمۇنى، ئەلۋەتتە.

ئەخمەت ئىمىننىڭ تېما تاللاشتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كۆز ئالدىمىزدا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئىچىگە چۆكۈش ۋە شۇ ئاددىي سۈژېتلار ئىچىدىن ئەڭ يېڭى

پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىش. «ئوۋ تاماشاسى» ناملىق نەسر دەل بۇ خىل تېما تاللاش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلگىسى، ئەسەردە «مەن» ئوۋچى بىللە ئوۋ تاماشاسىغا چىقىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ بېشىدىلا «بۇ ھەم تاماشا قىلىپ ئوينايدىغان، ھەم تاماشا قىلىۋېتىپ ئويلايدىغان دۇنيا!» دەپ يازىدۇ. ئەسەردە بىر تەرەپتىن «مەن» نىڭ مۇلاھىزىسى بايان قىلىنىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردىكى ھەربىر دېتال بىر ھېكمەت، بىر ھاياتلىق دەرسى. ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نۇرغۇن نەسرلىرىدە ھېكايە بايان قىلغاچ ھېكمەتكە ئىگە بولۇپ، ھېكمەتلەر ئارقىلىق يەنە بىر يېڭى ھېكمەت دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش بىر خىل ئىجادىي ئالاھىدىلىكتۇر.

## 3

بىر پېشقەدەم شائىر بىر قېتىم چاقچاق ئورنىدا «نەسر دېگەن ھېكايە يازاي دېسە ۋەقە تاپالمىغاندا، شېئىر يازاي دېسە قاپىيە، ۋەزىن تاپالمىغاندا يېزىلىپ قالىدىغان ژانىر» دېگەنىدى. بۇ گەپتە مەلۇم ھېكمەت يوق ئەمەس. گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن نەسرنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىرى ئېڭىدىكى ئورنىنى، ژانىرلىق ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

نەسر ژانىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەم يېڭى، ھەم كونا بىر ژانىر، كونىلىقى ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئەزەلدىن بار ئىدى، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە كېيىنكى نۇرغۇن ئەدەبىي نەمۇنىلەرنى ئېسىل بىر پارچە نەسر دېيىش مۇمكىن ئىدى. يېڭىلىقى ئۇ بىزدە مۇستەقىل بىر ژانىر سۈپىتىدە پەيدا بولغىنىغا تېخى 100 يىل تولۇق توشمىغانىدى. شۇ تۈپەيلىدىن نەسردىن ئىبارەت بۇ ژانىرغا سەل قاراش، نەسرنى شېئىر بىلەن ھېكايە ئوتتۇرىسىدىكى يازماق ئىنتايىن ئوڭاي ئارىلىق ژانىر دەپ قاراش بىزدە ھازىرغا قەدەر مەلۇم دەرىجىدە داۋاملىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

نەسر ھەقىقەتەن شېئىر بىلەن ھېكايە ئوتتۇرىسىدىكى بىر ژانىر. ئۇنىڭدا ھېكايىۋىلىك خۇسۇسىيەت نىسبەتەن ئېغىر. نەسر ماھىيەتتە ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى مەنە ۋە تراگېدىيىۋى ئېغىرلىق تۇپەيلىدىن ۋەزىن، قاپىيىگە سىغماي پارتلاپ چىققان شېئىر، نەسر بەكمۇ چوڭقۇر شېئىرىي مەنىگە، تراگېدىيىۋى ئېغىرلىققا ئىگە بولۇپ قېلىپ شېئىرغا ئوخشاپ قالغان ھېكايە. بىز ئەخمەت ئىمىنىنىڭ مۇنۇ نەسرىنى ئوقۇساق دەرھال بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىمىز.

«ئاققۇ ئويۇن قىلىپ ماموق تېنىنى سۇغا تەگكۈزىۋىدى، سۇ شەھۋەت تەقەززالىقىدا ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى.

ئاققۇ چاققانلىق بىلەن سۇ يۈزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

سۇ يۈزىدە ئاچچىق كۆپۈك پەيدا بولدى.

سۇ ئۇنى ئاق قۇنىڭ ماموق پەيلىرى دەپ ئۆزىنى ئالدىدى. مەن ئۇنى شەھۋەت كۆپۈكىگە ئوخشاتتىم.»

نەسر يەنە تىل گۈزەللىكى بىلەن ئوبراز گۈزەللىكىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە تەنى شەھۋەت تۇيغۇسىدا ئازابلايدىغان تىل ئويۇنى.

نەسر يەنە ئۆزىدىكى چوڭقۇرلۇق، مەنىلەر دۇنياسى، سىرلىق سىمۋوللار بىلەن تەپەككۇرىمىزنى غىدىقلايدىغان پەلسەپە.

مەن نەسرنى بۈيۈك بىر پەلسەپە ئەسىرىنىڭ تۇغۇندىسى دەپ قارايمەن ۋە نەسرلەرنى بىر پەلسەپە خامىنىغا، تەپەككۇر بىلىمىگە ئوخشىتىمەن. ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئۇچۇن بىر تەپەككۇر خامىنى، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا لىۋانلىق جىبران ئەرەبلەرگە، تاگور ھىندى، بېنگاللارغا ئەنە شۇنداق تەپەككۇر خامىنىنى تاشلاپ بەرگەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ئەخمەت ئىمىن بىزگە ئەنە شۇنداق بىر خامانىنى تاشلاپ بەردى. بىز ئەسىر ئاخىرىدىكى بۇ ئامەتتىن قانچە شادلىق ھېس قىلساق ئەرزىيدۇ.

# تۇيغۇدىكى رېئاللىق ۋە بەدىئىي ماھارەت

تۇرسۇن مەھمۇدنىڭ «غەلەت كوچىسى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ «غەلەت كوچىسى» دېگەن ماۋزۇسىدىنلا بۇ ھېكايىدىكى مەزمۇن ۋە سۆزلەرنىڭ ئاشكارا مەنىسىدىن باشقا يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «غەلەت كوچىسى» دېگەن ماۋزۇنى تېخىمۇ ئاشكارىلىساق، «خاتالىق كوچىسى» دېگەن مەنە ئاشكارا بولىدۇ. دېمەك، ماۋزۇنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، يازغۇچى ھېكايە قىلماقچى بولغان ۋەقە تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، خاتالىق كوچىسىدىن ئىبارەت مەزمۇندىن بىزنىڭ بۇرنىمىزغا تۇنجى بولۇپ پۇرايدىغىنى سەنئەت ئەمەس، ئىجتىمائىي رېئاللىق.

«چۇھ، ھۇ هارامدىن ئۆلىدىغان!»، مانا بۇ ھېكايىنىڭ بىرىنچى جۈملىسى، ئوقۇرمەن تۇرسۇن مەھمۇد ياراتماقچى بولغان «غەلەت كوچىسى» دىن ئىبارەت بەدىئىي ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىشتە تۇنجى بولۇپ ئاتلايدىغان بوسۇغا. بۇنىڭدىن ئوقۇرمەننىڭ تەنلىرى شۈركىنىدۇ. لېكىن بۇ بوسۇغا بىر خىل شۈملۈق-تىن دېرەك بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدىكى ئەسەرگە بولغان ئىنتىلىشىنى توساپ قويمايدۇ. ئەكسىچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئىنتىلدۈرىدۇ. يازغۇچى ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن بىزنى بىر خىل تۇيغۇ دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئەسەردىكى كەيپىيات بىلەن تۇيغۇ بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى «مەن» «ۋاقىت، تەرەپ» تۇيغۇ-

www.uyghurkitap.com

سىنى يوقىتىپ قويغان. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىـ
غان ئادەم. ئاپتور مۇشۇنداق بىر پېرسوناژنى تەسۋىرلەش ئارقىـ
لىق بىزگە تۇرمۇشتا مانا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بار دېمەكچى
ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ئادەملەر توپىنىڭ شۇ خىل خاراكـ
تېرىدىن بېشارەت بەرمەكچى. چۈنكى «مەن» نەگە كېتىۋاتقانلىـ
قىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بىلەن باشقا تۇيغۇلىـ
رى سەگەك. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان ھۆكۈم قىلىش
تۇيغۇسى سەزگۈر. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولـ
غان ئادەم ماھىيەتتە دۇنيانىڭ مەركىزىدۇر. «دۇنيادا ئۆزىنىڭ
نەدىن چىقىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەلمەسلىكتىن ئارتۇق بەختـ
سىزلىك بولمىسا كېرەك»①. بىر ئادەمنىڭ ۋاقىت، تەرەپ
تۇيغۇسىنى يوقىتىشى بىر ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى ئەمەس، ئىجـ
تىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بەختسىزلىكىدۇر.
ئادەم نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئەھۋالغا كېلىپ قالىدۇ؟ بىر مىللەت
ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئورتاق غايىسى، ئېتىقادى يوقالغاندا، مىللىي
روھ قۇمدەك چېچىلغاندا، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى مىللىي، ئىجتىماـ
ئىي غايە بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مەنىۋى زەنجىر ئۈزۈلۈپ،
ئادەملەرنىڭ قەلبىنى بىر خىل ياتسىراش، ياتلىنىش باسقاندا
دەل شۇنداق تراگېدىيە يۈز بېرىدۇ. بايا تەكىتلىگەندەك، ئەسەرـ
دىكى «مەن» باشقا تەرەپلەردىن سەگەك، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرـ
نى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا،
«مەن» بىخۇدلۇق ئىچىدىن ئويغانغان، ئۆزىنى قايتا تونۇپ مەنىـ
ۋىيىتىگە قايتا نەزەر تاشلاۋاتقان ئادەم.

ئەسەرنى ئوقۇپ كۆرسەك، «مەن» دىن ئىبارەت باش قەھرىـ
ماننىڭ پۈتۈن ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قانات يايدۇرغۇچىسى ئەمەس،
پارچە ـ پۇرات ۋەقەلەرنى بىر نۇقتىغا چىگىپ تۇرغان رىشتە

---

① «خوتەنلىك ئادەم» دېگەن ھېكايىدىن ئېلىندى.

ئىكەنلىكىنى سېزىمىز. «مەن» باش - ئايىغىنىڭ نەدىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر كوچىدا سەپەر قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ كوچا نۇرغۇنلىغان ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان «مەن» لەرنىڭ ھاياتلىق كوچىسى. سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بىر كوچا. سەپەر جەريانىدا «مەن» ئادەملەرنى كۆزىتىدۇ. بىر قىسىم ۋەقەلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. «مەن» ئۇچراشقان ئادەملەرمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئادەملەر. ۋەقەلەرمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ۋەقەلەردۇر. ئەسەردە ئۇچرىغان ھەر بىر ئادەم، ۋەقە شۇ ئادەم ياكى ۋەقەنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. شۇ خىل ئادەملەر، ۋەقەلەرنىڭ بىر نۇقتىغا جەملىنىشىدۇر. بىز دەل مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ تەپەككۇرىمىزنى قانات يايدۇرساق، ھېكايىدىن ئويلىمىغان يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى بايقايمىز. ھېكايە «كۆزنىڭ ئىچىدىكى كۆز» دېگەن تەمسىلدىكى مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

ئەسەردە ئوقۇرمەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىدىغان سىمۋول «كۆزلىرىدىن بىر خىل دۈشمەنلىك ئوتى چاقناپ تۇرىدىغان، ھارۋىسىغا ئۇ يەر - بۇ يېرى پومپىيىپ تۇرىدىغان گۇمانلىق بىر تاغارنى بېسىۋالغان ھارۋىكەش». ئەسەرنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە باشلانغان ئوسال ھېكايىۋى كەيپىيات بۇ يەردە ئەۋجىگە چىقىدۇ. گۇمانلىق ھارۋا، گۇمانلىق ھارۋىكەش ئەسەرگە باشتىن - ئاخىر ھەمراھ بولىدۇ. «ھارۋىغا زادى نېمە بېسىلغان بولغىيتتى؟ ھارۋىكەش زادى كىم؟ ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن نېمىشقا شۇنداق ئۆچمەنلىك، ئوسال كەيپىيات چىقىپ تۇرىدۇ؟»،

بىز «مەن» بىلەن تەڭ شۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيمىز. ھارۋىكەش ھېچكىم ئەمەس، ھارۋىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار ياتلىشىۋاتقان ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئادەملەر قەلبىدىكى سوغۇق كۆلەڭگىسى. «غەلەت كوچىسى» دىن ئىبارەت رېئاللىقنىڭ بىر پارچىسىدا ئۇ پەقەت بىر ھارۋا ۋە ھارۋىكەشنىڭ رولىدا كەلگەن، خالاس.

ئەسەردە ئۇچرايدىغان يەنە بىر مۇھىم ۋەقە «چۈش تەكشۈ-

رۇش» ۋەقەسىدىن ئىبارەت. بىر ئادەمنىڭ قانداق چۈش كۆرگەنـ
لىكىگە چەك قويۇش، چۈشتىكى مەزمۇنلارنىڭ ساغلام ـ ساغلام
ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش بىر خىل بىمەنىلىك. بىز ماقالىنىڭ
بېشىدا ئوتتۇرىغا قويغان «يازغۇچى ھېكايە قىلماقچى بولغان ۋەقە
تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس» دېگەن ھۆكۈم ئىسپاتـ
لىنىدۇ. ئۇنداقتا ئاپتورنىڭ ھېكايە قىلىشۋاتقىنى زادى نېمە؟ ئۇ
بولسىمۇ ھەقىقىي مەنە ئىچىدىكى بىمەنىلەشكەن رېئاللىقتىن ئىـ
بارەت. لېكىن، ھېچكىم بىمەنىلىك ئىچىدىمۇ مەلۇم مەنىلەرـ
نىڭ، مەلۇم ھايات ھەقىقىتىنىڭ ساقلىنىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلاـ
مايدۇ. بىمەنىلىك، بىمەنىلىشىش، مەنىلەرنىڭ قانۇنىيىتىدىن
ھالقىپ كېتىش ماھىيەتتە ھاياتلىقنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىدىن چىقىپ
كېتىشىدۇر. چۈش ماھىيەتتە يەنىلا رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىدۇر.

تۇرسۇن مەھمۇدنىڭ پۈتۈن ھېكايىسىدە بىزگە تاشلاپ بەرـ
گىنى ياتلاشقان رېئاللىق بولۇپ، قارىماققا رېئاللىق ئەمەستەك
كۆرۈنىدۇ. بىز ھېكايىنىڭ ھەممە دېتاللىرىنى تەھلىل قىلىپ
كۆرسەك، ھېكايىدىكى كەيپىياتنىڭ تېگىگە چۆكسەك، ماھىيەتتە
ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىمىز. تېخىمۇ ئىچكىرىلىسەك، بىز ئۇنىڭ تۇرمۇش رېئاللىـ
قى ئەمەس، تۇيغۇ رېئاللىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

بۇ خىل رېئاللىقنىڭ قىممىتى باشقا ھەر قانداق رېئاللىقـ
نىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس. مۇھىمى بۇ خىل رېئاللىققا رېئاللىقـ
نىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى يوشۇرۇنغان.

ئەسەردە يارىتىلغان كەيپىيات ۋە ئوبرازلارغا مىسالى چۈش
تەكشۈرۈش ۋەقەسى، مەيخانىدىكى قىزنىڭ سەرگۈزەشتى، نان
تېرىپ يۈرگەن توكۇر ئادەم قاتارلىقلارنىڭ چىنلىق خۇسۇسىيەـ
تىنىڭ كۈچلۈكلۈكى... قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ ئەسەرنىڭ
ماھىيەتتە بەدىئىي جەھەتتىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان
بىر ھېكايە ئىكەنلىكىگە قايىل بولىمىز. بۇ ھېكايىنىڭ ئەنئەنىۋى

ھېكايىچىلىق ئۇسۇلىدىن چەتنەپ ھېكايىچىلىقنىڭ يېڭى بىر ئۇسلۇبى ھەققىدە ئىزدەنگەن بىر سىناق ئىكەنلىكىنى تونۇيمىز. تارىخ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، سىناقتىن ئۆتۈپ كونىلىشىپ كەتكەن ئۇسۇللارغا قارىغاندا سىناق قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋە سىناق قىلىنىۋاتقان يېڭى ئۇسۇللارنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر قانۇنىيەت.

# مۇھەببەتنى قانداق يېزىش كېرەك

مۇھەببەتتىن ئىبارەت تېما ھازىرغا قەدەر ئەدەبىياتتىكى مۇھىم تېمىلاردىن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيلىنىپ ئېيتقاندىمۇ مۇھەببەت ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇنى پسىخىكا ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇرەككەپ دەپ قارىلىۋاتقان ئىنساننىي مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇھىملىق ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەش، مۇھەببەت ئارقىلىق كۆزدتىش ۋە چۈشىنىش نۇۋەتتە ئىنسانشۇناسلىق دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەدەبىيات ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. سىرتنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ يېڭىلىقلىرى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا بېسىپ كىرىپ، خەلقنىڭ ئېڭىدا كىرىزىس پەيدا قىلدى. خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مەھكەم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرى ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى. بۇ ھال ئەخلاق ۋە مەدەنىيىتىمىزدە بەزى يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. مۇھەببەتمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن خالىي بولالمىدى. مىللەتنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى بولغان ئەدەبىيات يېڭى مۇھىتتا يېڭى مۇھەببەتنى قانداق ئەكس ئەتتۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ئەخلاقى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە بارلىققا كەلگەن، سىناقلاردىن ئۆتۈپ تاۋلانغان قويۇق شەرق

تۇسگە ئىگە، شۇنداقلا شەرم ـ هاياسى بىلەن تېخىمۇ ئۇلۇغ گۈزەللىككە، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان مۇھەببەت بۇ-لۇپ، ئۇلار غەربچە تۇسكە ئىگە مۇھەببەت بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ۋىسال ۋە ھىجران پەلسەپىسى، گۈزەللىك ئۆلچىمى بار. خەلقىمىز ئەزەلدىن ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان، مۇھەب-بەتنىڭ قانۇنلىرىنى قوغدىغان، شۇڭا هازىرغا قەدەر بىزدە مۇ-ھەببەتتىكى سادىقلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ ئەڭ بۇيۇك مىساللىرى بارلىققا كېلىپ، ئەۋلادلارنىڭ مۇھەببەت يولىنى يورۇتۇپ كەل-گەن. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئاپتورلىرىمىز ئەدەبىيات تورمۇشنىڭ ئەينىكى دېگەن قائىدىگە ئۆلۈك هالدا ئې-سىلىۋېلىپ، ئەدەبىياتنىڭ كۈندىلىك تورمۇشىمىزدىكى ئەينەك-لەرگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيىتى بار ئەينەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەزى يەرلەرنى ياخشى كۆرسىتىپ، بەزى يەرلەرنى كۆر-سەتمەيدىغان، كۆرسەتكەندىمۇ نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا هاسىل بولغان ئەخلاق، ئېتىقاد ئۆلچىمى بويىچە كۆرسىتىدىغان ئەينەك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئەينەك تورمۇشىمىزدا نېمە يۈز بەرسە شۇنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، تورمۇشقا يۈزدە ـ يۈز سادىق بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. ھەتتا ئاتا ـ ئانىلار تېلېۋىزور-نى بالىلىرى بىلەن بىللە كۆرەلمەيدىغان هالەتكە يەتتى. تېلېۋى-زوردا كۆرسىتىدىغانلىرىمۇ چەت ئەلنىڭ كىنولىرى، لېكىن «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بۇپتۇ» دېگەندەك بۇ هال ئۆزىمىز-نىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىزغىمۇ يۇقتى. بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز يېشىغا ماس ئوقۇشلۇقلىرى كەمچىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدىكى ئەندىشىسى كۆپەيدى. بەزى ياز-غۇچىلىرىمىز ھېچقانداق زۆرۈرىيەتسىز بولغان (بەلكىم ئوقۇر-مەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغاندۇ) ئۇششاق

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشلەرگىچە، قەھرىمانلارنىڭ قانداق سۆيۈشكەنلىكى، كۇ-
سارغا قانداق قول ئۇزاتقانلىقى، قانداق ئاۋازلارنىڭ چىققانلىقى،
ئەمىنىڭ قانداقلىقىغا قەدەر تەپسىلىي يازىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ
چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىرىي ئەسەرلەردىكى لىرىك قەھرى-
مانلىرىمىز بارغانسېرى يىغلاڭغۇ، مۇھەببەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى-
دىن، قىزلارنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن قاقشايدىغان لامزەللە تۇس
ئېلىشقا باشلىدى. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئەزەلدىن
قىزلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ھەققىدە غەيۋەت قىلىپ يىغلاشنىڭ ۋە
ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ ھېسداشلىققا ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا
ئۆزىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، مەردانىلىكى، جەسۇرلۇقى بىلەن قىز-
لارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ مۇھەببەت دەرياسىدا ئۈسسۇزلۇقىنى قاند-
دۇرۇپ كەلگەن. دەرھەقىقەت، چەت ئەللىكلەر جۇڭگونىڭ چوڭ -
كىچىك شەھەرلىرىدىكى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان جىنسىي
ئاجىزلىقنى داۋالاش ئېلانلىرىنى كۆرۈپ جۇڭگولۇق ئەركەكلەر-
دىن گۇمانلانغاندەك، باشقىلار بۇ ئەسەرلەرنى، بۇ ئەسەردىكى ئەر
قەھرىمانلارنى كۆرسە، زادى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟

ئەمدى قىزلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا قاراپ باقايلى! ئۇلار
ئۆزىنىڭ سۆيگۈ - ھېسسىياتىنى قىلچە پەردازسىز ھالدا خەلقئا-
لەمگە ئاشكارا قىلىپ بېرىشنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەنكى، بۇن-
داق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ئادەم شەرم - ھايانى ئەڭ گۈزەل
ئەخلاق قىلغان، ئۆزىنىڭ سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ئەڭ گۈزەل سىم-
ۋوللار ۋە چوڭقۇر بېشارەتلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۆگەنگەن،
يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق قارىشىغا چوغدەك قىزىرىشنى جاۋاب قىلىپ
كەلگەن ئامانىنساخان، نۇزۇگۇم، مايىمخان، سەنەم، شىرىن،
زۆھرەلەرنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇمۇ؟ دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال
قويۇشى تۇرغان گەپ. توغرا، ئەدەبىيات خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن
تارتىپ روھىي ھالىتىگىچە بولغان ئەڭ ئۇششاق نەرسىلەرنىمۇ
ئەڭ بۇرۇن بايقىغۇچى ۋە ئەكس ئەتتۈرگۈچى. لېكىن ئۇ تۇر-

مۇشنى ۋە ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىنى شۇ پېتى خاتىرىلەپ قويغۇچى ئەمەس، بەلكى كېرەكلىكلىرىنى تاللاپ ئالغۇچى، مىللەتنىڭ مەنۋى زەئىپلىكىگە توغرا دىئاگنوز قويغۇچى. ئۇ ئادەتتىكى ئىچ پۇشۇقى خاراكتېرلىك ئوقۇشلۇق بولۇپ قالماي، كىرلەرنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك. شۇنداقلا ھازىرقىلار ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇچى، ئۆزى ھەققىدە مۇلاھىزە قوزغاتقۇچى بولۇپلا قالماي، ئەۋلادلار ئۈچۈن زۆرۈر ئەخلاق دەرسلىكى. بىر كۈنى ئەۋلادلىرىمىز ھازىرقى ئەدەبىياتتىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەخلاقىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەر. ئۇلارنىڭ سوئال بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ بىزنىڭ روھىمىز قورۇنماسمۇ؟! ئازابلانماسمۇ؟!

مۇھەببەتنى يازايلى، لېكىن شۇ نەرسە ئېسىمىزدىن چىقمىسۇنكى، بىز كىم؟ ئەخلاقىمىز قايسى سىستېمىدا؟ بۇنىڭدىن كېيىن كىم بولماقچى؟ مۇشۇ سوئاللارغا ئەستايىدىل جاۋاب ئىزدەپ ۋە تېپىپ ئاندىن يازايلى. خەلقىمىز ھازىرقى دەۋردىمۇ ھازىرقى دەۋردە بارلىققا كەلگەن «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «رابىئە ـ سەئىدىن» بىلەنلا قانداشلىقى بولغان مۇھەببەتنىڭ بۈيۈك تىپلىرىغا موھتاج. خەلق ئۆز قەلبىدە ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس مۇنارلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# هېكايىچىلىق ماھارىتى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا نەزەر تاشلىساق، 1989 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمى يۈز بەرگەن شېئىرىيەت ئىسلاھاتى دەۋر بۆلگۈچ سۇپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى 1990 ـ يىللاردا باشلانغان پروزىدىكى (بولۇپمۇ ھېكايىچىلىقتىكى) ئىزدىنىش خاھىشىدۇر.

شېئىرىيەت ئىسلاھاتى شېئىرىيىتىمىزدىكى ئۆلۈك تۇرغۇنلۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، شېئىرلاردىكى پەلسەپە نامراتلىقى، قېلىپبازلىق، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشىغا جەڭ ئېلان قىلغان بولسا، پروزىدىكى ئىزدىنىش ئىلگىرىكى ھېكايىلەردىكى تەپەككۇر نامراتلىقىدىن كېلىپ چىققان ماۋزۇسىدىن پۈتۈن مەزمۇنىنى، مۇقەددىمىسىدىن يېشىمىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان قاتمال فورمۇلالاشقان ھېكايە ئەندىزىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغا يېڭى تەپەككۇر قاتلىمى، قۇرۇلمىسىغا يېڭى ئەندىزە ئاتا قىلدى.

لېكىن، ھېكايىلەردە ھازىرمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلىنىپ ياتماقتا. ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى زورلاپ تېڭىلغان تېخنىكىۋى ئامىللار، تەپەككۇردىكى گۆدەكلىك بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم جۇملىسىدىندۇر.

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ يېقىنقى بىرنەچچە ئايلىق سانلىرىنىڭ ئەدەبىي بېتىنى ئوقۇپ چىقىپ، كاللامدىكى بۇ خىل

تۆيغۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى. ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئەدەبىي بەتتە ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەر ئىچىدە مېنى خېلى چوڭقۇر ئويلاندۇرغىنى يېقىندىن بېتىلىپ چىققان، بىر قىسىم سۇپەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك ئې-تىبارغا سازاۋەر بولغان مەھسۇلاتلىق يازغۇچى ۋە شائىر ئۆمەر ئابدۇللانىڭ ئىككى پارچە ھېكايىسى بولدى.

ئۇنىڭ بىرىنچى ھېكايىسىنىڭ ماۋزۇسى «قىساس تويى» (مەزكۇر گېزىتنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان) .

ھېكايىدە ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى بولمىش «مەن» نىڭ قوشنىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى توي قىلىپ ئەتىسى ئەتىگەن سىرلىق ھالدا خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىپ تاشلايدۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە «مەن» يالغۇز ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان يىگىت ئاغزىدىن «تالاق» نىڭ سىرىنى ئۇقىدۇ. ئەسلىدە توي قىلغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى، يەنى 1890 ـ يىللىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «تالاق» ئىشى تۈپەيلىدىن ئاداۋەتلىشىپ قالغان. قىز تەرەپتىن بىر يە-گىت، يىگىت تەرەپتىن بىر قىز بىلەن توي قىلىپ ئەتىسىلا يوقىلاڭ باھانىدىن بىرنى كۆرسىتىپ، قىزنى تالاق قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدا قىساس تۈگۈنى چىگىل-گەن، ئاتىلار بالىلارغا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئوخشاش يول بىلەن قىساس ئېلىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان. ئاخىر نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ، ۋاقىت بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قى-ساس ئېلىشنىڭ پۇرستى پىشىپ يېتىلىپ، يەنە بىر جۈپ قىز ـ يىگىت بالاغەتكە يەتكەن. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇ قىساسنى ئېلىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلغان. ئاتا ـ ئانا ئوخشاش شەكىلدە قىساس ئېلىش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئەسەر ۋەقەلىكى قارىماققا ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە قىزىقارلىق، لېكىن بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش كەينىدە بىر كەڭرى جاڭگال مۇۋلاپ ياتىدۇ. دەل مۇشۇ جاڭگال ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

مەلۇمكى، كۈلدۈرۈش، ئويغا سېلىش ھېكايىنىڭ مۇھىم بىر ئېستېتىك خۇسۇسىيىتى. لېكىن، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىدىن تەبىئىي ھاسىل بولغان كۈلكە بىلەن ئويلىنىش دەل بۇ خىل خۇسۇسىيەتكە مۇناسىپ كېلىدۇ. «قىساس تويى» ناملىق بۇ ھېكايىنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئويلىنىش تۈيغۇسى ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئوقۇرمەن قەلبىدە قوزغالغان ساختىلىق تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇيغۇ قوزغىلىدۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىش، قىساسخورلۇقنى يامان دەپ ھېسابلاش ئۇنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي ئەمەلىيەتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن، ئۇيغۇر ھەر ـ ھەر قىساسلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان، ھەر ئاچچىق ساۋاقلارنى ئەتىسىلا ئەستىن چىقىرىۋېتەلەيدىغان خاراكتېرگە ئىگە مىللەت.

يازغۇچى ئەڭ ئاۋۋال مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭغا تەنقىدىي كۆزدە قارىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا يۇقىرىقىدەك خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بەلكىم يازغۇچى بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى پالانى يەردە يۈز بەرگەن، دەپ پاكىت كۆرسىتەر، لېكىن بىلىۋېلىش كېرەككى، يازغۇچىنىڭ بۇرچى يۈز بەرگەن بارلىق قىزىقارلىق، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى تاللاپ يېزىۋېرىش ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك، ئومۇملۇق خاراكتېرىگە، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەرنى تاللاپ يېزىش.

ئۆمەر ئابدۇللانىڭ ئىككىنچى ھېكايىسىنىڭ ماۋزۇسى «سائەت نۆل» (مەزكۇر گېزىتنىڭ 1998 ـ يىللىق 14 ـ نويابىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساندا ئېلان قىلىنغان).

ھېكايە قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئىزدىنىش تۈسى قويۇق، ھېكايىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

سائەت نۆلگە ئاز قالغاندا يازغۇچى ھېكايە يازماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپ. بىر نەچچە قۇر يازغاندىن كېيىن، يازغۇچى (ئاپتور-نىڭ ئۆزى) ئۆمەر ئابدۇللا يېزىلماقچى بولغان ئۆمەر ئابدۇللا I ، ئۆمەر ئابدۇللا II لەر ھېكايىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللانى ناچار يازغانلىق ھەققىدە ئەيىبلەيدۇ. ئاخىر يازغۇچى قورقۇپ كېتىپ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. تەبىئىيكى ھېكايە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

ھېكايىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، يازغۇچى خېلى ئىزدەنگەن. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۆزىدىن چىقىپ ئۆزىگە باھا بەرمەكچى بولغان. ئۇ ئۆزىنى ئۆمەر ئابدۇللا، ئۆمەر ئابدۇللا I ، ئۆمەر ئابدۇللا II دەپ ئۈچكە بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ خاراكتېر قاتلام-لىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ھېكايىنى ئوقۇغان كىشى پەقەت ئۈچ قاتلاملىق ئۆمەر ئابدۇللا ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەل-مەي، ئاپتورنىڭ تېخنىكا ئويۇنى ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالى-دۇ.

بۇ ئۆمەر ئابدۇللانىڭ ئۆزىگە ئۆزى يازغان ئوبزورىمىدۇ يا؟ دەپ ئويلاپ قالىدۇ ئوقۇرمەن.

مەشھۇر ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورخېس بۇ خىل شەكىلدە ئەسەر يېزىشنى سىناق قىلىپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىل شەكىلدە يازغان «بورخېس ۋە مەن» (ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىندى)، «يەنە بىر ەيلەن» دېگەن ئىككى پارچە ئەسىرى بار. بۇ ئەسەرلەردە بورخېس ئۆزىنى ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇپ كۆزەتكەن. ئىككى بورخېسنى سىلىشتۇرغان، شۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدىدىكى زىددىيەت-نى، ئۆز خاراكتېرىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەر-

گەن... قىسقىسى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇپ نەزەر سالغان.

ئۆمەر ئابدۇللا بورخېسنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىدىن ئۈلگە ئالغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۆمەر ئابدۇللا تەپەككۇردىكى ئاددىيلىق، يالىڭاچلىق، شەكىلۋازلىق تۈپەيلىدىن مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ چىقالمىغان.

ئۆمەر ئابدۇللا بىر چاغلاردا «خوراز تۇغقان تۇخۇم»، «ئۆلۈم ۋەھىمىسى» دېگەن ھېكايىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە ھېكايىچىلىقتىكى يېڭىچە بىر ئىزدىنىش يولىنى تەقدىم قىلغاندى. گېزىتتە ئېلان قىلغان بۇ ھېكايىلىرىدە ئۇ يەنە ھېكايىۋى دىتىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكى ئاشكارا قىلدى. بۇ ئىككى ھېكايە ئىزدىنىش ھاۋاسى بىلەن تويۇنغان، لېكىن تېخنىكا تۇمانلىرىدا گۇڭگىلىشىپ قالغان.

مەزكۇر گېزىتنىڭ 1998 ـ يىللىق 5 ـ دېكابىر سانىدا «ئاجايىپ تاماشا» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ھېكايە بار. بۇ ھېكايە خاراكتېر جەھەتتە ئۆمەر ئابدۇللانىڭ «قىساس تويى» دېگەن ھېكايىسىگە ئوخشاش مىللىي خاراكتېردىن چەتنەپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئوقۇپ كەلسىڭىز، ۋەقە يۈز بەرگەن جاي سەل چەتنەپ كەتمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېكايىدىكى ھېسسىيات ئاجايىپ چىن، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە نەتىجىسى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ھەققىدىكى تاپشۇرمىلار ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ تۇيغۇسىنى غىدىقلايدۇ. سەۋەب «ئاجايىپ تاماشا» نىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ كەينىگە چوڭقۇر تەپەككۇر بوشلۇقى، مىللىي خاراكتېرىمىزنىڭ ئىخچاملانغان ئارقا كۆرۈنۈشى يوشۇرۇپ قويۇلغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رومانني پوۋېستقا ئايلاندۇرۇش ماھارىتى توغقان خىياللار

ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئېگەرلىك ئات» ناملىق تارىخىي پوۋېستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئىلگىرى ھېكايىنى سوزۇپ پوۋېست قىلغان، پوۋېستنى سوزۇپ رومان قىلغان ئادەملەر ھەققىدىكى خورسىنىشلارنى ئاڭلىغانىدۇق. بۇ خورسىنىشلار «ھېكايە بولىدىغان مەزمۇننى رومان، پوۋېست قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن پىكىرنى يادرو قىلغان ۋە بۇنداق «ئالاھىدە ئىقتىدار» ئىگىلىرىنى كىنايە قىلىدىغان يۇراق بىلەن توشقانىدى. ئەلۋەتتە، ھېكايىنى سوزۇپ رومان، پوۋېست قىلىشمۇ بىر خىل ماھارەت. ناۋادا سىز بىر ھېكايىنى سوزۇپ رومانغا خاس ۋەزىن ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە قىلالىسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ماھارىتىڭىزگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ئەمما رومان دەپ ئات قويۇلۇپ، ھېكايىلىق ۋەزىن ۋە قىممەت بولمىسا خورسىنماي ئامال يوق. لېكىن، بۈگۈن مەن بىر روماننى «پوۋېست» قا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئەھۋالنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئەدەبىياتىمىزدا روماننى پوۋېست ۋە ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان «تالانت» ئىگىلىرىنىڭ بارلىقى ئەقلىمنى «لال» قىلدى. بۇ خۇددى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئۆلۈككە خەت» دېگەن ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژنىڭ «ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقمەن» دېگەن گەپىنى «بىر پۇتۇڭنى ئىككى ئۆتۈككە» دەپ ئالماشتۇرۇپ قويغىنىدەك ئىش

www.uyghurkitap.com

بولدى. ئەلۋەتتە، «ئىككى پۇتنىغۇ بىر ئۆتۈككە تىققىلى بولار، ئەمما بىر پۇتنى ئىككى ئۆتۈككە قانداق تىققىلى بولار؟ كېسەرمۇ يا؟» بەلكىم كەسمىسە كېرەك. مەن يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ تەخمىنەن بەش يىل ئىلگىرى قولىيازما ھالەتتە كۆرگەن، ئابدۇللا تالىپ ئىجادىيىتىدىكى بۆسۈش بوپتۇ دېيىشكە ئەرزىيدىغان «ئېگەرلىك ئات» رومانىنىڭ بۈگۈن بىر پۈۋېست ھالىتىدە نەشردىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ مۇشۇ خىياللارنى قىلدىم. «بىر پارچە ئەسەر يازغۇچىنىڭ پەرزەنتىگە ئوخشايدۇ»، «ئېگەرلىك ئات» ئابدۇللا تالىپنىڭ بىر پەرزەنتى، «ئاتا» بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ قىسقارتىشنى يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئېلىپ بارمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ھېچقانداق يازغۇچى تەييار پۈتۈپ قالغان رومانىنى ئۆز قولى بىلەن پۈۋېستقا ياكى باشقا «نېمە» گە ئايلاندۇرۇپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن. ئۆز پەرزەنتىنى خالىغانچە «قىرقىپ، چاناپ» يۈرۈش تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. بولۇپمۇ ئەسەرنى پۈتتى دەپ قارىغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق. قەلىمى پىشقان يازغۇچىلاردا ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان ئادەملەرگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەزى پىشمىغان ئەسەرلەرنى مەلۇم دەرىجىدە «قىرقىپ، چاناش» تەبىئىي ئىش. بۇنداق قىلىش ئەسەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. ئەمما، پىشقان ئەسەردىچۇ؟ چاپاقنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

مەن چىرايلىق مۇقاۋىلانغان بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، قولىيازما ھالىتىدە ماڭا بەرگەن ئېسىل تەمنى ئەسلەپ، نېمىشقا پۈۋېست بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە گىچماچ خىياللارغا پېتىپ ئەسەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئەسەر رايونىمىزنىڭ 1937 ـ يىلىدىكى پاجىئەلىك تارىخىغا ۋە شۇ يىلى شىنجاڭ تارىخىدا لاپ قىلىپ ئۆچكەن ئابدۇنىياز سىجاڭ پاجىئەسىگە بېغىشلانغانىدى. ئابدۇنىياز سىجاڭ پاجىئە-

سى 1931 ـ يىلى قۇمۇلدا باشلانغان، كېيىن پۈتۈن رايونغا كېڭەيگەن دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داۋامى ئىدى. ھەتتا ئۇنى داۋام دېيىشكە قارىغاندا يېشىم دەپ قارىساق تېخىمۇ توغرا بولاتتى. بۇ يېشىم تارىخىي رېئاللىقتا ئۇيغۇن ھالدا بەدىئىيلەشتۈرۈلسە، شۇ دەۋر تارىخىغا ئائىت بەزى مۇجمەل قاراشلار ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭ بولۇپ كېتەتتى. مەن ئابدۇللا تالىپنىڭ قولىيازما رومانىدا مۇشۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان ۋە بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ ئەڭ ياخشى تولۇقلىمىسى بولالايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

خوجانىياز ھاجى نېمە ئۈچۈن ئۆزى قارشى چىققان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قاتىلى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆز قولى بىلەن قەتل قىلغان شىڭ شىسەينىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ ئۇرۇمچىگە باردۇ؟ مەھمۇد نېمىشقا چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ؟ ئابدۇنىياز نېمە ئۈچۈن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ؟ قوزغىلاڭ نېمىشقا شۇنداق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى؟ پاجىئەنىڭ سىرى نەدە؟ «ئېگەرلىك ئات» دېگەن بۇ رومان ئارقىلىق بۇ سوئاللارغا بىر قەدەر توغرا جاۋاب تاپقىلى بولاتتى ياكى بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولاتتى.

تارىخىي رومان نوقۇل ھالدىكى تارىخ ئەمەس. ئۇ ئەدەبىيات بىلەن تارىخنىڭ ئورگانىك يۇغۇرۇلمىسى. ئۇ شۇنداقلا ساپ ئەدەبىياتمۇ ئەمەس. ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلغاندا پۈتۈنلەي ئەدەبىيات دېمۇ، پۈتۈنلەي تارىخ دېمۇ قارىۋالماسلىق كېرەك. تارىختىكى سىرلار يازغۇچىلارنى چەكسىز تەپەككۇر بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تارىخ تاماملانغان، ئۆتمۈشكە ئايلانغان، يېشىمى چىققان جەريان. ئەمما، ھازىرقىلار ئۈچۈن ئۇ مەڭگۈ گۈڭگا رېئاللىق. دېمەك، مۇشۇ گۇڭگىلىق ئىچىدىن شۇ تارىخىي رېئاللىقنىڭ يېشىمىگە ئۇيغۇن جاۋابلارنى ئىزدەش تارىخىي رومانچىنىڭ باش

تارتىپ بولماس بۇرچى، ئابدۇللا تالىپنى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقتى، دەپ قاراشقا بولاتتى. ئەپسۇس...
«تارىخىي پوۋېست» دەپ ئاتالغان بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققان-
دا كۆڭلۈمنى بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ قاپسىۋالدى. مەن نەچچە
يىل ئىلگىرى رومان ئارقىلىق تېتىغان تەم ئەمدى يوق ئىدى.
رومان پوۋېست قىلىپلا قىسقارتىلغان ئەمەس، بەلكى قوينىڭ
بۆرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك، روماندىكى تەم پوۋېست قىلىنىش
ئارقىلىق پۈتۈنلەي سۇغۇرۇپ تاشلانغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا،
رومان ھۆركىرەپ تۇرغان، قىنىغا سىغمايۋاتقان بىر بۇقا بولسا،
ھازىر پىچىۋېتىلگەن ئۆكۈزگىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەپتىدىن
ئۆي ھايۋانلىرىغىلا خاس مۇلايىملىق ۋە ياۋاشلىق چىقىپ تۇرات-
تى. كىمدۇر بىرى بەكمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن بۇ «بۇقا»نى
پىچىپ تاشلىغانىدى. بۇقىنى پىچىپ تاشلاش تۇرمۇشتا بار ئىش.
بۇنداق پىچىش بۇقىغا نىسبەتەن تولدۇرغۇسىز تراگېدىيە ھېساب-
لانغان بىلەن پىچقۇچىلارغا مەلۇم پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. باشقۇر-
ماق تەس بۇقىغا قارىغاندا ياۋاش ئۆكۈز نۇرغۇن ئادەمنىڭ دىتىغا
يېقىشى مۇمكىن. ئەمما، رومان ئۇنداق بولماسلىقى كې-
رەك ئىدى... روماننىڭ «بۇقا» ھالەتتىن «ئۆكۈز» ھالەتكە
كېلىپ قېلىشىغا ئەڭ ئاۋۋال ئىگىسى، ئاندىن كىتابخانلار ھەر-
گىز رازى بولمايدۇ. ئەمىسە نېمىشقا بۇ پاجىئە يۈز بەردى؟ بۇ
پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب نېمە؟ دۆلەت رەھبەرلىرى
«چەكلەنگەن تېمىلارغا بۆسۈپ كىرىش، دادىل بولۇش»نى تەكىت-
لەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋال ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.
يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمى «كروران» ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلغان ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان بىر پارچە ماقالىسىدە
«جۇدالىق» ناملىق روماننىڭ ئۈچ توم يېزىلغانلىقىنى، بىرىنچى
توم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى
توملارنى ئېلان قىلىشتا تەھرىرلەرنىڭ زورى بىلەن روماننى

قىسقارتىپ، ئىككى تومنى بىر تومغا قىسقارتىپ ئېلان قىلغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ نېمىدېگەن «قالتىس» قىسقارتىش ـ ھە! ئەسىرىنى بۇنداق قىسقارتىشقا دۇچ كەلگەنلەر ئابدۇللا تالىپ ۋە ھاجى مىرزاھىد كېرىملا ئەمەس. نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ بۇ ھەقتە ئاشكارىلانمىغان كۆڭۈل يارىلىرى بار.

ئۇنداقتا تەھرىرلىرىمىزگە بۇنداق قالتىس قىسقارتىش ھوقۇقىنى كىم بەرگەن؟ ئۇلارنىڭ پىچىقى نېمىشقا شۇنداق ئىتتىك؟ ئەلۋەتتە، بىز ئاپتور بىلەن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كېلىشىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەسەرنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان قىسقارتىش، ئۆزگەرتىشنى ئىنكار قىلمايمىز. ئەمما، بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، يازغۇچى خالىمىغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلغان قىسقارتىشتۇر. ھازىر ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇندا ئەسەرنىڭ ئاپتورنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزگەرتىش، قىسقارتىشقا بولمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ نېمىشقا بۇنداق «دادىل ۋە كەسكىن» قىسقارتىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؟ بەزىلەر بۇ ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندە ئاندىن يۈز بەرگەن، قانۇنلۇق ئىش دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، بىچارە ئاپتورنىڭ كۆڭلى خالىمىسىمۇ ئەسىرىم يورۇقلۇققا چىقىپ قالسۇن، دېگەن ئويدا تەھرىرلەرنىڭ «دادىللىقى ۋە كەسكىن» لىكىگە رازى بولىدىغانلىقى ئەسىرى شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغان ئاپتورلارغا سىر ئەمەس، چۈنكى قانۇننىڭ ھېسسىيات بىلەن ئىشى يوق. قانۇن بىر ئۆلۈك تەتبىقلانغۇچى. رېئاللىقنى ئۇنىڭغا قانداق تەتبىقلاش تەتبىقلىغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

بەزىلەر بۇ ئەھۋالنى (يەنى بۇ خىل ئالاھىدە قىسقارتىش ماھارىتىنى) پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئارتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق ئارتىپ قويغۇچىلارغا دەيدىغىنىمىز: سىلەر بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈ-

مەتنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بىلەن ئويناشماڭلار. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قانداق ئالاقىدار سىياسەت، قارار، قانۇنلىرىنىڭ بارلىقى ھەممىمىزگە ئايان. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، قارار، قانۇنلىرىنىڭ سىلەرگە بىر خىل، كەڭ ئاممىغا بىر خىل چۈشەيدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. پەقەت بىز بۇ سىياسەت، قارار، قانۇن، يوليورۇقلارنى ھەزىم قىلىشتا بولىدىغان پەرقنى تەن ئالىمىز. سىلەرنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىڭلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى، بىزنىڭ ناچار بولۇپ كېتىشى ناتايىن. «ئامما ھەقىقىي قەھرىمان»، ئاممىغا سەل قارىماسلىق، ئاممىنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» دېگەن يوليورۇق بىزگە بېرىلگەن ئالاھىدە يولخېتى. بارچە گۈللەرنىڭ ئىچىدە خۇش پۇراق تارقىتىدىغان گۈللەردىن باشقا، كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدىغان بەتبۇي پۇراق تارقىتىدىغان گۈللەرنىڭمۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەممە سايرايدىغان ئېقىملارنىڭ ئىچىدە قاغىنىڭ قاقىلدىشىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا پارتىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرگە نېمىشقا شۇنداق ئالاھىدە يولخېتى بېرىدۇ؟ چۈنكى ئامما ھەقىقىي قەھرىمان. ئامما پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلاردا گۈلنى تاللاپ پۇرىغۇدەك دىت ۋە ئەقىل بار. پارتىيە بۇ نۇقتىدا ئاممىغا ئىشەنگەن. ئاممىنىڭ ھۆكۈم قىلىش كۈچىنى توغرا مۆلچەرلىگەن. خوش، ئۇنداقتا بەزىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قەستەن ئۆزىنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كارنىيى بىز دەپ قارىۋېلىشى قانداق ئىش؟ ئۆزىنىڭ چۈشەنمەسلىكىنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ چۈشەنمەسلىكى قاتارىدا قويۇۋېلىشى قانداق ئىش؟ بۇ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشتىن، سىياسەت، قانۇنلىرىنى بۇرمىلاشتىن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنى ھەقىقەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇندا قويۇپ قويۇشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەمدى بىز بۇ «پوۋېست» نىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. رومان پو-ۋېستقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز سىجاڭ بىلەن خوجا-نىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار خەت - ئالاقىلەر چىقىرىپ تاشلانغان. ئابدۇنىيازنىڭ خاراكتېرىنى يورۇ-تۇپ بېرىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدىغان، شۇ دەۋر تارىخىغا نىسبە-تەن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بۇ خەتلەرنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى نەتىجىسىدە رومان ھەقىقىي پوۋېست ھالىتىگە كەلگەن. 1937 - يىللىرى يۈز بەرگەن تارىخىمىزدىكى بۇ چوڭ پاجىئە ئاددىيلاش-قان. ئابدۇنىيازنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن تارتىپ مەغلۇپ بولغۇچە بولغان جەريانى ئەسلىدىكى ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چې-كىدىغان ھالەتتىن ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەك تارتمايدىغان ئاددىي ۋەقەلىك دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان.

ئەسەرنى ئوقۇپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېرىمىغىچە كېڭەيگەن بۇ ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭ مەنزىرىسىنى زادى ھېس قىلالمايمىز، ئەمما ئەسلى مەن ئوقۇغان روماندا بۇ ئامىللار تولۇق ئىدى. ئەسەرنىڭ سۆزىتىلا ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى.

بىزدە ئەسەر يېزىش ھوقۇقى بولغانىكەن، يازماسلىق ھوقۇ-قىمۇ بار بولغان بولىدۇ. ئېلان قىلدۇرۇش ھوقۇقى بولغانىكەن، ئېلان قىلدۇرماسلىق ھوقۇقىمۇ بولىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئە-سەرلىرىنى ئېلان قىلمىغىنىغا قارىغاندا چالا بولسىمۇ ئېلان قىلى-نىپ قالغىنى ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. دەل مانا مۇشۇ قاراش ئۆزىمىزنىڭ پاجىئەسىنى پەيدا قىلغان. ئەگسە خالىغانچە ئېگىلى-دىغان قەددىمىز بىزنى خالىغانچە ئېگىپ ئوينايدىغان ئامىباب ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ناۋادا بىزدە ئېگىلىشتىمۇ چەك بولغان بولسا، چەكتىن ئاشقاندا سۇنۇپ كېتەلىگەن بولساق، ئويۇنچۇقلۇق قىسمەتتىن مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلۇپ قالالايتتۇق. نەشرىياتقا ئەسەر كېرەك. بىز ئەسەر يازمىساق ئۇلار نېمىنى

بىسىپ چىقىرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بەزىلەر بىز قىلمىغان بىلەن يەنە بىرسى قىلسا قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. جاۋاب ناھايىتى ئاددىي. بىزدە پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا سال، دېگەن ھېكمەت بار. ھەممىمىزدە ئۆزىمىزگە خاس بولغان قىممەت ۋە چەك ئۆلچىمى بولسىلا، باشقىلارنىڭ نېمە قىلىپ يۈرۈشى بىلەن كارىمىز بولمىسا، مەسىلە ئوڭايلا ھەل بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز قىممەت قارىشى بويىچە چەكلەنگەندىن كېيىن سامان بىلەن دان، توخۇ بىلەن ئۆردەك، قوي بىلەن ئۆچكە ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىدۇ. بۇغداينىڭ سامان ئارىسىدا بىردەملىك كۆمۈلۈپ قالغانلىقى بۇغداينىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ. سامان ھامان سامان، بۇغداي ھامان بۇغدايدۇر. ئەسىرى كېسىپ تاشلانغان يازغۇچىلارغا دەيدىغىنىم: ناۋادا بىز ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، كېسىپ تاشلاشتىن ئېلان قىلماسلىقنى ئەلا بىلسەكچۇ؟ بۇ ھالىتىمىز نەشرىياتنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلماي قالمايدۇ.

بىزدە كۆيگەن يامانمۇ كۆنگەنمۇ؟ دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. كىشىلەر ھامان بۇ سوئالغا «كۆنۈپ قالغان يامان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ھازىر ھەممە ئادەم كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ناۋادا بىر كۈنى ھەممەيلەن تولۇق يالىڭاچلىنىپ كوچىغا چىقسىچۇ؟ بىز يەنە بۇ رېئاللىقنى ئامالسىز قوبۇل قىلىمىز، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىمىز. ناۋادا بىرەيلەن يالىڭاچ چىقىپ قالسىچۇ؟ يا ساراڭ دەيمىز، يا بولمىسا ئۇنىڭغا ئۆزگە كۆزدە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالىمىز. «ئۆچكىنىڭ قوڭى كۈندە ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ بىر كۈن ئېچىلىپ قالسا ۋەيت، ۋەيت» دېگەن ھېكمەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، بىز بەزى كۆنۈپ قالغان قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن دادىللىق بىلەن بۆسۈپ چىقىشىمىز كېرەك. بەلكىم تۈنجى قېتىملىق بۆسۈپ



www.uyghurkitap.com

چىقىش نۇرغۇن كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئىك-
كىنچى - ئۈچىنچى قېتىم ئۇلار بۇنداق ھالەتكە ئادەتلىنىپ
قالىدۇ. ھەتتا ھەيران قالماسلىقىمۇ مۇمكىن.

خۇلاسە سۆپىتىدە ئېيتىپ ئۆتىدىغىنىم، بىر روماننى پو-
ۋېستقا ئايلاندۇرۇش جەريانى مەندە قوزغىغان تەسىرات شۇنچى-
لىك. ئاخىرىدا قىستۇرۇپ قويىدىغىنىم، «ئېگەرلىك ئات» دې-
گەن بۇ «بۇقا» پىچۈۋېتىلىپ، «بۇقا»لىق قىممىتىنى يوقاتقان
بولسىمۇ، يەنىلا ئۆكۈزلۈك قىممەتكە ئىگە. بىر ئۇلۇغ شەھەر
ۋەيران بولسىمۇ خارابىسى قالغاندەك روماننىڭ پوۋېستقا ئايلانغان
قىسمى يەنىلا بىر قېتىم كۆرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

# مائارىپ ئېڭى ۋە تەرەققىيات

## 1

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، تەرەققىياتنىڭ سەۋىيە-سىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىد-غان ياكى تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل مائارىپ كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. تەرەققىياتنىڭ تومۇرلىرى-غا سىڭىپ كەتكەن بىر قانۇنىيەتنى بايقايمىز. قايسى مىللەتنىڭ مائارىپ ئېڭى ئەڭ يۇقىرى، مائارىپ تەپەككۇرى ئەڭ سەر خىل بولسا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېرىشكەن نەتىجىسى ئەڭ يۇقىرى، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن سەۋىيىسى ئەڭ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. مائارىپ ئېڭى تۆۋەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

ھازىر دۇنيادا كۈچلۈكلۈكنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرى ئۇتتۇ-رىغا قويۇلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا قەدەر بىر ئەلنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەربىي قۇۋۋەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىدا ئىپادى-لىنەتتى. 1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب بىلەن ئېلىپ بارغان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى كەلتۈرۈپ چىقار-غان ئىقتىسادىي بېسىم تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ پارچىلىنىشى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئەركىن ھەربىي تەرەق-قىيات ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان گېرمانىيە ۋە ياپونىيىنىڭ 1990 - يىللاردا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يۈكسەكلىك تۈپەي-لىدىن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشى

كۈچلۈكلۈكىنىڭ يېڭى دەۋرى — ئىقتىسادىي كۈچ دەۋرىنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. ھەربىي كۈچ ئاستا -
ئاستا ئىقتىسادىي كۈچكە ئورۇن بوشاتتى.

تاغنىڭ كەينىدە تاغ بار دېگەندەك، كۈچلۈكلۈكنىڭ بۇ بەل-
گىلىرىنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرىدىغان
بىر ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ مائارىپ.

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان
مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن
مۇنداق دېدى: «ھازىر دۇنيادا ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەت-
تىكى رىقابەت بارغانسېرى ئىقتىسادىي كۈچ، دۆلەت مۇداپىئە
كۈچى ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتتە ئىپا-
دىلىنىۋاتىدۇ، مەيلى قايسى كۈچنى كۈچەيتىش جەھەتتىن ئېيتاي-
لى، مائارىپ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ».

پېتىر I دەۋرىگە قەدەر قاششاقلىقتا ياشاۋاتقان رۇسىيە پې-
تىر I نىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئويغاندى ۋە دۇنيادىكى كۈچ-
لۈك ئەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مائارىپنىڭ مىللىي تەرەق-
قىياتتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تونۇپ يەتكەن پېتىر I ئۆز
ئىسلاھاتىنىڭ يادروسىنى مائارىپ ئىسلاھاتى ئۈستىگە قويۇپ،
يېڭىچە ئوچۇق شەكىلدىكى مائارىپ ئورگانلىرى — ئالىي مەك-
تەپلەرنى قۇردى. مائارىپ ئارقىلىق خەلقنىڭ تەپەككۇرىدا ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىپ، باشقا ئىسلاھات تۈرلىرىنى كۈچلۈك ئىلمىي
ۋە مەنىۋى ئاساسقا ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ پېتىر I
ئىسلاھاتى رۇسىيە تارىخىدا بۆرۈلۈش نۇقتىسى ياساپ، رۇسىيە-
نى ئىلگىرىكى ئاجىز، قاششاق دۆلەت ئورنىدىن كۈچلۈك، ئىل-
غار، كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە دۆلەتكە ئايلاندۇر-
دى. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، رۇسىيە دۇنيادىكى يەر - زېمىنى
ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلى-
نىپ كەتكەن بولسىمۇ، رۇسىيە ھازىرمۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەت.

مېئجى يېڭىلىقلا كۆچۈش ھەرىكىتىگە قەدەر ياپونىيە شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي تاپمىغان فېئودالىق ئارال دۆلىتى ئىدى. دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىشى ۋە قۇرۇلمىسى جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىشى ۋە قۇرۇلمىسىدىن چىق پەرق قىلمايتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياپونىيە ـ ئامېرىكا توقۇنۇشى ياپونىيىلىكلەرنىڭ شىرىن چۈشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك تۇيغۇسى بىردىن يوقالدى. ئامېرىكا دېڭىز فلوتىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ ھەيۋىسى پۈتۈن ياپونىيە زېمىنىدا تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. ياپونىيە دەرھال مېئجى يېڭىلىقلا كۆچۈش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ يادروسىمۇ مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىپادىلەندى. ياپونىيىلىكلەر ئىنتايىن ئاكتىپ ھالدا غەربنىڭ ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى ۋە قۇرۇلمىسىنى قوبۇل قىلدى. مائارىپ ئىسلاھاتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بۇ خىل ئىلغار يۈزلىنىش ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئايلاندى. مېئجى يېڭىلىقلا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ ئۈنۈمى ئارىدىن 50 يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا روشەن ھالدا كۆرۈلدى. ياپونىيە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتى. 1905 ـ يىلى رۇسىيە بىلەن سىبىرىيىدە تەسىر دائىرە تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا رۇسىيىنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، دۇنيانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. پۈتۈن دۇنيا ياپونىيىنى قايتىدىن تونۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر چاغلاردا ئۆز مەدەنىيىتى ئارقىلىق ياپونىيىنى بويسۇندۇرغان جۇڭگومۇ ياپونىيىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. پۈتۈن جۇڭگودا شەرقىي ئوكيان —— ياپونىيىگە بېرىپ ئەقىل ئەگىشتۈرۈش قىزدەش قىزغىنلىقى قوزغالدى. جۇڭگونىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى ياپونىيە بىلەن ئۆز دۆلە-

تىنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ياپونىيىگە قاراپ ئاقتى. مانا ھا-
زىر ياپونىيە دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دەرىجىدىن
تاشقىرى چوڭ دۆلەت.

ياپونىيىدىن ئىبارەت تەبىئىي بايلىقى كەمچىل، يېرى تاغ-
لىق، ئاھالىسى كۆپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەڭ زور
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ دۆلەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدى-
كى سىر نەدە؟ مائارىپتا، مائارىپ ياپونىيىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ
ئۇلى، مائارىپ ئارقىلىق خەلقنىڭ مېڭىسىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان
غايەت زور ئېنېرگىيە ئەقىل بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن قېزىش
ياپونىيىلىكلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭگۈشتەر.

دۇنيانىڭ يەنە بىر چوڭ مۆجىزىسى ئىسرائىلىيە، ئىككى
مىڭ يىل ئىلگىرى دۇنيا خەرىتىسىدىن مەجبۇرىي ئۆچۈرۈپ
تاشلانغان، خەلقى پۈتۈن دۇنياغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەت-
كەن بىر دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قايتىدىن ئۆز خەلقى تەرىپى-
دىن بەرپا قىلىنىشى، دۇنيادىكى ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل
مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋەتىنىگە قايتىدىن
جەم بولۇپ ئۆلگەن تىلىنى تىرىلدۈرۈشى، 1948 - يىلى قۇرۇل-
غاندىن بۇيان بۈگۈنگىچە تۆت ئەتراپى دۈشمەن دۆلەتلەر بىلەن
قورشالغان تۇرۇپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپلا قالماي، دۇنيادىكى
زېمىنى ئەڭ كىچىك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشى
مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ ئىسرائىلىيىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن بەش مىل-
يون، زېمىنى شىنجاڭدىكى ئەڭ كىچىك ناھىيىلەرنىڭ زېمىنى-
دىنمۇ كىچىكرەك. يەھۇدىيلارنىڭ مائارىپىدىكى غايەت زور مەن-
ۋى تىندۇرما، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى
ھەرقانداق ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلالايدىغان ئۇچۇق
خاراكتېر ۋە مۇكەممەللىك، مائارىپ ئېڭىدىكى ئىلغارلىق دەل
مۇشۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاچقۇچى. ئىسرائىلىيە ھازىر دۇنيا بويىچە
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ پۈتۈن نوپۇستا ئىگىلەيدىغان

نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت. ئىسرائىلىيە يەنە گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتاب ئىستېمالىدا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مائارىپ هازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان كۈچلۈكلۈككە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى. شۇڭا، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلاھات ئەڭ ئاۋۋال مائارىپ ئىسلاھاتىدىن باشلىنىدۇ. باشقا ئىسلاھاتلار مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئاساس قىلىپ ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

## 2

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تارىخىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئىنتايىن قىزىقارلىق يەكۈنلەرگە ئېرىشەلەيمىز. شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ بىر ئىچكى قانۇنىيىتىنى بايقايمىز:

ئەڭ ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى مىللەتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ سىستېمىلاشتۇرۇلىدۇ. مۇتەپەككۇرلار مىللىي تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە مائارىپ نىشانىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. بۇ خىل مائارىپ قۇرۇلمىسى مائارىپ ئېڭى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ يولغا قويۇلىدۇ. مىللىي قاششاقلىق بۇ خىل قانۇنىي كۈچكە ئىگە مائارىپ ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ كاللىسىدا يېڭىلىنىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل يېڭىلىنىش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

كونكرېت مائارىپ ئورگىنى مەكتەپتۇر. مەكتەپلەر مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىدىن بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. بىر مىللەت نوپۇسىدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن قوراللانغانلارنىڭ سانى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىسە، شۇ مىللەتنىڭ ساپاسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى سەۋىيىسىدە تۇرغان بولىدۇ. نوپۇس سانىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا



www.uyghurkitap.com

مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىسە، شۇ مىللەتنىڭ سەۋىيىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە بولغان بولىدۇ. نوپۇس سانىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى سالماق ئورۇننى ئىگىلىسە، بۇ مىللەتنىڭ ساپاسى ئالىي مەكتەپ ساپاسىغا يېقىنلاشقان بولىدۇ.

بىز بۇ قانۇنىيەتنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ئېيتساق، بىر مىللەت نوپۇسىدا دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى بولسا، مىللەتنىڭ خاراكتېرىدە روشەن دېھقان خاراكتېرى ئەكس ئېتىدۇ. ناۋادا مىللەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا زىيالىينىڭ سالمىقى ئېغىر ۋە سانى كۆپ بولسا، مىللەتنىڭ خاراكتېرى زىيالىيلىق خاراكتېر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرسەك، بۇ ساپا يەنە دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ.

گېزىت - ژۇرناللاردا پات - پات ئۇچراپ تۇرىدىغان، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ستاتىستىكا خادىملىرى كۆپ تەكىتلەيدىغان ھەر 1000 ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توغرا كېلىش نىسبىتى دەل مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ستاتىستىكا قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نىسبەتنى باشقا نۇقتىدىن، يەنى ھەر 1000 ئادەم ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ توغرا كېلىش نۇقتىسىدىن ئۆلچىسەك، مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە، ساپاسىغا تېخىمۇ ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

بىز يۇقىرىقى ئۆلچەملەر بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ساپاسىغا ھۆكۈم قىلساق، مىللىي ساپايىمىزغا دەرھال باھا بېرەلەيمىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا مىللىتىمىزدە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. خەلقىمىز ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن قۇراللانغانلارنىڭ سانى ئەڭ يۇقىرى نىسبەتتە. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

www.uyghurkitap.com

بىلەن قوراللانغانلارنىڭ نىسبىتى سەل تۆۋەن. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى سەۋىيىسىدە، خەلقىمىزنىڭ ساپاسىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ساپاسى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك. چۈنكى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىمىزنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى، دەرسلىكلىرىمىزنىڭ تۈزۈلۈش سەۋىيىسى ۋە ئىلمىيلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ نوپۇسى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا 90% ئادىمىمىز دېھقان. شۇڭا، مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېرىدە دېھقانچىلىق خاراكتېرى ئەڭ ئۈستۈن.

3

مائارىپنىڭ مەقسىتىنى بىر ئەل ياكى مىللەتنى كۈچلۈكلۈككە ئېلىپ بېرىش نۇقتىسىدىن يۆتكەپ بىر شەخسنىڭ ھاياتىغا كۆچۈرۈپ كۆرسەك، مائارىپتىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇم كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

مائارىپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتى بىر ئادەمنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئۇنى ئەڭ ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ياكى شۇ ئىمكانىيەتلەرگە يېتىشنىڭ يولىغا باشلاش.

ئادەمنىڭ ياشاش مەقسىتى ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مائارىپتىن ئىبارەت قورال خەزىنىسىدىن ياشاش ئۈچۈن ئالىدىغان قورالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مائارىپ ھەركىمنى ئېھتىياجى ماس قوراللار بىلەن تەمىنلەش جەريانىدۇر. لېكىن، مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى بېكىتىلمەسلىكى، مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئېنىق، مۇكەممەل بولماسلىقى بۇ قوراللارنىڭ ساپاسىغا تەسىر

كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، مائارىپنىڭ بىر ئەلنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن كۆرە بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئوينايدىغان رولى ئۈستۈن ۋە ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ.

يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ مائارىپنىڭ ساپاسى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش. خەلقىمىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سېلىشتۇرۇشىمىز قانچە كونكرېت، قانچە ئاددىي ـ ساددا بولسا، خەلقىمىز شۇنچە ئوڭاي ھەزىم قىلالايدۇ.

ھازىر مائارىپىمىزنىڭ كۆلىمىگە نەزەر سالساق، مائارىپىمىز مائارىپ تارىخىمىزدىكى ھەرقانداق بىر چاغدىكى كۆلەمدىكىدىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە بولدى. مائارىپنى كۈچكە ئىگە قىلغان مۇنتىزىملىق تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، مۇنتىزىم مائارىپ ۋاستىلىرى ئەڭ چەت جايلارغا قەدەر ئومۇملاشتى. بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى خەلقىمىز ئىچىگە تولۇق دېگۈدەك ئومۇملاشتى. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋە ئالىي مائارىپ كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ كۆزگە چېلىققۇدەك ھالغا كەلدى. زامانىۋى پەن دوكتور ۋە ئاسپىرانتلىرى مەيدانغا كەلدى. مائارىپتىكى نۇرغۇن تۇنجىلار، يەنى تۇنجى دوكتور ئاشتى، تۇنجى دوكتور ئاكادېمىك دېگەنلەر پەيدا بولدى. مائارىپنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئۈنۈمى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈلدى، لېكىن مائارىپنىڭ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشلىرىنى ئومۇمىي نۇقتىدىن تۇرۇپ كۆزەتسەك، مائارىپ تەپەككۇرىمىزدا مەلۇم نۇقسانلارنىڭ بارلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى.

## 1. خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئېڭى

تارىخقا نەزەر تاشلىساق، خەلقىمىز تارىخىنىڭ نۇرغۇن بۆلەكلىرىدە مائارىپ ئېڭى ئىنتايىن يۇقىرى بىر خەلق سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئاتاقلىق ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ

www.uyghurkitap.com

خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە مائارىپ ئىدىيىمىزدىن ئۇچۇر بەرگەن ۋە شۇ چاغدىكى مائارىپ ئىشىمىزدىكى يۈكسەكلىكنى ئاشكارا قىلغان. ئەمما، ھازىرقى مائارىپ ئىشىمىزغا نەزەر تاشلىساق، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ قالىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان جەنۇبتىكى مائارىپ ئىشى، خەلقنىڭ مائارىپتىن قېچىشى، بالىلىرىنى ئوقۇشقا بەرمەسلىكى بۇنىڭ مىسالى. خوتەننىڭ مەلۇم ناھىيە مەلۇم يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بالا يىغقىلى بارغاندا، غەزەپلەنگەن ئاتا خامان سورۇيدىغان پولات ئارىنى بالىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتكەن، يەنە مەلۇم يېزىدا دېھقانلار بالا قىچقارغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىتقا تالاتقان.

قىسقىسى، خەلقنىڭ، بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ روھىدا مائارىپتىن قېچىش، مائارىپتىن قېيداش ئىككى باش كۆتۈرۈپ، مائارىپ تەرەققىياتىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان روھىي ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان.

بۇ خىل روھىي ھالەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرى بولغان قىزلارنى مەكتەپكە بەرمەسلىك، قىزلارنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن مەبلەغ سالماسلىق ئەھۋاللىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. بىر بالىنىڭ ھاياتىدا بىرىنچى تەربىيىنى ئانا بېرىدۇ. ئانىنىڭ ساپاسى بالىنىڭ ساپاسىغا، ئائىلە ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئائىلىدىكى رولىغا ئەجدادلىرىمىز توغرا باھا بېرىپ «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دەپ يەكۈنلىگەن. مىللەت ياكى ۋەتەن بىر ئائىلە. بۇ ئائىلىدە ئاياللار يەنە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا، ئاياللىرىمىزنىڭ ساپاسى ۋەتىنىمىزنىڭ ئەر ياكى يەر بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى. چۈنكى، ئەرمۇ بىر سىمۋول، يەرمۇ بىر سىمۋول. بىرى يۈكسەكلىك، يەنە بىرى… ئاياللىرىمىزنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە

مۇتەپەككۇرلىرىمىز قەدىمدىن بۇيان نۇرغۇن ئەقلىيلەرنى قالدۇر-
غان. نۇرغۇن ئىسپاتلارنى، زۇكۇنلارنى كۆرسەتكەن. ھەتتا 20 ـ
ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر مائارىپچى، ئالىم ئابدۇ-
قادىر داموللىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئايال-
لارنى تەربىيىلەشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغان، لېكىن
خەلقىمىز ئىچىدە ھازىر ئاياللارنىڭ تەربىيىسىگە ئېتىبار بەرمەس-
لىك ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېغىر. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر
ئىچىدە نىسبىتى خېلى تۆۋەن. قىسقىسى، مائارىپتىن قېچىش،
مائارىپنى كەمسىتىش روھى خەلقىمىزنىڭ روھىدا بىر ۋاباغا
ئوخشاش ئورۇن ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرگە ماتېرىيالىستىك نۇقتىدىن قارىساق، خەل-
قىمىزدە بۇ خىل مائارىپتىن قېچىش پسىخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇپ
قېلىشىدا سەۋەب يوق ئەمەس. ئەڭ چوڭ سەۋەب مائارىپىمىز
ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلار تۈپەيلىدىن مائارىپنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى
ئاچىدىغان سېھىرلىك قورالىنى خەلققە بېرەلمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن خەلق ئۆز مائارىپىدىن بۇ خىل ئامىلنى ئىزدەپ تاپالماي
ئۈمىدسىزلەندى. مەسىلەن، مائارىپىمىزدا تولۇق ئوتتۇرىغىچە
ئوقۇشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆت-
تۈش بولۇپ كەلگىلى ئۇزاق بولدى. لېكىن، ئالىي مەكتەپكە
ئۆتەلەيدىغانلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ
قەلبىدە بىر خىل گۇمانىسىراش پەيدا بولدى. ھەقىقەتەن تولۇق
ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى
مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ ۋۇ-
جۇدىدىكى سۆرەلمىلىك، ئاق نانچىلىق، ئېتىقادسىزلىق، ئۇلار-
دىكى ھاياتىي كۈچنىڭ چۈشكۈن ۋە ئاجىزلىقى جەمئىيەتتىكى
ئومۇميۈزلۈك مەسىلە بولۇپ قالدى. خەلق ئۆزىدىكى ئەنئەنىۋى
مائارىپ ئۇسۇللىرى ياكى ئامىللىرى بىلەن مۇنتىزىم مائارىپنى،
قانۇنىي كۈچكە ئىگە مائارىپنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. مەسىلەن،

بىر دېھقان ئوغلىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە بىر موزدوزغا شاگىرت-لىققا بەرسە تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇش يېشى بويىچە 11 يىل موز-دوزلۇق ئۆگىنىپ چىقسا، ھەرقانچە دوت بولسىمۇ ھەرقانداق ئاياغنى تىكەلەيدىغان، لايىھىلىيەلەيدىغان ئۇستىغا ئايلىنىپ چىقا-لايدۇ. لېكىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بالىچۇ؟ خەلقىمىز بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مائارىپتىكى مەلۇم خۇسۇسىيەتنى بايقاپ قالغان. ئۇلار دېھقانلىق تەپەككۇرى بويىچە پايدا - زىياننى ھېسابلاپ كۆرۈپ، مائارىپىمىزدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان.

يېقىندا جەنۇبتىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەلۇم بىر ئائىلە باشلىقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەن ئوغلىدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرگەن. ئىمتىھاد-نىڭ مەزمۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى دەرسلىكلەرگە مۇ-ناسىۋەتلىك بىلىملەر بولغان. نەتىجىدە ئائىلە باشلىقى بالىسىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن رازى بولمىغان. ئاخىرىدا مەكتەپ ئۇستى-دىن ئەرز قىلىپ بالىسىنىڭ توققۇز يىللىق ۋاقتىنى ۋە ئۆزىنىڭ توققۇز يىل جەريانىدا سەرپ قىلغان ئەجرىنى تۆلىتىۋالماقچى بولغان. مەيلى بۇ ئىش راست ياكى يالغان بولسۇن، خەۋەرنىڭ تارقالغىنىدىن قارىغاندا، خەلقىمىز مائارىپ ھەققىدە ئويلىنىشقا، مائارىپنىڭ جاۋابكارلىق ھوقۇقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىغان.

خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئېڭىنى ئويغىتىپ، مائارىپنىڭ ئىج-تىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىق-قەتنى خەلققە تونۇتۇش، خەلقىمىز ئارىسىدا مائارىپقا بولغان مۇھەببەت دولقۇنىنى قوزغاش، مائارىپتىكى ئەڭ ئەمەلىي مەسى-لىلەرگە جاۋاب بېرىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەقەززا-سى.

## 2. مىللىي مائارىپ قۇرۇلمىسى

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر شەكلى ۋە شۇ

خىل تەپەككۇر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت يولى بولىدۇ. مائارىپمۇ شۇ خىل تەپەككۇرنىڭ ئىنكاسى. رايونىمىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، نۇرغۇن مەسىلىلەر، پەرقلەر مەۋجۇت.

بىرىنچى، دەرسلىك قۇرۇلمىسى. دەرسلىك قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە دەرسلىكلەر تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن دەرسلىكلەردىن ئىبارەت. خەنزۇ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى بىرلىكلەرنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش مائارىپىمىزدا قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان ئاساسلىق يول. ھەتتا ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىمىزنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ خەنزۇچە دەرسلىكلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆلگە قىلماقتا. خەنزۇ مىللىتى قەدىمىي مەدەنىيەتكە، ئۆزگىچە مائارىپ ئەندىزىسىگە ئىگە خەلق. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ھەم شۇنداق، ئىككى خەلقنىڭ مائارىپ تەپەككۇرىدا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت. باشقا دەرسلىكلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ئالساق، بۇ دەرس مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. 1950 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە ئوخشاش كلاسسىك تېكىستلەر بىلەن ھازىرقى زامان تېكىستلىرىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ھازىرقى ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى مۇقىم ساقلاپ قالغىلى، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى يېڭى سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك تىل ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ھازىرقى تىل ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولاتتى. ئەپسۇس، تېكىستلەردە كلاسسىك ئەدەبىيات ئامىللىرىنىڭ بارغانسېرى ئاز قېلىشى ھازىرقى تىلىمىز بىلەن كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرۋەتتى. تىلىمىز كلاسسىك تىلدىكى نۇرغۇن ئىلغار ئامىللاردىن ئايرىلىپ قالدى.

خەنزۇلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئەڭ ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت تونۇش ياكى ساۋاتىنى چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشمايدىغان يېزىقىنىڭ مەنە بىلدۈرۈش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ دەرسلىك قۇرۇلمىسىنىڭ بەلگىلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئاساسلىق خەنزۇچە خەتلەرنى ئۆگىتىپ بولۇشى كېرەك. بۇ خەنزۇ تىلى — ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدىن بىرى. ئۇيغۇر تىلى بولسا خەنزۇ تىلىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان ئايرىم تىل. بىزنىڭ يېزىقىمىز مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنچى سىنىپتىلا ساۋاتى چىقىپ بولىدۇ. ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىدارى بالىلارنىڭ تىل - يېزىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مائارىپنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى شۇكى، مائارىپ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. بۇ بىر خىل پەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تەرەققىي قىلىش يولى بار. مىللىي مائارىپ تېخىمۇ شۇنداق. بۇ بىر تۇتاش مائارىپ ئەندىزىسىدىن كۆرە ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەقىل يولىغا موھتاج. ئامېرىكا مائارىپىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىدىكى 50 نەچچە شتاتنىڭ تۇتقان مائارىپ يولى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل. ھەرقايسى شتاتلار ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن مائارىپ ئەندىزىسىنى بېكىتىدۇ. جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شۇڭا جۇڭگودا مائارىپنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتىگە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۆز ئالدىغا مائارىپ سىياسىتى تۈزەلمىسىمۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئۆزىنىڭ مائارىپ ئەندىزىسىنى بېكىتىشى كېرەك ئىدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەنىنىڭ 1999 - يىلى ئېلان قىلغان مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ

11 ـ ماددىسىدا بۇ ھەقتە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىلدى: «ئورگانلار-
نى يەنىمۇ ئىسقارتىپ، تۆۋەنگە ھوقۇق بېرىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك
خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆز رايونىنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ـ باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە بىر تۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى
زورايتىپ، مائارىپنى شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتىبىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك» . 14 ـ ماددىدا يەنە
مۇنداق دېيىلگەن: «دەرسلىك سىستېمىسى، قۇرۇلما، مەزمۇ-
نى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش، يېڭى ئۇل مائارىپ دەرسلىك
سىستېمىسى بەرپا قىلىش، دۆلەت دەرسلىكى، يەرلىك دەرسلىك
ۋە مەكتەپ دەرسلىكىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش كېرەك» .
ئىككىنچى، ئېتىقاد تەربىيىسى. دەرسلىكىمىزنىڭ قۇرۇل-
مىسىدىن قارىغاندا، ئېتىقاد تەربىيىسىگە بېرىلگەن ئورۇن ئالا-
ھىدە زور. لېكىن، ئەمەلىي ئۈنۈم ئىنتايىن كىچىك. تۈزۈلگەن
ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىكلىرىدە سۆزلەنگەن ئەخلاق يولى مىللى-
تىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن مەھكەم كىرىشىپ
كېتەلمىگەن. شۇ تۈپەيلىدىن، بۇ دەرسلىكنىڭ ئۈنۈمى ئانچە
يۇقىرى بولماي كەلگەن. بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش
كۈچى شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ زور ئۈنىۋېرسال كۈچىدۇر.
1998 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە تارىختا ئاز كۆرۈلگەن كەلكۈن ئاپىتى
يۈز بەردى. لېكىن، دۆلىتىمىز خەلقى بۇ ئاپەتكە ئۈنۈملۈك
تاقابىل تۇرۇپ زىياننى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتتى. دۆلەت
رەھبەرلىرى بۇ روھنى ئورتاق ئېتىقاد كۈچى نۇقتىسىدىن تەھ-
لىل قىلىپ مەدھىيىلىدى ۋە بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇ-
شۇش كۈچىنى ئىسپاتلىدى، دېدى.

4

خوتەن ناھىيىسىدىن چىققان دېھقان كارخانىچى كېرەم ئى-

www.uyghurkitap.com

مىننىڭ خەلققە مەكتەپ سېلىپ بېرىشىدىن باشلانغان شەخسىي كۆچلەرنىڭ دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىپ مەكتەپ سې-لىش قىزغىنلىقى شىنجاڭدا بىر دولقۇن قوزغىدى. نۇرغۇن كىشىلەر مەكتەپ سېلىپ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. لېكىن ستاتىستىكىلارغا قارى-غاندا، بۇ مەكتەپلەرنىڭ 90 پىرسەنتىگە يېقىنى باشلانغۇچ مەك-تەپ، 10 پىرسەنتىگە يېقىنى ئوتتۇرا مەكتەپتۇر. بۇ ستاتىستى-كىلاردىن مەلۇم نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. خەلقىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشنى ھاياتتىكى بىر تەخىرسىزلىك دەپ تونۇشقا باشلىغان.

ئەمما، بىر مىللەتنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىدا ئەڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارى-پى ئەمەس، ئالىي مەكتەپ مائارىپىدۇر. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىسىز ئالىي مائارىپنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقىسى مائارىپنىڭ ئۇلىنى قاتۇرغۇچى.

مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپقا بولغان تونۇشى سەل مۇج-مەل. ئۇلار ئالىي مائارىپنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، ئالىي مائارىپقا بولغان تونۇشى ئاجىز. دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق ئىگى-لىك دەۋرىدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسى-دىن كىرىۋېلىش مەڭگۈلۈك «تۆمۈر تاۋاق»قا ئىگە بولۇۋېلىش-نىڭ تۈپ يولى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، خەلقىمىز ئالىي مائارىپنى «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى سۈپىتىدە كۆ-رۈپ كەلگەن. ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا ئالىي مائارىپنىڭ مىللىي تەرەققىياتتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ھېس قىلغان.

ئالىي مائارىپ مىللەتنىڭ ئالىملىرىنى، پەيلاسوپلىرىنى بار-لىققا كەلتۈرىدىغان بۆشۈك، ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئادەملەرنى سەرخىللىق پەللىسىگە يېتەكلەپ، كۆچلۈك ئادەملىك دەرىجىسى-گە يەتكۈزىدۇ. ئىلىمنىڭ يېڭى بەتلىرىنى ئاچىدۇ. خەلقئارادا

بىر دۆلەتنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

دېھقانچە تەپەككۇر بىلەن ئويلانساق، يۈز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا قارىغاندا، بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ سالمىقى ئېغىر، يۈز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا قارىغاندا، بىر ئاسپىرانت، دوكتورنىڭ سالمىقى ئېغىر كېلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مائارىپىنى قوللاپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشى بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەھۋال، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەر مائارىپى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلەلمەسلىكى، ئەڭ بولمىغاندا ئۆز نامىلىرىدا ئوقۇش مۇكاپات فوندى تەسىس قىلالماسلىقى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن مۇنداق بىر ھېسابنى چىقىرىپ كۆردۈم: بىر ئادەم بىر مىليون يۈەن خەجلەپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرسا، بىرەر كەنتتىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن. يەنە بىر ئادەم بىر مىليون يۈەن خەجلەپ 10 ئادەمنى مائارىپى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئاسپىرانتلىقتا، دوكتورلۇقتا ئوقۇتسا، ئۇلار پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىك رول ئوينايدىكەن. ھەل بولمىغان ئىلمىي مەسىلىلىرىمىزنى يېشىپ بېرىدىكەن. ناۋادا ئون نەچچە ئادەم بىرلىشىپ نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئالىي مەكتەپ قۇرسىچۇ؟ ئۇ مەكتەپتىن مىللەتنىڭ ساپا ئامىلىغا ئاڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېتىشىپ چىقىدىكەن.

ئۇيغۇر خەلقى ھازىر بىر ئالىي مائارىپ دەۋرىگە موھتاج. پەرزەنتلىرىمىز باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەتتا ئوتتۇرا تېخنىكوم دەرىجىسىدە توختاپ قالمايدىغان دەۋرگە كەلگەندە، مەيلى شتات بولسۇن - بولمىسۇن، ئالىي مائارىپ بىردىنبىر تاللاش نىشانىمىز بولغاندا، ئاندىن تەپەككۇرىمىز دېھقانچە تەپەككۇردىن قۇتۇلۇپ ئالىي مەكتەپ دەرىجىسىدىكى تەپەككۇر يولىغا

قەدەم قويالايدۇ.

5

مەكتەپلىرىمىزدە دەرسلىكلەرنى ۋاراقلاپ باقسام، ھەممىشە بۇ كىتاب ئىلمىي ئەمەسمۇ نېمە؟ دېگەن سوئال كاللامغا كېلىپ قالىدۇ. لېكىن، كىتابلاردىكى نيۇتوننىڭ قانۇنلىرىنى، تېئورېما، ئاكسىئومىلارنى كۆرۈپ سوئالىمدىن دەرھاللا ۋاز كېچىمەن. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي بۇ سوئال يەنە كاللامدىن ئورۇن ئالىدۇ.

توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ چېكى تولۇق ئوتتۇرىدا توختايدۇ. توققۇز يىل ئوقۇپ بولۇپ يۇقىرى ئۆرلەشنى خالىمىغانلار دەل مۇشۇ پەللىدە كەينىگە يانىدۇ ۋە تىرىكچىلىك كوچىسىغا قاراپ قەدەم ئالىدۇ. لېكىن، ئۇلار جەمئىيەتكە چىقىپ قاراپ بېقىپلا ئۆزلىرىدە ياشىغۇدەك ھېچقانداق قورالنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار توققۇز يىل ماتېماتىكا ئۆگەنگەن. لېكىن، توققۇز يىلدىن كېيىن قاراپ باقسا، ئۇلارغا ئەسقېتىدىغان نەرسە پەقەت تۆت ئەمەل ۋە پىرسەنت چىقىرىش. بەزى باللار تېخى بۇ مەسىلىلەرگىمۇ خام. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئۆينىڭ ھەجمى قانچە، بىر تۈپ ياغاچ قانچە كۇب دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇلار خىمىيە، بوتانىكا دەرسلىرىنى ئوقۇيدۇ. لېكىن، توققۇز يىلدىن كېيىن دېھقان بولغاندا قانداق خاراكتېردىكى يەرگە قانداق ئوغۇت ئىشلىتىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. فىزىكا ئوقۇيدۇيۇ، ئۆيىدىكى توك سىمى ئۈزۈلۈپ كەتسە ئۇلىيالماي قاراڭغۇدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆگەنگىنى ئىلىم ئەمەسمۇيا؟ ياق، كىتابتىكى بىلىملەرنىڭ ھەممىسى توغرا، لېكىن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بىلىملەرنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈلۈشى ئىلمىي ئەمەس. كىتاب ئابستراكت ئىلىملەر ۋە ئۆلۈك نەزەرىيىلەر بىلەن تولغان...

يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «نۆۋەتتىكى ئىچكى ـ تاشقى يېڭى ۋەزىيەت مائارىپ ئىدىيىمىز، مائارىپ تۈزۈلمىمىز ۋە قۇرۇلمىمىز، مائارىپ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەسلىك زىددىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشكارىلىنىپ چىقتى ۋە ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ». خەلقىمىزنىڭ تەرەققىيات سادالسىدىن قارىغاندا، مائارىپىمىز چوڭ بىر ئىسلاھات دولقۇنىنى كۈتۈۋاتىدۇ. گەرچە نىشانلىق مائارىپ، ساپا مائارىپى دېگەن شوئارلار بىزگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىجرا قىلىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقىنى يەنىلا مائارىپىمىزنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى. بۇ گەۋدە ھەققىدە ئويلانماي بولمايدۇ. بۇ ئويلىنىشنى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئېلىپ بېرىشى ناتايىن. مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ھوقۇقى يەنىلا خەلقىمىزنىڭ ئۆزىدە، ماقالىنىڭ ئاخىرىدا دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات فورمۇلىسىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمەن.

ئۇلار پۇل تاپسىلا مائارىپقا مەبلەغ سالىدۇ. مىللەتنىڭ پەيلاسوپلىرى ئەڭ ئاۋۋال مائارىپتىكى مەسىلىلەرگە نەزەر سالىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مائارىپ تەرەققىيات ۋە كۈچلۈكلۈككە باراۋەر.

www.uyghurkitap.com

# ئىسلاھ قىلىنىشنى كۈتۈپ ياتقان مائارىپ تەپەككۇرى

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم دەپ قارالغان ئېينشتېين مېڭىسىنىڭ تەخمىنەن تۆت پىرسەنتىنى ئىشلەتكەنىكەن. ئۇ ئىنسانلار ئىچىدە مېڭە بايلىقىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلغان كىشى بولۇپ، ئادەتتە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئەڭ كۆپ بولسا مېڭىسىنىڭ %5 . 3نى، ئادەتتىكى كىشىلەر %2 - %3 كىچە ئىشلىتىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئالىملار 20 - ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىسراپچىلىق تەبىئىي بايلىقلار ئىسراپچىلىقى بولماستىن، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تېخى تونۇلمىغان قىسمى بولغان ئادەم مېڭىسىنى ئىسراپ قىلىش دەپ قارىغان ۋە ئىنسانلارنى 21 - ئەسىردە ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىنمۇ قىممەتلىك بۇ بايلىقنى ئېچىشقا چاقىرغان. ھەقىقەتەن بۇ ستاتىستىكا كۆرگەنلا ئادەمنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. 90 نەچچە پىرسەنت مېڭە بايلىقىمىزنىڭ ئېچىلماي قېلىشى، ھەر قانداق ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇ زور بايلىقنى قېزىشنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟

مېڭە بايلىقىنىڭ بايلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ زور بايلىق ئىكەنلىكىدىن ھەر قانداق بىر ئىنسان گۇمانلانمىسا كېرەك. چۈنكى، ئىنساننىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ، يەنى شۇ مېڭىدىن كەلگەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ، بۇ بايلىقنى ئاكتىپلىق بىلەن قېزىپ كەلدى. بۇ بايلىقنى قېزىش، بايقاش

جەرياني مائارىپ ياكى تەربىيىلەش دەپ ئاتالدى. لېكىن، ئىنسانلار بۇ جەرياننى ئاددىيلا تەربىيىلەش، دەپ ئاتاپ خاتا قىلدى. چۈنكى بۇ جەرياننى تەربىيىلەش دەپ قارىسا، ئۇقۇم خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا تەربىيىلەش ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك بولىدىغان بولسا، ئىنسان ئىنسانغا ئوخشاش مېڭىسى بار هايۋانلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئىجاد قىلالايدىغان، مەدەنىيەت يارىتالايدىغان قىلسا بولاتتى. ئەپسۇس، مائارىپ تەربىيىلەش دېگەن مەنىدىن باشقا، قېزىش، بايقاش، نۇرلاندۇرۇش دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولسا، ئاندىن نىسبەتەن توغرا بولىدۇ. نېمىشقا نىسبەتەن توغرا بولىدۇ دەپ قارايمىز؟ چۈنكى، مائارىپنى ئادەمنى بىر تېخنىكا ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇش جەرياني دەپ قارىساق تېخىمۇ خاتا قىلغان بولىمىز. چۈنكى، ئادەمنى تېخنىكىغا، ئىجاد، ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىش مائارىپنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك غايىلىرىدىن بىرى. بۇ بىردىنبىر غايە بولۇپ قالسا، مائارىپ پەقەت تېخنىكىغا ئىگە ماشىنا ياكى ۋاستە ياساش جەرياني بولۇپ قالىدۇ، زاۋۇتتىن پەرقى قالمايدۇ. ئۇنداقتا، مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ غايىسى زادى نېمە؟ ئادەمگە ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنى تونۇتۇپ، ئۇزلۇكسىز ئىزدىنەلەيدىغان، بۇ ئىزدىنىشلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان قىلىش. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەمنى تېخنىكىغا ئىگە قىلىپلا قالماي، ئەخلاقلىق، ئەقىدىلىك، مۇنەۋۋەر ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش.

ئادەمنى تېخنىكىغا ئىگە قىلىش مائارىپنىڭ بىر مەقسىتى بولسا، ئەخلاقلىق، ئېتىقادلىق قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۇنى كائىناتتىكى ئۆزىنىڭ ئورنىنى تونۇيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى مائارىپ مەقامىغا يەتكۈزۈش — مائارىپنىڭ يەنە بىر مەقسىتى. بۇ ئىككى مەقسەت — مائارىپتىن ئىبارەت ماشىنىنىڭ ماتورى ۋە رولى. دۇنيا مائارىپى هازىرغا قەدەر بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەل قارىدى. يەن مائارىپى بار-

www.uyghurkitap.com

لىقتا كېلىپ مەكتەپلىشىشتىن ئىلگىرىكى مائارىپ ئادەمنى ئەخ-
لاقلىق، ئەقىدىلىك قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بې-
رىپ، تېخنىكا ئىگىلىتىشكە سەل قارىغان بولسا، پەن مەركەز
قىلىنغان ھازىرقى زامان مائارىپى تېخنىكا ئىگىلىتىشكە ئېتىبار
بېرىپ، ئەخلاقلىق ۋەئەقىدىلىك قىلىپ تەربىيىلەشكە سەل قارى-
دى. شۇ سەۋەبتىن دۇنيا مائارىپى ھازىرغا قەدەر يۈنىلىش ۋە
غايە مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. تېخنىكا ئىگىلەش ئاساسىي
ئېقىمغا ئايلانغاندا، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ماشىنىلىشىپ، ئېنىقراق
ئېيتقاندا، نەرسىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەخلاق
ۋە ئەقىدە ئاساسىي نىشانغا ئايلانغاندا، تېخنىكىغا؛ يەنى پەنگە
سەل قارىلىپ، نۇرغۇن ھەقىقەتلەر تەجرىبە ئارقىلىق ئۆزىنى
دەلىللەش، نۇرلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇ بوشلۇقتىن خۇراپات پايدىلىنىپ كەتتى، بىدئەتلىك
ئەۋج ئالدى.

مائارىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئادەمنى ئەخلاقلىق، ئەقىدىلىك، ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبا-
رەت. تېخنىكا ئىگىلىتىش پەقەت بىر ۋاستە، خالاس. تېخنىكى-
نى مائارىپنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىلىۋېلىش — ئادەمنى
ۋاستىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس.
ۋاستە پەقەت قورال دېگەنلىك، خالاس. ئۇنداقتا قورالغا ئايلان-
غان ئادەمچۇ؟ بۇ قورال زادى كىمنىڭ؟ ياكى بۇ ھەرقانداق بىر
كۈچ ئىشلەتسە بولىدىغان قورالمۇ؟ ئادەمنىڭ بۇنداق قورالغا
ئايلىنىشى ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىمۇ ياكى بەختىمۇ؟ كېسىپ
ئېيتىش كېرەككى، قورالغا ئايلىنىش ھەرگىز بەخت ئەمەس.
بۇ مائارىپنىڭ بىر تراگېدىيىسى. چۈنكى، قورال مەڭگۈ ئۆزىنى
ئۆزى تونۇشقا، باشقۇرۇشقا قادىر ئەمەس. بۇ ئىنساننىڭ ئىنسا-
نىي دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتكەنلىك، تەپەككۇرغا ئىگە، تەبىئەتنىڭ
خوجايىنى بولۇپ يارىتىلغان ئىنساننى مائارىپ ۋاستىسى ئارقى-

لىق يۈك توشۇش، ئۆلتۈرۈپ يېيىش ۋاستىسى بولغان هايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش، خالاس.

ئىنسان — روھ ۋە تەندىن تۈزۈلگەن بىر مەۋجۇتلۇق. روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تەن كىيىم، روھ بە-دەن. شۇ بەدەننىڭ جېنى روھ بىلەن تەننىڭ ئاجايىپ دىئالېكتى-كىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. جان — روھنىڭ جەۋھىرى، روھتىن ئايرىلغان تەن — ئۆرە تۇرغان ئادەم گۆشى، ئەمما شۇ تەن روھنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى، خالاس. مائارىپتىن ئىبارەت مېڭە بايلىقىنى ئېچىش — مېڭى-دىن ئىبارەت غايەت زور ئوچاقنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئوت ئالدۇ-رۇپ، ئۇنىڭغا قاچىلانغان روھ ئىمكانىيەتلىرىنىڭ جەۋھىرى بول-مىش ئەقىلنى نۇرلاندۇرۇش جەريانىدۇر. قىسقىسى، ئىسراپ بولۇۋاتقان ئەڭ زور بايلىق ئادەم بايلىقىنى ئېچىپ، ھەر بىر مېڭىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئاچقۇچى — مائارىپ.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز مائارىپنىڭ ئورنىنى، رولىنى تو-نۇش مەسىلىسى. ئادەملەرنىڭ مائارىپنىڭ ئورنىنى، رولىنى مۇشۇ پەللىگە چىقىرىپ تونۇشى بۈگۈنكى ئىش ئەمەس. ئىجتىما-ئىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ تونۇش بەزىدە نۇرلانسا، بەزىدە خىرەلەشكەن. قىسقىسى، تونۇشتا مەسىلە يوق. چوڭقۇر ـ تې-يىزلىق تونۇشتىن كېيىنكى پوزىتسىيە مەسىلىسى، خالاس. ئۇنداقتا مائارىپتىكى مەسىلە زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن مېڭىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەڭداشسىز بايلىقى ئۈزلۈك-سىز ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ مائارىپ نېمە ئۈچۈن بۇ بايلىق-نى قېزىشتىكى ئاچقۇچ تۇرۇپ، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-رالمىدى؟

ئالىملارنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ جۇغلانمىسى 19 ـ ئەسىرگە قەدەر ئىك-

www.uyghurkitap.com

كى يۈز يىلدا بىر قاتلانغان بولسا، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھەر
يۈز يىلدا، كېيىن 50 يىلدا، 25 يىلدا بىر قاتلىنىدىغان ھالەتنى
شەكىللەندۈرگەن. بەزىلەرنىڭ ئۈمىدلىك پەرەزلىرىدىن قارىغان-
دا، 21 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ ئىمكانىيەت تېخىمۇ تېزلىشىپ،
ۋاقىت تېخىمۇ قىسقىرايدىكەن. ھەر بەش ـ ئون يىلدا بىر قېتىم
قاتلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس ئىكەن. بۇ خىل تېزلىكنىڭ
بارلىققا كېلىشىگە پەن مەركەز قىلىنغان ھازىرقى زامان مائارىپى
ئاساس بولدى، دېمەي ئامالىمىز يوق. ئەمما، بۇ بىر نەچچە يۈز
يىلدا مائارىپنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق تېز بولغان بىلەن، ئادەمنى
تېخنىكا نۇقتىسىدىن تەربىيىلەش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئەخ-
لاق ۋە ئەقىدە نۇقتىسىدىن تەربىيىلەشكە سەل قارالدى. شۇ
سەۋەبتىن ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىشى تېزلەشكەن بىلەن، ئادەم-
نىڭ بەختسىزلىكى ئېشىپ كەتتى، ئادەمنى روھىي نۇقتىدىن
تەربىيىلەش ئادەمنى تېخنىكا نۇقتىسىدىن تەربىيىلەشكە يېتىشەل-
مىگەچكە، جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىجتىمائىي كېسەللەر ئاۋۇپ
كەتتى. تېخنىكا مەسىلىلىرى ناھايىتى تېز ھەل قىلىنىپ تۇرغان
بىلەن، روھىي مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. مائارىپ
تەپەككۇرىنىڭ ئەخلاق ۋە ئەقىدىگە قارىتىلغان قىسمىنىڭ مۇج-
مەللىكى، توغرا بىر يۆنىلىش ۋە غايىگە ئىگە ئەمەسلىكى بۇ خىل
ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى،
ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ — ئىجتىمائىيلىقى ئىنتا-
يىن كۈچلۈك بولغان بىر جەريان. ئادەتتە تەبىئىي پەنلەرنىڭ
دۆلەت، مىللەت تەۋەلىكى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى قانۇ-
نىيىتى بىر. ئەمما، ئىجتىمائىي پەنلەر كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا
ئىگە ھەم ئىجتىمائىي پەن مائارىپنىڭ تېخنىكىغا ئىگە قىلىدىغان
تەرىپىگە قارىغاندا مۇھىمراق بولغان ئەخلاق ۋە ئەقىدىگە، تەپەك-
كۇرغا خاس رول قىسمىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، ھەر قانداق
مائارىپ دۆلەت ۋە مىللەت چەكلىمىلىكىدىن خالىي ئەمەس. بۇ

خىل چەكلىمىلىك شۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئەنئەنىسى. ئۇنى بۇ ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دىن ۋە تىل كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مائارىپ پروگراممىسى شۇ ئاساستا كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ تۈزۈلسە، ئىجتىمائىي قانداشلىق نۇقتىسىدىن كېلىپ چىققان يېقىنلىق بۇ خىل مائارىپنىڭ تەپەككۇرنى تېخىمۇ داغدام يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىلىمنىڭ قېرىلىشىشى ـــ ئادەملەر ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كېرەكسىز ھالەتكە ئۆتۈپ قېلىشىدۇر. چەت ئەلنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيال- لىرىغا قارىغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈ- رۈپ بىر يىلدىن كېيىن، مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ تەخمى- نەن 15% ى كونىراپ كېتىدىكەن، بەش يىلدىن كېيىن 50% ـ 70% ىگىچە كونىراپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئادەتتى- كى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر 8 ـ 10 يىلدا بىر قېتىم بىلىمنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تاشيولىنى بەلگە قىل- غان ئۇچۇر تېخنىكىسى ئىنقىلابى بىلىمنىڭ كونىرىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتتى. پەرەزلەرگە قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى بايقاشلىرى 2000 يىلدىن بۇيانقى بايقاشلىرىنىڭ جۇغلان- مىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان بارلىق بىلىم 2050 ـ يىلىدىكى بىلىمنىڭ بىر پىرسەنتىگە توغرا كېلىپ قالىدىكەن (خەنزۇچە «كۇتۇپخانىلار مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانى).

يۇقىرىقى ستاتىستىكىنىڭ ئوقۇغانلا ئادەمنى ئويغا سېلىشى شۇبھىسىز. بۇ ئوي ئىككى نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ: بىرىنچىسى، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ھەرقانداق بىر دەۋردىكى- دىن تېز بولۇپ كەتتى. ئارقىدا قالماسلىق ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆگى-

ـنىش كېرەك. مەڭگۈ ئۆگىنىش ھەر قانداق ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ، ئەمما سوئالمۇ پەيدا قىلىدۇ: ئۇنداقتا بىز ئۆگەنگىنىمىزنى قاچان ئىشقا سالىمىز؟ ھاياتنىڭ مەقسىتى مەڭگۈ ئۆگىنىشمۇ؟ دېمەك، ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەننى ئىشقا سېلىش ھازىر ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. ھازىر بەزى دۆلەتلەر ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بۇ چۇقانىدىن چۆچۈپ، ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپنى بۇ خىل يۈزلىنىشكە مۇۋاپىق قىلىپ ئىسلاھ قىلماقتا، مائارىپنى ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈرمەكـتە، ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەتنى بىر ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىش ئويىغا كەلگەن دۆلەتلەرمۇ يوق ئەمەس.

ئىككىنچىسى، ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن بۇنداق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا تاقابىل تۇرغىلى بولامدۇ؟

پۈتۈن دۇنيانىڭ ھازىرقى مائارىپ ئەندىزىسى 16 ـ ئەسىردە شەكىللىنىشكە باشلاپ، 20 ـ ئەسىردە مۇكەممەللەشكەن. قىسقىسى، بىز ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ روھى نەچچە يۈز يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن، نەچچە يۈز يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۈگۈنكىدەك تېز ئەمەس ئىدى، ئىلىم ـ پەن بايلىقلىرىنىڭ جۇغلىنىشىمۇ بۈگۈنكىگە يەتمەيتتى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم بۈگۈنكىدەك كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. دېمەك، بۇ خىل ھالەتتىن خۇلاسە چىقىرىلىشى مۇمكىن. نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى مىلتىق ئەڭ ياخشى ۋە ئىلغار جەڭ قورالى ئىدى، ھازىر مىلتىق ئەرزىمەس قورالغا ئايلاندى. ھازىر ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىدە كۈچ كۆرسىتىۋاتقان قورالنىڭ مىلتىق ئەمەسلىكى بىزگە ئايان. بىز نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى باشلانغان ھازىرقى مائارىپنى ئىجتىـمائىي تەرەققىيات ئالدىدىكى مىلتىقلىق ئوۋچى دەپ قارىساق، بۇ ئوۋچى ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. بەلكىم مىلتىقنىڭ

سۇپىتى يېڭىلانغان بولۇشى، قولىدىكىسى دەسلەپتە پىلىكلىك مىلتىق بولغان بولسا، بۈگۈن دۈربۈنلۈق ئاپتوماتىك مىلتىققا، ھەتتا ئاپتوماتقا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئوۋچى تاقابىل تۇرىدىغان ئوبيېكت ئۆزگەردى. ھازىر بۇ ئوۋچى ئاپتومات بىلەن تانكىغا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئوخشىتىش ھازىرقى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى نىسبەتەن ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ھازىر جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا قويغان تەلىپى بەكمۇ ئېغىر. ئەمما، مائارىپ بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك كۈچلۈك ۋە بېجىرىم ئەمەس. رايونىمىزدا شەكىللەنگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشسىز قېلىش ئەھۋالى ئەڭ ئاددىي پاكىت. تەن ئالمىساق بولمايدىغان رېئاللىق — پەن - تېخنىكا كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئارقىدا قالغان بىر رايون ئۆز كېسىلىنى داۋالايدىغان دورا — ئىنتايىن كەمچىل بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەزىم قىلالماي، جەمئىيەتتە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھالەتنى دورا كۈچلۈك، ئاشقازان ئاجىز دەپ ئوخشىتىشتىن باشقا، ئاشقازان قوبۇل قىلالمايۋاتقان شۇ دورىنىڭ سۈپىتى زادى قانچىلىك؟ بۇ دورىنىڭ ئەھۋالىمۇ مىلتىق بىلەن تانكىغا قارشى تۇرۇۋاتقان جەڭچىنىڭ ھالىغا ئوخشامدۇ؟ دەپ مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن.

يېقىندىن بۇيان، جەمئىيىتىمىز مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى بۇ خىل تەخىرسىزلىكنى ئاز - تولا ھېس قىلغاندەك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئىسلاھات ۋە تەجرىبە چۇقانى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپلەر زور كۈچ بىلەن ئىسلاھات قىلىنىپ تەجرىبە سىنىپلىرى قۇرۇلدى. لېكىن، بۇ خىل ئىسلاھات ۋە تەجرىبىلەر مائارىپنىڭ كېسىلىگە قويۇلغان دىئاگنوزنىڭ ئىلمىي ۋە توغرا بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆز يولىنى تاپالىغانلىرى

ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن تەجرىبە سىنىپلىرى قۇرۇلدى. بۇ سىنىپلارنى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى ــ ئەلۋەتتە، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مائارىپ پروگراممىسىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولامدۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن بەزى قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپ، تەجرىبە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىزگە سىر ئەمەس. بۇنداق تەجرىبە ئېتىزلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ. لېكىن بۇ تەجرىبە ئېتىزلىرىنىڭ ئوبيېكتى ئادەمنى سەل گۇمانغا سالىدۇ. چۈنكى، مائارىپ تەجرىبىسى ھەرگىز ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەلا سورتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلىم - پەن سىنىقى ئەمەس. مائارىپ ــ ئومۇمىي خەلقنى ئوبيېكت قىلغان كۆلىمى ناھايىتى زور ئاممىۋى ھەرىكەت. ئۇنىڭ مەقسىتى ــ ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بايلىقنى تولۇق ۋە ئەتراپلىق قېزىش. لېكىن، ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ ئوبيېكتى ئەڭ تاللانغان، سەر خىل ئوقۇغۇچىلار بولۇۋاتىدۇ. تەجرىبە سىنىپلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. ئۇلار مەكتەپتىكى ئەڭ تالانتلىق، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان بالىلاردىن تاللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇنداق تاللاشنى خاتا دېمەكچى ئەمەس، بەلكى مائارىپتا بۇنداق تاللاش ئارقىلىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىش بىزنى خاتا پىكىر قىلىش يولىغا باشلاپ بارىدۇ، بۇنداق تەجرىبە ئارقىلىق چىققان يەكۈننىڭ ئىلمىيلىكى ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ، دېمەكچى. مائارىپ پۈتۈن ئاممىغا قارىتىلغان بىر ئىجتىمائىي جەريان بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدىكى تەجرىبە ئەڭ ئىلغار، زېھنى ئۆتكۈر بالىلار ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلىپ قالماي، ئەڭ قالاق، دۆت دەپ قارالغان بالىلارنىڭ ئۈستىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەر قانداق مەكتەپتە زېھنى ئالاھىدە ئۆتكۈر بالىلار بەكمۇ ئاز، ئادەتتىكى بالىلار كۆپ. سىز نىسبەتەن دۆت دەپ ئاتالغان بالىنى

تەجرىبە قىلىپ، ئالاھىدە مائارىپ ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنى بىر تاللانتلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقسىڭىز، بۇ ھەقىقىي ئىلىم-پەن تەجرىبىسىدۇر، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك مائارىپ سىنىقىدۇر. ئەسلىدە ماتېرىيالى ياخشى باللارنى تەجرىبە قىلىپ تاللاپ، ئۇلارغا نىسبەتەن تەربىيىلەش قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈشنى تەجرىبە ياكى ئىسلاھات دەپ قارىسىڭىز، ئادەمنى قايىل قىلالمايسىز — چۈنكى، بۇنداق باللار سىزنىڭ تەجرىبە سىنىپىڭىزغا قەدەم قويمىغاندىمۇ ئەسلىدىكى سىنىپىنىڭ گۈلى ھېسابلىنىدىغان، ئىستىقبالىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغانلىقىغا ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى يەتكەن باللاردۇر.

تەجرىبە بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالماي، ئەتراپلىق بولۇشى كېرەك. تەربىيىلەش ۋاقتى، تەربىيىلەش مەزمۇنى ھەققىدىلا تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ قالماي، تەربىيىلەش پروگراممىسى، تەربىيىلەش تەپەككۇرى ھەققىدىمۇ تەجرىبە ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەربىيىلەش پروگراممىسى بىلەن تەربىيىلەش تەپەككۇرى ئىسلاھ قىلىنماي ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەر يېتەكچى ئىدىيىدىن ئايرىلغان قارىغۇ تەجرىبىدۇر.

ھازىر بىز ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە — بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى جەمئىيەت رېئاللىقىغا قارىتا ئوتتۇرىغا چىققان، ھازىر بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مائارىپ شەكلى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىش بولغان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ؟ ئىسلاھ قىلىش توغرا كەلسە ئىسلاھاتنى قايسى نۇقتىدىن، قەيەردىن، كىملەردىن باشلاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مائارىپتىكى ئادەم ئامىلى

بۇ بىر كونا تېما. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقان. ئەمما، ھېچكىم بۇ تېمىدىكى مۇھاكىمىدىن ئەڭ ئاخىرقى چوڭقۇرلۇقنى ھېس قىلالمىغاندەك بۇ تېما ھېلىمۇ مۇھاكىمىنىڭ مەركىزى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ يا ئۇ بىر ئايىغى چىقمايدىغان چىگىش تېمىمۇ؟

بۇ مەسىلىگە قانداق قارىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئادەم تېخى ئۆزىگىمۇ تولۇق تونۇلۇپ بولالمىغان ئالاھىدە مەۋجۇتلۇق ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزچىل ھالدا ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئادەم ھەقىقىدىكى ئىزدىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ پەنلەردىكى ئىزچىل يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ قېلىشىنى ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىدۇ. ئادەم ئادەمنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا. ئادەمنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ دۇنيانى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ئادەمنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى ئاساس قىلغاندا ۋايىغا يېتىدۇ. ئادەمنىڭ يەنە بىر شەيئىنى چۈشىنىشى ئىدراكىنىڭ شەيئى بىلەن ئۇچرىشىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنى چۈشىنىشى بولسا ئىدراكىنىڭ ئۆزى تىكلىگەن شەيئى ئارقىلىق ئۆزىگە نەزەر سېلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسى ئاخىرلاشمايدىكەن، ئادەم ھەقىقىدىكى ئىزدىنىش زادى توختاپ قالمايدۇ. گەرچە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش كۈنسېرى چوڭقۇر ھەم يۇكسەكلىككە چەكسىز يېقىنلىشىپ تۇرسىمۇ، باھار ھەر يىلى ئادەمگە يېڭى تۇيۇلۇپ يېڭى تۇيغۇ

بېغىشلىغاندەك، ئادەم ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭمۇ چېكى چىقمايدۇ. تەرەققىياتتىكى ئۆزگىرىش، ئىنسانىيەت تارىخى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر ئادەمگە بولغان چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ تەقەززالىق ماھىيەتتىكى ئادەمنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتتا پەيدا بولغان ئۆزىگە قايتا نەزەر سېلىپ چىقىش تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مائارىپنىڭ بىردىنبىر ئوبيېكتى — ئادەم. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋالى مائارىپقا ئادەم ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يېڭى تەلىپىنى قويىدۇ. مەلۇم دەۋردىكى مائارىپ ئادەم ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە يېڭى نەتىجىلىرىگە ئېرىشەلمىسە ئۆز كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئىجتىمائىي رېئاللىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئويلىمىغان كرىزىسلارنى پەيدا قىلىپ، تۇرمۇشنى تراگېدىيە بىلەن زىننەتلەيدۇ. مائارىپنى ئادەم ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئەڭ يېڭى ئىلغار نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان نەرسىنىڭ ئۆزى يەنىلا مائارىپتۇر.

مائارىپتىكى بىخۇدلۇق ۋە خىزمەت مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئادەمنىڭ يېڭىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان يېڭى ئەھۋاللار دەل مائارىپنىڭ ئەنە شۇ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى ئامىل يەنىلا ئادەم بولۇپ، مائارىپتىن ئىبارەت قۇرۇلمىنىڭ ئادەمگە بولغان ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە دۇنيانى تونۇتۇشنىڭ سۈسلىشىشى بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ جاۋابكارىدۇر. دېمەك، مائارىپ ھەققىدىكى تونۇشنىڭ ئىلغارلىقى ئادەم ھەققىدىكى تونۇشنىڭ ئىلغارلىقىنى شەرت قىلىدۇ. ئادەم ھەققىدىكى تونۇشنىڭ چوڭقۇر ۋە ئىلغارلىقى مائارىپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ جەريان ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇش ئۈچۈن مائارىپنى پەيدا قىلىشى، پەيدا بولغان مائارىپنىڭ ئادەمنى تونۇشتىكى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا يېتەكلىنىشىنىڭ مەھ-

www.uyghurkitap.com

سۇلىدۇر.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مائارىپمۇ بىر ئەينەك. ئۇ ئادەم بولغان- لىقى ئۈچۈنلا ئەينەكلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئۈچۈندۇر. ئەينەكلىك خۇسۇسىيەت تەبىئىي بولماستىن، ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىيتى تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغاندۇر.

قارىماققا مائارىپنى تونۇش مۇرەككەپ بىر جەريان. مەلۇم مەسىلە ھەققىدە ئىزدەنمەسلىك مۇرەككەپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقى- رىدۇ. بەزىلەرنىڭ مائارىپنى مۇرەككەپ دەپ تونۇشى ھەرگىز مائارىپنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. شۇنداق تونۇشنى كەلتۈرۈپ چى- قارغان تونۇشتىكى تېيىزلىقنىڭ سەۋەنلىكىدۇر. ئاددىي گەپ بىلەن چۈشەندۈرسەك، بارلىق تەربىيىلەش جەريانى مائارىپتۇر. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئادەمنىڭ تەربىيىلە- نىش جەريانى بولۇپ، ئادەمدىن باشقا مەۋجۇداتلارنى تەربىيىلەش- نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تېخىمۇ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، مائارىپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇپ، ھەقىقەت- نىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن پەيدا قىلغان ئۆزىنى تەربىيىلەش قورالىدۇر.

مائارىپتىكى ئادەم ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى تەربىيىلىگۈچى، يەنە بىرى تەربىيىلەنگۈچى. بۇ ئىككى تەرەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇن- داق بىر مەسىلە بار، ئادەمنى تەربىيىلەشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ تونۇشى ئارقىلىق دۇنيانى ئىلمىي تو- نۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇنداق تونۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئادەمنىڭ بەختى ۋە تراگېدىيىسىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىرىپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتوپىيىسىنى رېئال- لىققا ئايلاندۇرۇش...

بۇ تەربىيىلەش جەريانى ئارقىلىق ئادەم قورالغا ئىگە بولى-

دۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قورالنى خاتا چۈشىنىدۇ. بەزىلەر بۇ قورالنى بىۋاستە دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن، تەربىيىلەش جەريانى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسە ئادەتتىكى قورال ۋە ئادەمنىڭ ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قورال دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالسا چاكىنىلىشىپ قالىدۇ. ئۇ قورال جەزمەن ئادەمنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى كۆزىتىشى ئۈچۈن شەيئىنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزگە ئايلانغان قورال بولۇشى كېرەك. تەربىيىلەش جەريانى دەل شۇنداق قورالغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلسا، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەش جەريانىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئادەمنى ھاياتلىق ئۈچۈن مەلۇم قورال ۋاستىسىگە ئىگە قىلىش مائارىپنىڭ ئەڭ تۆپكى ئەقەللىي مەقسىتى. ئادەمگە ئۆزىنى تونۇتۇپ قانداق قورالغا ئېرىشىش يولىنى ئىگىلىتىش ئۇنىڭ ئالىي غايىسى.

مائارىپتىكى ئادەم ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تەربىيىلەنگۈچى، يەنە بىرى، تەربىيىلىگۈچى، بۇ مائارىپتىكى ئاكتىپ خاراكتېرگە ئىگە بىر تەرەپ. تەربىيىلەنگۈچى پاسسىپ ھالەتتىكى قوبۇل قىلغۇچى.

تەربىيىلەش جەريانى پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئايلاندۇرۇش جەريانى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتالىسا، جاھاندا بۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك مائارىپ بولمايدۇ.

بىز تەربىيىلىگۈچى ۋە تەربىيىلەنگۈچى ھەققىدە چوڭقۇرلاشتىن بۇرۇن ھەم تەربىيىلەنگۈچى، ھەم تەربىيىلىگۈچى خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ھەققىدىكى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ مائارىپنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى تونۇش تەقەززاسى. بىز مائارىپنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئادەم ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئادەمنىڭ مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

ئادەمنى يەر شارىدىكى باشقا مەۋجۇداتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ خوجايىنى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان نەرسە دەل ئىدراكتۇر. ئىدراك ئىنسان مېڭىسىگىلا خاس بولغان ھادىسە. ئىدراك تۇغما بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. كىشىلەر بەزىدە ئىدراك ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، ئىدراكنى بەزىدە مېڭە بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇپ، «مېڭىسى قۇپقۇرۇق، كاللىسى ئاپئاق» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك مېڭىگە مەنسۇپ بولغان ئىدراكنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى قۇرۇقلۇقى ۋە ئاقلىقىدۇر. مائارىپ دەل شۇ ئىدراكتىكى بوش جايلارغا دۇنيا ۋە ئۆزى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى قاچىلاش جەريانىدۇر. كومپيۇتېرنى مىسالغا ئالساق، ئۇ يۇمشاق دېتال ۋە قاتتىق دېتالدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەممۇ خۇددى شۇنداق، كومپيۇتېرنى كومپيۇتېر قىلىپ تۇرغۇچى دەل ئۇنىڭ يۇمشاق دېتالى. ئادەمدىكى يۇمشاق دېتال دەل مېڭىگىلا خاس بولغان ئىدراك. قاتتىق دېتال باشقا بەدەن ئەزالىرىدۇر. كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتالىغا ياكى سۇنئىي مېڭىسىگە ھەر تۈرلۈك ئىقتىدارلارنى قاچىلاش ئارقىلىق كومپيۇتېر ۋايىغا يېتىپ بىر قالتىس قورالغا ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى دەل كومپيۇتېرنىڭ سۇنئىي مېڭىسىگە يۇمشاق دېتال، يەنى تونۇش، ئەينى ئىقتىدار، قورال قاچىلاش جەريانىدۇر. كومپيۇتېرنىڭ مېڭىسىگە نېمە قاچىلانسا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەت جەريانى دەل شۇ پروگراممىلار بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مېڭىدىكى ئىدراك ياكى كومپيۇتېرنىڭ سۇنئىي بېشىدىكى ئەقىل ھەرقانداق يۇمشاق دېتال (يەنى مەلۇم ئىقتىدار) نى قوبۇل قىلىۋەرمەيدۇ. ئۆز تەبىئىتىگە ئۇيغۇنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئادەممۇ مەلۇم مەنىدە شۇنداق. مائارىپ دەل ئادەم مېڭىسىگە يۇمشاق دېتال قاچىلاش جەريانىدۇر. مېڭىگە قانداق يۇمشاق دېتال قاچىلانسا، تەن شۇ دېتالنىڭ روھى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما، كومپيۇتېر بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى

شۇكى، كومپيۇتېر ئۆزى (تەبىئىي ياسالغاندىكى ياسىغۇچى تەرد-
پىدىن بېكىتىۋېتىلگەن ئىقتىدار چېكى) بويىچىلا ھەرىكەت قىلى-
دۇ. ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئەمما، ئادەم تەپەككۇر
قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلىم - تەربىيە جەريانىدا مېڭى-
سىگە قاچىلانغان يۇمشاق دېتاللارنى ھەزىم قىلىدۇ، يېڭىلايدۇ،
شاللايدۇ. بۇنداق قاچىلاش جەريانى مەيلى كومپيۇتېرغىمۇ، مەي-
لى ئادەمگىمۇ ئادەم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئادەمگە
ئادەم يۇمشاق دېتال قاچىلىغاندا، قاچىلانغۇچى قاچىلىغۇچىنىڭ
بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. قاچىلىغۇچىنىڭ ساپاسى تەبى-
ئىي ھالدا يۇمشاق دېتالنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ئادەم مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر كومپيۇتېر، مائارىپ
يۇمشاق دېتال قاچىلاش جەريانى. مائارىپنىڭ ساپاسى يۇمشاق
دېتالنىڭ ساپاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇمشاق دېتال-
دىكى يۇزەكىلىك ۋە ساپاسىزلىق تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىي تە-
رەققىيات تراگېدىيىلىرىگە خېمىرتۇرۇچ بولۇپ قالىدۇ.

مائارىپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى دەل يۇم-
شاق دېتال قاچىلىنىش ۋە قاچىلاش مۇناسىۋىتى بولۇپ، پەرقلى-
نىدىغان تەرىپى «قاچىلىغۇچى» نىڭ قاچىلاش ئىقتىدارى نېمىنى
قاچىلاشنى بىلىش - بىلمەسلىكى، ئۆزىنىڭ قاچىلىغۇچى سالاھى-
يىتىنى ئىلمىي تونۇشى ياكى تونۇماسلىقى بىۋاسىتە قاچىلانغۇچى-
دا ئەكس ئېتىدۇ. قاچىلىغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى قۇرۇقلۇق قا-
چىلانغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى قۇرۇقلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئەمما، قاچىلانغۇچىنىڭ ساپاسىمۇ قاچىلىنىش ئۇنۇمىگە بىۋاسىتە
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى تەسىر ئىككى تەرەپلى-
مىلىك، بىر تەرىپى تەسىر ياخشى بولسا مائارىپ تېخىمۇ گۈللى-
نىدۇ، يامان بولسا مائارىپ تېخىمۇ خارابلىشىدۇ. بەزىلەر بۇ
يەردىكى يۇمشاق دېتال قاچىلاشنى تۇرمۇش ئىقتىدارى قاچىلاش
دەپ قارىسا خاتالىشىدۇ. ئەڭ ياخشى يۇمشاق دېتال قاچىلاش

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجلىق جايلاردا لازىملىق قوراللارنى ياسىيالايدىغان، ئەڭ يېڭى مۇھىت ۋە يېڭى شارائىتتىمۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشقا سەۋەب بولالايدىغان يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاشتۇر. بۇنداق يۇمشاق دېتال يۇكسەكتۇر.

ئوقۇغۇچىغا كىچىك ۋاقتىدىلا ئەڭ ئىلغار يۇمشاق دېتال قاچىلىنىپ ماڭسا، ئۇنىڭدا كاللىسىغا قاچىلانغان يۇمشاق دېتالنىڭ روھى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەي قالمايدۇ. بۇنداق شەكىللىنىش بىزنى ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھەقىقىي مائارىپنىڭ مەنىسىگە چەكسىز يېقىنلىشىش ھەقىقەتنىڭ تۇغۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغانلىقى شەكسىز.

شۇڭا، بىر خەلقنىڭ مائارىپى چوقۇم ياخشى تەربىيىلىگۈچىلەر قوشۇنىغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ قوشۇن ھەممە ساھەدىن تېرىۋېلىنغان داشقايناق قوشۇن بولماستىن، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس تەربىيىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھەقىقىي مائارىپچىلاردىن تەركىب تاپقاندا، ئاندىن تەبىئىيلا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئىلغار يۈزلىنىشىگە ماسلىشالايدۇ.

مائارىپنىڭ بىردىنبىر ئوبيېكتى ئادەم. دېمەك، مائارىپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى، دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى تونۇشىدىكى بىر ۋاسىتە. تەربىيىلىگۈچى بۇ ۋاسىتىنىڭ ئاچقۇچىنى قولدا تۇتۇپ تۇرغۇچىدۇر. سىز بىر ئوقۇتقۇچى ياكى مائارىپ خىزمەتچىسى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ساپالىق تەربىيىلىگۈچىلەر قوشۇنى قاتارىدا بار - يوقلۇقىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن ھەرىكىتىڭىزگە تەپسىلىي نەزەر سېلىپ بېقىڭ. سىز بالىلارنىڭ كاللىسىغا ئەڭ ئىلغار يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاپ يۈرگۈچىمۇ ياكى كاللىڭىزدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەخلەتلىرىنى يۇمشاق دېتال دەپ چۈشىنىۋېلىپ، بالىلارنىڭ كاللىسىنى خاتا ئىدىيىلەر بىلەن بۇلغاپ يۈرگۈچىمۇ؟ بۇنى ئىلمىي ھالدا بىلىپ تۇرۇڭ.

# ئوقۇتقۇچى — دىلنى يورۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچى — دىلنى يورۇتقۇچى دېگەن بۇ سۆز كۆپچىلىككە تونۇش كونا ئىبارە. بۇنىڭدەك بىر تۇراقلىق ئىبارىنىڭ بارلىقى ۋە خەلقىمىزگە تونۇشلۇقى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپتىن ئىبارەت تەلىم - تەربىيە پائالىيىتىنى يۇرۇشتۇرغۇچى رولچىنىڭ خەلقىمىزدىكى بۇ مۇكەممەل تەرىپىدىن ھەيران قالىدۇ. بۇ ئىبارىنى نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان گەپ دەپ ئويلايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلار مائارىپ ھەققىدە مۇشۇنداق ئۇلۇغ تونۇشقا ئىگە مىللەتنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر دەپ بىزگە نەزەر سېلىپ ھالىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ھەيران قالىدۇ. بىزدە ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنىڭ تولىلىقى تۈپەيلىدىنمۇ خەلقىمىزدە ئۇلۇغ گەپلەرگە نىسبەتەن ئىممۇنىتېت شەكىللىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سۇدا تۇرۇپ سۇ يۇقمىغان ئۆردەك بۇ خىل ھالەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئوخشىتىلىشى. ئۆردەككە نېمىشقا سۇ يۇقمايدۇ؟ كۈن بويى سۇدا تۇرۇپ سۇ بىلەن چىقىشىپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ سوئالغا ئىلمىي نۇقتىدىن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلۇغ گەپلەرنى كۈندە ئاڭلاپ، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك يۈرگەن ئادەمنىڭ ھالىچۇ؟

ئوقۇتقۇچى — دىلنى يورۇتقۇچى. ئادەمنىڭ دىلى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا مېڭىسى بىر پارچە ئاق قەغەز ياكى ھېچقانداق يۇمشاق دېتال قاچىلانمىغان كومپيۇتېر، ياكى ئۇ بىر قاراڭغۇ جاڭگال. ئوقۇتقۇچى ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئىبارەت قاراڭغۇ جاڭگالنى يورۇتۇشتا، ئاق قەغەزنى پايدىلىق ۋە گۈزەل مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇشتا، كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتالىغا ئەڭ ياخشى

www.uyghurkitap.com

ۋە كېرەكلىك بولغان يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلاشتا ئىلگىرى - كېيىنلىكتە ئاتا - ئانىدىن كېيىن تۇرىدىغان، ئۇلۇغلۇقتا ئاتا - ئانىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىنساندۇر.

ئەخمەتجان قاسىمى «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن. بۇ گەپ ئوقۇتقۇچى دىلنى يورۇتقۇچى دېگەن گەپنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ، نۇرلاندۇرىدۇ. ئىككى گەپ قوشۇلۇپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تونۇشىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تېخىمۇ ئىلمىي دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىنى ئىلمىي چۈشىنىش مائارىپقا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ، تەمگە تەم قوشىدۇ. بۇ ماقالىدە ئوقۇتقۇچى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى ئوقۇرمەن بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

ئىنسان تۇغما ھالەتتە ئەقلىنى قانچە ئاچسا ئېچىلىۋېرىدىغان، قانچە تەرەققىي قىلدۇرسا شۇنچە تەرەققىي قىلىدىغان مېڭىگە ئىگە. مۇۋاپىق شارائىت بىلەن تەمىنلەنسىلا ئىنسان مېڭىسىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك دەرھال كۆكلەپ چىقىپ ئەقلىمىزنى لال قىلىدۇ. لېكىن، ھايۋان مېڭىسىدە ئۇنداق ئىقتىدار يوق. ئۇنى تەربىيىلەش مۇمكىن، لېكىن ئىنسان مېڭىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرمەك مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، تەجرىبىلەردىن قارىغاندا ئىنسان مېڭىسىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەت تۇغما بولىدۇ. ھايۋان ئۇنداق ئەمەس. ناۋادا ھايۋان مېڭىسىدە شۇنداق بىر ئامىل بولغان بولسا، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ، بىز بەزى ھايۋانلار بىلەن ئولتۇرۇپ يىغىن ئاڭلىغان، بەزى ھايۋانلار بىزگە باشلىق بولۇپ سايلانغان بولاتتى. كىشىلەر ئىنساننى يۇكسەك ئالىي ھايۋان، ئۇ مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن، تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، ئادەمگە ئەڭ يېقىن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ مېڭىسىنى بىلەن ئادەم مېڭىسى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانماقتا. دېمەك،

دۇنيادىكى ھېچقانداق جانلىقتا يوق بۇ خىل ئىقتىدار ۋە قانۇنىيەت پەقەت ئىنسانغىلا خاس. بۇنداق خاسلىق ئىنسان مېڭىسىنى تەر-بىيىلەش ئىمكانىيىتى بەرگەن.

ئىنسان تۇغۇلۇپ، چوڭ بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەقلى تەرەققىي قىلىپ، تەپەككۇرى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈل-گەن بولسا، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىلەشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئىنسانىيەت ئاخىرلاشماي-دىكەن، ھاياتتىن ئىبارەت بۇ ئېقىن ئاخىرلاشمايدۇ. شۇڭا ھايات ئاخىرلاشمىغان. بىر ئادەم ھاياتىنى تاماملىغان بولسىمۇ، يەنە بىر ئادەم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شارائىتتا تەربىيىلەش پائا-لىيىتى ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. تەربىيىنىڭ توختاپ قالماسلى-قى ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەس. مائارىپ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقان ھاياتقا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك بولغان بىلەن، چوقۇم بىر قېتىم ئاياغلىشىشى شەرت بولغان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن داۋام قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىر ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايسى ھالەتكە يەتسە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈل-گەن بولىدۇ؟

ئىنساندا بىر تۇغما تەبىئەت بار. بۇ تۇغما تەبىئەت چوڭراق نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر ماشىنىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىغا ئوخ-شايدۇ. ناۋادا شوپۇر شۇ ماشىنىنى ئىشلەش پرىنسىپىدىن ئاشۇ-رۇپ ھەيدىسە ياكى بۇ ماشىنىنى ھەيدىگەندە ماشىنىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپ (ياكى تەبىئىتى) غا رىئايە قىلمىسا، ماشىنا بۇزۇلىدۇ ياكى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ. ئادەممۇ شۇنداق. تەربىيە-لەشنىڭ بىرىنچى مەقسىتى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم مەقسىتى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە بىلدۈرۈشتۇر. بۇ ماھىيەتتە ئىنسانغا ئۆزلۈكىنى تونۇشتۇرۇش. ئىنسان ئۆزلۈكىنى تونۇغان ھامان ئۆزى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ — دە،

ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى دائىرىسىدە چەكلەپ بو-
زۇلۇشتىن ساقلايدۇ.

تەربىيىلەشنىڭ ئىككىنچى مەقسىتى ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ما-
ھىيىتىنى بىلدۇرۇشتۇر. بۇ ماھىيەتتە ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدۇ: بىرىنچى، نەدىن كەلدى؟ نېمىشقا كەلدى؟ نەگە
بارىدۇ؟ نېمىشقا شۇ يەرگە بارىدۇ؟ شۇ يەرگە بارماسلىقنىڭ
ئامالى بارمۇ؟ ئىككىنچى، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەقسىتى
نېمە؟ ئەھمىيىتى نېمە؟ ناۋادا ئىنسان بۇنداق سوئاللارنىڭ ئەقىل
ئۆستىگە قۇرۇلغان توغرا جاۋابىغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ تېگىرقى-
شى، قورقۇنچى، ئازابلىرى ئازىيىپ، شادلىقى، ئىپتىخارى ئا-
شىدۇ. ئىنسان بەختكە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. ھەقىقىي بەختنى
ئىزدەپ تاپىدۇ.

تەربىيىلەشنىڭ ئۈچىنچى مەقسىتى ئىنساننى ياشاش جەريا-
نىدا تايىنىدىغان قورالغا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان توغرا
مېتودقا ئىگە قىلىشتۇر. قورال قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزگە،
ئىنسانلىق ئېھتىياجىمىزنى قامدىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مېتود
بىزنى تەكرار يول مېڭىش، ئۇنۇمسىز ئەمگەك قىلىش، خاتالى-
شىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

دەل مۇشۇ جەريانلارنى ئورۇندىغۇچى تۈنجى ئۇستاز ئاتا-ئانا
ۋە ئوقۇتقۇچىدۇر.

قانداق قىلغاندا ئوقۇتقۇچى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقا-
لايدۇ؟ ھەقىقىي يورۇتقۇچى چىراغقا، ھەقىقىي لاھىيىلىگۈچى
ئىنژېنېرغا ئايلىنالايدۇ؟

ئوقۇتقۇچى ئىنسانلار توپىدىكى ئالاھىدە ئىنسانلاردۇر. ئۇ-
لارنىڭ ياخشى ياشاشتىن باشقا يەنە ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسى
بار. ھەتتا بۇ ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ياشىشىدىكى بىر نىشانغا ئايلانغان
بولىدۇ. ئۇلار ئۆزى يول مېڭىپ قالماي، يولسىز يەرلەردە يول
ئېچىپ باشقىلارنى ماڭىدىغان يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوقۇتقۇچى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن ئوقۇت-
قۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشى
كېرەك. كېسەلنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا دورا
بەرگىلى، كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىن ئىبارەت شەرەپلىك مۇنبەردە مەغ-
لۇپ بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ماھىيىتىنى
چۈشەنمىگەن ياكى چالا چۈشەنگەن. ئۆزىنى غايەت زور بىر قۇرۇ-
لۇشنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى دەپ قارىماي، ئۆزىگە تەقسىم بولغان
ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغۇچى دەپ قاراپ قالغان. ئەلۋەتتە، جەمئى-
يەتكە ياخشى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ كېرەك. لېكىن، ئوقۇتقۇچى-
لىق خىزمىتى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى بۇيرۇققا بىنائەن ئىجرا
قىلىش ئەمەس، ھەيۋەتلىك بىر ھاياتلىق بىناسىنىڭ ئۇلىنى
غايەت چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بەرپا قىلىشتۇر. ئەۋلادلارغا
ياشاش يولىدا تايىنىدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك قوراللارنى تۇتقۇزۇش-
تۇر. ئۇنداقتا بۇ قۇدرەتلىك قورال زادى نېمە؟ بىر مىلتىق
پىچاققا قارىغاندا قۇدرەتلىك بولىدۇ. مىلتىقتىن تانكا تېخىمۇ
قۇدرەتلىك، تانكىدىن ئاتوم بومبىسى تېخىمۇ قۇدرەتلىك. ئاتوم
بومبىسىدىن قۇدرەتلىك قورال بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئاتوم بومبى-
سىدىن قۇدرەتلىك قورال ئۇنى ياسىيالايدىغان ئەقىلنى نەگە ئىش-
لىتىشنى بىلىدىغان، نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشىنى-
دىغان ئەقىدىدۇر. ئاتوم بومبىسى قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەڭ
قورقۇنچلۇق تەرەپ مۇشۇنداق قالتىس قورالنىڭ ئىدىيىسىنىڭ
تايىنى يوق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتۇر. بۇنداق ھالەت
ئوقۇتقۇچىنىڭ تراگېدىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشلىتىشنى بىل-
مەيدىغان ئادەم ئەڭ قالتىس قورالنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ بىر پۇل
قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەش ئارقىلىق يېتەكچى بولغان نى-
شان ئېنىق بولۇشى كېرەك. بىز نېمە ئۈچۈن ئادەم تەربىيىلەي-

مىز؟ ئادەمنى تەربىيىلەش ئارقىلىق قايسى نىشانغا يەتكۈزىمىز؟
دېگەن نىشان ئېنىق بولۇشى كېرەك. نىشانىنىڭ بولماسلىقى پۈت-
كۈل تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. ئۇنداق-
تا نىشان زادى قايسى بولۇشى كېرەك؟ نىشان ئەلۋەتتە ئىنسانى-
يەتنىڭ ماھىيىتى، كېلىپ ـ كېتىش سەۋەبى، مەۋجۇتلۇقىنىڭ
ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ئەڭ توغرا، ئەقىل ئاساسىغا قۇرۇلغان
ئىلمىي چۈشەنچىلەر توپلىمى ۋە شۇ توپلامنىڭ غايىسىدۇر. ئو-
قۇتقۇچى بۇنداق چۈشەنچىلەر توپلىمى ۋە ئۇنىڭ غايىسى ھەققىدى-
كى چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەتمەكچى بولغان مەنزى-
لىنى تولۇق تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل قورال خاراكتېر-
لىك، غايە خاراكتېرلىك تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بىر نىشان
ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپتىن تەڭ ئاتلىنىدۇ. ناۋادا نىشان ئېنىق
بولمىسا ئات ھارۋىنى يولغا تارتسا، پاقا سازلىققا، غاز ئاسمانغا،
توشقان يولغا، ھەر كىم ئۆزى نىشان دەپ قارىغان تەرەپكە تارتى-
دۇ. كۈچ بىرلىككە كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھارۋا ئورنىدىن
قوزغالمايدۇ. قوزغالسىمۇ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي كىم
كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ ئارقىسىدىن چۆرگىلەپ يۈرۈيدۇ. قايسى
ئىدىيە خاتا، قايسى ئىدىيە توغرا، بىلىپ بولغۇچە نۇرغۇن تىراگې-
دىيىلەر يۈز بېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تەربىيىلەش جەريانى مەلۇم سەنئەتكە ئىگە
بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچى بىر تىرىك ئوبيېكت. سىزنىڭ مې-
ڭىڭىز توختىماي تەپەككۇر قىلىپ تۇرىدۇ. مېڭە بىر ئەقىل كانى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقىلنى شەرت قىلىدۇ. دېمەك، بۇ جان-
لىق ئوبيېكتنىڭ كاللىسىغا دۇنيادىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش
ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆلۈك ھالدا ئەمەس، جانلىق، قىزىقار-
لىق، ئىلمىي ھالدا كىرگۈزۈش كېرەك.

ئادەم تەربىيىلەش تۆمۈرچىنىڭ پىچاق ياسىشىغا ئوخشىماي-
دۇ. ئادەمدىن ئىبارەت تۆمۈر ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان بازغانغا

تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ ھەرگىز تۆمۈر بازغانغا تەسىر كۆرسەت-
مەي قالمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ تەربىيىلىنى-
شى تۆمۈردىن پىچاق ياسىغانغا قارىغاندا، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىچە
جەريانلار بىلەن تولغان بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.
باشقىلارغا بىر چۆمۈچ سۇ بېرىش ئۈچۈن ئۆزۈڭدە بىر
چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك، دېگەن گەپ بار. لېكىن، ھازىر
بۇ گەپنى «باشقىلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سەندە قۇرىماس بۇلاق
بولۇشى كېرەك» دەپ ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.
جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچى ھەققىدە گەپلەر تولا. يەرلىك ئوقۇت-
قۇچىنىڭ ئورنىنى ھۆكۈمەتكە تايىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كې-
رەك. بۇ ھەقتە قانۇن ماقۇللاش كېرەك دەيدۇ. بۇ ھەرگىز خاتا
ئەمەس. لېكىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنى ئەسلىدىن تۆۋەن بولسا
كۆتۈرىمەن دەپمۇ كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىنى
كۆتۈرىدىغىنى ھۆكۈمەت ئورگىنى ئەمەس، دەل ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئۆزىدۇر. ئۇنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان، كۆزگە ئىلمايۋاتقان ئادەملەر-
نىڭ ھەممىسى ۋە شۇنداق خاھىشتىكى بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزال-
رىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىدىن خالىي بولغان
ئەمەس ياكى دەل شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. دې-
مەك، جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىنى يەرگە ئۇرىدىغان،
ئوقۇتقۇچىنى كۆزگە ئىلمايدىغان پىكىرنىڭ بولۇشىغا زېمىن ھا-
زىرلىغۇچى يەنىلا ئوقۇتقۇچى. سىزنىڭ بىر كېسەكنى پۇختا
قۇيماسلىقىڭىز سىزگىلا ئەمەس، پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن خەۋپ-
تۇر.
ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى دېگەنلىك دەل ئو-
قۇتقۇچىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىنى لايىھەلەپ، يېڭى بىر جەمئى-
يەت بىناسىنىڭ ئۇلىنى قاتۇرىدىغان ئامىللارغا ئايلاندۇرۇش،
دېمەكتۇر. ئادەم كاللىسىدا نېمە بولسا شۇنى قىلىدۇ دېگەنلىك
دەل مۇشۇ مەسىلىگە قارىتىلغان. بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا سىز-

نىڭ بىخەستەلىكىڭىزدىن نادانلىقنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلمىسا، ئۇ
نادان ھەرىكەتلەرنى قىلماي نېمە قىلىدۇ؟ ئوغرىنىڭ ئوغرىلىق
قىلىشى تولىراق مەجبۇرلىنىشتىن كۆرە، كاللىسىدا شۇنداق
ياشاش شەكلىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلغانلىقىدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: زۇلەيخا ئەزىز
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 م م، 1/32 باسما تاۋىقى: 13.625
2003 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000
ISBN 7—228—08193—5
باھاسى: 20.00 يۈەن